دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# جىنايەت ۋە جازا

2

ف . م . دوستويېۋسكىي (رۇسىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ف . م . دوستويېۋسكىي (رۇسىيە)

# جىنايەت ۋە جازا

2

تەرجىمە قىلغۇچى : مۇساجان ئەزىزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

罪与罚. 下：维吾尔文 /（俄罗斯）多思妥耶夫斯基著；木沙江·艾则孜译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2014.12
ISBN 978-7-228-17306-8

Ⅰ.①罪… Ⅱ.①多… ②木… Ⅲ.①长篇小说 — 俄罗斯 — 近代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I512.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第002004号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| 编　　辑 | 玛丽亚木·买买提明 |
| 责任校对 | 阿依古丽·莎比提 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 15 |
| 版　　次 | 2014年12月第2版 |
| 印　　次 | 2015年11月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 41.00 元 |

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



# جىنايەت ۋە جازا

ISBN 978-7-228-17306-8

定价：41.00元

# تۆتىنچى قىسىم

# 1

«ئەجەبا مەن تېخىچە چۈش كۆرۈۋاتقاندىمەنمۇ؟» ئويلىدى راسكولنىكوف. ئۇ چاقىرىلمىغان مېھمانغا گۇمان بىلەن زەن سېلىپ قاراپ تۇراتتى.

— سۋىدرىگايلوف، جۈيلۇمەك! بۇ مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ئۇ ئاخىر قاتتىق خۇدۇكسىرەپ.

مېھمان ئۇنىڭ ھاياجانلىرىغا ئانچە بەك ئەجەبلەنمىگەنمۇ كەتمىدى.

— سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئىككى سەۋەب بىلەن كېلىشىم. بىرىنچىدىن، سىز بىلەن شەخسەن تونۇشماقچىدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، ناھايىتى ئۇزاق بولدى، سىزنىڭ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ياخشى گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقىلى؛ ئىككىنچىدىن، سىڭلىڭىز ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىشتا سىزنى ماڭا ياردەم بېرىشتىن باش تارتماس دېگەن ئۈمىدتىمەن، ناۋادا سىز ئارىغا چۈشمىسىڭىز، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ مېنى ھەتتا ئىشىككە يېقىن يولاتماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، سىز ياردەم بەرسىڭىز، ئەھۋال باشقىچىرەك بولىدۇ. قىياسىمچە...

— سىز خاتا قىياس قىلىۋاتىسىز، — راسكولنىكوف ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— ھە راست، ئۇلار بۇ يەرگە تېخى تۈنۈگۈن يېتىپ كەلدىغۇ دەيمەن ھە؟

راسكولنىكوف جاۋاب بەرمىدى.

— بىلىمەن، تۈنۈگۈن كېلىشتى. مەنمۇ تېخى ئالدىنقى كۈنى يېتىپ كەلدىم، مۇنداق گەپ، رودىئون رومانوۋىچ، بۇ ئىشتا راستىمنى ئېيتسام، ئۆزۈمنى ئاقلاش مېنىڭچە ئارتۇقچە، لېكىن

ماڭا شۇنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، مۇشۇ ئىشتا مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم؟ سىز مۇشۇنىڭغا ھېچقانداق بىر تەرەپلىمىلىكنى ئارىلاشتۇرماي، ئادىل باھا بەرگەن بولسىڭىز.

راسكولنىكوف يەنىلا گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنىڭغا زەن سېلىپ تۇرۇۋەردى.

— ھىمايىچىسى يوق بىر قىزغا ئۆز ئۆيۈمدە مۇھەببەت ئىزھار قىلدىم. «شەرمەندىلىك بىلەن نىكاھلىنىش تەكلىپىنى قويۇپ ھاقارەت قىلدىم، شۇنداقمۇ؟ مەن گەپنى ئاۋۋالراق ئاشكارا دەۋېتەي! لېكىن، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، ئاخىر مەنمۇ بىر ئادەمغۇ، مۇقەددەس ئۇرۇش... قىسقىسى، مېنىڭ ھېسسىياتىمنىڭمۇ قوزغىلىپ قېلىشى، مېنىڭمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم مۇمكىنغۇ (ئەلۋەتتە، بۇ بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس)، دېمەك ھەرقانداق ئىشنى تولىمۇ تەبىئىي ئۇسۇلدا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. ھەممە گەپ شۇ يەردىكى، مەن بىر زالىممۇ ياكى زالىملارنىڭ قۇربانىمۇ؟ ئەگەر مەن زالىملارنىڭ قۇربانى بولسام، ئۇ ھالدا قانداق بولاتتى؟ مەن كۆڭلۈم چۈشكەن ئادەمگە ئۆزۈم بىلەن بىللە ئامېرىكىغا ياكى شىۋېيتسارىيەگە قېچىپ كېتىشنى تەكلىپ قىلغان چېغىمدا، ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئارقىلىق ھەر ئىككى تەرەپنى بەختىيار قىلماقچىدىم!... بىلەمسىز، ئەقىل قايناق مۇھەببەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ ئېھتىمال، بۇنىڭ بىلەن مەن تېخىمۇ زور زىيان تارتارمەن، ئىشىنەمسىز...

— گەپ پۈتۈنلەي ئۇنىڭدا ئەمەس، — يىرگىنىش بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى راسكولنىكوف، — سىز بەكلا ئادەمنى سەسكەندۈرگۈدەك ئادەم ئىكەنسىز، سىز مەيلى توغرا قىلىڭ ياكى خاتا قىلىڭ، بەربىر ئۇلارنىڭ سىز بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغۇسى يوق. سىزنى قوغلىغاندىكىن، كەشىڭىزنى توغرىلىغىنىڭىز تۈزۈك.

سۋىدرىگايلوف بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.



NIEDERS.
STAATS- U. UNIV.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

— لېكىن سىزنى دەيمەن... سىزنى ئالدىغىلى بولمىغۇدەك! — دېدى ئۇ ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن كۈلۈپ، — مەن مۇغەمبەرلىك قىلماقچىدىم، لېكىن قىلالمىدىم، سىز بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ھەممىنى ئېچىپ تاشلىدىڭىز!

— سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتىسىز.

— قىلسام نېمە بوپتۇ؟ قىلسام نېمە بوپتۇ؟ — تەكرارلىدى سۋىدرىگايلوف يەنىلا ئوچۇق - يورۇق كۈلۈپ، — «ئىنسانغا خاس ھەممە نەرسە»① دېگەن شۇدە. ئۇرۇشىنىڭمۇ بىرسى جەڭ، توققۇزى رەڭ بولىدۇغۇ! شۇنداقتىمۇ سىز گېپىمنى بۆلۈۋەتتىڭىز؛ قانداقلا بولمىسۇن، گېپىمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاي: ناۋادا باغدىكى ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ھەر خىل كۆڭۈلسىز گەپلەرمۇ بولمىغان بولاتتى. مارفا پېترووۋنا...

— ئاڭلىسام، مارفا پېترووۋنانىمۇ سىز گۆرگە ئۆزىتىپ قويۇپسىزغۇ، — دېدى راسكولنىكوف قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ھە، ئۇ ئىشنى سىزمۇ ئاڭلاپتىكەنسىز - دە؟ راست ئاڭلىماي قالامسىز... توغرا، سىز دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ ئىشتا مەن ۋىجدانىغا خىلاپ كەلگۈدەك ھېچقانداق ئىش قىلمىغان بولسامىمۇ، راستىمنى ئېيتسام، سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. سىز قورسىقىڭىزدا بىرەر جىن بارمىكىن، دەپ ئويلاپ قالماڭ. ھەممە ئىش قانۇن - قائىدىلەر بويىچە قىلىندى، بۇنىڭدا قىلچە قورقۇنچۇم يوق. قانۇن دوختۇرى تەكشۈرۈپ مېڭىسىگە قان قۇيۇلغان، دەپ بېكىتتى، مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇشىدىكى سەۋەب تاماقنى بەك جىق يەۋەتكەن، ئاندىن يەنە بىر بوتۇلكىدەك دېگۈدەك ھاراق ئىچكەن. ھاراقنى ئىچىپ بولۇپلا سۇغا

---

① لاتىنچە: «ئىنسانغا خاس ھەممە نەرسە» دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى رىم دراماتورگى تېرېنتىئۇسنىڭ «ئۆزىنى ئۆزى قىينايدىغان ئادەم» ناملىق كومېدىيەسىدىكى: «مەن ئادەم، ئىنسانغا خاس ھەممە نەرسە مېنىڭدىمۇ تولۇق بار» دېگەن مەشھۇر سۆزىدىن ئېلىنغان.

چۈمـۈلگەن، قانـۇن دوختۇرىنىڭمۇ بـۇنىڭدىـن باشقـا بـىرنىمـە تاپالىشى مۇمكـىن ئەمەس. ياق، جاناب، بىـر مەزگىل ئـىچىمـدە ئويلاپ يۈردۈم، بولۇپمۇ يولدا، ۋاگوندا ئولتۇرۇپ: «مەن ئۆزۈممـۇ بىلـمـەستىـن ئـۇنىڭ چـىشىغـا تـېگـىـۋېـرىـپ ياكـى شـۇنىڭـغا ئـوخـشـاشـراق بـاشـقـا بـىـرەر سـەۋەب بـىـلـەن مـۇشـۇنـداق... بەختسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبكار بولۇپ قالدىمىكـىن، دەپمۇ ئويلاپ باقتىم. لېكىن، ئـويلا ـ ئويلا مـۇنداق بولـۇشـى تامامەن مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

راسكولنىكوف كۈلۈۋەتتى.

— نېمىشقا كۈلىسىز؟ ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، مەن ناھايىتى ئۇنى قامچا بىلـەن ئىككـىنىلا سـالدىم، ئۇنىـڭ ھەتتـا ئىـزىمـۇ قالمىغان... مېنى ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەن دەپ قالماڭ. بۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن نەقەدەر ئـېـپلاسلىق ۋەھـاكـازا ئىكـەنلىكـىنى تازا ئـوبدان بىلـىمەن؛ لېـكىن، شۇنـىمۇ ئوبـدان بىلىمەنكى، ھەتتا مارفا پېتروۋنانىڭ ئۆزىمۇ — نېمە دېسەم بولاركىن — مېنىڭ شۇنداق ھېسسىياتچانلىقىمنى ياقتۇراتتـى. سىڭلىڭىـز بىلەن بـولغان ۋەقەنىڭ ئۇ تـولا سۆزلـەپ تەمـىنىمـۇ قويمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، شۇ چاغدا مارفا پېتروۋنا نائىلاج ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرغىنىغا ئۈچ كۈن بولغان؛ ئۇنىڭ شەھەرگە كىرىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمىغان، ئۇنىـڭ ئۈستىگە، ئۇنىـڭ ھېلىقى خېتىنى خەقلەر تـولا ئاڭلاپ دېدىـقىپ كەتكەن. ئۇنىـڭ ھـېلـىقـى خەتـىنـى قـانداق ئـوقـۇپ بـەرگەنـلـىكـى تـوغـرۇلـۇق ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ مـانا شۇنداق بـىر چاغدا، كـۈتمىگـەندە ئۇنىـڭ بەدىنىگە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىككى قامچـا كېلىـپ تەگدى ! ئۇ بىرىنچى بولۇپ ھارۋىنى قوشۇشنى بۇيرۇدى !... مەن سـىـزگە ئـېـيتـسام، خـوتـۇن كـىشـى چـىـرايـىـدىـن قـاتـتـىـق غەزەپلـەنگەندەك كـۆرۈنـسىمـۇ، شـۇنداق چاغـلاردا ئـۆزلـىرىـنـى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىشتىن خۇشال بولۇشىدۇ. ئـىنتايىـن خۇشال بولۇشىدۇ. مۇنداق ئەھۋال ھەربىر ئايالـدا بولۇپ تۇرىـدۇ.

ئومۇمەن، ئادەم بالىسى ھاقارەتلىنىشنى ئىنتايىن ياقتۇرىدۇ، سىز شۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ بولۇپمۇ ئاياللار تېخىمۇ شۇنداق، ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىردىنبىر چارىسى.

راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كېتىپ، بۇ ئۇچرىشىشنى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتۇرايمىكىن دەپمۇ ئويلىغانىدى. لېكىن، يەنە قىزىپ قېلىپ، ھەتتا نېمىنىدۇر كۆڭلىگە پۈكۈپ، يەنە بىرپەس تۇرۇپ قالدى.

— سىز ئۇرۇش - جېدەلنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — سورىدى ئۇ ئېرەنسىزلا.

— ياق، ئانچە ياخشى كۆرمەيمەن، — خاتىرجەم جاۋاب بەردى سۋىدرىگايلوف، — مەن مارفا پېترووۋنا بىلەن ھېچقاچان دېگۈدەك ئۇرۇشۇپ باقمىغان، بىز ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتۇق، ئۇ مەندىن ناھايىتى رازى ئىدى. بىز يەتتە يىل بىللە ئۆتۈپتۇق. شۇ يەتتە يىلدا ناھايىتى ئىككىلا قېتىم قولۇمغا قامچا ئالدىم. بەكمۇ غەلىتە ئەھۋالدا يۈز بەرگەن ئۈچىنچى قېتىملىقىنى ھېسابقا ئالمىساقمۇ بولىدۇ. بىرىنچى قېتىملىقى، توي قىلىپ ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە، يېزىغا يېڭىلا بارغان چېغىمىزدا يۈز بەرگەن. يەنە بىرسى مانا مۇشۇ قېتىم، بۇ ئاخىرقى قېتىملىقى. سىز مېنى شۇنداق مۇتتەھەم، جاھىل، يانچى دەپ ئويلاپ قالغانسىز - ھە؟ ھې - ھې... مۇنداقلا سوراپ باقاي. رودىئون رومانوۋىچ، ئېسىڭىزدىمۇ، بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ھەر خىل پىكىرلەرگە كەڭ يول قويۇلغان زاماندا[1]، بىر ئاقسۆڭەك — ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن — پويىزدا بىر نېمىس ئايالنى ئۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئادەم ۋە ھەممە گېزىت -

---

[1] بۇ يەردە 1861 - يىلى رۇسىيەدە يانچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئاممىنىڭ غەزىپى ئۇرلىگەن، ئىجتىمائىي ئىدىيەلەر مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جانلىنىپ كەتكەن مەزگىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ژۇرنال ئۇنى بىردەك ئەيىبلىگەن①، شۇ ئىش ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ يىلىغۇ دەيمەن، يەنە «ئەسىر» گېزىتى بەكلا قاملاشمىغان بىر ئىش قىلغان②. «مىسىر كېچىلىرى»نىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوقۇلغانلىقى ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئاھ، قارا كۆزلەر! ئاھ، ياشلىقىمنىڭ ئالتۇن دەۋرى، نەلەردە قالدىڭ! راست، مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: مەن نىمىس ئايالنى ئۇرغان ھېلىقى جانابقا ھەرگىزمۇ ھېسداشلىق قىلمايمەن، چۇنكى ئەمەلىيەتتە... ئۇنىڭ ھېسداشلىق قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ لېكىن، شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشۈم لازىمكى، بەزىدە ئادەمنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىپ قويىدىغان شۇنداق نىمىس ئاياللار ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن، شۇ ۋەجىدىن ئېيتقاندا، مېنىڭچە، ئۆز ھەرىكىتىگە تامامەن ھۆددە قىلالايدىغان بىرەرمۇ ئىلغار پىكىرلىك كىشى بولمىسا كېرەك. شۇ چاغدا مەسىلىگە مانا مۇشۇنداق نۇقتىئىنەزەردە قارايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئەمەلىيەتتە، ھەقىقىي ئەقىلگە مۇۋاپىق نۇقتىئىنەزەر مانا شۇ ئىدى. راست شۇنداق!

سۋىدرىگايلوف ئەنە شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، بىردىنلا يەنە كۈلۈپ كەتتى. راسكولنىكوف ئۇنىڭ بىرەر ئىش توغرۇلۇق

---

① 1860 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، گېزىتلەر پومېشچىك كوزلىيانوفنىڭ رىگالىق بىر مىشچان ئايالنى ئۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى. دوستويېۋسكىي چىقىرىۋاتقان «دەۋر» ژۇرنىلى كوزلىياۋنوفنى ئاقلىغان «شىمال ھەرىسى» گېزىتى بىلەن كەسكىن مۇنازىرىلەشكەنىدى.

② 1861 ـ يىلىنىڭ بېشىدا «ئەسىر» گېزىتىدە كامېن ـ ۋىنوگوروفنىڭ بىر ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدا ئاپتور پىرىمدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئەدەبىيات ـ مۇزىكا كېچىلىكىدە توماچىيوۋا ئىسىملىك بىر خېنىم «ئار ـ نومۇسنى ۋە يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى» قايرىپ قويۇپ، «كىشىنىڭ چىشىغا تەگكۈدەك» قول ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئالدىدا پۇشكىننىڭ «مىسىر كېچىلىرى» ناملىق پوۋېستىدىكى كلېئوپاترانىڭ مونولوگىنى ئوقۇدى، دېگەنلەرنى غەزەپ بىلەن بايان قىلدى. بۇ ماقالە ئىلغار گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. دوستويېۋسكىي «ئەسىر» گېزىتىنىڭ بۇ قاملاشمىغان قىلىقىغا قارشى ئىككى پارچە ماقالە يېزىپ، توماچيوۋانى ئاقلىدى ھەمدە پۇشكىننىڭ «مىسىر كېچىلىرى» ناملىق ئەسىرىگە قىزغىنلىق بىلەن باھا بەردى.

ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغان، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى.
— سىز بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ھېچكىم بىلەن گەپلىشىپ باقمىغان ئوخشىمامسىز؟ — سورىدى ئۇ.
— شۇنداقراق. نېمە، سىز مېنىڭ چىقىشقاقلىقىمنى كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك ـ ھە؟
— ياق، مەن سىزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چىقىشقاقلىقىڭىزغا ھەيران قېلىۋاتىمەن.
— شۇنداق قوپال سوئاللىرىڭىزغا خاپا بولمىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتامسىز؟ گېپىم توغرىمۇ؟ لېكىن... بۇنىڭ نېمىسىگە خاپا بولاتتىم؟ سىز قانداق سورىغان بولسىڭىز، مەن شۇنداق جاۋاب بەردىم شۇ، — قوشۇپ قويدى ئۇ. چىرايىدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى، — بىلەمسىز، مەن ھەممىلا نەرسىگە ئالاھىدە قىزىقىۋەرمەيمەن. راست دەي-مەن، — داۋام قىلدى ئۇ نېمىلەر توغرۇلۇقتۇر ئويلىنىۋاتقاندەك قىلىپ، — بولۇپمۇ ھازىر قىلىۋاتقان بىرەر ئىشىم يوق... لې-كىن، سىز مېنى ماڭا بىرەر مۇددىئا بىلەن خۇشامەت قىلىۋاتى-دۇ، دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ئۆزۈم سىڭ-لىڭىزدا ئىشىم بار، دېدىم. لېكىن، سىزگە ئوچۇق ـ يورۇق دې-يىشىم كېرەككى، ئۆلگۈدەك زېرىكىپ كەتتىم، بولۇپمۇ كېيىن-كى ئۈچ كۈن ئىچىدە، شۇڭلاشقا سىز بىلەن ئۇچراشقىنىمغا ئىنتايىن خۇشال بولدۇم... رودىئون رومانوۋىچ، ئاچچىقىڭىز كەلمىسۇن، سىز نېمىشقىدۇر ماڭا بەكلا غەلىتە ئادەمدەك تۇيۇل-دىڭىز. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئىشقىلىپ سىز باشقىچىرەك تۇيۇ-لۇۋاتىسىز، يەنە كېلىپ شۇ تاپتا، ياق، مەن شۇ مىنۇتتا دەۋاتقى-نىم يوق، ئومۇمىي مەنىدىكى ھازىرنى دەۋاتىمەن... بولدى، بول-دى، دېمەيلا قوياي، تەرىڭىزنى تۈرمەڭ! بىلەمسىز، مەن سىز ئويلىغاندەك بىر ئېيىق ئەمەس!
راسكولنىكوف ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

— ئېھتىمال سىز بىر ئېيىق ئەمەستۇرسىز، — دېدى ئۇ، — مەن ھەتتا سىزنى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئادەم، ھېچبولمىغاندا پۇرسەت بولۇپ قالسا، ئىنساب بىلەن ئىش قىلىشنى بىلىدىغان ئادەم، دەپ ھېس قىلىۋاتىمەن.

— مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ پىكرىگە ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمەيمەن، — دېدى سۋىدرىگايلوف سوغۇق، تەكەببۇر بىلەن جاۋاب بېرىپ، — شۇڭلاشقا، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ھاۋاسىدا چاكىنىلىق تونى يارىشىدىغان چاكىنا ئادەم بولسام نېمە بوپتۇ... بولۇپمۇ بەزىلەر شۇنداق قىلىشنى تۇغۇلۇشىدىنلا ياقتۇرىدىغان تۇرسا؟ — ئۇ بۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— لېكىن، ئاڭلىشىمچە، بۇ يەردە تونۇشلىرىڭىز كۆپ ئىكەن، سىز ئەسلا «يار - يۆلەكسىز» ئادەم ئەمەس. دېمەك، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بىرەر مۇددىئايىڭىز بولمىسا، مېنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— مېنىڭ تونۇشلىرىم كۆپ، بۇ دېگىنىڭىز راست، — دېدى سۋىدرىگايلوف ئاساسىي گەپتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — بەزىبىر تونۇشلىرىمنى ئۇچراتتىم؛ ئۈچ كۈندىن بۇيان لاغايلاپ يۈرىمەن؛ مەن ئۇلارنى تونۇدۇم، ئۇلارمۇ مېنى تونۇغاندەك قىلدى. بۇ ناھايىتى تەبىئىي، كىيىم - كېچەكلىرىم جايىدا، كەمبەغەللەر قاتارىغا كىرمەيمەن؛ دېھقانلار ئىسلاھاتى بىزگە ھېچقانداق زىيان سالمىدى: ئورمانلىرىم، سۇغۇرۇلىدىغان ئوتلاقلىرىم بار، شۇڭا دارامىتىم ئازايمىدى①؛ شۇنداقتىمۇ... ئۇلارنى ئىزدىگۈم كەلمەيدۇ؛ مەن ئۇلاردىن ئاللىبۇرۇنلا بىزار بولۇپ كەتكەن. بۇ يەرگە كەلگىنىمگە مانا ئۈچ كۈن بولدى، بىرەرىنىڭكىگە پەتلەپ

① 1861 - يىلى رۇسىيەدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئاتالمىش «دېھقانلار ئىسلاھاتى» يۈرگۈزۈلدى، يەنى يانچىلىق تۈزۈمى بىكار قىلىندى. ئىسلاھاتتا بارلىق ياخشى يەرلەر (جۈملىدىن ئورمانلار ۋە ئوتلاقلار) پومېشچىكلارغا بېرىلدى، دېھقانلار پەقەت بىر قىسىم ناچار يەرلەرگىلا ئېرىشەلىدى. سۋىدرىگايلوفنىڭ يۇقىرىقىدەك گەپلەرنى قىلىشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ.

بارمىدىم... مۇشۇمۇ شەھەر بوپتىمۇ! ماڭا دەپ بېرىڭچۇ، بۇ قانداقلارچە قۇراشتۇرۇلغان شەھەر! بۇ تۇرلۇك - تۈمەن ئىدارە خىزمەتچىلىرى بىلەن ھەر خىل ھەر ياڭزا ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەھىرى①. راست دەيمەن، سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا، مۇشۇ يەردە لاغايلاپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، نۇرغۇن ئىشلارغا دىققەت قىلماپتىكەنمەن... مانا ئەمدى بىردىنبىر ئۈمىدىمنى ئاناتومىيەگە باغلاۋاتىمەن، راست دەيمەن!

— قانداق ئاناتومىيەگە؟

— كۇلۇبلارغا. دىيۇسسوتلارغا② كەلسەك، سىلەرنىڭ بۇ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنۇڭلاردا ئېھتىمال بەزىبىر ئىلگىرىلەشلەر بولغاندۇ، بۇ بىز بولمىساقمۇ مەۋجۇت بولىۋېرىدۇ، — داۋام قىلدى ئۇ سوئالنى يەنىلا جاۋابسىز قالدۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە كىمنىڭمۇ تاۋكادا ساختىپەزلىك قىلغۇسى كېلىدۇ دەيسىز؟

— سىزمۇ تاۋكادا ساختىپەزلىك قىلىپ باققانمۇ؟

— قىلمايچۇ؟ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا، بىرقانچىمىز ئۆلپەت ئىدۇق. ھەممىسى ئابرۇيلۇق ئادەملەر ئىدى. بىللە كۆڭۈل ئاچاتتۇق؛ ھەممىسى سالاپەتلىك ئادەملەر ئىدى. ئارىمىزدا شائىرلار، كاپىتالىستلار بار ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، بىزنىڭ رۇس جەمئىيىتىمىزدە ئەڭ سالاپەتلىك كىشىلەر كۆپىنچە دائىم كالتەكلىنىپ تۇرىدۇ، سىز شۇنىڭغا دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ مەن يېزىدا مۇشۇنداق چۈشكۈن بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدا، مەن نېژىندىن كەلگەن بىر گىرېككە قەرزدار بولۇپ قېلىپ، تۈرمىگە كىرىپ قالغىلى قىل قالغان. شۇ چاغدا مارفا پېترووۋناغا ئۇچراپ

① بۇ دوستويېۋسكىينىڭ پېتېربۇرگ توغرىسىدىكى مۇقىم قارىشى. ئۇ پېتېربۇرگنى پېتېر I سۈنئىي ھالدا بەرپا قىلغان. ئۇ رۇس خەلقىنىڭ دىن ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىناق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، خەلق بىلەن زىيالىيلارنىڭ ئايرىلىقىنى يىراقلاشتۇرۇۋەتتى، دەپ قارايتتى.

② بۇ پېتېربۇرگتىكى بىر مەشھۇر ئاشخانىنىڭ نامى.

قالدىم. ئۇ ھېلىقى گىرىك بىلەن سودىلىشىپ، مېنى ئوتتۇز مىڭ كومۇش رۇبلى①غا سېتىۋالدى (ئۆزۈم يەتمىش مىڭ رۇبلى قەرزدار ئىدىم). ئۇنىڭ بىلەن قانۇنلۇق نىكاھلاندىم. ئۇ مېنى گۆھەر بىلىپ شۇ ئان يېزىدىكى ئۆيىگە ئەكەتتى. بىلەمسىز، ئۇ مەندىن بەش ياش چوڭ ئىدى. مېنى بەك ياخشى كۆرەتتى. يەتتە يىلغىچە يېزىدىن چىقمىدىم. لېكىن، شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، ئوتتۇز مىڭ كومۇش رۇبلىنىڭ قەرز چېكىنى (قەرز ئىگىسى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئىشلەتكەن) قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ماڭا دائىم تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئازراقلا قارشىلىق قىلسام شۇ ئانلا قاپقانغا چۈشۈپ قالاتتىم! ئۇ ھەممىنى قىلالايتتى! خوتۇنلارنىڭ نەزىرىدە ھەممە ئىشتا ماسلاشقاننىڭ ئۇنۇمى مول بولىدۇ.

— ئەگەر شۇ ھۆججەت بولمىغان بولسا قېچىپ كېتەرمىدىڭىز؟

— سىزگە قانداق دەپ بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيۋاتىمەن. ئۇ ھۆججەت مېنى توسۇپ قالالمايتتى دېسەممۇ بولىدۇ. مېنىڭ ھېچ يەرگە بارغۇم يوق ئىدى. مارفا پېترووۋنا مېنىڭ زېرىكىپ يۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئىككى قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغان! ئۇنىڭ قىزىققۇچىلىك نېمىسى بار دەيسىز! چەت ئەلگە ئۆزۈم ئىلگىرىمۇ چىققان، لېكىن زادىلا ئۇستىخىنىم چۈشمىگەن: بىلمىدىم نېمىشقىكىن، تاڭ ئېتىۋاتقان چاغلارنى، نېئوپولىتانىيە دېڭىز قولتۇقىنى، دېڭىزنى كۆرسەم، كۆڭلۈمنى غەم بېسىپ، مەيۈس بولۇپ قالىمەن. ھەممىدىن يامىنى، ئادەم ئاللىقانداقتۇر ھەسرەتكە چۆكۈپ قالىدۇ! ياق، يەنىلا ئۆز يۇرتىڭىز ياخشى. ئۆز يۇرتىڭىزدا ھېچبولمىغاندا ھەممىلا ئىشتا باشقىلارنى ئەيىبلەپ ئۆزىڭىزنىڭ توغرىلىقىڭىزنى ئىسپاتلىيالايسىز. ئۆز مەيلىمچە

① بىر كومۇش رۇبلى 3.5 قەغەز رۇبلىغا باراۋەر.

بولسا هازىرلا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە قوشۇلۇپ شىمالىي قۇتۇپقا كەتكۈم بار. چۈنكى، هاراق ئىچسەم سەت مەست بولىمەن، مەن هاراق ئىچىشنى يامان كۆرىمەن. لېكىن، هاراق ئىچىشتىن باشقا قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق. مەن سىناپ باققان... ئائىلىسام بېرگ① يەكشەنبە كۈنى يۈسۇپوف باغچىسىدا هاۋا شارىغا ئولتۇرۇپ ئۇچارمىش، ھەق تۆلەيدىغانلار بولسا، بىللە ئاچىققۇدەك، راستمۇ؟

— نېمە، سىزنىڭمۇ هاۋا شارىدا ئۇچۇپ باققۇڭىز بارمۇ؟

— مېنىڭمۇ؟ ياقەي... ئۆزۈم ئانچىكىن... — غىڭشىدى سۋىدرىگايلوف گويا راستلا نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك.

«ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ، راستلا شۇنداق قىلغۇسى بار ئوخشىمامدۇ؟» ئويلىدى راسكولنىكوف.

— ياق، ئۇ هۆججەت مېنى توسۇپ قالالمايتتى، — دېدى سۋىدرىگايلوف ئويچانلىق بىلەن، — ئۆزۈمنىڭ يېزىدىن كەتكۈم كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىلدەك بولۇپ قالدى، مارفا پېتروۋنا ئىسمىم قويۇلغان خاتىرە كۈنى ئۇ هۆججەتنى ئۆزۈمگە ياندۇرۇپ بەردى، ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە نۇرغۇن پۇل ھەدىيە قىلدى. ئۇنىڭ خېلى كۆپ پۇلى بار ئىدى. «كۆردىڭىزمۇ ئاركادىي ئىۋانوۋىچ. مەن سىزگە نەقەدەر ئىشىنىمەن ـ ھە!» دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، سىز ئۇنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىگە ئىشەنمەمسىز؟ بىلەمسىز، مەن يېزىدا ئىگىلىكىمىزنى ئوبدانلا يۈرۈشتۈردۈم، شۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى بىلەتتى. مەن يەنە كىتابلارنى ئېلىپ تۇراتتىم. مارفا پېتروۋنا بۇ ئىشىمدىن خۇشال بولدى. كېيىن مېنى كىتابنى كۆپ ئوقۇپ كەتسە، بەكلا سېغىنىپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەپمۇ قالدى.

— سىز مارفا پېتروۋنانى بەكلا سېغىنىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

① بېرگ شۇ چاغدا پېتېربۇرگتىكى بىر كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىنىڭ غوجايىنى ئىدى.

— مەنما؟ بەلكىم. راست، بەلكىم شۇنداقتۇ. مۇنداقلا سوراپ باقايچۇ، سىز ئەرۋاھقا ئىشىنەمسىز؟

— قانداق ئەرۋاھقا؟

— قانداق ئەرۋاھ بولاتتى، ئادەتتىكى ئەرۋاھقا!

— ئۆزىڭىز ئىشىنەمسىز؟

— ھەم ئىشىنىمەن، ھەم ئىشەنمەيمەن. كۆڭلىڭىزگە يېقىش ئۈچۈن، ئىشەنمەيمەن دېيەلمەيمەن...

— كۆزىڭىزگە پات ـ پات كۆرۈنۈپ تۇرامدۇ؟

سۋىدرىگايلوف قاتتىق ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— بەزى ـ بەزىدە مارفا پېتروۋنانىڭ ئەرۋاھى كېلىپ قالىدۇ.

— كېلىدۇ دېگىنىڭىز نېمىسى؟

— ئۇ ئۈچ قېتىم كەلدى. بىرىنچى قېتىم ئۇنى يەرلىككە قويغان كۈنى، دەپنە قىلىپ بولۇپ بىر سائەتتىن كېيىن كۆردۈم. بۇ ئىش مەن بۇياققا مېڭىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى يۈز بەردى. ئىككىنچى قېتىم ئالدىنقى كۈنى تاڭ سەھەردە، مۇشۇ يەرگە كېلىشۈېتىپ مالايا ۋىشېرا ۋوگزالىدىن ئۆتكۈچە كۆردۈم. ئۈچىنچى قېتىم بۈنىڭدىن ئىككى سائەت ئىلگىرى، ئۆزۈم چۈشكەن ئۆيدە كۆردۈم؛ ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز ئىدىم.

— شۇ چاغدا ئويغاقمىدىڭىز؟

— پۈتۈنلەي ئويغاق ئىدىم. ئۈچ قېتىمدىمۇ ئويغاق ئىدىم. ئۇ كەلدى، ماڭا بىردەم گەپ قىلدى، ئاندىن ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ دائىم ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن.

— نېمىشقىكىن، مەن سىزنى شۇنداقراق ئىشنى بېشىدىن كەچۈرگەنمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم، — راسكولنىكوف كۈتمىگەندە شۇ گەپنى دەپ سېلىپ، ئارقىدىنلا قانداق قىلىپ شۇنداق بىر گەپنى دەۋەتكەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى.

— شۇنداقمۇ؟ شۇنداق دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ — سورىدى سۋىدرىگايلوف ھەيران بولۇپ، — راستمۇ؟ ھە، مەن سىزگە ئېيتقانغۇ، ئوتتۇرىمىزدا قانداقتۇر بىر ئورتاقلىق بار، دەپ. شۇنداقمىكەن؟

— سىز ھېچقاچان ئۇنداق گەپنى قىلىپ باقمىدىڭىز! — راسكولنىكوف يۈز - خاتىر قىلماستىن، قاتتىق ھاياجان ئىچىدە جاۋاب بەردى.

— دېمىدىمما؟

— دېمىدىڭىز!

— مەن دېگەندەك قىلىمەن. بايا كىرگەن چېغىمدا سىزنىڭ ئۇخلىغان بولۇپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ياتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، شۇ ئان ئۆزۈمگە: «مۇشۇ ئادەم شۇ!» دېۋىدىم.

— «مۇشۇ ئادەم شۇ» دېگىنىڭىز نېمە دېگىنىڭىز؟ سىز نېمىنى كۆزدە تۇتتىڭىز؟ — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف.

— نېمىنى كۆزدە تۇتاتتىڭىز؟ راست، نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — توغرىسىنىلا دېدى سۋىدرىگايلوف گويا ئۆزىمۇ گاڭگىراپ قالغاندەك.

ھەر ئىككىلىسى بىردەم شۈك بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە چەكچىيىپ قاراپ قېلىشتى.

— ھەممىسى بوق گەپ! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى راسكولنىكوف، — ئۇ كەلگەن چاغلىرىدا سىزگە نېمىلەرنى دېدى؟

— ئۇ؟ ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ ساپلا تېتىقسىز ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى دېدى. قاراڭ، ئادەم دېگەنمۇ قىزىق بولىدىكەن، نەق شۇ يېرى مېنىڭ سەپرايىمنى ئۆرلىتىپ قويىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم كەلگەن چېغىدا (بىلەمسىز، شۇ چاغدا دەپنە مۇراسىمى، ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتالغان دۇئا - تىلاۋەت، نەزىر ئېشى تەييارلاش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ھېرىپ كېتىۋىدىم. ئاخىر كۇتۇپخانىدا يالغۇز قېلىپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ،

خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم)، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىپ: «ئاركادىي ئىۋانوۋىچ، بۈگۈن ئالدىراپ يۈرۈپ، تاماقخانىدىكى سائەتنى بۇراپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپسىز» دېدى. دېمىسىمۇ يەتتە يىل داۋامىدا ئۇ سائەتنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم بۇراپ قوياتتىم. ئۇنتۇپ قالسام ئۇ ئېسىمگە سېلىپ قوياتتى. ئەتىسى مۇشۇ ياققا قاراپ يولغا چىقتىم، تالڭ ئاتقاندا، كىچىكرەك بىر ۋوگزالغا كىردىم — كېچىدە مەن ئازراقلا كۆز يۇمۇۋىدىم، پۈتۈن بەدىنىم تېلىپ ئاغرىپ، كۆزلىرىم يۇمۇلغىلى ئاران تۇراتتى — مەن بىر ئىستاكان قەھۋە ئالدىم؛ مارفا پېترووۋنا قولىدا قارتا، بىردىنلا قېشىمغا كېلىپ ئولتۇردى. «ئاركادىي ئىۋانوۋىچ، سىز سەپەرگە چىقتىڭىز، سىزگە پال سېلىپ قويايمۇ؟» دېدى. ئۇ پال سېلىشقا ئۇستا ئىدى. راست، مەن ئۆزۈمنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيمەن، ئۇنىڭغا پال سالدۇرۇپ باقمىدىم. قورقۇپ كېتىپ، قېچىپ كەتتىم. دەل شۇ چاغدا قوڭغۇراقمۇ چېلىندى. بۈگۈن كىچىكرەك بىر ئاشخانىدا، چۈشلۈكۈمگە ناھايىتى ناچار بىر تاماقنى يەپ، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتىم، كۈتمىگەندە يەنە مارفا پېترووۋنا كىرىپ كەلدى. ئۇ يېشىل شايىدىن تىكىلگەن يېڭى كۆڭلەك كىيىپ، گۈلدەك ياسىنىۋاپتۇ، كۆڭلىكىنىڭ كەينىدە ئۇزۇن بىر قۇيرۇق سۆرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ: «سالام، ئاركادىي ئىۋانوۋىچ! بۇ كۆڭلىكىم سىزگە ياقتىمۇ؟ ئانىسكا كىيىمنى مۇشۇنداق ياخشى تىكەلمەيدۇ!» دېدى (ئانىسكا يېزىمىزدىكى تىككۈچى. ئۇ ئىلگىرى يانچى ئىدى، موسكۋادا ھۈنەر ئۆگەنگەن، ناھايىتى چىرايلىق قىز). ئۇ ئالدىمدا ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە زەن سالدىم، ئاندىن چىرايىغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇنىڭغا: «مارفا پېترووۋنا، شۇنچىلىك ئەرزىمەس بىر ئىشنى دەپ مېنى ئىزدەپ كەپسىز، جاپادىنمۇ قاچماپسىز» دېۋىدىم، ئۇ: «ۋاي خۇدايىمەي، سىزنى كىچىككىنە چۆچۈتۈپ قويسامۇ بولمامدۇ، قەدىرلىكىم؟» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ: «مارفا پېترووۋنا، مەن

ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىمەن» دېيۋىدىم، ئۇ: «ئاركادىي ئىۋانوۋىچ، مەنمۇ سىزنى شۇنداق قىلارمىكىن دېگەن. خوتۇنىڭىزنىڭ قەبرىسى قۇرۇماي تۇرۇپلا ئۆيلەنگىلى يولغا چىقىپسىز، بۇ سىزگە سەت بولارمىكىن. ھېچبولمىسا، تۇزۇكرەك بىرسىنى تاللىيالىسىڭىزمۇ بىر نۆرى ئىدى. مەن بىلىمەن، مەيلى ئۇ بولسۇن ياكى سىز بولۇڭ، ھەر ئىككىڭلار بەختلىك بولالمايسىلەر. ئاخىر بېرىپ، ئۆزىڭىز خەقلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىسىز» دەپلا چىقىپ كەتتى. ماڭا كۆڭلىكى ھېلىغىچە شىلدىرلاۋاتقاندەك بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەن ئاغزىمغا كەلگەننى بىلجىرلاۋاتىمەن، شۇنداقمۇ؟

— ئېھتىمال يالغان ئېيتىۋاتىدىغانسىز، — دېدى راسكولنىكوف.

— مەن كەمدىن ـ كەم يالغان ئېيتىمەن، — دېدى سۋىدرىگايلوف ئويچانلىق بىلەن، گويا راسكولنىكوفنىڭ سوئالىنىڭ يولسىزلىقىنى زادىلا چۈشەنمىگەندەك.

— شۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆزىڭىزگە جىن كۆرۈنۈپ باقمىغانمۇ؟

— ھە... ياق، كۆرۈنگەن، لېكىن ئۆمرۈمدە پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈنگەن. ئۇمۇ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش، فىلكا ئىسىملىك بىر خىزمەتكارىم بار ئىدى. ئۇنى يېڭىلا كۆمۈپ قويۇۋىدۇق، مەن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىپ: «فىلكا، غاڭزامنى① ئەكەل!» دەپ ۋارقىراپتىمەن. ئۇ كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل غاڭزا قويۇقلۇق ئىشكاپقا قاراپ ماڭدى. مەن جايىمدا ئولتۇرۇپ: «ئۇ مەندىن قىساسىنى ئالغىلى كەلدى!» دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا قاتتىق كايىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن: «جۇل ـ جۇل كىيىم بىلەن ئالدىمغا كىرىشكە قانداق

① ئۇ چاغدا پومېشچىكلار كۆپىنچە تاماكىنى غاڭزىدا چېكەتتى. غاڭزىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىرچە كېلەتتى. شۇڭا تاماكىنى چەككۈچە مەخسۇس بىر ئادەم پومېشچىكلارنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى.

پىتىنەنلىك، يوقال، لەنىتى !» دېدىم، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى كەلمىدى. شۇ چاغدا مەن بۇ ئىشنى مارفا پېتروۋناغا دېمىدىم. ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدۇرايمىكىن دېۋىدىم، لېكىن خىجىل بولدۇم.

ــ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ.

ــ دېمىسىڭىزمۇ كېسىلىم بارلىقىنى بىلىمەن، لېكىن زادى نېمە كېسەل ئىكەنلىكىمنى ئېنىق بىلمەيمەن. ھەرھالدا مېنىڭچە مەن سىزگە قارىغاندا بەش ھەسسە ساغلام. مەن سىزدىن ئەرۋاھنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز دەپ ئەمەس، ئەرۋاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز، دەپ سوراۋاتىمەن.

ــ ياق، مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! ــ زەھەرخەندىلىك بىلەن ۋارقىرىدى راسكولنىكوف.

ــ كىشىلەر ئادەتتە نېمىلەرنى دېدى دېمەمسىز؟ ــ غىڭشىدى سۋىدرىگايلوف خۇددى ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك، بىلمىنەر ـ بىلمىنەس بېشىنى سېلىپ، باشقا بىر ياققا قاراپ، ــ ئۇلار: «سەن كېسەلگە گىرىپتار بوپسەن، شۇڭا كۆزۈمگە بىرنېمىلەر كۆرۈندى دەپ قاپسەن، ئۇ ناھايىتى بىر ئەھمىيەتسىز جۆيلۈش» دېيىشتى. لېكىن، مۇنداق دېيىش مەنتىقىگە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەرۋاھ پەقەت ئاغرىق ئادەمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدۇ، دېگەن پىكىرگە قوشۇلىمەن. لېكىن، بۇ ئەرۋاھنىڭ كېسەللەردىن باشقا ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالىسىمۇ، ئەرۋاھنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ.

ــ ئەرۋاھ دېگەن نەرسە يوق! ــ دېدى راسكولنىكوف ئىچى تىتىلداپ ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ.

ــ يوقمۇ؟ سىز شۇنداق ئويلامسىز؟ ــ داۋام قىلدى سۋىدرىگايلوف ئەزمىلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، ــ ئەمىسە، ئەگەر مۇنداق پەرەز قىلساق (ئۆزىڭىز ياردەمدە بولارسىز): «شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەرۋاھ ــ باشقا بىر ئالەمنىڭ پارچىلىرى، باشقا بىر ئالەمنىڭ بېشى. ئەرۋاھ شۈبھىسىزكى

ساغلام ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. چۈنكى، بىر ساغلام ئادەم — پانىي ئالەمگە تالىق تىرىك جان. ئۇ تاكامۇللۇق ۋە تەرتىپ ئۈچۈن پانىي ئالەمدە ياشىشى كېرەك. لېكىن، ئۇ ئاغرىپ قالسا، جىسمىنىڭ نورماللىق ھالىتى بۇزۇلسا، ئۇنىڭ باشقا ئالەمگە يېقىنلىشىش ئېھتىماللىقى شۇ ئانلا پەيدا بولىدۇ. كېسەللىكى قانچىكى ئېغىر بولسا، ئۇنىڭ ئۇ ئالەم بىلەن ئۇچرىشىشى شۇنچىكى قويۇق بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىر ئادەم پۈتۈنلەي ئۆلگەن چاغدا، ئۇ باشقا ئالەمگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.» مەن ئۇزۇندىن بۇيان شۇنداق ئويلاپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر سىز كەلگۈسى ئالەمگە ئىشەنسىڭىز، ئۇ چاغدا مۇشۇ پەرەزگىمۇ ئىشىنىسىز.

— مەن كەلگۈسى ئالەمگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى راسكولنىكوف.

سۋىدرىگايلوف ئولتۇرغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ كەتتى.

— ئەگەر ئۇ يەردە پەقەت ئۆمۈچۈك دېگەندەك بىرنېمىلەرلا بولسا، ئۇ ھالدا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى ئۇ كۈتمىگەندە.

«ساراڭ ئىكەنغۇ بۇ» ئويلىدى راسكولنىكوف.

— بىز ئەزەلدىن ئەبەدىيلىكنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئۇقۇم، بىپايان نەرسە دەپ قاراپ كەلدۇق. لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈن بىپايان بولۇشى كېرەك؟ ئەگەر ئاشۇلارنىڭ ئەكسىچە، ماڭا قارىغاندا ئابى بىر ئېغىز ئۆيچىلىك، بىزنىڭ يېزىمىزدىكى قاراڭغۇ ۋە پاسكىنا، ھەربىر بۇلۇڭىغا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ كەتكەن مۇنچىچىلىك بولۇپ قالسىچۇ، پۈتكۈل ئەبەدىيلىك پەقەت شۇلا بولۇپ قالسىچۇ، بىلەمسىز، ئەبەدىيلىك بەزىدە ماڭا شۇنداقتەك تۇيۇلىدۇ.

— ئەجەبا، ئەجەبا سىز بۇنىڭدىن تۈزۈكرەك، بۇنىڭدىن چىنراق نەرسىنى ئويلاپ تاپالمىدىڭىزمۇ؟ — كېسەل ئادەمدەك بىر خىل ھالەتتە ۋارقىرىدى راسكولنىكوف.

— تېخىمۇ چىنراق؟ سىز نەدىن بىلىسىز، بەلكىم شۇنىڭ

ئۆزى چىندۇر. بىلەمسىز، مەن چوقۇم ئەتەي شۇنداق قىلغان بولاتتىم، — نىمىشقىدۇر كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى سۋىدرىگايلوف.

قاملاشمىغان بۇ جاۋاب راسكولنىكوفنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. سۋىدرىگايلوف بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ۋە بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ياق، يەنە بىر ئويلاپ بېقىڭ، — ۋارقىرىدى ئۇ، — يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدا ئىككىمىز تېخى ئۇچراشمىغاندۇق، ھەر ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنى دۈشمەن چاغلايتتۇق. ئوتتۇرىمىزدىكى مەسىلە تېخى ھەل بولمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز ئۇنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەستىكىنا توغرۇلۇق گەپ سېتىپ ئولتۇرۇپتىمىز! مېنىڭ بايا ئىككىمىزنىڭ تۇپرىقىمىز بىر يەردىن ئېلىنغان دېگىنىم توغرا ئەمەسمۇ؟

— ماڭا قاراڭ، — دېدى راسكولنىكوف ئىچى تىتىلداپ، — مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا نېمە ۋەجىدىن قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالغانلىقىڭىزنى بايان قىلسۇئەتكەن بولسىڭىز... ئاندىن... ئاندىن... مەن ئالدىراپ تۇرىمەن، مېنىڭ ۋاقتىم يوق. مەن سىرتقا چىقماقچى...

— بولىدۇ، بولىدۇ، سىڭلىڭىز ئاۋدوتيە رومانوۋنا جانابىي پېتېر پېتروۋىچ لۇژىنغا تەگمەكچى بولۇۋېتىپتۇغۇ؟

— سىڭلىم توغرىسىدىكى ھەرقانداق سوئالىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ قويغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ نامىنىمۇ تىلغا ئالمىسىڭىز. ئەگەر سىز راستلا سۋىدرىگايلوف بولسىڭىز، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشقا قانداق پېتىنغانلىقىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم.

— مەن بۇ يەرگە سىڭلىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى كەلگەن تۇرسام، ئۇنىڭ نامىنى قانداقمۇ تىلغا ئالماي تۇرالايمەن؟

— بوپتۇ ئەمىسە، قېنى سۆزلەڭ، لېكىن تېزرەك بولۇڭ!

— ئىشەنچىم كامىلكى، ئەگەر سىز جانابىي لۇژىننى

كۆرگەن، ھېچبولمىغاندا بىرىم سائەت سۆزلەشكەن بولسىڭىز ياكى ئۇ توغرىسىدىكى گەپلەرنى خاتاسىز ئاڭلىغان بولسىڭىز، ئۇ توغرۇلۇق چوقۇم بىر قاراشقا كەلدىڭىز (ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇمغا تۇغقان كېلىدۇ). ئۇ ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ خىلى ئەمەس. مېنىڭچە، بۇ ئىشتا ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئۆز... ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى دەپ، ئۆزىنى ئالىيجانابلىق بىلەن، لېكىن ئالدى ـ كەينىنى ئويلىمايراق قۇربان قىلىۋاتىدۇ. سىز توغرۇلۇق ئاڭلىغان گەپلىرىمدىن قارىغاندا، سىز قىياسىمچە، ئەگەر مەنپەئەتىڭىزگە زىيان يەتمىگەن ئەھۋالدا بۇ نىكاھ ئىشى بىكار قىلىنىۋېتىلسە، ئىنتايىن مەمنۇن بولىدىغاندەك قىلىنىۋىدىڭىز. مانا ئەمدى سىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇنىڭغا كامىل ئىشەندىم.

— ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز، ناھايىتى ئاددىي ئويلاپسىز؛ ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، مەن بۇنى نومۇسسىزلىق، دېگەن بولاتتىم.

— سىز مېنى پۈتۈنلەي ئۆز مەنپەئەتىڭىزنى كۆزلەۋاتىسىز دېمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلىسىز، خاتىرجەم بولۇڭ رودىئون رومانوۋىچ، ئەگەر مەن ئۆز مەنپەئەتىمنى كۆزلىگەن بولسام، گەپنى مۇنداق توغرىدىن ـ توغرا دېمىگەن بولاتتىم. مەن ھەرگىز ئەخمەق ئەمەس. مۇشۇ ئىش ھەققىدە، مەن سىزگە غەلىتە بىر روھىي ھالىتىمنى ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلەپ بېرەي. بايا ئۆزۈمنىڭ ئاۋدوتيە رومانوۋناغا بولغان مۇھەببىتىمنى ئاقلاپ گەپ قىلىپ، مەن بىر قۇربان بولغۇچى، دېۋىدىم. ئەمىسە مەن سىزگە دەپ بېرەي، ھازىر قەلبىمدە مۇھەببەتتىن ئەسەرمۇ قالمىدى، بۇنىڭغا ھەتتا ئۆزۈممۇ ھەيران. چۈنكى، مەن ئىلگىرى قەلبىمدە ھەقىقەتەن بىرنەرسە باردەك ھېس قىلىدىغان...

— ئۇ بىكارچىلىق ۋە بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلغان نەرسە، — دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— راست، مەن بۇزۇق ۋە بىكارچى ئادەم. لېكىن،

سىڭلىڭىزنىڭ ئىسىل پەزىلەتلىرى شۇ قەدەر كۆپكى، مەنمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلماي تۇرالمىدىم. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر. بۇنى شۇ تاپتا ئۆزۈممۇ كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن.

— ئالللبۇرۇنلا كۆرگەن بولغىيدىڭىز؟

— ئىلگىرىمۇ سېزىشكە باشلىغان. لېكىن، ئالدىنقى كۈنى پېتېربۇرگقا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا، ئاندىن بۇنىڭغا تولۇق ئىشەندىم. ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، موسكۋادىكى چېغىمدا، مۇشۇ يەردە ئاۋدوتيە رومانوۋناغا ئۆيلىنىش تەلىپىمنى قويۇپ، جانابىي لۇژىنى بىلەن رىقابەتلىشىپ بېقىش خىيالىم بار ئىدى.

— گېپىڭىزنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، ئىلتىماسىم: گەپنى قىسقىراق قىلسىڭىز، كېلىش مۇددىئايىڭىزنى ئېنىق ئېيتسىڭىز، مەن ئالدىراپ تۇرىمەن، سىرتقا چىقماقچىدىم...

— دېگىنىڭىزدەك قىلاي. مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن مەلۇم بىر... سەپەرنىڭ① تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇش زۆرۈرىيىتىدىن بەزىبىر ئىشلارنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش قارارىغا كەلدىم. بالىلىرىمنى ھاممىسىنىڭكىدە قويۇپ كەلدىم؛ ئۇلار ناھايىتى دۆلەتمەن، شۇڭا مېنىڭ قارىشىمغا موھتاج ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ئۇلارغا ئاتا بولغۇچىلىكىممۇ يوق! مەن ئۆزۈمگە بىر يىلنىڭ ئالدىدا مارفا پېتروۋنا سوۋغا قىلغان پۇلنىلا ئېلىپ قالدىم، ماڭا شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. كەچۈرۈڭ، مانا ھازىرلا گەپنىڭ ئۆزىگە كېلىمەن. سەپەرگە چىقىش ئالدىدا (بۇ سەپىرىم بەلكىم ئەمەلگە ئېشىپمۇ قالار) مەن جانابىي لۇژىنىنىڭ ھېلىقى ئىشىنى ئاياغلاشتۇرۇۋەتمەكچى. ئۇنى يامان كۆرگەنلىكىمدىن شۇنداق

---

① بۇ يەردە سۋىدرىگايلوف ئۆلۈۋالماقچى، يەنى «ئامېرىكىغا بارماقچى» بولۇۋاتقانلىقىنى دېمەكچى. ئەسەرنىڭ ئالتىنچى قىسىم ئالتىنچى بابىدا بۇ توغرۇلۇق بايان قىلىنىدۇ.

قىلمىغاتقىنىم يوق، بەلكى شۇ لۇژىننىڭ دەپ (ئۇلارنى مارفا پېتروۋنانىڭ تېپىشتۇرغانلىقىنى ئۇقۇپ) ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىپ قالغان. ھازىر سىزنىڭ ياردىمىڭىزدە ياكى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا، ئاۋدوتيە رومانوۋنا بىلەن كۆرۈشمەكچى. ئۇنىڭ ئالدىدا، بىرىنچىدىن، ئەگەر ئۇ جانابىي لۇژىنى بىلەن توي قىلسا، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق ئەمەس، نۇرغۇن يامانلىق كۆرىدىغانلىقىنى دەپ قويماقچى؛ ئىككىنچىدىن، يېقىندا يۈز بەرگەن جېدەلنى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يادىدىن چىقىرىۋېتىشنى ئۆتۈنمەكچى. ئاندىن ئۇنىڭغا ئون مىڭ رۇبلى سوۋغا قىلىپ، شۇنى قوبۇل قىلىشىنى سورىماقچى. شۇ ئارقىلىق ئۇ جانابىي لۇژىنىنىڭ كەشىنى ئاسانلا توغرىلاپ قويالايدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئۇ ئىمكان بولسىلا، جانابىي لۇژىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە قارشى تۇرمايدۇ.

— سىز ھەقىقەتەن، ھەقىقەتەن ساراڭ ئىكەنسىز! — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف، ئۇنى غەزەپلەندى دېگەندىن كۆرە ھەيران قالدى دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى، — شۇ گەپنى دېيىشكە قانداق تىلىڭىز باردى؟

— مەن سىزنىڭ ماڭا ۋارقىرايدىغانلىقىڭىزنى ئالدىنئالا بىلگەن. بىرىنچىدىن، مەن دۆلەتمەن بولمىساممۇ، ئون مىڭ رۇبلىنى چىقىرالىغۇچىلىكىم بار، يەنى مەن بۇ پۇلغا پەقەت، پەقەت موھتاج ئەمەس. ئەگەر ئاۋدوتيە رومانوۋنا قوبۇل قىلمىسا، ئۇ پۇلنى تېخىمۇ ئەخمىقانە ئىشلارغا خەجلىۋېتىمەن. ئىككىنچىدىن، كۆڭلۈمدە قىلچە كىر يوق، بۇ پۇلنى سوۋغا قىلىشتا ھېچقانداق غەرىزىم يوق. ئىشىنىمىسىز ـ ئىشەنمەمسىز ئىختىيارىڭىز، ئىشقىلىپ سىزمۇ، ئاۋدوتيە رومانوۋنامۇ بۇنى كېيىنچە چۈشىنىپ قالىسىلەر. ھەممە گەپ شۇنىڭدىكى، مەن سۆيۈملۈك سىڭلىڭىزنى بەزىبىر ئاۋارىچىلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە مۇپتىلا قىلدىم؛ شۇ ئىشىمغا قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتىمەن. سەمىمىي ئۈمىدىم — مەن پۇل تۆلەپ

گۇناھىمدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى ئەمەس، ئۇنىڭ تارتقان كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە ھەق تۆلىمەكچىمۇ ئەمەس، ناھايىتى ئۇنىڭغا ئازراقلا پايدىلىق ئىش قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ياخشى ئىش قىلماي، يامان ئىشلارنىلا قىلىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاش. ئەگەر بۇنىڭدا زەررىچە شەخسىي غەرىزىم بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئون مىڭ رۇبلىلا سوۋغا قىلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم، چۈنكى مەن بەش ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭغا بۇنىڭدىنمۇ جىقراق پۇل سوۋغا قىلاي دېگەن. بۇنىڭ سىرتىدا، پات ئارىدا بىر قىزغا ئۆيلىنىشىم مۇمكىن، مانا شۇنىڭ ئۆزىلا ئاۋدوتيە رومانوۋناغا نىسبەتەن كۆڭلىمدە بىرەر غەرىزى بولسا كېرەك، دەيدىغان گۇماننى بەربات قىلىۋېتەلەيدۇ. ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپىم، ئاۋدوتيە رومانوۋنا جانابىي لۇژىنغا تەگكەن تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا پۇل ئالىدۇ، ناھايىتى باشقا تەرەپتىن ئالىدۇ... رەنجىمەڭ، رودىئون رومانوۋىچ، ئېغىر ـ بېسىقلىق، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىڭ.

سۋىدرىگايلوف ئەنە شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئۆزىنى ئىنتايىن سوغۇققان ۋە ئېغىر ـ بېسىق تۇتتى.

— گەپنى تولا سوزىۋەرمەڭ، — دېدى راسكولنىكوف، — قانداقلا بولمىسۇن، مۇنداق ئەدەپسىزلىكنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ.

— ئەدەپسىزلىك دېگىلى بولماس. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇ ھالدا ئادەملەر بۇ ئالەمدە بىمەنە ئادەتلەر بويىچە زەررىچە ياخشىلىق قىلماي، پەقەت يامانلىق قىلىشقىلا ھەقلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىمەنىلىك، مەسىلەن دەيلى، ئەگەر مەن ئۆلگەن بولۇپ، ۋەسىيەتنامەمدە شۇ پۇلنى سىڭلىڭىزغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسام، شۇنىڭدىمۇ ئۇ قوبۇل قىلىشنى رەت قىلارمىدى؟

— رەت قىلسا قىلىۋېرىدۇ.

— ناتايىن. يەنە ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، قوبۇل قىلمىسا قىلماس، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى، لېكىن لازىم بولۇپ قالغاندا ئون

مىڭ رۇبلى تازا ئوبدان ئەسقېتىپ قالدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىمنى ئاۋدوتيە رومانوۋناغا يەتكۈزۈپ قويىسىز.

— ياق، يەتكۈزمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، رودىئون روماناۋىچ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىمەن، ئۇ چاغدا ئۇنى ئاۋارە قىلىپ قويىمەن.

— گەپلىرىڭىزنى يەتكۈزۈپ قويسام، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ ئامالىنى قىلمامسىز؟

— راستىمنى ئېيتسام، سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈشكۈم بەكمۇ بار ئىدى.

— ئۈمىد كۈتمەڭ.

— ناھايىتى ئەپسۇس... لېكىن... سىز مېنى چۈشەنمەيسىز، بەلكىم بىز دوست بولۇپ قالارمىز.

— سىز دوست بولۇپ قالىمىز، دەپ ئويلامسىز؟

— نېمىشقا بولالمىغۇدەكمىز؟ — دېدى سۋىدرىگايلوف كۈلۈمسىرەپ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شلەپىسىنى قولىغا ئالدى، — مېنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلغۇم يوق ئىدى. بۇ يەرگە كەلگۈچە ئانچە زور ئۈمىد كۈتۈپمۇ كەتمىگەن... گېپىمىزگە كەلسەك، بۈگۈن ئەتىگەن چىرايىڭىزنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالغان بولسامۇ...

— بۈگۈن ئەتىگەن مېنى نەدە كۆرگەنتىڭىز؟ — سورىدى راسكولنىكوف ئارامسىزلىنىپ.

— تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالدىم... ماڭا نېمىشقىدۇر ئوتتۇرىمىزدا قانداقتۇر ئوخشاشلىق باردەكلا تۇيۇلىدۇ... لېكىن، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئادەم ئەمەس؛ مەن قىماردا ساختىپەزلىك قىلىدىغانلار بىلەنمۇ ئوبدان چىقىشالايمەن، ھەتتا بىزگە شىرەم تۇغقان كېلىدىغان كىنەز سۋىرىبېيمۇ مەندىن ھېچقاچان بىزار بولۇپ باققان ئەمەس. مەن

پرىلۇكوۋا جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئالبومىغا رافائېل سىزغان بۈۋى مەريەم ئانىنىڭ رەسىمى توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى يېزىپ قويۇشقا مۇيەسسەر بولغان. يەتتە يىلغىچە مارفا پېتروۋنادىن زادى ئايرىلىپ باقمىدىم؛ ئىلگىرى ئوت ـ چۆپ بازىرىدىكى ۋىيازېمسكىي سارىيىدا پات ـ پات يېتىپ تۇراتتىم؛ بەلكىم بېرگ بىلەن بىللە ھاۋا شارىدا ئۇچۇشۇم مۇمكىن.

— ھە، ئوبدان، قېنى ئېيتىڭە، سىز سەپەرگە پات ئارىدا چىقماقچىمۇ؟

— قانداق سەپەرگە؟

— ئۆزىڭىز دېگەن «سەپەر»گىچۇ... ئۆزىڭىز دېدىڭىزغۇ.

— سەپەرگە؟ ھە، راست !... سىزگە سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن دېگەن... راست، بۇ كەڭ مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلە... ئەگەر سىز نېمە توغرۇلۇق سوراۋاتقانلىقىڭىزنى بىلگەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى، — داۋام قىلدى ئۇ بىردىنلا قىسقا، لېكىن قاتتىق كۈلۈپ، — بەلكىم ئۆيلىنىۋالسام، سەپەرگە چىقماسمەن. بەزىلەر ماڭا لايىق تېپىشىۋاتىدۇ.

— مۇشۇ يەردىمۇ؟

— ھەئە.

— قالتىس چاققان چىقىپسىز !

— شۇنداقتىمۇ ئاۋدوتيە رومانوۋنا بىلەن بىر كۆرۈشكۈم بار ئىدى. مەن جىددىي ئىلتىماس قىلىۋاتىمەن. بولىدۇ ئەمىسە، خەير ـ خوش... ھە، راست ! بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. رودىئون رومانوۋىچ، سىڭلىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز، مارفا پېتروۋنا ۋەسىيەتنامىسىدە ئۇنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ مىڭ رۇبلى تەقدىم قىپتۇ. بۇ ھەق گەپ. بۇنى مارفا پېتروۋنا ۋاپات بولۇشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى يازدۇرغان، مەن ئۈستىدە تۇردۇم. بۇ پۇل ئاۋدوتيە رومانوۋناغا ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن تېگىشى مۇمكىن.

— راستىمۇ؟

— راست، ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ. ماقۇل ئەمىسە، مەن سىزنىڭ چاكىرىڭىز. بىلەمسىز، مەن سىزگە يېقىنلا بىر يەردە تۇرۇۋاتىمەن.

سۋىدرىگايلوف چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىشىك ئالدىدا رازۇمىخىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

## 2

سائەت سەككىز بولاي دەپ قالغانىدى، ئۇ ئىككىسى باكالىيېف سارىيىغا لۇژىنىدىن بۇرۇنراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى.

— راست، ھېلىقى ئادەم كىم؟ — سورىدى رازۇمىخىن ئىككىيلەن كوچىغا چىققاندا.

— سۋىدرىگايلوف، سىڭلىم ئۆيىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ تۇرغان چېغىدا، ئۇنى ھاقارەتلىگەن ھېلىقى پومېشچىك. شۇ ئادەم مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ كەينىگە كىرىۋالغاچقا، سىڭلىم ئۇ يەردىن كەتكەن. ئۇنى مۇشۇ ئادەمنىڭ خوتۇنى مارفا پېترووۋنا قوغلىۋەتكەن. مارفا پېترووۋنا كېيىن دونيەدىن كەچۈرۈم سورىغان. كېيىنرەك ئۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۈگۈن ئەتىگەن شۇ توغرۇلۇق سۆزلەشتۇق. نېمىشقىكىن، بۇ ئادەمدىن بەك قورقىمەن. ئۇ خوتۇنىنى كۆمۈپ قويۇپلا بۇ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ بەكلا غەلىتە ئادەم، قانداقتۇر بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك قىلىدۇ... ئۇ نېمىنىدۇر بىلىدىغاندەك قىلىدۇ... دونيەنى ئۇنىڭدىن قوغدىشىمىز كېرەك... مەن ساڭا شۇ ئىشنى دەپ قويماقچىدىم، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— چوقۇم قوغدايمىز! ئۇ ئاۋدوتيە رومانوۋنانى نېمە قىلالايتتى؟ روديە، بۇ ئىشنى ماڭا دېگەنلىكىڭ ئۈچۈن رەھمەت... بىز ئۇنى... بىز ئۇنى چوقۇم قوغدايمىز! ئۇ نەدە تۇرۇۋېتىپتۇ؟

— بىلمەيمەن.

— نېمىشقا سورىمىدىڭ؟ ھەي، ئىست! بوپتۇ، ئۆزۈم سۈرۈشتۈرۈپ تېپىۋالىمەن.

— ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ — سورىدى راسكولنىكوف بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن.

— ھەئە، كۆردۈم. تازا ئېنىق كۆردۈم.

— راست كۆردۈڭمۇ؟ ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟ — تەكىتلەپ سورىدى راسكولنىكوف.

— ھەئە، تازا ئېنىق كۆرۈۋالدىم، ئۇنى مىڭ ئادەمنىڭ ئارىسىدىنمۇ تونۇۋالالايمەن. مەن ئادەملەرنىڭ چىرايىنى يۈرۈندىلا ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن.

ئۇلار يەنە بىرپەس جىم بولۇپ قېلىشتى.

— ھىم!... شۇڭلازە... — غىڭشىدى راسكولنىكوف، — بىلەمسەن... مېنىڭچە... ماڭا دائىم شۇنداق تۇيۇلىدۇ... كىم بىلىدۇ، بۇ بەلكىم بولمىغۇر خىيالدۇر.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ گېپىڭنى ئانچە چۈشىنەلمىدىم.

— قارا، سىلەر مېنى ساراڭ دەيسىلەرغۇ، — داۋام قىلدى راسكولنىكوف ئاغزىنى يۈرۈشتۈرۈپ ئاچچىق كۈلۈپ، — ھازىر ئۆزۈمگىمۇ شۇنداق تۇيۇلۇۋاتىدۇ، مەن راستىلا ساراڭ بولۇپ قالغان بولسام كېرەك. مەن پەقەت سايىنىلا كۆرۈۋاتقاندەك قىلىمەن.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟

— كىم بىلىدۇ، بەلكىم راستىلا ساراڭ بولۇپ قالغاندىمەن. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى بەلكىم پەقەت تەسەۋۋۇرۇمدىلا مەۋجۇتتۇر...

— ئەستا، روديە! ئۇ يەنە سېنىڭ ئەسەبىڭنى بۇزۇپتۇ - دە!... ئۇ زادى نېمىلەرنى دېدى؟ ئۇ نېمە ئىش بىلەن كەپتىكەن؟

راسكولنىكوف جاۋاب بەرمىدى. رازۇمىخىن بىرپەس ئويلىنىپ قالدى.

— ئەمدى مېنىڭ دوكلاتىمنى ئاڭلا، — گەپ باشلىدى ئۇ، — مەن سېنى ئىزدەپ كەلگەن، كەلسەم ئۇخلاۋېتىپتىكەنسەن. كېيىن بىز چۈشلۈك تامىقىمىزنى يېدۇق، تاماقنى يەپ بولۇپ، پورفىرىينى ئىزدەپ باردىم. زامېتوف شۇ چاغقىچە شۇ يەردىكەن. مەن گەپنى باشلىماقچى بولۇۋىدىم، ئەپلەشمىدى. گەپنى ئاساسى تېمىغا زادىلا ئەكېلەلمىدىم. ئۇلار گەپنى چۈشەنمەيدىغاندەك ياكى چۈشىنەلمەيدىغاندەك قىلىشاتتى. لېكىن، بۇنىڭدىن قىلچە خىجىل بولۇشمىدى. مەن پورفىرىينى دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم. لېكىن، نېمىشقىدۇر گېپىمىز قولاشمىدى. ئۇ بىر ياققا قارىۋالدى. مەنمۇ بىر ياققا قارىۋالدىم. ئاخىر مۇشتۇمۇمنى ئۇنىڭ يۈزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تۇغقان بولۇش سۈپىتىم بىلەن كاللاڭنى ئېزىۋېتىمەن، دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپلا قويدى. مەن بىرنى تۈكۈرۈپ چىقىپ كەتتىم، بولغان ئىش مانا شۇ. ئەخمىقانە ئىش بولدى ـ دە بۇ. زامېتوفقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم. لېكىن، ماڭا قارا، مەن ئىشنى بۇزۇپ قويدۇم، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، لېكىن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقىنىمدا، كاللامغا بىردىنلا بىر پىكىر كەلدى. ئىككىمىزگە بۇ غەمنى يەپ نېمە كەپتۇ؟ ئەگەر ساڭا بىرەر خەۋپ ياكى بىر ئىش بولسىدى، بۇ ئەلۋەتتە باشقا گەپ. لېكىن، ساڭا ھېچنېمە بولمىدى ! بۇنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. شۇڭا ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، كېيىن ئۆزلىرى كۈلكىگە قالىدۇ. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام رەڭۋازلىق قىلىپ، ئۇلارنى قىلتاققا چۈشۈرەتتىم. كېيىن ئۇلار خىجىل بولغىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ ! پەرۋا قىلما، كېيىن ئۇلارنى تازا دۇمبالايمىز. لېكىن، ھازىرچە كۈلۈپ قويۇپلا يۈرىۋېرەيلى !

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ ـ دە ! — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف. «قېنى، ئەتە نېمە دەرسەنكىن؟» ئويلىدى ئۇ. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ تا شۇ چاغقىچە: «رازۇمىخىن ھەممىدىن خەۋەر تاپسا، نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟» دېگەننى خىيالىغا كەلتۈرۈپ

باقمىغانىدى. راسكولنىكوف ئەنە شۇنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، رازۇمىخىنغا دىققەت بىلەن قارىدى. رازۇمىخىنىنىڭ پورفىرىينىڭ ئالدىغا بارغانلىقى ھەققىدىكى گەپلىرى ئۇنى ئانچە قىزىقتۇرمىدى. چۈنكى، شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى نەچچە قېتىم ئۆزگەرگەنىدى !...

ئۇلار بىنانىڭ دەھلىزىدە لۇژىنىنى ئۇچراتتى؛ ئۇ توپتوغرا سائەت سەككىزدە يېتىپ كېلىپ، خانىنى ئىزدەۋاتاتتى، شۇڭلاشقا ئۇچەيلەن خانىغا تەڭلا كىرىپ كەلدى. لېكىن، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن سالاملاشمىدى، بىر ـ بىرىگە قاراپمۇ قويمىدى. يىگىتلەر ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشتى، پېتىر پېتروۋىچ دەھلىزدە پولتوسىنى سېلىۋېتكۈچە سەل ھايال بولۇپ قالدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا دەرھال ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا ئۇنى كۈتۈۋالدى. دونيە ئاكىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلىدى.

پېتىر پېتروۋىچ ئۆيگە كىرىپ، خانىملارغا ئادەتتىن تاشقىرى سالاپەت بىلەن تەزىم قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى تېخى تۇتۇۋالالمىغانلىقى، ئازراق ھودۇقۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنامۇ ئازراق ھودۇقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كىرگەنلەرنى دەرھال ئۈستىدە ساماۋار قايناپ تۇرغان يۇمىلاق ئۈستەلگە تەكلىپ قىلدى. دونيە بىلەن لۇژىنى ئۈستەلنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل ئولتۇردى. رازۇمىخىن بىلەن راسكولنىكوف پولخېرىيە ئالېكساندروۋناغا ئۇدۇل — رازۇمىخىن لۇژىنغا يېقىنراق، راسكولنىكوف بولسا، سىڭلىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ھەممەيلەن بىرپەس جىمجىت ئولتۇرۇشتى. پېتىر پېتروۋىچ گۇپۇلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان ياغلىقىنى ئالدىرىماستىن ئېلىپ، بۇرنىنى سۈرتۈپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى پەزىلەتلىك ئالىيجاناب بولسىمۇ، غۇرۇرى ئازار يېگەن، شۇڭا ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەن ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشايتتى. ئۇ

بايا دەھلىزدە چىغىدىلا پەلتونى سېلىپ يۇرمەي، قايتىپ كېتىپ، شۇ ئارقىلىق خانىملارنى قاتتىق جازالايمىكىن، بۇ ئۇلارغا بىر ساۋاق بولۇپ قالسۇن، دەپمۇ ئويلىغانىدى. لېكىن، بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئادەم ئېنىقسىزلىقنى ياقتۇرمايتتى. مەسلىنى ئېنىقلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا مۇشۇنداق ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق خىلاپلىق قىلىنغانىكەن، دېمەك بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەب بار. شۇڭلاشقا، يەنىلا ئىشنى ئېنىقلىغان ياخشىراق. ئۇلارنى جازالاشقا كەلسەك، بۇنىڭغا ۋاقىت يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ خانىملار ئۇنىڭ ئىلكىدە تۇرسا.

— مېنىڭچە، سەپىرىڭلار كۆڭۈللۈك بولغاندۇ، — دېدى ئۇ قۇرۇق تەكەللۇپ تەلەپپۇزىدا پولخېرىيە ئالېكساندروۋناغا قاراپ.

— خۇداغا شۇكۇر، پېتىر پېتروۋىچ.

— ئىنتايىن خۇرسەنمەن. ئاۋدوتىيە رومانوۋنامۇ ھېرىپ قالمىغاندۇ دەيمەن؟

— مەن ياش، كۈچ ـ قۇۋۋىتىممۇ بار، شۇڭا ھارمايمەن. لېكىن، ئانام يول بويى ناھايىتى قىينالدى، — جاۋاب بەردى دونېچكا.

— بۇنىڭغا نېمە ئامال دەڭە، مەملىكىتىمىزدە يوللار شۇنداق ئۇزۇن تۇرسا. نېمە دەيتتۇق، ھە، «ئانىجان رۇسسىيە» شۇنداق بىپايان ـ دە... تۈنۈگۈن ئالدىڭلارغا شۇنداق چىققۇم بار ئىدى، زادىلا ۋاقىت چىقىرالمىدىم. لېكىن، ئۈمىد قىلىمەنكى، ھەممە ئىش جايىدا بولغاندۇ؟ بىرەر ئالاھىدە ئاۋارىچىلىككە يولۇقمىغانسىلەر؟

— ئاھ، ئۇنداق ئەمەس، پېتىر پېتروۋىچ، تۈنۈگۈن ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، — ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئالدىراپ بايان قىلدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — تۈنۈگۈن خۇدايىم ئۆزى دمىترىي پروكوفىچىنى ئالدىمىزغا ئەۋەتمىگەن بولسا، ھېچ ئامال قىلالماس ئىكەنمىز، مانا بۇ ياق دمىترىي

پروكوۋىچ رازۇمىخىن، — قوشۇپ قويدى ئۇ رازۇمىخىننى لۇژىنغا تونۇشتۇرۇپ.

— شۇنداق، تونۇشۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن... تونۇگۈن، — غودۇڭشىدى پېتىر پېترووۋىچ. ئۇ رازۇمىخىنغا دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراپ قويدى. ئاندىن تەرىنى تۇرۇپ جىم بولۇپ قالدى. پېتىر پېترووۋىچ سىرتىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنلىرىدا ئادەتتىن تاشقىرى ئىلتىپاتلىق ئىدى. ئۆزىنى ئەدەپ ـ قائىدىلىك چاغلايتتى. لېكىن، ئىش ئازراققىنا كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالسا، شۇ ئان ئۆزىنى يوقىتىپ، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، كۈلكە ـ چاقچاقلىرى بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇنىنى قىزىتىشقا تىرىشىدىغان مۆتىۋەردىن كۆرە، بىر قاپ ئۇنغا بەكرەك ئوخشاپ قالاتتى. ھەممەيلەن شۈك ئولتۇرۇپ قېلىشتى، ئاۋدوتىيە رومانوۋنانىڭمۇ ھازىرچە جىمجىتلىقنى بۇزغۇسى يوق ئىدى. رازۇمىخىننىڭ بولسا قىلغۇدەك گېپىمۇ يوق ئىدى، شۇڭلاشقا پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا يەنە تىتىلداشقا باشلىدى.

— مارفا پېترووۋنا ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — گەپ باشلىدى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئاساسىي تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ.

— شۇنداق بوپتۇ، ئاڭلىدىم. شۇ گەپ تارقالغان ھامان خەۋەر تاپقان. مەن شۇ تاپتا سىلەرگە شۇنى ئالاھىدە مەلۇم قىلىپ قويغىلى كېلىشىم: ئاركادىي ئىۋانوۋىچ سۋىدرىگايلوف خوتۇنىنى كۆمۈپ قويۇپلا، ئالدىراپ ـ تېنەپ پېتىربۇرگقا يېتىپ كەپتۇ. ماڭا كەلگەن بۇ خەۋەر ھېچبولمىغاندا ناھايىتى ئىشەنچلىك.

— پېتىربۇرگقا؟ مۇشۇ يەرگە كەپتۇمۇ؟ — تەشۋىشلىنىپ سورىدى دونيېچكا ئانىسى بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ.

— دەل شۇنداق. ئۇنىڭ شۇنچە ئالدىراش يولغا چىققىنىدىن ۋە يولغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇ يەرگە ئەلۋەتتە بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ كەلدى.

— يا رەببىم، ئۇ دونيېچكاغا مۇشۇ يەردىمۇ ئارام بەرمەي

يۇرەرمۇ ئەمدى؟ — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.
— مېنىڭچە، ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئىككىڭلار ئانچە بەك تەشۋىشلىنىپ كەتمىسەڭلەرمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەگەر ئۆزۈڭلەر ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئىش ۋەجىدىن مۇئامىلە قىلىشنى خالاپ قالمىساڭلارلا. ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ئۇنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان ئورنىنى ئىزدەۋاتىمەن. كۆزىتىۋاتىمەن...
— ئاھ، پېتېر پېتروۋىچ، مېنى شۇ تاپتا قانچىلىك قورقۇتۇۋەتكەنلىكىڭىزگە ئىشەنمەيسىز ھەرقاچان! — داۋام قىلدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — مەن ئۇنىڭ بىلەن بار - يوق ئىككىلا قېتىم كۆرۈشكەن. شۇ چاغدا كۆزۈمگە بەك قورقۇنچلۇقتەك، بالا - قازادەك كۆرۈنگەن! ئىشەنچىم كامىل، مارفا پېتروۋنا شۇنىڭ قولىدا ئۆلدى.
— بۇ ئىش توغرۇلۇق ھازىرچە يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ، مەندە ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار. مەنغۇ تالاشماقچى ئەمەس، ئۇنىڭ مارفا پېتروۋناغا قىلغان ھاقارەتلىرىنىڭ مەنىۋى تەسىرى بەلكىم بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى تېزلەتكەندۇ؛ بۇ ئادەمنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ۋە ئادەتتىكى ئەخلاق - پەزىلىتىگە كەلسەك، سىزنىڭ قارىشىڭىزغا قوشۇلىمەن. ئۇ ھازىر ناھايىتى دۆلەتمەنمۇ، مارفا پېتروۋنا ئۇنىڭغا نېمىلەرنى قالدۇردى، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، لېكىن بۇلارنى مەن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىلىۋالالايمەن. ئەگەر بېيىدا ئازراق پۇلى بولسىلا، بۇ يەردە — پېتېربۇرگتا ئۇ گەپ يوق يەنە كونا سەنىمىگە دەسسەيدۇ. ئۇ بۇزۇقچىلىقتا ۋە ئەسكىلىكتە ئۆز خىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئادەم! شۇنداق ھېسابلاشقا ئاساسىم باركى، سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا بەختى قارىلىق قىلىپ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلىۋەتكەن مارفا پېتروۋنا ئۇنىڭغا باشقا جەھەتلەردىنمۇ ياردەم قىلغان؛ پۈتۈنلەي شۇنىڭ قاتىرىشى ۋە بەدەل تۆلىشى بىلەن، بىر جىنايى ئىشلار دېلوسى ئەيىبلەشكە سۇنۇلۇشى بىلەنلا باستۇرۇۋېتىلگەن. ئۇ بىر

دەھشەتلىك، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان قاتىللىق دېلوسى ئىدى. مۇشۇ دېلو ئۇچۇن ئۇ سىبىرىيەگە يولغا سېلىنىپ قويۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق بىر ئادەم، ئەگەر بىلگۈڭىز كەلسە.

— ۋاي خۇدايىم ! — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋ-نا. راسكولنىكوف دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى.

— سىز بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك ماتېرىياللىرىم بار، دېدىڭىز، بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟ — جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى دونيە.

— مېنىڭ دېگەنلىرىم مەرھۇم مارفا پېتروۋنا ئۆزى ماڭا مەخپىي تۇتۇپ دەپ بەرگەن ئىشلار، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشۈم لازىمكى، قانۇن نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ دېلو ئىنتايىن تۇتۇق. مۇشۇ يەردە ئىلگىرى رېسلىخ ئىسىملىك بىر چەت ئەللىك ئايال تۇرىدىغان، ئۇ ھازىرمۇ مۇشۇ يەردىدەك قىلىدۇ. ئۇ ئازدۇر-كۆپتۇر جازانىخورلۇقمۇ قىلىدىغان، ئۇنىڭ سىرتىدا ئازراق سودا-سېتىقمۇ قىلىدىغان، جانابىي سۋىدرىگايلوف مانا شۇ رېسلىخ بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ناھايىتى سىرلىق يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. رېسلىخ جىيەنى بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ شىرەم تۇغقان كېلىدىغان بىر قىز بىلەن بىللە تۇرىدىكەن. ئۇ قىز گاس ھەم گاچا ئىكەن. شۇ چاغدا ئون تۆت، ئون بەش ياشلاردا بار ئىكەن. رېسلىخ ئۇنى قاتتىق خارلايدىكەن. بىر بۇردا نانىنىمۇ دۆشكەلىمەي بەرمەيدىكەن، ھەتتا ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن دۇمبالايدىكەن. بىر كۈنى شۇ قىزنى بالىخانىدا ئېسىلىپ ئۆلگەن ھالەتتە تېپىشىپتۇ. ئۇنى ئۆزى ئۆلۈۋالغان دەپ ھۆكۈم قىلىشىپتۇ-دە، ئادەتتىكى ئەرز-شىكايەت تەرتىپىدىن ئۆتكۈزۈپلا، ئىشنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىتىپتۇ. لېكىن، كېيىنرەك بىرسى بۇ قىزنى... سۋىدرىگايلوف ۋەھشىيلەرچە ئاياغ ئاستى قىلغان دەپ پاش قىپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇق، ئېنىقسىز، چۈنكى

پاش قىلغۇچىنىڭ ئۆزى شەرمەندە، ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر نېمىس ئايال ئىكەن. ئاخىر مارفا پېترووۋنانىڭ بىرمۇنچە قاتىرىشى ۋە پارا بېرىشى بىلەن پاش قىلىش ماتېرىيالى قوبۇل قىلىنمىغان، ناھايىتى شۇ كوچا پارىڭى بولۇپ قېلىۋەرگەن. لېكىن، تارقالغان شۇ گەپنىڭ مەنىسى چوڭقۇر. ئاۋدوتىيە رومانوۋنا، سىز ئۇنىڭ ئۆيىدە چاكار فىلىپنىڭ ئىشىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز، ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا، يانچىلىق تۈزۈمى ۋاقتىدا، ئۇ خورلۇقتا ئۆلۈپ كەتكەن.

— ئاڭلىغان، لېكىن ئەكسىچە، فىلىپ ئۆزى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان، دەپ ئاڭلىغان.

— ناھايىتى توغرا، لېكىن جانابىي سۋىدرىگايلوفنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز زۇلمى ۋە قىيناقلىرى ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا، توغرىراقى ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىشكە مەجبۇر قىلغان.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن، — سوغۇقلا جاۋاب بەردى دونيە، — مەن ئۇ ئادەمنىڭ بەزىبىر تولىمۇ غەلىتە ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فىلىپ دېگىنى گۇمانخورلۇق كېسەللىگە گىرىپتار بولغان ئائىلىۋى پەيلاسوپمىش. چاكارلار ئۇنى «تولا ئوقۇپ كالللىسى ئېلىشىپ كەتكەن» دېيىشەتتى. ئۇ جانابىي سۋىدرىگايلوفنىڭ دۇمبالىشىغا ئەمەس، ئاساسلىقى باشقىلارنىڭ مەسخىرىلىرىگە چىدىيالماي ئۆلۈۋالغان. مەن شۇ يەردىكى ۋاقتىمدا، سۋىدرىگايلوف چاكارلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغان، چاكارلار ئۇنى فىلىپنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولدى، دەپ ئەيىبلەشسىمۇ، يەنىلا ياخشى كۆرىدىغان.

— ئاۋدوتىيە رومانوۋنا، قارىسام سىز نېمىشقىدۇر ئۇنى ئاقلايدىغان بولۇپ قاپسىز، — دېدى لۇژىنى ئاغزىنى پۈرۈپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ، — دەرۋەقە، ئۇ ناھايىتى زېرەك ئادەم. ئاياللارنى جەلپ قىلالايدۇ، تولىمۇ غەلىتە بىر ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن بىچارە مارفا پېترووۋنا بۇنىڭغا

ئېچىنىشلىق بىر مىسال بولالايدۇ. مېنىڭ ئۈمىدىم پەقەت سىز بىلەن ئانىڭىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش. چۈنكى، ئۇ ئادەم شۈبھىسىزكى، سىلەرگە يېقىندىن چاقچاق سېلىپ باقىدۇ. ماڭا كەلسەك، ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇ ئادەم يەنە قەرزدارلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا كىرىپ كېتىدۇ. مارفا پېترووۋنا بالىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا تۇزۇكرەك مۇلۇك قالدۇرۇش نىيىتىدە بولۇپ باقمىغان. ئۇنىڭغا قالدۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ئەڭ زۇرۇر، ئانچە بەك پۇلغا يارىمايدىغان، بىرلا خەجلىسە تۈگەپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭدەك بەتخەج ئادەمگە ھەتتا بىر يىلغىمۇ يەتمەيدۇ.

— پېتېر پېترووۋىچ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى دونيە، — جانابىي سۋىدرىگايلوف ھەققىدىكى گەپلەرنى بولدى قىلايلى. مېنىڭ يۈرىكىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇ بايا مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، — دېدى راسكولنىكوف كۈتمىگەندە بىرىنچى قېتىم جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، ھەتتا پېتېر پېترووۋىچمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن بىر يېرىم سائەتچە ئىلگىرى ئۇخلاۋاتسام ئۇ كىرىپ مېنى ئويغىتىۋەتتى، ئۆزىنى تونۇشتۇردى، — داۋام قىلدى راسكولنىكوف، — ئۆزىنى خېلى ئەركىن تۇتتى. كەيپىمۇ چاغ. ئۇ مەن بىلەن دوست بولۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن. دونيە، شۇنى دېگەچ ئۆتەي. ئۇنىڭ سەن بىلەن بەكلا كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن. شۇڭا مېنىڭ ياردەم قىلىشىمنى ئۆتۈندى. ئۇنىڭ ساڭا دەيدىغان بىر تەكلىپى بار ئىكەن، مەزمۇنىنى ماڭا دەپ بەردى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ ماڭا رەسمىي ئۇقتۇردى. مارفا پېترووۋنا ۋاپات بولۇشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ۋەسىيەتنامىسىدە ساڭا، دونيە، ئۈچ مىڭ رۇبلى بېرىشنى يېزىپ قالدۇرغانىكەن. بۇ پۇل پات ئارىدا قولۇڭغا تېگىدىكەن.

— خۇداغا شۈكۈر! — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە

ئالېكساندروۋنا چوقـۇنۇپ، — دونيە، ئـۇنـىڭ روھـىغا ئاتاپ دۇئـا قىل، دۇئا قىل!

— ھە، بۇ ئىش راست شۇنداق، — دەپ سالدى لۇژىنى.

— قېنى دېگىنە، دېگىنە، يەنە نېمە ئىشلار بولـدى؟ — ئالدىراتتى دونېچكا.

— كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئانچە دۆلەتمەن ئەمەسلىكىنى، ھەممە يەر - زېمىنىنى بالىلىرىغا قالدۇرغانلىقىنى، بالىلىرىنىڭ ھامىيسىنىڭ قېشىدا قالغانلىقىنى دېدى. ئاخىرىدا ئۇ ماڭا يېقىنلا بىر يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن، مەنمۇ سورىمىدىم.

— ئۇنىڭ دونېچكاغا قانداقراق، قانداقراق تەكلىپى بار ئىكەن؟ — سورىدى قورقۇپ قالغان پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — ساڭا دېدىمۇ؟

— ھەئە، دېدى.

— نېمىلەرنى دېدى؟

— كېيىن دەپ بېرىمەن، — راسكولنىكوف گەپتىن توختاپ، چاي ئىچىشكە باشلىدى.

پېتېر پېتروۋىچ سائىتىنى چىقىرىپ قاراپ قويدى.

— بىر ئىشنى پۈتكۈزۈشۈم كېرەك ئىدى. سىلەرنىمۇ ئارتۇقچە ئاۋارە قىلماي، — قوشۇپ قويدى ئۇ ئۇۋال قىلىنغان ئادەمدەك بىر قىياپەتتە. ئاندىن ئورنىدىن تۇردى.

— كەتمەڭ، پېتېر پېتروۋىچ، — دېدى دونيە، — سىز مۇشۇ يەردە كەچلىمەكچى ئىدىڭىزغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خېتىڭىزدە، ئانام بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىدىم دەپتىكەنسىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، — جاۋاب بەردى پېتېر پېتروۋىچ گويا راستتەك، يېڭىباشتىن ئورنىغا ئولتۇرۇپ، لېكىن شلەپىسى يەنىلا قولىدا ئىدى، — مەن ھەقىقەتەن سىز بىلەن ۋە مۆھتەرەم ئانىڭىز بىلەن بەزىبىر ئىنتايىن مۇھىم ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىدىم. لېكىن، ئاكىڭىز

سۆيدرىگايلوفنىڭ تەكلىپىنى مېنىڭ ئالدىمدا دېيىشنى خالىمىغانىكەن، دېمەك مەنمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئۇ ئىشلارنى... باشقىلارنىڭ ئالدىدا... دېيىشنى خالىمايمەن... ھەم دېيەلمەيمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەر مېنىڭ ئاساسلىق ھەم سەممىي ئىلتىماسىمنى ئادا قىلماپسىلەر...

لۇژىنى ئۆزىگە قاتتىق ئازار يېگەن كىشىدەك تۈس بەردى، ئاندىن سۈرلۈك بىر ھالەتتە جىم بولۇپ قالدى.

— سىز ئۇچراشقان چېغىمىزدا ئاكىڭىز قاتناشمىسۇن، دەپ ئىلتىماس قىپتىكەنسىز. بۇنى مەن ئۆز خاھىشىم بويىچە ئادا قىلمىدىم، — دېدى دونيە، — سىز خېتىڭىزدە ئاكىڭىز مېنى ھاقارەتلىدى، دەپ يېزىپسىز. مېنىڭچە، بۇ ئىشنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىڭىز، ئاندىن ئىككىڭلار يارىشىپ قېلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر روديە سىزنى ھەقىقەتەن ھاقارەتلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ سىزدىن كەچۈرۈم سورىشى كېرەك ۋە كەچۈرۈممۇ سورايدۇ.

پېتىر پېتروۋىچ شۇ ئانلا قۇرۇق ھەيۋىگە ئۆتتى.

— بەزىبىر ھاقارەتلەرنى، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، ھەرقانچە ئاق كۆڭۈل بولسىڭىزمۇ، بەربىر ئۇنتۇيالمايسىز. ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ، شۇ چەكتىن ئېشىپ كېتىش خەتەرلىك. چۈنكى، چەكتىن بىر ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئارقىغا قايتىش مۇمكىن ئەمەس.

— پېتىر پېتروۋىچ، مەن سۆزۈمدە باشقا بىر نەرسىنى كۆزدە تۇتقان، — دېدى دونيە ئازراق تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — شۇنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، بىزنىڭ پۈتكۈل كېلەچىكىمىز مۇشۇ ئىشنىڭ ھازىرلا ھەل بولۇش - بولماسلىقىغا، مۇمكىنقەدەر تېزرەك يارىشىش - يارىشالماسلىقىڭلارغا باغلىق. گېپىمنىڭ بېشىدىلا مەن سىزگە گەپنىڭ توغرىسىنىلا دېدىم. مەن بۇ ئىشقا باشقىچە مۇئامىلە قىلالمايمەن. ئەگەر سىز ماڭا ئاز - تولا ھۆرمەت قىلسىڭىز، ئۇ

ھالدا، قانچىلىك قىيىن بولسىمۇ، بۇ ئىشنى بۇگۇن ئاياغلاشتۇرۇشىڭىز كېرەك. سىزگە يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، ئەگەر ئاكام توغرا قىلمىغان بولسا، ئۇ سىزدىن كەچۈرۈم سورايدۇ.

— ئاۋدوتيە رومانوۋنا، مەسىلىنى مۇنداق قويۇۋاتقانلىقىڭىزدىن قاتتىق ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدى لۇژىنى بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ، — مەن سىزنى قەدىرلەيمەن، سىزنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن دېسەممۇ بولىدۇ. لېكىن، شۇنداقلا ئائىلە ئەزالىرىڭىزدىن بىرەرىنى ياقتۇرماسلىقىم تامامەن مۇمكىنغۇ. سىز بىلەن توي قىلالىشىمنى بەختىم دەپ بىلسەممۇ، قوشۇلغىلى بولمايدىغان مەجبۇرىيەتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن.

— ئا ـ ئا، بولدى قويۇڭە ئۇنداق تاۋى نازۇكلۇقىڭىزنى، پېتېر پېترووۋىچ، — دېدى دونيە ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئەقىللىك، ئالىيجاناب ئادەمدەك ئىش قىلىڭ. مەن سىزنى بۇرۇندىنلا شۇنداق ئادەم دەپ قاراپ كەلگەن، ھازىرمۇ شۇنداق دەپ قارايمەن. مەن سىزگە رەسمىي يوسۇندا ماقۇل بولغان. مەن سىزنىڭ لايىقىڭىز. بۇ ئىشتا ماڭا ئىشىنىڭ، مېنىڭ ئادىل ھۆكۈم قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىڭ، گۇۋاھچىلىقنى ئۆزلۈكۈمدىن ئۈستۈمگە ئېلىشىم ئاكام ئۈچۈنمۇ، سىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا كۈتۈلمىگەن ئىش. خېتىڭىزنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۈچرىشىشىمىزدا بىللە بولۇشنى ئۆتۈنۈپ چاقىرىپ كەلدىم. ئەمما، مۇددىئايىمنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرمىدىم. شۇنى چۈشىنىشىڭىز كېرەككى، ئەگەر ئىككىڭلار يارىشالمىساڭلار، ئۇ ھالدا مەن ئىككىڭلاردىن بىرىڭلارنى تاللاشقا مەجبۇر بولىمەن؛ يا سىزگە تۇرىمەن، يا ئاكامغا تۇرىمەن. بۇ مەسىلە ئۇنىڭ جەھەتىدىنمۇ، سىزنىڭ جەھەتىڭىزدىنمۇ ئوخشاش. مېنىڭ تاللاشتا خاتالاشقۇم يوق، شۇنداقلا خاتالاشماسلىقىم كېرەك. سىزنى دېسەم، ئاكام بىلەن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزۈشۈم كېرەك، ئاكامنى دېسەم، سىز بىلەن

مۇناسىۋىتىمنى ئۈزۈشۈم كېرەك. مانا ئەمدى مەن شۇنى بىلمەكچى، شۇنداقلا چوقۇم بىلەلەيمەن. ئۇ مېنىڭ ئاكاممۇ ـ ئەمەسمۇ؟ سىزگە كەلسەك، مېنى ياخشى كۆرەمسىز ـ كۆرمەمسىز، مېنى قەدىرلەمسىز ـ قەدىرلىمەمسىز، سىز مېنىڭ ئېرىممۇ ـ ئەمەسمۇ؟

ـــ ئاۋدوتىيە رومانوۋنا، ـــ دېدى لۇژىنى ئاغرىنىپ، ـــ گەپلىرىڭىز مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، سەل ئاشۇرۇپراق ئېيتسام، سىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تۇتقان ئورنۇمنىڭ شەرىپىدىن ئېيتقاندا، گەپلىرىڭىز ھەتتا خېلىلا ئەلەم قىلىدى. ئادەمنى خاپا قىلىدىغان، غەلىتە سېلىشتۇرۇشىڭىزنى، مېنى بىر تەكەببۇر ياش بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويغانلىقىڭىزنى دېمەيلا قوياي، سىز يەنە ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىزدىن يېنىۋېلىشىڭىز مۇمكىنلىكىنى ئېيتتىڭىز. سىز «يا سىزگە تۇرىمەن، يا ئۇنىڭغا تۇرىمەن» دېدىڭىز. دېمەك، بۇنىڭدىن مېنىڭ نەزىرىڭىزدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى كۆرگىلى بولىدۇ... مەن ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت ۋە... مەجبۇرىيىتىم يۈزىسىدىن، بۇنىڭغا يول قويالمايمەن.

ـــ نېمە دەۋاتىسىز؟ ـــ ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى دونيە، ـــ مەن سىزنى مۇھىملىقتا بۇگۈنگىچە ھاياتىمدا ئەڭ قىممەتلىك بولۇپ كەلگەن، ھازىرغىچە پۈتكۈل ھاياتىمنى تەشكىل قىلغان نەرسىلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا قويسام، سىز يەنە مېنى تۆۋەن كۆردىڭىز، دەپ مەندىن ئاغرىنىۋاتىسىزغۇ!

راسكولنىكوف گەپ ـ سۆز قىلماي زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. رازۇمىخىن تىترەپ كەتتى. لېكىن، پېتېر پېترووۋىچ بۇ گەپلەرنى قوبۇل قىلمىدى، ئەكسىچە ئۇ مۇشۇ مۇنازىرىنى ياقتۇرۇپ قالغاندەك، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ، بارغانسېرى ھاياجانلانماقتا ئىدى.

ـــ سىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆمۈرلۈك جۈپتىڭىزگە، ئېرىڭىزگە بولغان مۇھەببىتىڭىز ئاكىڭىزغا بولغان

مۇھەببىتىڭىزنى بىسىپ چۇشۇشى كىرەك، — دېدى ئۇ نەسىھەت تەلەپپۇزىدا گەپ قىلىپ، — مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالمايمەن... گەرچە مەن بايا كۆڭلۇمدىكى گەپلەرنى ئاكىڭىزنىڭ ئالدىدا دېيىشنى خالىمايمەن ۋە دېيەلمەيمەن، دېگەن بولساممۇ، ھامىنى كەلگەنىكەنمەن، مۆھتەرەم ئانىڭىزدىن ئىنتايىن مۇھىم ۋە مېنى ئىنتايىن سەتچىلىككە قويغان بىر ئىشنى چۇشەندۇرۇپ ئۆتۈشنى ئۆتۈنمەي تۇرالمايمەن، ئوغلىڭىز، — دېدى ئۇ پولخېرىيە ئالېكساندروۋناغا مۇراجىئەت قىلىپ، — تۈنۈگۈن جانابىي راسوتكىننىڭ ئالدىدا (ياكى... شۇنداقراققۇ دەيمەن؟ كەچۈرۈڭ، فامىلىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن)، — ئۇ رازۇمىخىنغا قاراپ ئەدەپ بىلەن باش لىڭشىتىپ قويدى، — ماڭا ھاقارەت قىلدى، مېنىڭ قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ قىلىشقان خۇسۇسىي پارىڭىمىزدا سىزگە دېگەن بىر پىكرىمنى بۇرمىلىدى. شۇ چاغدا مەن: مېنىڭچە، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ جاپاسىنى تارتقان نامرات قىزغا ئۆيلىنىش ئەر ـ خوتۇنچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، باياشاتلىقتا چوڭ بولغان قىزغا ئۆيلەنگەنگە قارىغاندا پايدىلىقراق. چۈنكى، بۇ ئەخلاقىي جەھەتتىن تېخىمۇ پايدىلىق، دېۋىدىم. ئوغلىڭىز بۇ گېپىمنىڭ مەنىسىنى قەستەن ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۇرۇپ، مېنى نىيىتىڭ دۇرۇس ئەمەس، دەپ ئەيىبلىدى. مېنىڭچە، ئۇ سىز يازغان خەتكە ئاساسلىنىپ شۇنداق قىلدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، ئەگەر سىز مېنى: ياق، ئۇنداق ئەمەس، دەپ قايىل قىلالىغان، مېنى زور دەرىجىدە خاتىرجەم قىلالىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىغان بولاتتىم. شۇنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز، سىز رودىئون رومانوۋىچقا يازغان خېتىڭىزدە مېنىڭ گېپىمنى ئۇنىڭغا قانداقراق يەتكۈزۈۋىدىڭىز؟

— ئېسىمدە يوق، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا تەمتىرەپ قېلىپ، — مەن گېپىڭىزنى ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ

چۈشەنگىنىم بويىچە يەتكۈزگەن. بىلىمەن، رودىئون سىزگە نېمە دېدىكىن، ئېھتىمال ئۇ بەزى گەپلەرنى ئاشۇرۇۋەتكەندۇ.
— ئۇنىڭغا سىز ئۆگەتمىسىڭىز، ئۇ ئاشۇرۇۋەتمەس ئىدى.
— پېتېر پېترووۋىچ، — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — بىز بۇ يەرگە كەلدۇق. مانا شۇنىڭ ئۆزىلا دونيە ئىككىمىزنىڭ گېپىڭىزنى يامىنىغا جورۇمىغانلىقىمىزنى تولۇق ئىسپاتلىيالايدۇ.
— ئانامنىڭ دېگىنى توغرا، — تەستىقلىدى دونيە.
— ئۇ... ئۇنداقتا، يەنە مەن خاتا قىلىپتىمەن ـ دە، — خاپا بولدى لۇژىنى.
— پېتېر پېترووۋىچ، سىز ھەممىشەم رودىئوننى ئەيىبلەيسىز. لېكىن، ئۆزىڭىز يېقىندىلا يازغان خېتىڭىزدە، ئۇ توغرۇلۇق قاملاشمىغان گەپلەرنى يېزىپسىز، — قوشۇپ قويدى پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا غەيرەتكە كېلىپ.
— خېتىمدە ئاللىقانداق قاملاشمىغان گەپلەرنى يازغانلىقىم ئېسىمدە يوق.
— يېزىپسىز، — دېدى راسكولنىكوف كەسكىنلىك بىلەن لۇژىنغا قايرىلىپ قارىمايلا، — سىز خېتىڭىزدە، مېنى پۇلنى ھارۋىنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ خوتۇنىغا ئەمەس (ئەمەلىيەتتە مەن پۇلنى شۇنىڭغا بەرگەن)، بەلكى ئۇنىڭ قىزىغا (تاكى تۈنۈگۈنگىچە مەن ئۇ قىزنى كۆرۈپ باقمىغان) بەردى، دەپسىز. سىز خەتتە بۇ گەپلەرنى تۇغقانلىرىم بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىغا نىزا سېلىش ئۈچۈن يازغان. شۇڭلاشقا سىز ئۆزىڭىز تونۇمايدىغان بىر قىزنىڭ پەزىلىتىنى پەسكەش گەپلەر بىلەن تەرىپلەپسىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەسكەشلىك ۋە پىتنىخورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
— كەچۈرۈڭ، جاناب، — جاۋاب بەردى لۇژىنى ئاچچىقتا بوغۇلۇپ تىترەپ، — مەن خېتىمدە پەزىلەتلىرىڭىزنى ۋە قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭىزنى بايان قىلغان بولسام، بۇنى

سىڭلىڭىز بىلەن ئانىڭىزنىڭ تەلىپىگە بىنائەن شۇنداق قىلدىم. ئۇلارغا سىزنى قانداق ئىزدەپ تاپقانلىقىمنى، سىزنىڭ مەندە قانداق تەسىرات قالدۇرغانلىقىڭىزنى تەسۋىرلەپ بەردىم. خېتىمدىكى سىز دېگەن گەپلەرگە كەلسەك، قېنى ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز قاملاشمىغان گەپنى تېپىپ بېقىڭچۇ، مىسالەن دەيلى، پۇلنى ئىسراپ قىلدىڭىزمۇ، قىلدىڭىز، ئۇ ئائىلىدە ناباپ ئادەملەر بارمۇ، بار؛ گەرچە ئۇ بىر بەختسىز ئائىلە بولسىمۇ.

— مېنىڭچە، سىز ئۆزىڭىزنى ھەرقانچە قالتىس چاغلىسىڭىزمۇ، يەنىلا ئۆزىڭىز ھۇجۇم قىلغان بەختى قارا قىزنىڭ چىمچىلىقىغىمۇ ئەرزىمەيسىز.

— دېمەك، سىز ئۇنى ئانىڭىز ۋە سىڭلىڭىز بىلەن باردى ـ كەلدى قىلدۇرۇش نىيىتىدە ئىكەنسىز ـ دە؟

— ئەگەر بىلگۈڭىز بولسا، سىزگە دەپ بېرەي، مەن ئاللىبۇرۇن شۇنداق قىلدىم. بۈگۈن ئۇنى ئانام بىلەن دونېچكانىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدۇم.

— روديە ! — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

دونېچكا قىزىرىپ كەتتى. رازۇمىخىن قوشۇمىسىنى تۈردى، لۇژىنى كىنايە ۋە كىبىر بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، — دېدى ئۇ، — بۇ ئەھۋالدا يارىشىش مۇمكىنمۇ؟ مەن شۇنداق ئۈمىدتىمەنكى، ھازىر بۇ ئىش مەڭگۈ ئاياغلاشتى ۋە پۈتۈنلەي روشەنلەشتى. مەن ئەمدى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ئائىلىۋى بەختتىن ھۇزۇرلىنىشىغا ۋە مەخپىي گەپلەرنى دېيىشىۋېلىشىغا توسقۇن بولماسلىق ئۈچۈن، بۇ يەردىن كېتىمەن، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە شىلەپىسىنى قولىغا ئالدى، — لېكىن كېتىش ئالدىدا، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سىلەرگە بىر ئېغىز گېپىمنى دەپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئۇچرىشىشقا ياكى ياراشتۇرۇشقا دەپ تۇرايلى، مېنى ئىككىنچى ئىشتىراك قىلدۇرمىغايسىزلەر. مەن سىزدىن شۇنى ئالاھىدە ئىلتىماس

قىلماقچىمەنكى، مۆھتەرەم پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا، بولۇپمۇ مېنىڭ ئۇ خېتىم باشقىلارغا ئەمەس، سىزگە ئاتاپ يېزىلغاندى.

پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنانىڭ ئازراق ئاچچىقى كەلدى.

— پېتېر پېتروۋىچ، سىز بىزنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىڭىزگە ئېلىۋالماقچىدەك قىلىسىزغۇ. نېمىشقا سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلمىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى دونېچكا چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭ نىيىتى توغرا. سىز بولسىڭىز خېتىڭىزنى خۇددى ماڭا بۇيرۇق بېرىۋاتقاندەك يېزىپسىز. ئەجەبا بىز سىزنىڭ ھەربىر ئارزۇيىڭىزنى خۇددى بۇيرۇق سۈپىتىدە ئىجرا قىلىشىمىز كېرەكمىدى؟ سىزگە ئېيتسام، سىز دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، بىزگە ئالاھىدە تۇزۇت بىلەن سىپايە مۇئامىلە قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى. چۈنكى بىز سىزگە ئىشىنىپ، ھەممە نەرسىمىزنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدۇق. شۇڭلاشقا بىز ئەسلىدىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك سىزنىڭ ئىلكىڭىزگە چۈشۈپ قالغان.

— بۇ گېپىڭىز ئانچە توغرا بولمىدى، پولخېرىيە ئالېكساندرووۋنا، بولۇپمۇ ھازىر، مارفا پېتروۋنانىڭ ئۈچ مىڭ رۇبلى بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقى جاكارلانغاندىن كېيىن، مەن بىلەن باشقىچە تەلەپپۇزدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭىزدىن قارىغاندا، بۇ خەۋەر تازىمۇ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، — زەھەرخەندىلىك بىلەن قوشۇپ قويدى ئۇ.

— مۇشۇ گېپىڭىزدىن قارىغاندا، سىز ھەقىقەتەن بىزنىڭ يار - يۆلەكسىز قېلىشىمىزنى ئارزۇ قىلىدىكەنسىز - ھە، — دېدى دونيە دەرغەزەپ بىلەن.

— لېكىن، ئەمدى ھېچبولمىغاندا شۇنىمۇ ئارزۇ قىلالمايمەن، بولۇپمۇ مېنىڭ ئاركادىي ئىۋانوۋىچ سۋىدرىگايلوفنىڭ مەخپىي تەكلىپىنى ئاڭلىشىڭلارغا توسقۇن بولغۇم يوق. ئۇ ئۆز تەكلىپىنى يەتكۈزۈش ھوقۇقىنى ئاكىڭىزغا تاپشۇرۇپتۇ. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇ تەكلىپ سىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن زور، بەلكىم تولىمۇ يېقىملىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

— ۋاي خۇدايىمەي ! — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

رازۇمىخىن ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— ئۇياتقۇلۇك كەلمىدىمۇ شۇ تاپتا، سىڭلىم؟ — سورىدى راسكولنىكوف.

— بەكلا ئۇياتقۇم كېلىۋاتىدۇ، روديە، — دېدى دونىيە، — پېتېر پېتروۋىچ، چىقىپ كېتىڭ ! — دېدى غەزەپتىن ئاقىرىپ كەتكەن دونىيە ئۇنىڭغا بۇرىلىپ.

پېتېر پېتروۋىچ ئىشنىڭ مۇنداق ئاياغلىشىشىنى زادىلا كۈتمىگەن، ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە، ئۆز قۇربانلىرىنىڭ ئىلاجسىزلىقىغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەن چېغى، شۇڭا ئىشنىڭ مۇنداق ئاياغلىشىشىغا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— ئاۋدوتيە رومانوۋنا، ئەگەر مەن مۇشۇ بۇيرۇقىڭىز بىلەن مۇنۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەتسەم، شۇنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭكى، ئەمدى ئەبەدىي يېنىپ كەلمەيمەن. ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ ! مەن گەپنى بىرلا قىلىدىغان ئادەم.

— ھەقىقەتەن ئۇياتسىز ئىكەنسىز ! — ۋارقىرىدى دونىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مەن سىزنىڭ يېنىپ كېلىشىڭىزنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايمەن !

— نېمە؟ مۇنداق دەڭ ! — دېدى ئىشنىڭ مۇنداق ئاياغلىشىشىغا تاكى ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە ئىشەنگۈسى كەلمىگەن لۇژىنى چىرقىراپ، شۇڭا شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى قېيىپ قالغانىدى، — مۇنداق دەڭ ! لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭكى، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، مەن ئېتىراز بىلدۈرىمەن.

— ئۇنىڭغا مۇنداق گەپ قىلغىلى نېمە ھەددىڭىز؟ — ئاچچىقى كېلىپ ئارىغا چۈشتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — نېمىڭىزگە ئېتىراز بىلدۈرەتتىڭىز؟ ئۇنداق قىلغىلى نېمە

ھەددىڭىز؟ مەن دونيەمنى سىزدەك بىر ئادەمگە بىرىمەنما؟ چىقىپ كېتىڭ، ئىككىنچى كۆزىمىزگە كۆرۈنمەڭ! قىلمايدىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ خاتا قىپتۇق، بولۇپمۇ مەن...

— لېكىن... پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — تەلۋىلەرچە ھۆركىرىدى لۇژىنى، — ئۆز ۋاقتىدا سىز ۋەدىلىرىڭىز بىلەن پۇت - قولۇمنى چۇشەپ قويۇۋىدىڭىز، مانا ئەمدى ۋەدىلىرىڭىزدىن يېنىۋېلىۋاتىسىز... ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن مۇشۇ ئىشنى دەپ بىرمۇنچە چىقىم تارتتىم.

پېتىر پېتروۋىچنىڭ ئاخىرقى دەۋاسى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بەردى. ئاچچىقىدا تامدەك تاتىرىپ، ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ ئولتۇرغان راسكولنىكوف ئەمدى ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى، ئۇ بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. لېكىن، پولخېرىيە ئالېكساندروۋنانىڭ جان - پېنى چىقىپلا كەتتى.

— چىقىم؟ نېمە چىقىم؟ بىزنىڭ ھېلىقى ساندۇقىمىزنى دەۋاتامسىز؟ ئۇنى كۇتكۇچى سىزگە پۇل ئالماي، بىكارغا ئەكېلىپ بەردىغۇ. ۋاي خۇدايىم، پۇت - قولۇمنى چۇشەپ قويدۇڭلار دېگىنىڭىزنى قانداق قىلاي! پېتىر پېتروۋىچ، ھوشىڭىزنى يىغىۋېلىڭ. بىز سىزنىڭ پۇت - قولىڭىزنى چۇشەپ قويمىدۇق، بەلكى سىز بىزنىڭ پۇت - قولىمىزنى چۇشەپ قويدىڭىز!

— بولدى، ئانا، بولدى قىلىڭ، — يالۋۇردى ئاۋدوتيە رومانوۋنا، — پېتىر پېتروۋىچ، قېنى مەرھەمەت، كېتىۋېلىڭ.

— مەنغۇ كېتىمەن، لېكىن ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپىمنى دەۋالاي، — دېدى ئۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقىتىپ قويغانىدى، — ئانىڭىز پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. مەن سىزنى نامىڭىز پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتكەن بىر چاغدا ئېلىش قارارىغا كەلگەن. سىزنى دەپ، جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمىغا پەرۋا قىلماي، نامىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم. شۇڭلاشقا سىزنى مەندىن مىننەتدار بولىدۇغۇ، ھەتتا تەشەككۈر ئېيتىدۇغۇ دەپ ئۈمىد كۈتۈپتىكەنمەن... لېكىن كۆزۈم ئەمدى

ئېچىلدى ! جامائەت پىكرىگە پىسەنت قىلماي بەكمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن...

— ئۇنىڭ كاللىسى ئىككىمۇ نېمە؟ — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن لۇژىنىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

— سىز ھەقىقەتەن ئىپلاس، پەسكەش ئادەم ئىكەنسىز ! — دېدى دونيە.

— بولدى گەپ قىلما ! سەنمۇ جىم تۇر ! — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف رازۇمىخىننى توسۇپ، ئارقىدىن ئۇ لۇژىنىنىڭ ئالدىغا باردى، — چىقىپ كېتىڭ ! — دېدى ئۇ ئاستا ۋە دانە - دانە قىلىپ، — قۇرۇق گەپنى قويۇڭ، بولمىسا...

پېتېر پېتروۋىچ غەزەپتىن تاتارغان ۋە يۈزى قىيسىيىپ كەتكەن بىر ھالەتتە ئۇنىڭغا بىرنەچچە سېكۇنت قاراپ تۇردى - دە، بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە راسكولنىكوفقا نىسبەتەن شۇنچىلىك غەزەپ ۋە ئاداۋەت ئوتى يانماقتا ئىدىكى، بۇ ھال كەمدىن - كەم ئادەملەردە ئۇچرايتتى. لۇژىنى ھەممىگە راسكولنىكوف، يالغۇز شۇلا ئەيىبلىك، دەپ قارايتتى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ يەنىلا بۇ ئىش تېخى توغرىلىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە يەتمىگەندۇ، بولۇپمۇ گەپ پەقەت ئىككى خانىم ئۈستىدىلا بولسا، ئۇنى توغرىلاش، ھەتتا ئېھتىمالغا «ئىنتايىن، ئىنتايىن» يېقىن، دەپ ئويلىدى.

## 3

مۇھىمى تاكى ئاخىرقى مىنۇتقىچە ئۇ ئىشنىڭ مۇنداق ئاياغلىشىشىنى ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ جىمىكى تەھدىت سېلىش، قورقۇتۇش ۋاستىسىنى ئىشقا سالدى - يۇ، لېكىن يار - يۆلەكسىز بۇ ئىككى نامرات ئايالنى

ئالغىنىمدىن چىقىپ كېتەر، دەپ ئويلاپمۇ قويمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە مۇۋاپىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشى، مەنمەنچىلىكى ئۇنىڭ ئىشەنچىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى. تۆۋەن تەبىقە ئىچىدىن كۆكلەپ چىققان پېتىر پېترووۋىچ ئۆزىدىن ئۆزى زوقلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى، ئۆزىنىڭ ئەقلىگە ۋە ئىقتىدارىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرەتتى. بەزىدە ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلاردا، ئۇ ھەتتا ئەينەككە قاراپ ئۆزىدىن ئۆزى زوقلىنىپ كېتەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ دۇنيادا جان كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ تاپقان پۇللىرىنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتى ۋە ھەممىدىن بەكرەك قەدىرلەيتتى. سەۋەبى پۇل ئۇنىڭغا ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ بېرىدىغاندەك بىلىنەتتى.

پېتىر پېترووۋىچ بايا دونيەگە ئەلەم بىلەن يامان نامىڭ پۇر كەتكەندە مەن سېنى خوتۇنلۇققا ئېلىش قارارىغا كەلگەن، دەپ ئەسكەرتتى، ئۇنىڭ بۇ گېپى تامامەن سەممىمىي گەپ ئىدى. دونيەنىڭ «تۇزكورلۇق»نىغا بولسا، ئۇنىڭ ھەتتا قاتتىق غەزىپى كەلدى. ۋاھالەنكى، دونيەگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغاندا، ئۇ ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرنىڭ ناھايىتى قۇرۇق غەيۋەت ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ بولغان، مارفا پېترووۋنانىڭ ئۆزىمۇ چېپىپ يۈرۈپ ئىزاھلاپ ئۆتكەن، پۈتۈن شەھەر خەلقى دونيەنى قىزغىن ھىمايە قىلغان، ئۇ ئىشنى بولسا، ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بىلىپ بولغانلىقىنى ھازىرمۇ ئىنكار قىلمايتتى. لېكىن، ئۇ دونيەنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈش قارارىغا كەلگەنلىكىنى يەنىلا ئۆزىچە يۇقىرى باھالايتتى، ھەتتا ئۇنى جاسارەت بىلەن قىلىنغان ئىش دەپ قارايتتى. بايا ئۇ دونيەگە مانا شۇ ئىشنى ئەسلەتكەن چېغىدا، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىنتايىن مەمنۇنىيەت بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەنە شۇ خىيالىدىن تۇغۇلغان پىكىر ئىدى. ئۆزىنىڭ

مۇشۇنداق جاسارىتىدىن باشقىلارنىڭ نىمىشقا زوق ئالالمايدىغانلىقىنى ئۇ زادىلا چۈشىنەلمەيتتى. ئۇ راسكولنىكوفنى زىيارەت قىلغاندا شاپائەتچى سۈپىتىدە بېرىپ، قىلغان خەيرخاھلىقلىرىنىڭ شېرىن مېۋىسىنى ئۇزۇشنى، تاتلىق ـ تاتلىق ماختاشلارنى ئاڭلاشنى كۈتكەنىدى. شۇ ۋەجدىن ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەندەك، مەردلىك بىلەن قىلغان ساخاۋەتلىرى ئىنكار قىلىنغان ئادەمدەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

دونيە ئۇنىڭغا ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنى لۇژىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇ ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى، توختىماستىن پۇل يىغىپ، ئەنە شۇ كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتتى. ئۇ خۇش پېئىل، نامرات (چوقۇم نامرات بولۇشى كېرەك)، ئىنتايىن ياش، ئىنتايىن گۈزەل، ئائىلە نەسەبى پاك، ئوقۇمۇشلۇق، ئىنتايىن قورقۇنچاق، نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئالاقزەدە بولۇپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۆمۈربويى قۇتقۇزغۇچى نىجاتكارىم دەپ قارايدىغان، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان، ئىتائەت قىلىدىغان، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا يۈرىكىدىن ئورۇن بېرىدىغان بىر قىزغا ئۆيلىنىشنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ، باشقىلاردىن سىر تۇتۇپ كەلگەنىدى. ئۇ خىزمەت ئارىلىقلىرىدا، جىم ئولتۇرۇپ دەم ئالغان چاغلىرىدا، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان، شادلىققا چۆمدۈرىدىغان شۇ قىز توغرۇلۇق ئويلاپ، تەسەۋۋۇرىدا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى يارىتىپ قانچە ـ قانچە شېرىن ئارزۇلارنى قىلغانىدى! شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇسى مانا ئەمدى ئىشقا ئېشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ گۈزەل رۇخسارى ۋە ئوقۇمۇشلۇقلۇقى ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى، ئۇنىڭ يار ـ يۆلەكسىز قېلىشى بولسا، لۇژىنىنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ

بەكرەك تىترىتىۋەتكەندى. ئۇ ھەتتا لۇژىنىنىڭ ئارزۇ
قىلغىنىدىن ئاز ـ تولا ئېشىپمۇ كېتەتتى. بۇ قىز مەغرۇر،
خۇلقلۇق، مېھرىبان ئىدى. ئالغان تەربىيەسى ۋە بىلىمىمۇ
ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى (ئۇ بۇنى سېزىپ تۇراتتى)، مانا
شۇنداق بىر قىز ئۇنىڭ ھىممەت ۋە شەپقەتلىرىدىن ئۆمۈر بويى
قۇللارچە مىننەتدار بولۇپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ چوقۇنۇپ
ئۆتۈشى، ئۇ بولسا چەكسىز، تولۇق ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتۈشى
كېرەك ئىدى !... خۇددى ئالدىن بىلگەندەك، ئۇ بۇنىڭدىن سەل
ئىلگىرى ئۇزاق ئويلانغان ۋە كۈتكەندىن كېيىن، ئۆز ئىشىنى
ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىش، تېخىمۇ كەڭ پائالىيەت سورۇنىغا
كىرىش قارارىغا كەلگەن. شۇ ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا تېخىمۇ
يۇقىرىراق جەمئىيەتكە كىرىشنى نىشانلىغانىدى. بۇ ئۇنىڭ
ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن ئارزۇسى
ئىدى... بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ پېتېربۇرگتا
بەختىنى بىر سىناپ باقماقچىدى. ئۇ خوتۇن كىشىنى ۋاستە
قىلىپ «نى ـ نى» ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى تازا ئوبدان
بىلەتتى. ساھىبجامال، پەزىلەتلىك، ئوقۇمۇشلۇق بىر ئايال
ئۆزىنىڭ جازىبىدارلىقى بىلەن ئۇنىڭ يوللىرىغا پاياندار
بولالايتتى. ئەتراپىغا ئادەم توپلىيالايتتى، شان ـ شۆھرىتىنى
ئاشۇرالايتتى... لېكىن مانا ئەمدى ھەممە ئىش بەرباب بولدى !
كۈتمىگەندە يۈز بەرگەن، تولىمۇ قاملاشمىغان بايىقى جېدەل
ئۇنىڭغا گويا بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك تەسىر قىلدى. بۇ گويا
مەنىسىز چاقچاقىلا ئوخشايتتى، نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق ! ئۇ
ناھايىتى جىندەككىنە قىز كۆرسىتىپ قويدى، ئۇ ھەتتا گېپىنى
تولۇق دېگىلىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ناھايىتى ئازراق چاقچاق
قىلىپ، گەپنى سەل ئاشۇرۇۋەتكەنىدى، بۇ ئىش ئۇنىڭغا شۇنداق
ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى ! ئاخىرىدا ئۇ ئۆز كۆڭلىدە
دونيەنى ياخشى كۆرەتتى ھەممە ئۆز خىيالىدا ئۇنىڭغا
ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، لېكىن بىردىنلا !... ياق ! ئەتىلا، ئەتىلا

ھەممىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، ئارىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ ھىدى كەتمىگەن ھېلىقى تەكەببۇر گۆدەكنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، ھەممە بالا ـ قازانىڭ بېشى شۇ. ئۇ يۈرىكى سىرقىرىغان بىر ھالەتتە رازۇمىخىننى ئەسلىدى... لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولدى: «ئۇ يىگىت قانداق قىلىپ مېنىڭ خىلىم بولالىسۇن !» لېكىن، ئۇ سۆيدىرىگايلوفتىن راستىلا قورقۇپ تۇراتتى... قىسقىسى، ئالدىدا ئۇنى بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىك كۈتمەكتە ئىدى.

— ياق، مەن، ھەممىدىن بەكرەك مەن ئەيىبلىك ! — دېدى دونېچكا ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، — مەن ئۇنىڭ پۇلىنى كۆزلىگەن. لېكىن، قەسەم قىلىمەنكى، ئاكا، ئۇنىڭ مۇنچىۋالا ئەسكى ئادەملىكىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن. ئەگەر بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئالدانمايتتىم ! مېنى ئەيىبكە بۇيرۇما، ئاكا !

— بىزنى خۇدايىم ساقلىدى ! بىزنى خۇدايىم ساقلىدى ! — پىچىرلىدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئاڭسىز ھالدا. ئۇ زادى نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى تېخىچە ئېنىق ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

ھەممەيلەن خۇش بولۇپ كەتتى، بەش مىنۇتتىن كېيىن ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى، پەقەت دونېچكالا تۇرۇپلا بايا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ تاتىرىپ كېتەتتى ۋە قاپىقىنى تۈرۈۋالاتتى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا بۇ ئىشقا خۇشال بولارمەن، دەپ زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ تېخى ئەتىگەن لۇژىننى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشنى دەھشەتلىك ئاپەت دەپ قارىغانىدى. رازۇمىخىن خۇشلۇقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى تولۇق ئىپادىلەشكە تېخى جۈرئەت قىلالمىسىمۇ، لېكىن يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان بەش

پۇتلۇق تاش ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىللەپ، خۇشاللىقىدىن خۇددى بەزگىكى تۇتۇپ قالغاندەك دىر - دىر تىترەيتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئۇلارغا بېغىشلىيالايدۇ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولالايدۇ... يەنە قانداق ئىشلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىدىن قورقاتتى، پىكىرلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. پەقەت راسكولنىكوفلا تېخىچە ئۆز ئورنىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، ئۆزى ھەتتا پەرىشان ھالەتتە ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بەكرەك چىڭ تۇرۇپ لۇژىننى قوغلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، مانا ئەمدى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۆزى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك ئولتۇراتتى. دونيە ئىختىيارسىز ئاكام تېخىچە مەندىن خاپا ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا قورقۇش ئىچىدە ئۇنىڭغا دىققەت قىلماقتا ئىدى.

— سۋىدرىگايلوف ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ — سورىدى دونيە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ.

— ھە، راست، راست! — خىتاب قىلدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

راسكولنىكوف بېشىنى كۆتۈردى:

— ئۇ ساڭا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئون مىڭ رۇبلى سوۋغا قىلماقچىكەن، شۇنداقلا مېنىڭ ئالدىمدا سەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

— كۆرۈشۈشنى؟ ھەرگىز كۆرۈشمىسۇن! — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — ئۇ دونيەگە پۇل سوۋغا قىلغىلى قانداق جۈرئەت قىلىدىكىنە؟

ئارقىدىن راسكولنىكوف ئۇلارغا ئۆزىنىڭ سۋىدرىگايلوف بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى خالار - خالىماس سۆزلەپ بەردى. لېكىن، مارفا پېتروۋنانىڭ روھى ھەققىدىكى گەپلەرنى دېمىدى. چۈنكى، ئۇ كېرەكلىك گەپتىن باشقا ھەرقانداق گەپنى قىلىشتىن بىزار بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق

گەپلەرنى دەپ ئولتۇرغۇسى كەلمىدى.

— سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟ — سورىدى دونيە.

— باشتا ئۇنىڭغا ھېچقانداق گېپىڭنى يەتكۈزمەيمەن دېدىم. ئۇ ئۇنداق بولسا، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن سەن بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ كاپالەت بېرىپ، ساڭا بولغان ئىلگىرىكى قىزغىنلىقىنىڭ بىر بىشەملىك ئىكەنلىكىنى، ھازىر ساڭا ھېچقانداق ھېسسىياتىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئېيتتى... ئۇ سېنىڭ لۇژىنغا تېگىشىڭنى خالىمايدىكەن... قىسقىسى، ئۇنىڭ گەپلىرى بىر ـ بىرىگە زىت.

— روديە، ئۇنىڭغا سەن قانداق قارايسەن؟ سېنىڭچە ئۇ قانداقراق ئادەم ئىكەن؟

— راستىمنى ئېيتسام، ئۇنىڭ نىيىتىنى تازا ياخشى چۈشىنەلمىدىم. ئۇ تۇرۇپ ساڭا ئون مىڭ رۇبلى سوۋغا قىلىمەن، دەيدۇ؛ تۇرۇپ ئۇنچىۋالا دۆلەتمەن ئەمەسمەن، دەيدۇ. ئۇ قەيەرگىدۇر بارىمەن دېۋىدى، ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەي بۇ گېپىنى ئۇنتۇپ قالدى. كېيىن بىردىنلا ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىمەن، بەزىلەر ماڭا لايىق تېپىۋاتىدۇ. دېدى... ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتى بار، ئاندىن ئۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس بولمىسا كېرەك. شۇنداقمىكىن دېسەم، ئەگەر نىيىتى دۇرۇس بولمىسا، ئىشنى مۇنداقسىگە قىلىش تولىمۇ ئەخمەقلىق بولغان بولاتتى... ئەلۋەتتە، سېنىڭ نامىڭدا ئۇنىڭ پۇلىنى رەت قىلىۋەتتىم. قىسقىسى، ئۇ ماڭا بەكلا غەلىتە ئادەمدەك تۇيۇلدى... ھەتتا... ئۇنىڭدا ئاز ـ تولا تەلۋىلىك ئالامەتلىرىنى سەزگەندەك قىلدىم. لېكىن، مەن خاتالىشىۋاتقان بولۇشۇممۇ مۇمكىن. بەلكىم بۇ بىر ئالدامچىلىقتۇر. مارفا پېتروۋنانىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا بەك قاتتىق تەسىر قىلغاندەك قىلىدۇ.

— يا خۇدا، ئۇنىڭ روھىنى تىنىچ قويغايسەن! — خىتاب قىلدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، — مەن ئەبەدىلئەبەد، مەڭگۈ ئۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىمەن! دونيە، ئەگەر شۇ ئۈچ مىڭ رۇبلى

بولمىغان بولسا، بىز ھازىر نېمە ئەھۋالدا قالغان بولار ئىدۇق! پەرۋەردىگار خۇددى ئاسماندىن تاشلاپ بەرگەندەكلا بولدى! ئاھ رودىيە، بۈگۈن ئەتىگەن يېنىمىزدا بار - يوق ئۈچ رۇبلىلا پۇلىمىز قاپتىكەن، شۇڭا ئاۋۇ ئادەم بىزگە پۇل بېرىشنى خىيالىغا كەلتۈرگۈچە، ئۆزىمىز پۇل سوراپ يۈرمەيلى دەپ، دونېچكا ئىككىمىز ئۇنىڭ سائىتىنى بىرەر يەرگە گۆرۈگە قويايلىمىكىن، دېيىشىۋىدۇق.

سۈدرىگايلوفنىڭ پۇل سوۋغا قىلماقچى بولغانلىقى نېمىشقىدۇر دونيەنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى. ئۇ تېخىچە خىيالغا چۆكۈپ ئۆرە تۇراتتى.

— ئۇ قانداقتۇر بىرەر دەھشەتلىك ئىشنى ئويلاپ تاپتى ھەرقاچان، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك پىچىرلاپ ۋە تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

راسكولنىكوف ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى قورقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— قارىغاندا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشمىسەم بولمىغۇدەك، — دېدى ئۇ دونيەگە.

— ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىمىز! مەن ئۇنى تاپىمەن! — دېدى رازۇمىخىن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، — مەن ئۇنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىمەن! شۇنداق قىلىشىمغا رودىيە ئىجازەت بەردى. ئۇ تېخى يېقىندىلا ماڭا: «سىڭلىمنى ھىمايە قىل» دېگەن. شۇنداق قىلىشىمغا سىزمۇ ئىجازەت بېرەمسىز، ئاۋدوتيە رومانوۋنا؟

دونيە كۈلۈمسىرەپ قولىنى ئۇنىڭغا سۇندى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىئاراملىق تېخىچە يوقالمىغانىدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا سەل قورقۇپراق ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۈچ مىڭ رۇبلىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى.

چارەك سائەتتىن كېيىن ھەممەيلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. راسكولنىكوف گەپكە ئارىلاشمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ

گەپلىرىنى خېلى ۋاققىچە دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردى. رازۇمىخىن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى.

ـــ نېمىشقا، نېمىشقا كېتىمىز دەيسىلەر؟ ـــ دېدى خۇشلۇقىدا ئاغزى بېسىلماي گەپ قىلىپ، ـــ ئۇ كىچىككىنە شەھىرىڭلاردا نېمە قىلىسىلەر؟ مۇھىمى بۇ يەردە بىللە ئۆتىسىلەر، سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا موھتاج. بىر ـ بىرىڭلارغا شۇنداق موھتاج، مېنىڭ گېپىمنى چۈشىنىڭ! ھېچبولمىغاندا بىر مەزگىل تۇرۇڭلار... مەن سىلەرنىڭ دوستۇڭلار بولاي. مەن سىلەر بىلەن شېرىكلىشىپ ئىشلەي، مانا مەن كېپىل، بىز ئاجايىپ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز. ماڭا قاراڭلار، مەن سىلەرگە ھەممىنى، پۈتكۈل پىلاننى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي! بۈگۈن ئەتىگەندە، تېخى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەن چاغدىلا، كاللامغا مۇنداق بىر ئەقىل پەيلىدە كېلىپ قالدى: مېنىڭ بىر تاغام بار ـــ سىلەرنى ئۇ ئادەم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىمەن؛ ئۇ تولىمۇ چىقىشقاق، ھۆرمەتكە لايىق بوۋاي ـــ مانا شۇ تاغامنىڭ مىڭ رۇبلى سەرمايىسى بار، لېكىن ئۇ ئۆزى نەپىقە ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ پۇلغا ئۇنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ئىككى يىل بولدى، ئۇ ماڭا شۇ پۇلنى قەرز ئېلىپ ئىشلەت. پەقەت ئالتە پىرسەنت ئۆسۈم بەرسەڭلا بولىدۇ، دەپ كېلىمۇاتقىلى، مەن ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلىمەن. ئۇ ماڭا ياردەم بەرمەكچى. بۇلتۇر ئۇ پۇلغا ھاجىتىم چۈشمىگەن، لېكىن بۇ يىل مەن ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ يۈرگەن. شۇ پۇلنى قەرز ئېلىش قارارىغا كېلىپ بولغان. ئەگەر سىلەر ئۈچ مىڭ رۇبلى پۇلۇڭلاردىن مىڭ رۇبلىنى ماڭا قەرز بېرىپ تۇرالىساڭلار، بۇ پۇل ئىشنى باشلىۋېتىشىمىزگە يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز بىرلىشىپ كېتىمىز، ئۇنداقتا بىز نېمە ئىش قىلىمىز؟

رازۇمىخىن پىلانلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى. بىزنىڭ كىتاب ساتقۇچىلىرىمىز ۋە نەشرىياتچىلىرىمىز ئۆزلىرى سېتىۋاتقان كىتاب ـ ژۇرناللارنى

تازا ياخشى بىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئادەتتە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ئانچە ماھىر ئەمەس. ۋاھالەنكى، ياخشى كىتابلار تېز سېتىلىدۇ، ئۆزىنىڭ چىقىمىنى قاپلايدۇ، پايدا قىلىپمۇ قالىدۇ، بەزىدە ھەتتا نۇرغۇن پايدا قىلىشى مۇمكىن. رازۇمىخىن ئۆزىمۇ نەشرىياتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسىدا ئىدى، ئۇنىڭ باشقىلارغا كىتاب تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغانىدى. ئۇ ياۋروپا ئەللىرى تىللىرىدىن ئۈچ تىلنى خېلى پىششىق بىلەتتى. ئەلۋەتتە كۈنىنىڭ ئالدىدا، ئۇ راسكولنىكوفقا ئىشنىڭ بېرىمىنى قىلدۇرۇش ۋە ئالدىن بېرىلگەن قەلەم ھەققىدىن ئۈچ رۇبلىنى ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا نېمىس تىلىنى «ياخشى بىلمەيمەن» دەپ قويغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ يالغان ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى راسكولنىكوفمۇ بىلەتتى.

— مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ ئاساسىي ۋاستىسى پۇل ئۆز قولىمىزدا تۇرسا، پۇرسەتنى نېمىشقا قولدىن بېرىپ قويىمىز؟ — دېدى رازۇمىخىن قىزىشىپ، — ئەلۋەتتە، نۇرغۇن ئەجىر قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، لېكىن بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە قىلىمىز. سىز، ئاۋدوتىيە رومانوۋنا، مەن، ئاندىن رودىئون... ھازىر بەزىبىر كىتابلار ناھايىتى نۇرغۇن پايدا قىلىۋاتىدۇ! ئىشىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى — زادى نېمىلەرنى تەرجىمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىش. بىز بىللە تەرجىمە قىلىمىز، بىللە نەشر قىلىمىز، بىللە ئۆگىنىمىز، ھەممىنى بىللە قىلىمىز. ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەن كېرەككە كېلىمەن، چۈنكى تەجرىبەم بار. ئىككى يىل بولدى، نەشرىيات ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ جىمىكى نازۇك يەرلىرىنى ئوبدان بىلىمەن. گېپىمگە ئىشىنىڭلار، بۇ ئۇنچىۋالا تەس ئىشمۇ ئەمەس! ئاغزىمىزغا كەلگەن ئاشنى نېمىشقا يېمەيمىز؟ بىلىمەن، شۇنداق ئىككى - ئۈچ كىتاب باركى — بۇنى ھازىرغىچە سىر قىلىپ

ساقلاپ كېلىۋاتىمەن ــ ئۇلارنى تەرجىمە قىلىپ بېسىشنى تەكلىپ قىلسامىلا، ھەربىرىگە گەپ يوق يۈز رۇبلىدىن بېرىدۇ. شۇنىڭدىن بىرسىنى ھەتتا بەش يۈز رۇبلى بەرگەن تەقدىردىمۇ بىرەرىگە نەشر قىلىشنى تەكلىپ قىلمىغان بولاتتىم. سىلەر قانداق ئويلايسىلەر؟ ئەگەر مەن بىرەر نەشرىياتچىغا دېسەم، ئۇ ھەتتا ئارسالدى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار شۇنداق ئەخمەق نېمىلەر تۇرسا! ئەمەلىي ئىگىلىك ئىشلىرى جەھەتتىكى ئاۋارىچىلىكلەرنى ــ بېسىش، قەغەز، سېتىش دېگەندەك ئىشلارنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، مەن بۇ ئىشلارنىڭ يولىنى بىلىمەن! ئىشنى ئاستا ـ ئاستا باشلايمىز، تەدرىجىي كېڭەيتىمىز، ھېچبولمىغاندا شۇنىڭ بىلەن قورسىقىمىزنى باقالايمىز. سالغان دەسمايىمىزنى قانداقلا قىلىپ بولسۇن قايتۇرۇۋالالايمىز.

دونيەنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

ــ سىز دېگەن ئىشنى مەن بەك قوۋۋەتلەيمەن، دىمىترىي پروكوفيچ، ــ دېدى ئۇ.

ــ راستىمنى ئېيتسام، مەن بۇ ئىشنى زادى چۈشەنمەيمەن، ــ گەپكە قوشۇلدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا، ــ بەلكىم بۇ ياخشى ئەقىلدۇر. لېكىن، يەنىلا خۇدا ئۆزى بىلىدۇ دېيەلەيمەن. بۇ بىر يېڭى ئىش ئىكەن. ھەممىمىز بىلمەيدىكەنمىز. ئەلۋەتتە، بىز مۇشۇ يەردە قالىمىز. ھېچبولمىغاندا بىر مەزگىل تۇرىمىز...

ئۇ رودىيەگە قاراپ قويدى.

ــ ئاكا، سىزنىڭچە قانداق؟ ــ سورىدى دونيە.

ــ مېنىڭچە، ئۇ ناھايىتى ياخشى ئويلاپتۇ، ــ جاۋاب بەردى ئۇ، ــ ئەلۋەتتە، ئاللىقانداق دۇكان توغرۇلۇق ئويلىشىشقا ھازىر تېخى بالدۇر. لېكىن، بەش ـ ئالتە كىتاب چىقىرىش ھەقىقەتەن مۇمكىن. يەنە كېلىپ بۇ ئىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. مەن ئۆزۈممۇ بېسىلسىلا بازار تاپالايدىغان بىر كىتابنى بىلىمەن. ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلارنى يۇرگۈزۈش ئىقتىدارىغا كەلسەك،

ئۇنىڭدىن شۇبھىلىنىش ھاجەتسىز؛ ئۇ كەسىپ ئەھلى... ئىشقىلىپ كېيىن مەسلىھەتلەشكىلى ۋاقىت تاپالايسىلەر...

— ھۇررا! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن، — ئەمدى ماڭا قاراڭلار، مۇشۇ بىنانىڭ ئۆزىدە مۇشۇ ئۆيلەرنىڭ غوجايىنىنىڭغا قاراشلىق بىر ئۆي بار. ئۇ مۇنۇ ئۆيلەرگە تۇتاشمايدىغان ئايرىم ئۆي، ئۈچ ئېغىزلىق، جاھازلىرىمۇ بار، ئىجارە ھەققىمۇ قىممەت ئەمەس. ۋاقىتىنچە شۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىڭلار. ئەتىلىككە مەن سائەتنى گۆرۈگە قويۇپ، پۇلنى ئەكېلىپ بېرەي، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ. مۇھىمى سىلەر ئۈچۈڭلار بىللە تۇرالايسىلەر، رودىيەمۇ سىلەر بىلەن بىللە تۇرىدۇ... نەگە بارىسەن، رودىيە؟

— نېمە بولدۇڭ. رودىيە، ھازىرلا كېتەمسەن؟ — سورىدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا چۆچۈپ.

— مۇشۇنداق بىر چاغدا! — ۋارقىرىدى رازۇمىخىن.

دونيە ئاكىسىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ بولغانىدى.

— تەلەپپۇزۇڭلاردىن مېنى خۇددى گۆرۈمگە ئۇزىتىپ قويۇۋاتقاندەك ياكى مەن بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەكلا پۇراق چىقىدىغۇ، — دېدى ئۇ بىر ئاز ئەجەبلىنىپ.

ئۇ كۈلگەندەك قىلدى، لېكىن كۈلكىسى كۈلكىگە ئوخشىماي قالدى.

— كىم بىلىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالامدۇ تېخى... — كۈتمىگەندە قوشۇپ قويدى ئۇ.

راسكولنىكوف بۇنى ئەسلىي ئىچىدە ئويلىغانىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر دەپ سالدى.

— نېمە بولدى ساڭا؟ — ۋارقىرىۋەتتى ئانىسى.

— رودىيە، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — سەل ئەجەبلىنىش تەلەپپۇزىدا سورىدى دونيە.

— ھېچنېمە، ئازراق جىددىي ئىشىم بار ئىدى، — مۇجمەل

جاۋاب بەردى ئۇ گويا نېمە دېيىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك. لېكىن، ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدىن ئاللىقانداقتۇر بىر ئىش توغرۇلۇق ئېنىق بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن سىلەرگە دېمەكچىدىم... مۇشۇ يەرگە كېلىۋاتقان چاغدىلا... سىزگە دېمەكچىدىم ئانا، ساڭىمۇ دونيە، بىز ياخشىسى بىر مەزگىل بۆلەك - بۆلەك تۇرايلى، مېنىڭ تازا مىجەزىم يوق، كۆڭلۈممۇ ئارامىدا ئەمەس... مەن كېيىن كېلىمەن، ئۆزۈم كېلىمەن، كەل... كەلگۈدەك بولغاندا، سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن!... مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭلار! ئۆزۈم يالغۇز تۇراي! مەن ئاللىبۇرۇنلا شۇ قارارغا كەلگەن... بۇرۇنلا شۇ قارارغا كېلىپ بولغان... بېشىمغا مەيلى نېمە كۈن كەلسۇن، مەيلى ئۆلەي ياكى تىرىك بولاي. ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ئۆتكۈم بار. مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار. شۇنداق قىلغىنىمىز تۈزۈك... مېنى ئىزدەپ - سوراپمۇ يۈرمەڭلار. لازىم تېپىلغاندا، ئۆزۈم كۆرگىلى كېلىمەن ياكى... چاقىرتىمەن. بەلكىم يەنە ھەممە ئىش جايىدا بولۇپ كېتەر!... لېكىن ھازىرچە، ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسەڭلار، مېنى ئىزدىمەڭلار... بولمىسا، سىلەرنى ئۆچ كۆرۈپ قالىمەن. سېزىپ تۇرۇپتىمەن... ئەلۋىدا!

— ۋاي خۇدايىم! — ۋارقىرىۋەتتى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا.

ئانىسىمۇ، سىڭلىسىمۇ قاتتىق قورقۇپ كەتتى. رازۇمىخىنمۇ قورقۇپ قالدى.

— روديە، روديە يارىشىپ قالايلى، ئىلگىرىكىدەك ئۆتىۋېرەيلى! — دېدى بىچارە ئانا.

راسكولنىكوف ئالدىرىماي ئاستا ئىشىك تەرەپكە بۇرالدى. يەنە ئالدىرىماي تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى. دونيە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.

— ئاكا، ئانامغا بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ

پىچىرلاپ، غەزەپلەنگىنىدىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— ھېچقىسى يوق، مەن كېلىمەن. سىلەرنى كۆرگىلى كېلىمەن! — دېدى راسكولنىكوف پەس ئاۋازدا غىڭشىپ، گويا ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك قىلىپ، ئارقىدىن ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ھۇ رەھىمسىز، باغرى تاش شەخسىيەتچى! — ۋارقىرىۋەتتى دونيە.

— ئۇ رەھىمسىز ئەمەس، ساراڭ. ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپتۇ! ئەجەبا سىز سەزمىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۇنى شۇنداق دېسىڭىز، ئۆزىڭىز راست رەھىمسىز بولۇپ قالىسىز! — دېدى رازۇمىخىن دونيەنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، قۇلىقىغا قىزغىنلىق بىلەن پىچىرلاپ.

— مەن ھازىرلا كېلىمەن، — دېدى ئۇ قورقۇپ كېتىپ چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان پولخېرىيە ئالېكساندروۋناغا قاراپ، ئارقىدىن يۈگۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

راسكولنىكوف دەھلىزنىڭ ئايىغىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— سېنىڭ يۈگۈرۈپ چىقىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، — دېدى ئۇ، — ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەت. ئۇلار بىلەن بىللە بول... ئەتىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بول... مەڭگۈ بىللە بول. مەن... كېلىشىم مۇمكىن... ئەگەر مۇمكىن بولسا، ئەلۋىدا!

ئۇ خوشلاشقىلى قولىمۇ بەرمەي، رازۇمىخىننى تاشلاپ ماڭدى.

— سەن نەگە كېتىۋاتىسەن؟ نېمە بولدۇڭ؟ زادى نېمە بولدۇڭ؟ مۇشۇنداق قىلساڭ بولامدۇ؟ — دېدى رازۇمىخىن تىت - تىت بولۇپ غودۇڭشىپ.

راسكولنىكوف يەنە توختىدى.

— مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشنى مەندىن سورىغۇچى بولما. ساڭا بېرىدىغان جاۋابىممۇ يوق... مېنى ئىزدىمە. بۇ يەرگە بەلكىم يەنە كېلەرمەن... مېنى

تاشلا، لېكىن ئۇلارنى... تاشلىۋەتمە. گېپىمنى ئۇقتۇڭمۇ؟
دەھلىز ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار دەھلىزگە قويۇلغان چىراغقا يېقىن جايدا تۇراتتى. بىرپەس ھەر ئىككىلىسى گەپ ـ سۆز قىلماستىن بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇشتى. رازۇمىخىن شۇ بىر مىنۇتتىكى تەسىراتىنى ئۆمۈربويى ئۇنتۇيالمىدى. راسكولنىكوفنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ قاراپ تۇراتتى، بۇ قاراش بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ قەلبىگە، ئېڭىغا ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى. رازۇمىخىن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاللىقانداقتۇر غەلىتە بىر تۇيغۇ غىل ـ پاللا پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتتى... قانداقتۇر بىر پىكىر گويا بىر بېشارەتتەك پىللىدە ئۆتۈپ كەتتى. قانداقتۇر دەھشەتلىك ۋە غۇۋا بىر ئىش بىردىنلا ھەر ئىككىلىسىنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇن چۈشىنىش ھاسىل قىلدى... رازۇمىخىنىنىڭ چىرايى مۇردىنىڭكىدەك كۆكىرىپ كەتتى.
— ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسەن؟ — دېدى كۈتۈلمىگەندە راسكولنىكوف ئازابىنىڭ دەستىدىن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — قايتىپ كەت. ئۇلارنىڭ يېنىغا بار، — يەنە بىردىنلا قوشۇپ قويدى، ئارقىدىن ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، بىنادىن چىقىپ كەتتى.
مەن شۇ كۈنى ئاخشىمى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنانىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى تەسۋىرلىمەكچى ئەمەسمەن، شۇنداقلا رازۇمىخىنىنىڭ ئانا ـ بالىنىڭ يېنىغا قانداق قايتىپ بارغانلىقىنى، ئۇلارغا قانداق تەسەللى بەرگەنلىكىنى، رودىيە ئاغرىق، ئۇنى ئۆز ھالىغا قويايلى، دېگەنلەرنى چىڭ تۇرۇپ تەشەببۇس قىلغانلىقىنى، رودىيە چوقۇم ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ زىتىغا تەگمەسلىك كېرەك، مەن — رازۇمىخىن، ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، ئۇنى دوختۇرغا — ئەڭ ئوبدان دوختۇرغا

كۆرسىتىمەن، بىرقانچە دوختۇرنى يىغىپ مەسلىھەتنى ئالىمەن، دېگەنلىرىنىمۇ تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن. قىسقىسى، شۇ ئاخشامدىن تارتىپ، رازۇمىخىن ئۇلارنىڭ ھەم ئوغلى، ھەم ئاكىسى بولۇپ قالدى.

## 4

راسكولنىكوف توپتوغرا كانال بويىدىكى سونىيە تۇرۇۋاتقان بىناغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۈچ قەۋەتلىك، يېشىل بويالغان كونا بىنا ئىدى. ئۇ ئاۋۋال دەرۋازىۋەننى تاپتى. ئۇنىڭدىن تىككۈچى كاپېرناۋموفنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى چالا ـ پۇچۇق ئۇقتى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ھېلىقى تار ۋە قاراڭغۇ پەلەمپەينىڭ ئىشىكىنى تېپىپ، ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلۈپ، ئىككىنچى قەۋەتنى ھويلا تەرەپتىن تولۇق ئايلىنىپ ئۆتىدىغان دەھلىزگە چىقتى. ئۇ كاپېرناۋموفنىڭكىگە قەيەردىن كىرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقالماي قاراڭغۇدا تەمتىلەپ يۈرگىنىدە، ئۇنىڭدىن ئۈچ قەدەملا نېرىدىكى بىر ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقماي ھېلىقى ئىشىكنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— كىم؟ — بىر ئايالنىڭ تەشۋىشلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن... سىزنى ئىزدەپ كەلگەن، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف، ئۇ تارغىنا دەھلىزگە كىردى. بۇ يەردە قىيسىيىپ كەتكەن شامدانغا قىستۇرۇقلۇق بىر تال شام يېنىپ تۇراتتى، شامدان بولسا كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇقلۇق ئىدى.

— سىزمىدىڭىز! يا پەرۋەردىگار! — بوشقىنا ۋارقىرىدى سونىيە ۋە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۆيىڭىزگە قەيەردىن كىرگىلى بولىدۇ؟ مۇشۇ يەر بىلەنمۇ؟

راسكولنىكوف قىزنىڭ چىرايىغا قارىماسلىققا تىرىشىپ، دەرھاللا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن شامنى كۆتۈرۈپ سونيەمۇ ئۆيگە كىردى. ئۇ شامنى قويدى ـ دە، راسكولنىكوف كۈتۈلمىگەن بىر چاغدا كەلگەچكە قورقۇپ كەتكىنىدىن بولسا كېرەك، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ ۋە ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ھاياجانغا چۆمۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا بىردىنلا قان يۈگۈردى، كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى... ئۇ ئازابلانماقتا ئىدى. خىجىل بولۇپمۇ، سۆيۈنۈپمۇ تۇراتتى... راسكولنىكوف دەرھال تەتۈر قاراپ، ئۈستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

كاپېرناۋموفلار ئىجارىگە بەرگەن بۇ بىردىنبىر ئۆي تولىمۇ پاكار بولسىمۇ، خېلى كەڭتاشا ئىدى. سول تەرەپ تامدىكى يېپىقلىق ئىشىكتىن كاپېرناۋموفلارنىڭ ئۆيىگە چىققىلى بولاتتى. ئۇدۇلدىكى ئوڭ تەرەپ تامدا يەنە بىر ئىشىك بولۇپ، ئۇ ھەم ئېتىۋېتىلگەنىدى. ئۇ تەرەپتىكى ئارىتام ئۆي باشقا بىرىگە قاراشلىق، نومۇرىمۇ باشقا بىر ئۆي ئىدى. سونيە تۇرۇۋاتقان ئۆي قازناققا ئوخشايتتى. ئۆي تولىمۇ رەتسىز، تۆت بۇرجەكلىك ئۆي بولغاچقا، بەكلا سۆرۈن كۆرۈنەتتى. قانال تەرەپتىكى ئۈچ دېرىزە ئورنىتىلغان تام ئۆينى قىڭغىر كېسىپ ئۆتەتتى. شۇڭلاشقا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭى بارغانسېرى ئۇچلىنىپ ئىچكىرى كىرىپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبلىك يورۇقنىڭ خىرەلىكىدىن بۇ بۇلۇڭنى ئېنىقراق كۆرگىلى بولمايتتى؛ ئۆينىڭ يەنە بىر بۇلۇڭى بولسا ھەددىدىن زىيادە يېيىق ۋە كۆرۈمسىز ئىدى. خېلىلا كەڭتاشا ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆي جاھازلىرى يوق دېيەرلىك، ئوڭ تەرەپتىكى تامنىڭ بۇلۇڭىدا بىر كارىۋات، كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئىشىككە يېقىن يەردە بىر ئورۇندۇق تۇراتتى. كارىۋات قويۇقلۇق تام تەرەپتە يەنە بىر ئۆيگە چىققىلى بولىدىغان ئىشىكنىڭ يېنىدا

كۆكۈچ داستىخان سېلىنغان، تاختايدىن مىخلاپ ياسالغان ئاددىيغىنا ئۈستەل قويۇلغانىدى. ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئىككى ئورۇندۇق تۇراتتى. بۇلاردىن تاشقىرى ھېلىقى ئۆتكۈر بۇلۇڭنىڭ ئۇدۇلىدىكى تام تۈۋىگە ئاددىيتىكى ياغاچتىن ياسالغان تارتمىلىق ئۈستەل قويۇلغانىدى. بوشلۇق ئىچىدە ئۇ كۆزگە ئانچە بەك تاشلىنىپمۇ كەتمەيتتى. بۇ ئۆينىڭ پۈتۈن مەنقۇلاتى مانا شۇ ئىدى. كونىراپ كىرلىشىپ كەتكەن سېرىق تام قەغىزى ھەممىلا بۇلۇڭدا قارىيىپ كەتكەنىدى؛ قارىغاندا قىش كۈنلىرى ئۆينىڭ ئىچى زەيلىشىپ، ئىسقا تولۇپ كەتسە كېرەك. يوقسۇللۇق كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى، ھەتتا كارىۋاتمۇ پەردە بىلەن توسۇلمىغانىدى.

سونيە گەپ ـ سۆز قىلماي مېھمانغا قاراپ تۇراتتى. مېھمان بولسا ئۇنىڭ ئۆيىنى تەپتارتماستىن ئىنچىكىلەپ كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. ئاخىر ئۇ خۇددى سوراقچىنىڭ ئالدىدا، ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك قورقۇپ غال ـ غال تىترەشكە باشلىدى.

— ۋاقچىرەك كېلىپ قالدىم... سائەت ئون بىر بولدىغۇ دەيمەن؟ — سورىدى ئۇ يەنىلا بېشىنى كۆتۈرمەي.

— بولۇپ قالدى، — پىچىرلىدى سونيە، — ھە راست. ئون بىر بولدى، — دېدى ئۇ گويا ھەممە چىقىش يولى شۇنىڭدىدەك ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ... — غوجايىنىنىڭ سائىتى ھازىرلا داڭ ئۇرغان. ئۆزۈم ئاڭلىغان... سائەت ئون بىر بولدى.

— بۇ مېنىڭ ئالدىڭىزغا ئاخىرقى قېتىم كېلىشىم، — دېدى راسكولنىكوف غەمكىن ھالدا ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، بۇ ئۇنىڭ تېخى بىرىنچى قېتىم كېلىشى بولسىمۇ، — ئېھتىمال سىزنى ئەمدى ئىككىنچى كۆرەلمەسمەن...

— سىز.. كەتمەكچىمۇ سىز؟

— بىلمەيمەن... ھەممە ئىش ئەتىگىچە...

— ئەمىسە ئەتە كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭكىگە بارماسسىز؟ — سونيەنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

ــ بىلمەيمەن... ھەممە ئىش ئەتە ئەتىگەنگىچە... گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. مەن سىزگە بىر گەپنى دەپ قويغىلى كەلگەن...

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئويچان كۆزلىرى بىلەن قىزغا قارىدى، شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى، قىزنىڭ بولسا ئالدىدا تىك تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ــ نېمىشقا ئۆرە تۇرىسىز؟ ئولتۇرۇڭ، ــ دېدى ئۇ بىردىنلا تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ بوش ۋە مۇلايىم ئاۋاز بىلەن.

قىز ئولتۇردى. راسكولنىكوف ئۇنىڭغا سەمىمىي ۋە ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە بىرپەس قاراپ تۇردى.

ــ سىز بەك ياداپ كېتىپسىز! قولLIرىڭىزغا قاراڭ! ئۇستىخانلىرىڭىز كۆرۈنۈپ قاپتۇ! بارماقلىرىڭىز ئۆلۈكنىڭكىگىلا ئوخشايدۇ.

ئۇ قىزنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. قىز بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.

ــ مەن بۇرۇندىنلا شۇنداق، ــ دېدى قىز.

ــ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدىمۇ شۇنداقمىدىڭىز؟

ــ ھەئە.

ــ ھە، ئەلۋەتتە! ــ دېدى ئۇ قىسقىلا قىلىپ. ئۇنىڭ چىرايىمۇ، ئاۋازىمۇ بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ ئەتراپىغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

ــ بۇ ئۆينى كاپېرناۋموفلاردىن ئىجارىگە ئالغانمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ ئۇلار ئاۋۇ ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرامدۇ؟

ــ ھەئە... ئۇلارمۇ مۇشۇنداق بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرىدۇ.

ــ ھەممىسى بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرامدۇ؟

ــ بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرىدۇ.

ــ ئەگەر بۇ ئۆيىڭىزدە مەن تۇرغان بولسام، كېچىچە قورقۇپ چىققان بولاتتىم، ــ دېدى ئۇ غەمكىنلىك بىلەن.

ــ ئۆي ئىگىلىرى ناھايىتى ياخشى ئادەملەر، ناھايىتى

مۇلايىم، — جاۋاب بەردى سونيە. ئۇ يەنىلا ئۆيىقۇسى ئېچىلمىغان، پىكرىنى يىغالمىغان ئادەمگە ئوخشايتتى، — جاھازلارنىڭ، نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ... ھەممىسى ئۆي غوجايىنىنىڭكى. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، بالىلىرىمۇ مېنىڭكىگە كىرىپ تۇرىدۇ...

— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كېكەچ دەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە... ئۇ كېكەچلەپ گەپ قىلىدۇ. پۈتمۇ ئاقسايدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ شۇنداق... خوتۇنى كېكەچلەپمۇ كەتمەيدۇ. كۆڭلىدىكى گەپنى دەپ بېرەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ بەك ئوبدان، كۆڭلى يۇمشاق خوتۇن. ئېرى ئىلگىرى پومېشچىكنىڭ خاس قۇلى ئىكەندۇق. يەتتە بالىسى بار. پەقەت بالىلىرىنىڭ چوڭىلا كېكەچلەيدۇ، باشقىلىرى ئاغرىقچان... لېكىن كېكەچلىمەيدۇ... ئۇلارنىڭ گېپىنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — بىرئاز ھەيران بولۇپ قويدى ئۇ.

— ئۆز ۋاقتىدا دادىڭىز دەپ بەرگەن. ئۇ ماڭا سىزنىڭ ھەممە ئەھۋالىڭىزنىمۇ دەپ بەرگەن... سىزنىڭ سائەت ئالتىدە چىقىپ كېتىپ، سائەت سەككىزدە يېنىپ كىرگەنلىكىڭىزنىمۇ، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ كارىۋىتىڭىزنىڭ بېشىغا تىز پۈككەنلىكىنىمۇ دەپ بەرگەن.

سونيە خىجىل بولۇپ كەتتى.

— بۈگۈن ئۇ كىشى كۆزۈمگە كۆرۈنگەندەك زايا بولدى، — ئارىسالدىلىق ئىچىدە پىچىرلىدى قىز.

— كىم؟

— دادام. سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا كوچىدا كېتىۋاتاتتىم، دوقمۇشقا يېقىن قالغاندا، ئۇ خۇددى ئالدىمدا كېلىۋاتقاندەكلا زايا بولدى. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا شۇنداق ئوخشايدىكەن. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى ئىزدەپ بارايمىكىن دېۋىدىم.

— ئايلىنىپ يۈرگەنمىدىڭىز؟

— ھەئە، — دېدى سونيە قىسقىلا قىلىپ. ئۇ يەنە خىجىل

بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— دادىڭىزنىڭكىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، كاتىپرسنا ئىۋانوۋنا سىزنى ئۇرۇۋېتكىلى قىل قالغانمىدى؟

— هە، ياقەي. نېمىلەرنى دەيدىغانسىز. ئۇ گەپلەرنى دەپ نېمە قىلىسىز؟ ئۇنداق ئەمەس! — قانداقتۇر قورقۇش ئارىلاش ئۇنىڭغا قاراپ قويدى سونيە.

— ئەمىسە ئۇنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئۇنىمۇ؟ ياخشى كۆرمەيچۇ! — دېدى سونيە ھەسرەت بىلەن ئاۋازىنى سوزۇپ، ئۇ بىردىنلا ئازابلىنىپ ئىككى بىلىكىنى قامallap تۇتۇۋالدى، — هەي! سىز ئۇنى... بىلگەن بولسىڭىز ئىدى! سىز ئۇنىڭ بالىغىلا ئوخشايدىغانلىقىنى... كاللىسىنىڭ ئېلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلسىڭىز ئىدى... غەمنىڭ دەستىدىن شۇنداق بولغان. ئىلگىرى ئۇ شۇنداق ئەقىللىق ئىدى! شۇنداق سېخىي... شۇنداق ئاق كۆڭۈل ئىدى! ئاھ، سىز ھېچنېمىنى ھېچنېمىنى بىلمەيسىز... هەي!

سونيە بۇ گەپلەرنى قاتتىق ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى. ھاياجانلاندى، ئازابلاندى، قايغۇردى. تاتىراڭغۇ چىرايى يەنە قىزىرىپ كەتتى. كۆزلىرىدە قايغۇ ـ ھەسرەت ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ كەتكەندەكلا ئىدى، نېمىلەرنىدۇر ئىپادىلەپ بەرگۈسى، گەپ قىلغۇسى، كىملەرنىدۇر ئاقلىغۇسى كېلەتتى. بىردىنلا پۈتۈن چىرايىدا قانداقتۇر قانائەتلەندۈرگىلى بولمايدىغان ھېسداشلىق ئەكس ئەتتى، ئەگەر شۇنداق دېگىلى بولىدىغان بولسا.

— ئۇرۇپتۇدەك! نېمىلەرنىمۇ دەيدىغانسىز! ۋاي خۇدايىم، مېنى ئۇرۇپتۇدەك! مۇبادا مېنى ئۇرغان بولسا نېمە بولماقچىدى! ئۇنىڭ نېمىسى بار؟ سىز ھېچنېمىنى بىلمەيسىز، ھېچنېمىنى بىلمەيسىز... ئۇ شۇنداق بەختسىز، ئاھ، شۇنداق شور پېشانە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاغرىقچان... ئۇ ئادالەت بولۇشىنى ئارزۇلايدۇ... ئۇ شۇنداق پاكىز خوتۇن. ئۇ ھەممە ئىشتا ئادالەت بولۇشى

كىرەك دەپ ئىشىنىدۇ. ئادالەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ... سىز ئۇنى قىينىسىڭىزمۇ، ئۇ ئادالەتسىز ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ئۇ ھەممە ئىشنى ئادىللىق بىلەن قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، كىشىلەر ئارىسىدا ھەققانىيەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلمەيدۇ، شۇڭا خاپا بولىدۇ... ئۇ خۇددى بىر كىچىك بالا، بەئەينى بىر بالا! ئۇ ئادىل ئىدى، ئادىل خوتۇن ئىدى!

— ئۇنداقتا سىز كېيىن قانداق قىلىسىز؟

سونيە ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن قاراپ قويىدى.

— بىلەمسىز، ئۇلارنى بېقىش سىزنىڭ زىممىڭىزگە چۈشىدۇ. توغرا، ئىلگىرىمۇ سىزنىڭ زىممىڭىزدە ئىدى... مەرھۇم دادىڭىزمۇ ھاراققا پۇل سوراپ ئالدىڭىزغا بارىدىكەنتۇق. قېنى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— بىلمەيمەن، — مەيۈس جاۋاب بەردى سونيە.

— ئۇلار شۇ ئۆيدە تۇرىۋەرمەكچىمۇ؟

— بىلمەيمەن... ئۇلار ئىجارە ھەققىنى تۆلىمىگەن، ئاڭلىسام، ئۆينىڭ غوجايىنى بۈگۈن ئۇلارنى كۆچسۇن دەپتۇدەك. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۇ يەردە بىر مىنۇت تۇرغۇسى يوق.

— ئۇ نېمىسىگە ئىشىنىپ شۇنداق قىلىدۇ؟ سىزگە ئىشىنەمدۇ يا؟

— ھە، ياق، ئۇنداق دېمەڭ! ... بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، بىللە ياشايمىز، — سونيە بىردىنلا يەنە ھاياجانلىنىپ كەتتى، ھەتتا ئاللىكىملەر تېرىكتۈرۈپ قويغان بۇلبۇلدەك ياكى باشقا بىرەر كىچىك قۇشتەك ئاچچىقلاپ قالدى، — ئۇنىڭ نېمە ئىلاجى؟ نېمە ئىلاجى؟ — سورىدى قىز تەقەززا بولۇپ ۋە ھاياجانلىنىپ، — بىلەمسىز، ئۇ بۈگۈن قانچە، قانچە قېتىم يىغلىدى! ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى. دىققەت قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئېلىشىپ كەتتى؛ تۇرۇپلا كىچىك بالىدەك ئەتە ھەممە نېمە جايى ـ جايىدا بولسىدى، دەپ تەقەززا بولىدۇ. نەزىر

ئىشى قانداقراق بولار، دەپ غەم يەيدۇ... تۇرۇپلا ئۇمىدسىزلىنىپ قايغۇرىدۇ. قان تۆكۈرىدۇ، زار ـ زار يىغلايدۇ، ئۇشتۇمتۇتلا ھەممە ئارزۇلىرى يوققا چىققاندەك ھەدەپ بېشىنى تامغا ئۇرىدۇ. بىردەمدىلا يەنە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىدۇ، ئۇ ھەممە ئۇمىدىنى سىزگە باغلاۋاتىدۇ. ئۇ ماڭا ئەمدى شۇ كىشى ياردەم قىلىدۇ، دەيدۇ. بىرەر يەردىن ئازراق پۇل قەرز ئېلىپ ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىمەن، سېنىمۇ ئالغاچ كېتىمەن، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ بالىلىرى ئوقۇيدىغان ياتاقلىق مەكتەپ ئاچىمەن، سەن مەكتەپكە نازارەتچى بولىسەن، شۇنىڭ بىلەن يېڭىچە گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلايمىز، دەيدۇ. شۇنداق دېگەن چاغلىرىدا مېنى سۆيۈپ كېتىدۇ، قۇچاقلايدۇ، ماڭا تەسەللى بېرىدۇ. بىلەمسىز، ئۇ شۇنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ! مۇشۇ شېرىن چۈشلەرگە ئىشىنىدۇ! شۇنداق دەپ تۇرسا، ئۇنىڭغا زىت بىرنېمە دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ بۈگۈن بىر كۈن كىر يۇدى. ئۆي تازىلىدى، ياماق يامىدى. كىر يۇيىدىغان يوغان داسنى كۆچىدىن قالغان قوللىرى بىلەن ئۆيگە سۆرەپ ئەكىردى. ھېرىپ ھاسىراپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بۈگۈن ئەتىگەن ئىككىمىز بىللە پولېچكا بىلەن ليوناغا① ئاياغ ئالغىلى سودا سارىيىغا بېرىۋىدۇق. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئايىغىنىڭ كىيگۈچىلىكى قالماپتىكەن. لېكىن، ھېسابلاپ باقساق پۇل يەتمىگۈدەك، خېلىلا كەملىگۈدەك. بولمىسا ئۇ شۇنداق چىرايلىق ئىككى ئاياغنى تاللىغان، چۈنكى ئۇ چىرايلىقنى تاللاشنى بىلەتتى، سىز بىلمەيسىز... پۇلى يەتمىگەچكە، ئۇ دۇكاندا مال ساتقۇچىلارنىڭ ئالدىدىلا ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى... ھەي، كۆرۈپ يۈرىكىم ئېزىلىپ كەتتى.

— گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، سىزنىڭ نېمىشقا... مۇنداق

---

① دوستويېۋسكىي يۇقىرىدا مارمېلادوۋانىڭ «پولېچكا، لېدوچكا، كولىيە» ئىسىملىك ئۈچ بالىسى بار، دېگەن. بۇ يەرگە كەلگەندە لېدوچكانىڭ ئورنىدا ليونا پەيدا بولۇپ قالدى. ئېھتىمال بۇ ئاپتورنىڭ سەۋەنلىكى بولسا كېرەك.

تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى راسكولنىكوف ئاچچىق كۈلۈپ.

— ئۇنىڭغا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟ ئۇنىڭغا ئېچىنمامسىز؟ — يەنە ۋارقىرىدى سونيە، — بىلىمەن، سىز ھېچنېمىنى كۆرمەي تۇرۇپمۇ، يانچۇقىڭىزدىكى پۇلىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىڭىز. ناۋادا سىز ھەممىنى كۆرگەن بولسىڭىز، يا رەببىم! مەن ئۆزۈممۇ ئۇنى نەچچە - نەچچە قېتىم خاپا قىلىپ يىغلاتقان! تېخى ئۆتكەن ھەپتىدىلا خاپا قىلىپ قويدۇم! ھەي، مەنزە! دادام تۈگەشتىن ناھايىتى بىر ھەپتە ئىلگىرى شۇ چاغدا بەكلا باغرى تاشلىق قىلدىم! مۇنداق ئىشلارنى نۇرغۇن قېتىم قىلدىم، مانا ئەمدى كۈنبويى شۇ ئىشنى ئويلاپ يۈرىمەن. ئويلىسام پۈچۈلىنىپ كېتىمەن.

سونيە شۇ ئىشنى ئەسلەپ قاتتىق ئازابلىنىپ، گەپ قىلىۋېتىپ قوللىرىنى كۈچەپ قارسىلداتتى.

— سىزنىڭ باغرىڭىز قاتتىقمۇ؟

— ھەئە قاتتىق، قاتتىق! شۇ كۈنى ئۇلارنى يوقلاپ بېرىۋىدىم، — يىغلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى قىز، — دادام: «ماڭا ئازراق كىتاب ئوقۇپ بەر. سونيە، بېشىم سەل ئاغرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ماڭا ئازراق كىتاب ئوقۇپ بەر... مانا كىتاب» دېدى. ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر كىتاب بار ئىكەن، ئاندرېي سېميونىچنى بىلىسىزغۇ، ھېلىقى لېبېزياتنىكوفچۇ، شۇنىڭدىن ئارىيەت ئاپتىكەن. ئۇ ئادەم شۇ ئەتراپتا تۇرىدۇ؛ دائىم قىزىق - قىزىق كىتابلارنى تېپىۋالىدۇ. لېكىن، مەن: «قايتىدىغان ۋاقتىم بولدى» دېدىم. زادىلا كىتاب ئوقۇغۇم يوق ئىدى. مەن ئەسلىي بىرنەچچە ياقا - يەڭلىك ئېلىۋىدىم، شۇلارنى كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا كۆرسەتكىلى كەلگەن. ھېلىقى ئۇششاق - چۈششەك ساتىدىغان لىزاۋېتا دېگەن قىز ماڭا بىرنەچچە ياقا بىلەن يەڭلىكنى ناھايىتى ئەرزان سېتىپ بەرگەن. ھەممىسى بەك چىرايلىق، يېپيېڭى، گۈل چېكىلگەن ياقىلار ئىدى. ئۇلارنى

كاتېرىنا ئىۋانوۋنامۇ ياقتۇرۇپ قالدى، ئۇ ياقىلارنى تاقاپ، ئەينەككە قاراپ بېقىپ بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ: «سونيە، مەرھەمەت قىلىپ بۇلارنى ماڭا سوۋغا قىلىۋەتكىن» دېدى. ئۇ «مەرھەمەت قىلىپ» دېدى. ئۇنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى بەكمۇ ئالغۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇلارنى تاقىۋالغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆتكەنكى بەختىيار كۈنلىرىنى ئەسلىتەر شۇ! ئۇ ئەينەككە قاراپ ئۆز - ئۆزىدىن زوقلاندى ۋە ئۆز - ئۆزىدىن ھەسرەتلەندى. چۈنكى، ئۇنىڭ كىيگۈدەك كىيىمى يوق ئىدى. ھېچنېمىسى يوق ئىدى، شۇنىڭغىمۇ ئۇزۇن يىل بولغان! ئۇ بۇرۇن - بۇرۇندىن ھېچكىمدىن ھېچنېمە سورىمايدىغان، ناھايىتى مەغرۇر خوتۇن ئىدى، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر نەرسىسىنى خەققە بەرسە بېرىۋېتەتتى. لېكىن، خەقنىڭ بىر نەرسىسىنى ھەرگىز سورىمايدىغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئېغىز ئېچىپ ھېلىقى نەرسىلەرنى مەندىن سوراپ قالدى. شۇ ياقىلىقنى ئۇ شۇنداق ياقتۇرۇپ قاپتىكەن! لېكىن، ئۇلارنى بەرگۈم كەلمەي: «كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، سىزگە بەرگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟» دەپ سالدىم. راست شۇنداق: «نېمە پايدىسى» دېدىم. ئۇنىڭغا شۇ گەپنى دېمىسەم بوپتىكەن! ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويدى، «ياق» دېگىنىم ئۇنىڭغا ھار كەلدى، ئۇنىڭغا قاراپ بەكلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى... ئۇ مېنىڭ ياقىنى بەرمىگىنىمگە ئەمەس، «ياق» دېگىنىمگە رەنجىدى. مەن بۇنى كۆرۈپ تۇردۇم. ئاھ، مانا ئەمدى مۇمكىن بولسا ئىدى، ھەممىنى باشقىدىن قىلسام، ئىلگىرى دېگەنلىرىمنى قايتۇرۇۋالسام دەيمەن! ھەي... مەن... نېمىشقىمۇ!... لېكىن بۇلارنىڭ بەرىبىر سىز بىلەن ئالاقىسى يوق!

— لىزاۋېتا دېگەن ئېلىپ ساتار قىزنى تونۇمتىڭىز؟

— ھەئە... نېمە، ئۇنى سىزمۇ تونۇمتىڭىز؟ — ياندۇرۇپ سورىدى سونيە خېلىلا ھەيران بولۇپ.

— كاتېرىنا ئىۋانوۋنا سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ

قاپتۇ، كىسىلىمۇ ئىغىر ئىكەن؛ ئۇ پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ.

— ئاھ، ياق، ياق، ياق! — دېدى سونيە گويا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىكنى تىلەۋاتقاندەك راسكولنىكوفنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ.

— ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشىراق.

— ياق، ياخشى ئەمەس، ياخشى ئەمەس، ياخشى ئەمەس! — تەكرارلىدى قىز ھودۇقۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ.

— بالىلار قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلارنى سىز يېنىڭىزدا تۇرغۇزمىسىڭىز، نەگىمۇ ئاپىرىۋېتەلەيسىز؟

— ئاھ، ئۇنى بىلمەيمەن، — ۋارقىرىۋەتتى سونيە ئۈمىدسىزلىنىپ، قوللىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ، ئوزايىدىن شۇ ئىشنى ئۇ ئۆزىمۇ نۇرغۇن قېتىم ئويلىغاندەك، مانا ئەمدى راسكولنىكوف ناھايىتى شۇ يارىنى تاتىلىۋەتكەندەك قىلاتتى.

— يەنە بىر ئىش، ناۋادا ھازىرقىدەك كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ھايات چاغدا ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ — چىشىنى چىشلەپ داۋام قىلدى راسكولنىكوف.

— ۋىيىەي، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، نېمىلەرنى دەيدىغانسىز! ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە سونيەنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— مۇمكىن ئەمەس دەيسىزغۇ؟ — داۋام قىلدى راسكولنىكوف سوغۇق كۈلۈپ، — سىزنىڭ جېنىڭىز تۆمۈر ئەمەسقۇ؟ شۇ چاغدا ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ ھەممىسى كوچىدا قالىدۇ، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا يۆتىلىپ يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ. بۈگۈنكىدەك بېشىنى تامغا ئۇرىدۇ. بالىلار چىرقىراپ يىغلايدۇ... ئاندىن ئۇ كوچىدىلا يىقىلىدۇ. خەقلەر ئۇنى ساقچى ئىدارىسىگە، ئۇ يەردىن دوختۇرخانىغا ئاپىرىدۇ، شۇ يەردە ئۆلىدۇ، بالىلار بولسا...

— ئاھ، ياق... خۇدايىم ئۇلارنى ئۇ كۈنگە قويمايدۇ! —

سونيەنىڭ سىقىلىپ كەتكەن كۆكرىكىدىن ئاخىر بىر پەرياد ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ راسكولنىكوفقا يىلىنىش بىلەن قاراپ، گويا شۇ تاپتا ھەممە نېمە ئۇنىڭغا باغلىقتەك قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇن ـ تىنسىز قۇلاق سېلىپ تۇراتتى.

راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئارىدىن بىر مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى. سونيە قاتتىق غەمگە چۆكۈپ، بېشىنى، قوللىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۆرە تۇراتتى.

— سىز ئازراق پۇل يىغالماسسىزمۇ؟ كېيىن لازىم بولغاندا ئىشلەتكىلى؟ — سورىدى راسكولنىكوف ئۇشتۇمتۇت قىزنىڭ ئالدىدا توختاپ.

— يىغالمايمەن، — دېدى سونيە پىچىرلاپ.

— راست، يىغالمايسىز! لېكىن، يىغىپ باقتىڭىزمۇ؟ — قوشۇپ قويدى ئۇ خۇددى مەسخىرە قىلغاندەك.

— يىغىپ باققان.

— يىغالمىدىڭىز! ئەلۋەتتە شۇنداق ـ دە! سوراپ يۈرگىنىمنى!

ئۇ ئۆيدە يەنە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئارىدىن يەنە بىر مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى.

— قولىڭىزغا ھەر كۈنى پۇل چۈشۈپ تۇرمايدىغاندۇ؟

سونيە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك خىجىل بولۇپ، يەنە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— ياقەي، — دېدى ئۇ ئازاب ئىچىدە ئاران ـ ئارانلا.

— پولېچكامۇ سىز ماڭغان مۇشۇ يولدا ماڭسا كېرەك، — دېدى راسكولنىكوف كۈتمىگەندە.

— ياق! ياق! مۇمكىن ئەمەس، ياق! — ۋەھىمە ئىچىدە ۋارقىرىۋەتتى سونيە خۇددى بىرسى پىچاق بىلەن يۈرىكىنى تىلىۋەتكەندەك، — مۇنداق دەھشەتلىك ئىشنىڭ بولۇشىغا

خۇدايىم يول قويمايدۇ، خۇدايىم يول قويمايدۇ!
— لېكىن خۇدايىم باشقىلارغا يول قويۇپتۇغۇ.
— ياق، ياق، ئۇنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ساقلايدۇ! — تەكرارلىدى قىز ئۆزىنى ئۇنتۇپ.
— لېكىن، خۇدا دېگەننىڭ ئۆزى بەلكىم يوقتۇر، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف ئازراق ئىچى قارىلىق بىلەن. ئۇ قىزغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى.
سونيەنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى، يۈزى بىردەم تارتىشىپ لىپىلداپ كەتتى. ئۇ ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئەيىبلەش نەزەرىدە راسكولنىكوفقا قاراپ قويدى. نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدى ـ يۇ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى، پەقەت يۈزىنى قوللىرى بىلەن يېپىپ، ئاچچىق ئەلەم بىلەن يىغلاپ كەتتى.
— سىز تېخى كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى كاللىسى ئېلىشىپ قالدى دەيسىز، سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ كاللىڭىز ئېلىشىپ قاپتۇ، — دېدى راسكولنىكوف بىردەم شۈك تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلىپ.
ئارىدىن يەنە بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى. راسكولنىكوف يەنىلا گەپ ـ سۆز قىلماي ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىۋەردى يا بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا قاراپ قويمىدى. ئاخىر ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن قىزنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىپ تۇرغان يۈزىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى سوغۇق، ھاياجانلىق ۋە ئۆتكۈر ئىدى، لەۋلىرى قاتتىق تىترەپ تۇراتتى... كۈتمىگەندە ئۇ ئىتتىك ئېگىلىشىپ پولدا ياتتى ـ دە، قىزنىڭ پۇتىنى سۆيدى. سونيە قورقۇپ كېتىپ خۇددى ساراڭدىن قاچقاندەك قاچتى. ئۇ قارىماققا راستىلا تامامەن ساراڭغا ئوخشايتتى.
— نېمە بولدىڭىز، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مېنىڭ ئالدىمدا!

— غىڭشىدى قىز تامدەك تاتىرىپ، بىردىنلا يۈرىكى قاتتىق سىقىلىپ، ئۆزىدە چىدىغۇسىز بىر ئاغرىقنى سەزدى.

راسكولنىكوف دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن ساڭا تەزىم قىلىۋاتقىنىم يوق. بەلكى ئىنسانىيەت تارتىۋاتقان بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە تەزىم قىلىۋاتىمەن، — دېدى راسكولنىكوف سەل غەلىتىرەك گەپ قىلىپ، ئاندىن ئۇ دېرىزە ئالدىغا باردى، — ماڭا قارا، — قوشۇمچە قىلدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن يەنە قىزنىڭ ئالدىغا يېنىپ كېلىپ، — مەن تېخى بايىلا خەقنى بوزەك قىلىدىغان بىر ئەبلەخكە: سەن ھەتتا شۇ قىزنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ ئەرزىمەيسەن، دېدىم... مەن بۈگۈن ئۇنى ھۆرمىتىنى قىلىپ سىڭلىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دېدىم.

— ئاھ، نېمىشقا ئۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرىدىغانسىز؟ يەنە كېلىپ سىڭلىڭىزنىڭ ئالدىدا؟ — ۋارقىرىۋەتتى سونيە قورقۇپ كېتىپ، — مەن بىلەن يانمۇيان ئولتۇردى، دەپسىز ! ھۆرمىتىنى قىلدىم، دەپسىز ! مەن دېگەن بىر... نامىم بۇلغانغان ئادەم تۇرسام !... ئاھ، مەن دېگەن گۇناھقا پاتقان ئادەم تۇرسام ! ھەي، نېمىشقىمۇ ئۇ گەپلەرنى دېگەنسىز !

— مەن ئۇ گەپلەرنى نامىڭنىڭ بۇلغانغانلىقى ۋە گۇناھقا پاتقانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتىۋاتقانلىقىڭ ئۈچۈن دېدىم. لېكىن، سەن ھەقىقەتەن گۇناھقا پاتقان ئادەم، — قوشۇپ قويدى ئۇ دېگۈدەك قىزغىنلىق بىلەن، — سەن شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكاركى، ھەممىدىن مۇھىمى، ئۆزۈڭنى بىكاردىن ـ بىكارغا نابۇت قىلدىڭ، ئۆزۈڭنى ساتتىڭ. بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ ! سەن ئىنتايىن يىرگىنچلىك، ئىپلاس تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىسەن، بۇ قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ ! شۇنداقلا ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن (كۆزۈڭنى ئارراق ئاچساڭلا، بولدى)، سەن مۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈش بىلەن ھېچكىمگە ياردەم قىلالمايسەن، ھېچكىمنى قۇتقۇزالمايسەن. قېنى، ماڭا ئۆز ئاغزىڭ بىلەن دەپ

بەرگىنە، — دېدى ئۇ دېگۇدەك ئەسەبىيلىك بىلەن، — مۇشۇنداق شەرمەندە، مۇشۇنداق پەسكەش تۇرمۇش بىلەن ئۇنىڭغا تامامەن ئوخشىمايدىغان پاك ھېسسىياتنى قانداق قىلىپ ۋۇجۇدۇڭغا سىغدۇرۇپ يۈرۈۋاتىسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈڭنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالساڭ، شۇ ئادىلراق بولماسمىدى. مىڭ مەرتىۋە ئادىل، مىڭ مەرتىۋە ئاقىلانە بولماسمىدى!

— ئۇنداقتا ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟ — زەئىپ ئاۋازدا سورىدى سونيە، ئۇ ئېغىر ئازاب ئىچىدە راسكولنىكوفقا قاراپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىدىن قىلچە ئەجەبلەنگەندەك قىلمىدى. راسكولنىكوف ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

ئۇ قىزنىڭ بىرلا قارىشىدىن ھەممىنى چۈشەندى. دېمەك، ئۇ ئاللىبۇرۇنلا شۇنى ئويلاپ قويغانىكەن - دە، ئېھتىمال ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن چاغلىرىدا ھاياتىنى قانداق ئاياغلاشتۇرۇشنى نۇرغۇن قېتىم ئەستايىدىل ئويلاشقاندۇ، شۇڭلاشقىمۇ راسكولنىكوفنىڭ ھازىرقى تەكلىپىدىن قىلچە ئەجەبلەنمىگەندۇ. ئۇ ھەتتا راسكولنىكوفنىڭ سۆزلىرىنىڭ نەقەدەر سوغۇق پەسلىكىگىمۇ دىققەت قىلمىدى (ئەلۋەتتە، ئۇ راسكولنىكوفنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەشتىكى نىيىتىگىمۇ، ئۆزىنىڭ شەرمەندىلىكىگە بولغان ئالاھىدە قارىشىغىمۇ دىققەت قىلمىدى. بۇنى راسكولنىكوف ئۆزىمۇ كۆرۈپ تۇراتتى)، بىراق ئۇنىڭغا شۇ نەرسە ئىنتايىن ئايان بولدىكى، سونيە ئۆزىنىڭ نامى بۇلغىنىپ شەرمەندە بولغانلىقىنى ئەسلىسىلا ئىنتايىن قاتتىق ئازابلىنىدىكەن، ھەتتا جاندىنمۇ تويۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ ئىش تۇپەيلى ئۇزۇندىن بۇيان ئازابلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنداقتا ئۇنى ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن تا بۈگۈنگىچە توسۇپ كېلىۋاتقان نەرسە نېمە، زادى نېمە؟ دەپ ئويلىدى راسكولنىكوف. ئۇ ئاشۇ بىچارە، گۆدەك يېتىملارنىڭ ۋە بەختسىز، چالا ساراڭ، سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، بېشىنى تامغا ئۇرىدىغان كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ سونيە ئۈچۈن

نەقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى تولۇق چۈشەندى.

لېكىن، سونيە خاراكتېرى ۋە ئالغان تەربىيەسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قانداقلا بولمىسۇن ئۇزۇنغىچە مۇشۇنداق كېتىۋېرەلمەيدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەنىكەن، ئۇنداقتا سونيە قانداق قىلىپ مۇشۇنداق مۇھىتتا شۇنچە ئۇزۇن ياشاپ تۇرۇپمۇ ساراڭ بولۇپ قالمىدى؟ بۇ تەرىپى راسكولنىكوفقا يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى. ئەلۋەتتە، سونيەنىڭ تەقدىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى بىر تاسادىپىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى، مۇنداق ھادىسە گەرچە بەختسىزلىك بولسىمۇ، ئايرىم، ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى، شۇنداقتىمۇ ئاشۇنداق تاسادىپىيلىق، ئۇ كۆرگەن ئاز ـ تولا تەربىيە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتى شۇ نەپرەتلىك يولغا قەدەم قويغان ھامان ئۇنى دەرھال ئۆلۈمگە ئىتتىرىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇنداقتا ئۇنى تۇتۇپ قالغان نەرسە زادى نېمە؟ ھەر ھالدا چۈشكۈنلىشىش ئەمەستۇ؟ جىمىكى شەرمەندىلەر ئۇنىڭغا پەقەت تاشقى جەھەتتىلا تەسىر قىلغان، ھەقىقىي رەزىللىك تېخى ئۇنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرمىگەن بولسا كېرەك. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈپ تۇراتتى؛ بۇ ھەرگىزمۇ چۈش ئەمەس، ئۇ قىز مانا ئالدىدا ئۇچۇقلا ئۆرە تۇرۇپتۇ.

«ئۇنىڭغا ئۈچ يول بار، ــ ئويلىدى ئۇ، ــ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاش، ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرىش ياكى... ياكى ئەقىلگە ئوغا بېرىپ، يۈرەك ـ باغرىنى مۇزلىتىپ، پاھىشەلىك يولىدا مېڭىۋېرىش.» راسكولنىكوف ئاخىرقى يولدىن بەكرەك نەپرەتلىنەتتى؛ لېكىن ئۇ گۇمانخور بولۇپ قالغانىدى، ئۇ تېخى ياش، رېئاللىقتىن چەتتە قالغان بولغاچقا، باغرى قاتتىقلاردىن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا قىزنىڭ ئاخىرقى يولدا مېڭىشى، يەنى پاھىشە بولۇپ قېلىۋېرىشى ئېھتىمالغا بەكرەك يېقىندەك كۆرۈندى.

«لېكىن، بۇ راستىمىدۇ؟ — ئۆزىمۇ خىتاب قىلدى ئۇ ئىچىدە، — روھىنىڭ پاكلىقىنى تېخىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان ئۇنىڭدەك بىر قىز ئەجەبا بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق پاسكىنا ئەۋرەزگە ئۆزىنى تاشلارمۇ؟ ئەجەبا شۇنداق بىر جەريان باشلانغانمىدۇ؟ ئەجەبا ئۇ رەزىللىك ئانچە بەك نەپرەتلىك تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، تا ھازىرغىچە چىداپ كەلگەنمىدۇ؟ ياق، ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! — خىتاب قىلدى ئۇ خۇددى بايا سونيە خىتاب قىلغاندەك، — ياق، شۇ چاغقىچە ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلىمىغان بولسا، دېمەك ئۇ گۇناھ بولىدۇ دەپ شۇنداق قىلمىدى، ئۇلارنى — ئاشۇ بالىلارنى دەپ شۇنداق قىلمىدى... ئەگەر ئۇ تا ھازىرغىچە ئەقلىدىن ئازمىغان بولسا... لېكىن كىم ئۇنى ئەقلىدىن ئازمىدى دېيەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئەقىل - ھوشى جايىدىمىدۇ؟ ئەجەبا ساق ئادەم ئۇنىڭدەك گەپ قىلامدۇ؟ ئەجەبا ئەقىل - ھوشى جايىدا ئادەم ئۇنىڭدەك پىكىر يۈرگۈزەمدۇ؟ ئەجەبا ھالاكەت گىردابىدا تۇرغان، ئۆزىنى بارغانسېرى تارتىپ كېتىۋاتقان سېسىق ئەۋرەزنىڭ بويىدا ئولتۇرغان بىر ئادەم خەقلەر خەۋپ - خەتەرنى دەپ بەرگەن تەقدىرىدىمۇ قۇلىقىنى يوپۇرۇپ، پەرۋا قىلماي ئولتۇرىۋېرەرمىدى؟ نېمە، ئۇ بىرەر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟ توغرا، چوقۇم شۇنداق. ئەجەبا، مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى تەلۋىلىكنىڭ ئالامەتلىرى ئەمەسمۇ؟»

ئۇ مانا شۇ پىكىرگە تەرسالىق بىلەن چىڭ چاپلىشىۋالدى. باشقا ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئۇ مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈشنى تېخىمۇ بەكرەك ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ قىزنى تېخىمۇ بەكرەك دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى.

— سونيە، سەن خۇداغا دائىم دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ تۇرامسەن؟ — سورىدى ئۇ قىزدىن.

سونيە جاۋاب بەرمىدى؛ ئۇ قىزنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتتى.

— خۇدايىم بولمىغان بولسا، مېنىڭ ھالىم نېمە بولار ئىدى دەڭە؟ — دېدى سونىيە پەس ئاۋازدا تېز ۋە جانلىق گەپ قىلىپ. ئۇ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن راسكولنىكوفقا لەپپىدە قاراپ قويدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى.

«ھە، راست شۇنداق ئىكەن !» ئويلىدى راسكولنىكوف.

— ئەمىسە خۇدا شۇنىڭ بەدىلىگە ساڭا نېمىلەرنى ئاتا قىلدى؟ — سورىدى ئۇ قىزنى يەنىمۇ سىناپ.

سونىيە گويا جاۋاب بېرەلمەيۋاتقاندەك خېلى ئۇزۇنغىچە جىم تۇردى. ئۇنىڭ زەئىپ كۆكرىكى ھاياجاندىن بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر پەسلەيتتى.

— بولدى قىلىڭ، سورىماڭ ! سىز بۇنىڭغا لايىق ئەمەس ! — بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى ئۇ راسكولنىكوفقا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ.

«راست شۇنداق ئىكەن، راست شۇنداق ئىكەن» تەكرارلىدى راسكولنىكوف ئىچىدە.

— ئۇ ھەممىگە قادىر ! — پەس ئاۋازدا ئىتتىك دېدى قىز يەنە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

«مانا مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش كېرەك ! دېمەك مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش توغرا ئىكەن !» دەپ ھۆكۈم قىلدى راسكولنىكوف قىزغا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىش بىلەن زەن سېلىپ.

راسكولنىكوف يېڭى، غەلىتە، كېسەللىك ھالىتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ھېسسىيات بىلەن قىزنىڭ تاتىراڭغۇ، ياداڭغۇ، قىرلىرى بۆرتۈپ چىققان ۋە ئانچە بەك قاملاشمىغان كەتمىگەن كىچىككىنە يۈزىگە، غەزەپنىڭ كۈچىدىن ھېلىمۇ تىترەپ تۇرغان نازۇك بەدىنىگە ۋە مۆلايىم كۆك كۆزلىرىگە زەن سېلىپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەر نۇرمۇ چاچالايتتى، جىددىي ھېسسىياتنىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلىيەلەيتتى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بارغانسېرى غەلىتىدەك، ئەقىلگە سىغمايدىغان نەرسىلەردەك تۇيۇلۇشقا

باشلىدى. «دىنىي تەلۋە، دىنىي تەلۋە!»① يېنىش - يېنىش ئويلىدى ئۇ.

بەش تارتمىلىق ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە قانداقتۇر بىر كىتاب تۇراتتى. راسكولنىكوف ئۇياق - بۇياققا مېڭىۋېرىپ، ھەر قېتىم ئۆتكۈچە شۇ كىتابقا دىققەت قىلغاچ ئۆتەتتى؛ مانا ئەمدى ئۇ شۇ كىتابنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقتى. «يېڭى ئەھد»نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ئىكەن. خۇرۇمدا مۇقاۋىلانغان بۇ كىتاب خېلىلا كونىرىغانىدى.

— بۇ نەدىن كېلىپ قالدى؟ — ۋارقىراپ سورىدى راسكولنىكوف ئۆينىڭ نېرىقى بېشىدا تۇرۇپ. سونيە ھېلىمۇ ئىلگىرىكى جايىدا ئۈستەلدىن ئۈچ قەدەم نېرىدا تۇراتتى.

— بىرسى ئەكېلىپ بەرگەن، — ئۇنىڭغا قارىماي زورمۇزور جاۋاب بەردى قىز.

— كىم ئەكېلىپ بەرگەن؟

— لىزاۋېتا ئەكېلىپ بەرگەن، ئۇنىڭدىن ئۆزۈم سورىغان.

«لىزاۋېتا! قىزىق!» ئويلىدى ئۇ. سونيەگە ئالاقىدار ھەممە ئىش ئۇنىڭغا مىنۇتسېرى غەلىتە ۋە چۈشىنىكسىز دەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇ كىتابنى شامنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— لازار ھەققىدىكى گەپلەر قەيەردە ئىدى؟ — سوراپ قالدى راسكولنىكوف.

سونيە تەتۈرلۈك قىلىپ يەرگە قاراپ تۇرۇۋېلىپ، جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ئۈستەلنىڭ سەل - پەل قىيا ئۇدۇلىدا ئۆرە تۇراتتى.

— لازارنىڭ تىرىلىشى بايان قىلىنغان يېرى قەيەردە ئىدى؟ ماڭا تېپىپ بەرگىنە، سونيە.

سونيە ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى.

① «دىنىي تەلۋە» — بۇ سۆز ئەسلىي ئەسەردە سارالڭ، تەلۋە دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

— ئۇ يەردە ئەمەس... تۆتىنچى پەند ـ نەسىھەتتە، — ئۇنىڭ ئالدىغا بارماي، سوغۇقلا جاۋاب بەردى قىز.

— شۇ يېرىنى تېپىپ، ماڭا ئوقۇپ بەر، — دېدى راسكولنىكوف. ئۇ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى ئۈستەلگە قويدى ـ دە، بېشىنى تىرىدى، ئاڭلاشقا تەييار بولۇپ، غەمكىن قىياپەتتە بىر چەتكە تىكىلدى.

«يەنە ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كىرىدۇ، قېنى مەرھەمەت! مەن ئۆزۈممۇ شۇ يەرگە بارسام كېرەك، ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك بىرەر ئىش يۈز بەرمىسە» ئۆزىگە ئۆزى غودۇڭشىدى راسكولنىكوف.

سونيە راسكولنىكوفنىڭ غەلىتە ئىلتىماسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي ئىككىلىنىپ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، نېمىلا بولمىسۇن ئىشقىلىپ كىتابنى قولغا ئالدى.

— سىز ئوقۇمىغانمىدىڭىز؟ — سورىدى سونيە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈستەلنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن راسكولنىكوفقا قاراپ.

— ئوقۇغىنىمغا ئۇزاق بولدى... مەكتەپتە چاغدا ئوقۇغان. قېنى ئوقۇ!

— چېركاۋدا ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟

— مەن... چېركاۋغا بارمايمەن. سەن دائىم بېرىپ تۇرامسەن؟

— ياق ـ ياق، — پىچىرلىدى سونيە.

راسكولنىكوف سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— چۈشەندىم... ئەمىسە ئەتە داداڭنىڭ دەپنە مۇراسىمىغىمۇ بارمامسەن؟

— بارىمەن. ئۆتكەن ھەپتىدىمۇ چېركاۋغا بارغان... بىرسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ئوقۇپ كەلدىم.

— كىمنىڭ روھىغا؟

— لىزاۋېتانىڭ. ئۇنى بىرسى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

روسكولنىكوفنىڭ نېرۋىسى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، بېشىمۇ قېيىشقا باشلىدى.

— لىزاۋېتا بىلەن بەك يېقىن ئۆتەمتىڭ؟

— ھەئە... ئۇ بەك ئوبدان قىز ئىدى... بۇ يەرگىمۇ كەلگەن... كۆپ كەلمەيتتى... بىرە ـ بىرە كېلىدىغان. ئىككىمىز بىللە «ئىنجىل»نى ئوقۇيتتۇق... پاراڭلىشاتتۇق. ئۇ تەڭرىنى كۆرەلەيدۇ①.

كىتابتىن ئېلىنغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ راسكولنىكوف قاتتىق ئەجەبلەندى، چۈنكى ئۇ يەنە بىر يېڭىلىقنى بايقىدى: ئۇ لىزاۋېتا بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى دىنىي تەلۋە ئىكەن.

«مەن ئۆزۈممۇ دىنىي تەلۋىگە ئايلىنىپ قالغىلى ئازلا قېلىپتىمەن! بۇ يۇقىدۇ» ئويلىدى ئۇ. «ئوقۇ!» بىردىنلا ۋارقىرىدى ئۇ قەتئىيلىك ۋە تەقەززالىق بىلەن.

سونيە يەنىلا ئىككىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. ئۇ راسكولنىكوفقا كىتاب ئوقۇپ بەرگىلى نېمىشقىدۇر جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. راسكولنىكوف «شور پېشانە ساراڭ قىز»غا ئازاب ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

— نېمە قىلىسىز؟ سىز ئىشەنمەيدىغان تۇرسىڭىز؟ — ئاستاغىنا پىچىرلىدى قىز خۇددى نەپىسى بوغۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك.

— ئوقۇ! مەن ساڭا ئوقۇ دەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ كېسىپ، — سەن لىزاۋېتاغا ئوقۇپ بېرىدىكەنسەنغۇ!

سونيە كىتابنى ئېچىپ، كېرەكلىك يېرىنى تاپتى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، ھەتتا ئاۋازىمۇ ئىچىدىن چىقمايتتى. ئۇ ئىككى قېتىم باشلاپ، ھەر ئىككىلا قېتىمدا بىرىنچى بوغۇمنى ئوقۇيالماي توختاپ قالدى.

---

① «يېڭى ئەھد. ماتتى پەند ـ نەسىھەتلىرى»دە: «نىيىتى پاك كىشىلەر بەختىنى تاپىدۇ، چۈنكى ئۇلار تەڭرىنىڭ دىدارىنى كۆرىدۇ» دېيىلگەن.

— لازار ئىسسىملىك بىر بىمار بار ئىدى، ئۇ ۋىفانىدا تۇراتتى[1]... — ئۇ ئاخىر غەيرەت قىلىپ ئوقۇدى، لېكىن ئۈچىنچى سۆزگە كەلگەندە، ئاۋازى بىردىنلا ئىنچىكىلەپ، خۇددى چىڭ تارتىلغان تار تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ئۈزۈلۈپ قالدى. نەپىسى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، يۈرىكى سىقىلىپ ئاغرىغاندەك قىلدى.

راسكولنىكوف سونيەنىڭ نېمىشقا ئۆزىگە كىتاب ئوقۇپ بەرگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئازراق سېزىپ قالدى. ئۇ بۇنى قانچىكى ئېنىق سەزگەنسېرى، سونيەنى كىتاب ئوقۇپ بېرىشكە شۇنچىكى قوپاللىق ۋە زەردە بىلەن قىستىدى. ئىچكى دۇنياسىدىكى ھەممە نېمىنى ئاشكارىلاش ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ سونيەگە نەقەدەر ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ چۈشەندىكى، مۇنداق ھېسسىيات ھەقىقەتەنمۇ سونيەنىڭ ھازىرقى ھەتتا ئىلگىرىكى سىرى. ئېھتىمال ئۇ نارەسىدە ۋاقتىدىلا، يەنى ئۆيىدە — بەختى قارا دادىسى ۋە غەم - قايغۇ دەستىدىن ئېلىشىپ قالغان ئۆگەي ئانىسى بىلەن بىللە ئاچ - يالىڭاچ ئىنى - سىڭىللىرىنىڭ ئارىسىدا ياشاپ، دەھشەتلىك ۋارقىراش - جارقىراشلارنى ۋە ئەيىبلەشلەرنى ئاڭلاپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا شۇنداقتۇر. لېكىن، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىر شۇنىمۇ ناھايىتى ئېنىق بىلدىكى، كىتابنى ئوقۇشقا باشلىغان چېغىدا يۈرىكى سىقىلىپ كېتىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمىدىندۇر ئەنسىرەۋاتقان بولسىمۇ، سونيەنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بەكلا ئوقۇغۇسى (گەرچە ئۇ يۈرىكى قاتتىق سىقىلىپ، قاتمۇقات ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ)، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرگۈسى، ئۇنىڭغا ئاڭلاتقۇسى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئوقۇپ بەرگۈسى بار ئىدى، «كېيىن نېمە بولسا بولمامدۇ!»... بۇنى راسكولنىكوف ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇقتى، ئۇنىڭ جانلىنىپ، ھاياجانلىنىپ

---

[1] «يېڭى ئەھد، يوھان پەند ـ نەسىھەتلىرى»دىن.

كېتىشلىرىدىن ئۇقتى... قىز ئۆزىنى تۇتۇپ، بىرىنچى ئايەتنى ئوقۇشقا باشلىغىنىدا گېلىغا تورۇۋېلىپ ئاۋازىنى چىقارماي قويغان نەرسىنى كۆچەپ يۇتۇپ «يوھان پەند ـ نەسىھەتلىرى»نى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ شۇ يوسۇندا 19 ـ ئايەتكىچە ئوقۇدى:

«يەھۇدىي قوۋمىدىن نۇرغۇن ئادەم مارفا بىلەن مەريەمگە كۆڭۈل ئېيتقىلى كېلىپ، ئاكىسىنىڭ يۈزىسىدىن ئۇلارغا تەسەللى بەردى. مارفا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. مەريەم ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدى. مارفا ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتى: ‹ئەي ئىگەم، ئەگەر سەن بالدۇرراق كەلگەن بولساڭ، ئىنىم ئۆلمەس ئىدى. لېكىن، مەن بۈگۈنگىچە بىلىمەنكى، سەن تەڭرىدىن نېمىنى تىلىسەڭ، تەڭرى ساڭا شۇنى ئاتا قىلىدۇ...›»

شۇ يەرگە كەلگەندە، قىز يەنە توختاپ قالدى، ئاۋازىنىڭ يەنە تىترەپ كېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى سېزىپ، خىجىل بولۇپ كەتتى.

«ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ئىنىڭ تىرىلىدۇ›».

«مارفا جاۋاب بەردى: ‹بىلىمەن. روزى قىيامەتتىكى تىرىلىش كۈنى كەلگەندە ئۇ تىرىلىدۇ.›»

«ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: ‹مەن تىرىكمەن، مەن ھاياتمەن. ماڭا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئۆلۈپ كەتسىمۇ، يەنە تىرىلىدۇ. تىرىك بولۇپ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ. سەن ماڭا ئىمان كەلتۈرەمسەن؟›»

«مارفا ئېيتتى (سونيە گويا قىينالغاندەك ئېغىر نەپەس ئالدى ۋە خۇددى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئاشكارا بايان قىلىۋاتقاندەك دانە ـ دانە قىلىپ جانلىق ئوقۇدى): ‹ئەي ئىگەم، ئىمان كەلتۈرىمەن. ئىمان كەلتۈرىمەنكى، سەن خىرىستوسسەن، تەڭرىنىڭ ئوغلىسەن، بۇ دۇنياغا كېلىشىڭنى بىز ئۈزاقتىن بۇيان كۈتكەن نىجاتكارسەن.›»

سونیه توختاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىتتىك بىر قاراپ قاقاقچى بولدى ـ يۇ، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. راسكولنىكوف مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئاڭلاپ ئولتۇرىۋەردى. بۇرىلىپمۇ قارىمىدى. بىلەكلىرىنى ئۈستەلگە تىرىگىنىچە، باشقا بىر جايغا قاراپ ئولتۇراتتى. قىز 32 ـ ئايەتكىچە ئوقۇدى.

«مەريەم ئەيسا ئەلەيھىسسالام تۇرغان جايغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ئەي ئىگەم، بالدۇرراق كەلگەن بولسا، ئىنىم ئۆلمەس ئىدى.› ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن يەھۇدىيلارنىڭمۇ يىغلىغانلىقىنى كۆردى. دىلىنى قايغۇ ئېزىپ، قاتتىق ئازابلاندى. ئۇلارغا ئېيتتى: ‹ئۇنى قەيەرگە قويدۇڭلار؟› ئۇلار ئېيتتى: ‹ئەي ئىگەم، ئۆزۈڭ كۆرگىن»، ئەيسا ئەلەيھىسسالام يىغلىدى. يەھۇدىيلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ ئېيتتى: ‹قاراڭلار ! ئۇ ئۇنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدۇ ـ ھە !› ئەمما ئۇلاردىن بەزىلىرى ئېيتتى: «ئۇ ئەمانى ساقايتقان يەردە، نېچۈن بۇ مۇردىغا جان ئاتا قىلالمىغاي؟›»

راسكولنىكوف قىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ھاياجان بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى: راست، دېگەندەك بولدى. قىز راستلا غال ـ غال تىترەپ، ھەقىقەتەن قىزىتمىسى ئۆرلەشكە باشلىدى. راسكولنىكوف مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىنبۇرۇن بىلگەنىدى. قىز ئوقۇپ ئەڭ بۈيۈك ۋە ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان كارامەت بايان قىلىنغان جايغا يېقىنلىشىپ قالغان، قەلبى غايەت زور شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەنىدى. ئاۋازى كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن شاد ـ خۇراملىق ۋە خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى، بۇ ئۇنىڭ ئاۋازىغا ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ بېغىشلىغانىدى. قىزنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قۇرلار پەقەت قارىيىپلا كۆرۈنەتتى، لېكىن ئۇ ئۆزى ئوقۇۋاتقان سۈرە ـ ئايەتلەرنى ياد بىلەتتى. ئۇ: «ئەمانى

ساقايتىقانىكەن، نېچۈن...» دېگەن ئاخىرقى ئايەتنى ئوقۇغان چېغىدا ئاۋازىنى پەسەيتىپ، كۆزى كور، تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرمىگەن يەھۇدىيلارنىڭ گۇمانىنى، ئەيىبلەشلىرىنى ۋە كايىشلىرىنى جۇشقۇن ھەمدە قىزغىن ئاۋاز بىلەن ئىپادىلىدى، ئۇلارنىڭ تېزدىن گويا چاقماق چۈشكەندەك ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يىغا - زارە قىلىپ ئۆز ئېتىقادلىرىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى... «مانا ئۇمۇ كور، تەڭرىگە ئىشەنمەيدۇ، ئۇمۇ مانا ھازىرلا ئاڭلايدۇ. تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ، شۇنداق شۇنداق! مانا ھازىر، مۇشۇ يەردىلا.» سونيە مانا شۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى، شادلىقنىڭ ۋە كۈتۈشنىڭ كۈچىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى.

«ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىسيار دەرد ئىچىدە قەبرىگاھقا كەلدى. قەبرىگاھ بىر غار ئىدى، غارنىڭ ئاغزى يوغان تاش بىلەن ئېتىكلىك ئىدى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام بۇيرۇدى: ‹تاشنى ئېلىۋېتىڭلار.› لازارنىڭ ئاچىسى مارفا ئېيتتى: ‹ئەي ئىگەم، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە تۆت كۈن بولدى. جەسەت سېسىپ كەتتى.›»

سونيە تۆت دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى.

«ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئېيتتى: ‹ئىمان كەلتۈرسەڭ، تەڭرىنىڭ ھۆرمىتىنى كۆرىسەن، دېمىگەنمىدىم؟› تاشنى ئېلىۋېتىشتى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام كۆككە قاراپ ئېيتتىكى: ‹ئەي پەدەر، دۇئا - تىلاۋەتلىرىم ساڭا يەتكىنى ئۈچۈن، شۈكۈر. مەن بىلىمەنكى، دۇئالىرىمنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىسەن، لېكىن مەن چۆرەمدە تۇرغانلارنى دەپ، ئۇلار مېنى روسۇل قىلىپ ئەۋەتكىنىڭگە ئىمان كەلتۈرسۇن دەپ شۇنداق دېدىم.› شۇنداق دېدى - دە، يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى: ‹لازار، بۇياققا چىققىن!› ھېلىقى مۇردا چىقتى.» سونيە مۇشۇ يەرگىچە يۇقىرى، تەنتەنىلىك ئاۋازدا ئوقۇپ كېلىپ، گويا ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تىترەپ، ئەندىكىپ كەتتى. «ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى كېپەن بىلەن ئورالغان، يۈزىمۇ كېپەن بىلەن

تېگىلغانىدى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: ‹يېشىۋېتىڭلار، ماڭسۇن.›»

«مەريەمگە كۆڭۈل ئېيتىپ كەلگەن يەھۇدىيلار ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كارامىتىنى كۆردى. ئۇلاردىن نۇرغۇنى ئىمان كەلتۈردى.»

قىز ئۇنىڭ نېرىسىنى ئوقۇمىدى ۋە ئۆزىمۇ ئوقۇيالمايتتى. ئۇ كىتابنى يېپىپ، ئورنىدىن تېزلا تۇرۇپ كەتتى.

— لازارنىڭ تىرىلگەنلىكى بايان قىلىنغان يېرىنى ئوقۇپ بولدۇم، — دېدى قىز پەس ئاۋازدا جىددىي، لېكىن سوغۇقلا قىلىپ، ئاندىن بۇرالدى ـ دە، راسكولنىكوفقا قاراشقا پېتىنالماي ۋە قاراشتىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك، مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىم تۇردى. ئۇنىڭ ھارارەتلىك تىترىشى تېخىچە بېسىلمىغانىدى. ئاڭغىچە قىيسىق شامدانغا قويۇلغان شام يېنىپ تۈگەيلا دەپ قالدى، ئۇنىڭ خىرە نۇرى بۇ غېرىبانە ئۆيدە ئاشۇ باقىي كىتابنى ئوقۇش سەۋەبىدىن غەلىتە يوسۇندا تېپىشىپ قالغان قاتىل بىلەن پاھىشە ئايالنى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئارىدىن بەش مىنۇت، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراق ۋاقىت ئۆتتى.

— مەن بىر ئىشنى دېگىلى كەلگەن، — دېدى راسكولنىكوف بىردىن قاپىقىنى تۈرۈپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سونيەنىڭ ئالدىغا كەلدى. سونيە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئۈن ـ تىنسىز قارىدى. راسكولنىكوفنىڭ قاراشلىرى ئالاھىدە قەتئىي ئىدى. قاراشلىرىدىن ئاللىقانداقتۇر كۈچلۈك ئىرادە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— مەن بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ يېقىن كىشىلىرىمنى تاشلاپ كەلدىم، — دېدى ئۇ، — ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ ئالدىغا بارمايمەن. ئۇلار بىلەن ھەممە مۇناسىۋىتىمنى ئۈزدۈم.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى سونيە، ئۇ تېخى يېقىندىلا راسكولنىكوفنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن

كۆرۈشكەندىن كېيىن، قەلبىدە ئۇ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان چوڭقۇر بىر تەسىرات قالغانىدى. راسكولنىكوفنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى ئۈزدۈم دېگىنىنى ئاڭلىغىنىدا، ئۇ قانداقتۇر بىر ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى.

— مېنىڭ ئەمدى سەندىن باشقا ھېچكىمىم قالمىدى، — قوشۇمچە قىلدى ئۇ، — بىز بىللە كېتەيلى... مەن سېنى دەپ كەلدىم. ھەر ئىككىلىمىز لەنەتكە قالغانلار. بىز بىللە كېتەيلى.

راسكولنىكوفنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، «ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» ئويلىدى سونيەمۇ.

— قەيەرگە بارىمىز؟ — ۋەھىمە ئىچىدە سورىدى قىز ئىختىيارسىز بىر قەدەم داجىپ.

— مەن نەدىن بىلەي؟ مەن ناھايىتى يولىمىزنىڭ بىر ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن، بۇ چوقۇم — پەقەت شۇلا. نىشانىمىز ئوخشاش !

قىز راسكولنىكوفنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈ-شىنەلمەي، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت راسكولنىكوفنىڭ ئىنتايىن بەختسىز ئىكەنلىكىنىلا چۈشىنەتتى.

— ئەگەر ئۇلارغا سۆزلەپ بەرسەڭ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چۈشەنمەيدۇ. لېكىن، مەن چۈشىنىمەن. مەن ساڭا موھتاج، شۇڭلاشقا سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم، — دېدى راسكولنىكوف سۆزىنى داۋام قىلىپ.

— مەن چۈشىنەلمەيۋاتىمەن... — پىچىرلىدى سونيە.

— كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن، ئاخىر سەنمۇ شۇنداق ئىشنى قىلمىدىڭمۇ؟ سەنمۇ سىزىقتىن چىقتىڭ... يولدىن چىقىپ كەتكەن بولۇشۇڭ مۇمكىن. سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ نابۇت قىلدىڭ، بىر جاننى... ئۆز جېنىڭنى نابۇت قىلدىڭ (بۇ بەرىبىر !). سەن ئەسلىدە مەنىۋى ۋە ئاقىلانە تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭ مۇمكىن ئىدى. لېكىن، سەن ئوت - چۆپ بازىرىدا ھاياتىڭنى ئاياغلاشتۇردۇڭ... لېكىن، سەن بۇنىڭغىمۇ چىدىمايسەن. ئەگەر

سەن يالغۇز ـ يېگانە بولغان بولساڭ، ماڭا ئـوخشاش ئەقـلـىڭدىـن ئـازاتتىڭ. سـەن ھازىرنـىـڭ ئۆزىـدىلا سـاراڭغا ئوخـشاپ قاپسـەن. شۇڭلاشقا، بىز بىللە كېتىشىمىز، بىر يولدا مېڭىشىمىز كېرەك! بىز كېتەيلى!

ــ نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق گەپلەرنى قىلىسىز! ــ دېدى سونيە. راسكولنىكوفنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلماقتا ۋە ئۇنى قانداقتۇر ساراسىمىگە سالماقتا ئىدى.

ــ نېمە ئۈچۈن؟ سەن مۇشۇنداق كېتىۋەرمەسلىكىڭ كېرەك، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن! باللاردەك يىغلاپ ئولتۇرماي، خۇدا يول قويمايدۇ، دەپ ۋارقىرىۋەتمەي، ئاخىرقى قېتىم جىددىي، توغرىدىن ـ توغرا ئويلىنىپ كۆرۈشۈڭ كېرەك! ئەگەر سەن ئەتىلا دوختۇرخانىغا كىرىپ قالساڭ قانداق بولىدۇ؟ ئاۋۇ خوتۇن ئەقلىدىن ئازغان، سىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. ئۇ پات ئارىدا ئۆلۈپ كەتسە، باللار قانداق قىلىدۇ؟ ئاخىر پولېچكا نابۇت بولۇپ كەتمەسمۇ؟ سەن ئانىلىرى مۇشۇ ئەتراپتىكى كوچا ـ كويلاردا تىلەمچىلىك قىلدۇرۇۋاتقان باللارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مەن شۇ ئانىلارنىڭ قەيەرلەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قانداق كۈن كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ يەرلەردە باللار باللىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ! ئۇ يەرلەردە يەتتە ياشلىق باللار بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئوغرى بولۇپ كەتكەن. ۋاھالەنكى، باللار خىرىستوسنىڭ ئوبرازىغۇ! «جەننەت شۇنداق ئادەملەرگە مەنسۇپ»[1]، ئەيسا بىزگە ئۇلارنى سۆيۈڭلار، ئۇلارنى ئىززەتلەڭلار، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى، دەپ بۇيرۇغانغۇ...

ــ ئەمىسە قانداق قىلاي، زادى قانداق قىلاي؟ ــ دېدى سونيە يېنىش ـ يېنىش، ئۇ ئەسەبىيلەرچە يىغلاپ ئۆز قوللىرىنى تولغىدى.

[1] «ئىنجىل، يېڭى ئەھد، ماتىي پەند ـ نەسىھەتلىرى»دە: «ئەيسا ئېيتتىكى، باللارنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتىڭلار، ئۇلارنى توسماڭلار. جەننەت شۇنداق ئادەملەرگە مەنسۇپ.» دېيىلگەن.

— قانداق قىلاي؟ بۇزۇشقا تېگىشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر يولىلا بۇزۇش كېرەك. شۇنداق قىلىش كېرەك. ئاندىن بۇنىڭ جەبىر - جاپاسىنى تارتىش كېرەك ! نېمە؟ سەن تېخىچە چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن... ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق، ئەڭ مۇھىمى ھوقۇق ! جىمىكى تىترەپ تۇرغان ھايۋانلارنى ۋە چۈمۈلىدەك لۆمشۈپ يۈرگەن جانلارنى باشقۇرىدىغان ھوقۇق !... مەقسەت مانا شۇ ! شۇنى ئېسىڭدە تۇت ! ساڭا دەيدىغان ۋەدالىشىش گېپىم شۇ. بەلكىم بۇ مېنىڭ ساڭا ئاخىرقى قېتىم گەپ قىلىشىم بولۇپ قالار. ئەگەر مەن ئەتە كەلمىسەم، ھەممە گەپنى ئۆزۈڭ ئاڭلايسەن، ئەمىسە ھازىر دېگەن گەپلىرىمنى ئېسىڭدە تۇت، بىرقانچە يىللاردىن كېيىن تۇرمۇشتا پىشساڭ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ گەپلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىسەن. ئەگەر ئەتە كېلەلىسەم، مەن ساڭا لىزاۋېتانى كىم ئۆلتۈرگەنلىكىنى دەپ بېرىمەن، خەير - خوش.

سونيە قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ كەتتى.

— كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى قىز قورققىنىدىن تەنلىرى شۈركىنىپ، ۋەھىمە ئىچىدە راسكولنىكوفقا قاراپ.

— بىلىمەن، ساڭا دەپ بېرىمەن... ساڭا، يالغۇز ساڭىلا دەپ بېرىمەن ! مەن سېنى تاللىدىم. مەن بۇ يەرگە ساڭا ئۆزرە ئېيتقىلى ئەمەس، شۇ ئىشنى دەپ بەرگىلى كەلگەن. شۇ ئىشنى دەپ بەرگىلى ئاللىبۇرۇنلا سېنى تاللىغان. ماڭا دادىڭ سەن توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرگەن، لىزاۋېتامۇ تېخى ھايات چاغدىلا، شۇنداق قىلىشنى ئويلاپ قويغان. خەير - خوش، ياق، قولۇڭنى بەرمە. ئەتە !

ئۇ چىقىپ كەتتى. سونيە ئۇنىڭغا خۇددى بىر ساراڭغا قارىغاندەك قاراپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ساراڭغا ئوخشاپ قالغانىدى ھەمدە بۇنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ تۇراتتى. «يا پەرۋەردىگار، لىزاۋېتانى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى

قانداق بىلىدىغاندۇ؟ بۇ گەپلىرىنىڭ مەنىسى زادى نېمىدۇ؟ نېمىدېگەن دەھشەت !» لېكىن، دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېخى ئۇنداق ئوي يوق ئىدى. ئەسلا يوق ئىدى ! «ئاھ، ئۇ تولىمۇ بەختسىز بولسا كېرەك !... ئۇ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى تاشلاپ كېتىپتۇ. نېمىشقا تاشلاپ كەتكەندۇ؟ نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ؟ ئۇ زادى نېمىلەرنى دېدى؟ ئۇ ئايغىمنى سۆيۈپ تۇرۇپ... مەن سېنىڭسىز ياشىيالمايمەن دېدى (راست، بۇ گەپنى ئۇ ئېنىق ئېيتتى)... شۇنداق دېدى... ئاھ... پەرۋەردىگار!»

سونيە كىچىكچە قىزىپ، جۆيلۈپ چىقتى. بەزىدە ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتەتتى، يىغلايتتى، غەمگە پاتاتتى، ئاندىن يەنە قىزىپ تۇرۇپ خىرە ـ شىرە ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇ چۈشىدە پولېچكانى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى، لىزاۋېتانى كۆردى، پەند ـ نەسىھەتلەرنى ئوقۇغانلىقىنى كۆردى... راسكولنىكوفنى كۆردى... ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چاقناپ تۇرارىمىش... ئۇنىڭ پۇتىنى سۆيەرىمىش، يىغلارىمىش... ئاھ، پەرۋەردىگار !

ئوڭ تەرەپتە، سونيەنىڭ ئۆيى بىلەن گېرترودا كارلوۋنا رېسلىخنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى بۆلۈپ تۇرىدىغان ئىشىكنىڭ كەينىدە ئۇزۇندىن بۇيان بوش تۇرۇۋاتقان بىر ئۆي بار ئىدى. بۇ ئۆي رېسلىخ خېنىمغا قاراشلىق ئۆينىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇنى ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن، ئىشىككە ئېلان تاختىسى ئېسىپ قويۇلغان، ئۆينىڭ قانال تەرەپكە قارايدىغان دېرىزىسىگىمۇ ئېلان چاپلاپ قويۇلغانىدى. شۇڭا سونيە بۇ ئۆينى ئۇزۇندىن بۇيان بوش تۇرۇۋاتقان ئۆي دەپ قاراپ، شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. لېكىن، نەق شۇ چاغدا جانابى سۋىدرىگايلوف ھېلىقى بوش ئۆينىڭ ئىشىكى كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، بولۇنغان گەپلەرنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ تۇردى. راسكولنىكوف چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىردەم تۇرۇپ باقتى. ئاززاق ئويلىنىۋېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ھېلىقى

بوش ئۆيگە ئارىتام ئۆز ئۆيىگە چىقتى ـ دە، بىر ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ، سونيەنىڭ ئۆيىگە تۇتاش ئىشىكنىڭ كەينىگە ئاستاغىنا قويۇپ قويدى. بولۇنغان گەپلەر ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقارلىق، تولىمۇ مۇھىم تۇيۇلدى. ئاڭلاپ بېقىپ ئىنتايىن قىزىقىپ قالدى. شۇڭلاشقا ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن، مەسىلەن ئالايلى، ئەتە ئاڭلاشقا توغرا كېلىپ قالسا، يەنە توپتوغرا بىر سائەت ئۆرە تۇرۇپ جاپا تارتماسلىق، بەلكى راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلاش، ھەممە جەھەتتىن تولۇق ھۇزۇر ئېلىش ئۈچۈن ئالايىتەن ئورۇندۇق ئەكىلىپ قويدى.

## 5

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن دەل سائەت ئون بىردە راسكولنىكوف C شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ تەيىيارلىق سوراق بۆلۈمىگە كىرىپ، پورفىرىي پېترووۋىچ بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۆزىنى شۇنچە ئۇزۇن ساقلاتقانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى، ئاز دېگەندىمۇ ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە، ئاندىن ئۇنى چاقىرىشتى. ئۇنىڭ قىياسىچە، ئۇلار ئۇنىڭغا شۇ ئانلا يوپۇرۇلۇپ كېلىشى كېرەكتەك قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ قوبۇلخانىدا ئولتۇردى. كىشىلەر ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇردى. شۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئىشخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئارىتام ئۆيدە بىرنەچچە كاتىپ نېمىلەرنىدۇر يېزىپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ راسكولنىكوفنىڭ كىملىكىنى، نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلمىسە كېرەك. راسكولنىكوف ئارامسىزلىنىپ ۋە قاتتىق شۈبھىلىنىپ، يېنىمدا بىرەر ساقچى بارمىدۇ، بىرەرى يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتامدىغاندۇ، بىرەرى مېنى قېچىپ كەتمىسۇن، دەپ پايلاۋاتامدىغاندۇ، دېگەندەك قىلىپ، ئەتراپىنى زەن سېلىپ

كۆزىتىپ چىقتى. لېكىن، پۈتۈنلەي ئۇنداق بولماي چىقتى: ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى پەقەت ئۆششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن خىزمەتچى خادىملار، يەنە باشقا بىر قىسىم ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى، ھەتتا ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە كېتىپ قالسىمۇ، نەگە بارغۇسى كەلسە شۇ يەرگە كېتىۋەرسىمۇ بولاتتى. ئۇ بارغانسېرى شۇنىڭغا كامىل ئىشەندىكى، ناۋادا تۈنۈگۈنكى غەلىتە، سىرلىق ئادەم، ھېلىقى يەردىن ئۈنگەن ئەرۋاھ راستىلا ھەممىنى كۆرگەن، ھەممىنى بىلىۋالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنى ـــ راسكولنىكوفنى مۇشۇ يەردە مۇشۇنداق تۇرغۇزۇپ قويارمىدى. مۇشۇنداق خاتىرجەم ساقلىتىپ قويارمىدى؟ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تاكى سائەت ئون بىرگىچە تاقەت قىلىپ تۇرارمىدى؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، بىر بولسا تۈنۈگۈنكى ئادەم ھازىرغىچە ئەھۋالنى دوكلات قىلمىدى. بىر بولسا... بىر بولسا... ئۇ ئۆزى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ھېچنېمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن (قانداق كۆرەلەيدۇ؟)، شۇڭلاشقا تۈنۈگۈن راسكولنىكوف دۇچ كەلگەن ئىشلار ناھايىتى ئۇنىڭ قوزغىۋېتىلگەن كېسەللىك ھالىتىدىكى تەسەۋۋۇرى كۆپتۈرۈۋەتكەن خىيالىي مەنزىرىدىنلا ئىبارەت خالاس، ھەتتا تۈنۈگۈن ئۇ قاتتىق ھولۇققان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن چاغدىمۇ مۇشۇنداق بىر قىياس ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئورنىتىلىشقا باشلىغانىدى. مانا ئەمدى ھەممىنى بىرقۇر ئويلاپ چىقىپ، يېڭى بىر جەڭگە تەييارلىنىۋاتقان چېغىدا، بىردىنلا ئۆزىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ لەنىتى پورفىرىي پېتروۋىچتىن قورقۇپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىۋىدى، غەزىپى قايناپ تاشتى. ئۇ ھەممىدىن بەكرەك ھېلىقى ئادەمگە ئۇچراپ قىلىشتىن قورقاتتى. راسكولنىكوف ئۇنى بەكمۇ يامان كۆرەتتى. ھەددىدىن زىيادە يامان كۆرەتتى. راسكولنىكوف مۇشۇنداق نەپرىتىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ شۇ قەدەر قاتتىق قەھر ـ غەزىپى كەلدىكى،

تىترىشى دەرھاللا توختاپ قالدى؛ ئۇ خانىغا ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمايدىغان سوغۇق ۋە ئەخلاقسىز ئادەمدەك كىرىشكە تەييارلىق قىلىپ قويىدى، ئىمكانقەدەر ئاز سۆزلەش، كۆپرەك كۆرۈش، كۆپرەك ئاڭلاش، ھېچبولمىغاندا خاپىغانلىق مىجەزىنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن يېڭىش قارارىغا كەلدى، دەل شۇ چاغدا بىرسى ئۇنى پورفىرىي پېترووۋىچ بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىردى.

پورفىرىي پېترووۋىچ ئىشخانىسىدا ئۆزى يالغۇز ئىكەن. ئىشخانا چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس ئىدى. كىلىيونكا بىلەن قاپلانغان دىۋاننىڭ ئالدىغا يوغان بىر يېزىق ئۈستىلى، بىر ئىش ئۈستىلى، بۇلۇڭغا كىتاب جازىسى، بىرنەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان — بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتنىڭ جاھازلىرى ئىدى. ھەممىسى پارقىرىتىلغان سېرىق ياغاچتىن ياسالغانىدى. ئارقا تەرەپتىكى تامدا، توغرىراقى توسۇق تامدا يەنە بىر ئىشىك چىڭ يېپىقلىق تۇراتتى. دېمەك، توسۇق تامنىڭ كەينىدە يەنە باشقا ئۆيلەر بار ئىدى. راسكولنىكوف كىرىشكە، پورفىرىي پېترووۋىچ ئىشىكنى يېپىپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشخانىدا ئىككىيلەن قالدى. پورفىرىي پېترووۋىچ مېھمىنىنى قارىماققا ئىنتايىن خۇشال ۋە مۇلايىملىق بىلەن كۈتۈۋالدى، ئاردىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندە راسكولنىكوف بەزىبىر ئالامەتلەردىن پورفىرىينىڭ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى — ئۇ خۇددى كۈتمىگەندە ئېلىشتۇرۇۋېتىلگەن يا بولمىسا، قانداقتۇر مەخپىيىتىنى خەق سېزىپ قالغان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ھە، تولىمۇ قەدىرلىك دوستۇم! سىزمۇ... بىز ياقلارغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قاپسىز، — دېدى پورفىرىي ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى سۇنۇپ، — قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئۇكا... بەلكىم سىز باشقىلارنىڭ تولىمۇ قەدىرلىك دوست دېيىشىنىمۇ ياكى يېقىنچىلىق قىلىپ... ئۇكا دېيىشىنىمۇ خالىمايدىغانسىز؟ مېنى بەكلا ئامراقلىق قىلىپ كەتتى دەپمۇ قالماڭ... قېنى بۇياققا كېلىڭ، دىۋانغا.

راسكولنىكوف ئولتۇرۇپ، كۆزىنى ئۇزمەستىن ئۇنى كۆزەتتى.

«بىز ياقلارغا» دېيىشى بەكلا يېقىنچىلىق قىلغىنىغا ئۆزرە ئېيتىشى، «يېقىنچىلىق قىلىپ» دېگەن سۆزلەر ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى تېپىك ئالامەتلەر. «ئۇ ماڭا ئىككى قولىنى سۇندى ـ يۇ، قول ئېلىشىشىپ كۆرۈشمىدى، دەرھال تارتىۋالدى.» ئۇ بىردىنلا خۇدۇكسىرەشكە باشلىدى. ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى كۆزلىرى ئۇچراشقان ھامان چاقماق تېزلىكىدە ئەيقىچىشاتتى.

ــ سىزگە مۇنۇ ئىلتىماسنى ئەكېلىۋىدىم... ھېلىقى سائەت توغرۇلۇق... مانا! كۆرۈپ بېقىڭ، يازغىنىم بوپتۇمۇ ياكى باشقىدىن كۆچۈرۈپ چىقايمۇ؟

ــ نېمە؟ ئىلتىماس؟ شۇنداق، شۇنداق... ئاۋارە بولماڭ، مۇشۇ يازغىنىڭىز بولىدۇ، ــ دېدى پورفىرىي پېتروۋىچ خۇددى بىرەر جايغا بارغىلى ئالدىراپ تۇرۇۋاتقان ئادەمدەك، ئاندىن ئىلتىماسنى قولىغا ئېلىپ قاراپ قويدى، ــ شۇنداق، مۇشۇ يازغىنىڭىز بولىدۇ، باشقا ھېچنېمىنىڭ لازىمى يوق، ــ دېدى ئۇ تەستىقلاپ، يەنىلا ئىتتىك ـ ئىتتىك گەپ قىلىپ، ئۇ ئىلتىماسنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن، گەپ باشقا تېمىغا ئۆتكەندە، ئىلتىماسنى يەنە ئۈستەلدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىش ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

ــ تۈنۈگۈن سىز... مېنىڭ ھېلىقى... ئۆلتۈرۈلگەن خوتۇن بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىمنى... رەسمىي يوسۇندا... سورىماقچىدىم، دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز، ــ دېدى راسكولنىكوف يەنە گەپ باشلاپ. «نېمىشقا دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز دەپ يۇرىدىغاندىمەن» دېگەن بىر ئوي ئۇنىڭ خىيالىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ئارقىدىنلا «دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز دەپ قويغىنىمغا نېمىشقا مۇنچىۋالا تەقەززا بولۇپ كېتىمەن» دېگەن باشقا بىر ئويمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن چاقماق

تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ پورفىرىي بىلەن ئەمدىلا ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشا ـ قىلىشمايلا، ئۆزىدىكى گۇمانخورلۇقنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا سېزىپ قالدى... بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى: ئۇنىڭ نېرۋىسى جىددىيلەشكەنسېرى كەيپى ئۆرلەپ تاقىتى تاق بولۇپ كېتەتتى. «چاتاق بولدى! چاتاق بولدى!... يەنە ئاغزىمدىن كەتكۈزۈپ قويىدىغان بولدۇم.»

ــ شۇنداق، شۇنداق، شۇنداق! تەشۋىشلەنمەڭ! ۋاقتىمىز كۆپ، ۋاقتىمىز كۆپ، ــ دېدى پورفىرىي پېترووۋىچ غىڭشىپ، نېمىشقىدۇر ئۇ ھېچقانداق مەقسىتى بولمىسىمۇ، يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ، بىردەم دېرىزە ئالدىغا باراتتى، بىردەم ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا باراتتى، بىردەمدە يەنە يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا يېنىپ كېلەتتى. تۇرۇپ شۇبھە بىلەن قاراپ تۇرغان راسكولنىكوفنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، تۇرۇپ بىر ئىزىدا توختاپ راسكولنىكوفقا تىكىلىپ قاراپ قالاتتى. ئۇنىڭ پاكار ۋە تولۇققىنا كەلگەن يۇمىلاق گەۋدىسى تولىمۇ غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئۇ بەئەينى بىر يومىزەكتەك ھەر تەرەپكە دومىلاپ باراتتى ـ دە، شۇ ئانلا يەنە جىمىكى تامدىن ۋە بۇلۇڭدىن قاڭقىپ يېنىپ كېلەتتى.

ــ ئۈلگۈرىمىز، ئۈلگۈرىمىز... تاماكا چېكەمسىز؟ تاماكىڭىز بارمۇ؟ مانا، بىر تال چېكىپ قويۇڭ... ــ داۋام قىلدى ئۇ مېھمانغا بىر تال تاماكا سۇنۇپ، ــ بىلەمسىز، سىز بىلەن مۇشۇ يەردە كۆرۈشۈۋاتقىنىم بىلەن، خانام مانا بۇ يەردە توسۇقنىڭ كەينىدە... ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيى. لېكىن، ھازىر ۋاقىتىنچە شەخسىيلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن. بۇ يەرنى ئازراق رېمونت قىلىشقا توغرا كەلگەن. ھازىر پۈتەي دەپ قالدى... بىلەمسىز، ھۆكۈمەت ئۆيى دېگەن ئەڭ ياخشى نەرسە، شۇنداقمۇ؟ سىز قانداق قارايسىز؟

ـــ شۇنداق، ئەڭ ياخشى نەرسە، ـــ جاۋاب بەردى راسكولنىكوف ئۇنىڭغا گويا مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك قاراپ.

ـــ ئەڭ ياخشى نەرسە، ئەڭ ياخشى نەرسە... ـــ تەكرارلىدى پورفىرىي پېترووۋىچ خۇددى بىردىنلا يەنە پۈتۈنلەي ئالاقىسى يوق باشقا بىر ئىش توغرۇلۇق ئويلاۋاتقاندەك قىلىپ، ـــ شۇنداق ! ئەڭ ياخشى نەرسە ! ـــ ئاخىر بېرىپ ئۇ ۋارقىرىۋەتكىلى قىل قالدى. ئۇ بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، راسكولنىكوفقا قاراپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم نېرىدا توختىدى. تېخى ھېلىلا ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيى ئەڭ ياخشى نەرسە، دېگەن ئەخمىقانە گەپنى يېنىش ـ يېنىش تەكرارلىغان بۇ ئادەم مانا ئەمدى ئۆز مېھمىنىغا جىددىي، ئويچان، سىرلىق نەزەردە قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ قارىشى بايىقى چاكىنىلىقىغا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى.

لېكىن، مۇشۇنداق مۇئامىلە راسكولنىكوفنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ بەكرەك قايىنىتىۋەتتى ـ دە، ئۇ زادىلا چىدىيالماي قالدى. مەسخىرىلىنىشنىڭ ئەنتىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ خېلىلا ئېھتىياتسىزلىق بىلەن جەڭگە ئاتلانماي تۇرالمىدى.

ـــ بىلەمسىز، ـــ بىردىنلا سوردى ئۇ پورفىرىيغا تەكەببۇرلۇق بىلەن تىك قاراپ ۋە ئۆزىنىڭ تەكەببۇرلۇقىدىن لەززەتلەنگەندەك بولۇپ، ـــ نەزىرىمچە، قانۇنشۇناسلىقتا شۇنداق بىر قائىدە، شۇنداق بىر ئۇسۇل باردەك قىلغان، ئۇ بارلىق تەرگەۋچىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا گەپ يىراقتىن باشلىنىپ يېقىنغا تارتىپ كېلىنىدۇ. ئۇششاق ئىشلاردىن باشلىنىپ چوڭ ئىشلارغا ئۆتۈلىدۇ ۋە ياكى گەپنى چوڭ ئىشلاردىن باشلىغان تەقدىردىمۇ، قىلچە ئالاقىسى يوق ئىشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوراق قىلىنغۇچى ۋەسۋەسىگە سېلىنىدۇ ياكى توغرىراقى سوراق قىلىنغۇچىنىڭ دىققىتى چالغىتىلىدۇ، ھوشيارلىقى بوشاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ھايات ـ ماماتقا مۇناسىۋەتلىك سوئال قويۇلۇپ، كۈتمىگەندە ئۇستىدىن چۈشكەندەك ئۇيقۇسى ئېچىپ قويۇلىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ بارلىق

قائىدە ۋە كۆرسەتمىدە تا بۈگۈنگىچە تىلغا ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان مۇقەددەس قانۇنىيەت ئەمەسمۇ؟...

— شۇنداق، شۇنداق... ئۇنداقتا سىز مېنى گەپنى ھۆكۈمەت ئۆيىدىن باشلاپ... شۇنداقمۇ؟ — پورفىري پېتروۋىچ شۇ گەپنى دەپ بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قويىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ۋە مۇغەمبەرلىك ئالامىتى غىل - پال پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. پېشانىسىدىكى قورۇقلىرى تەكشىلىنىپ، كۆزلىرى قىسىلىپ، يۈزى سوزۇلدى. ئۇ بىردىنلا ئەسەبىيلەرچە قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى، كۈلگەندىمۇ ئۇزاقتىن - ئۇزاق، پۈتۈن گەۋدىسىنى سىلكىتىپ، راسكولنىكوفنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ كۈلدى. راسكولنىكوفمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ زورمۇزور كۈلدى؛ لېكىن پورفىري ئۇنىڭمۇ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ قاتتىق كۈلدى. يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن راسكولنىكوفنىڭ بىردىنلا قوزغالغان نەپرىتى بارلىق ئېھتىياتچانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشتى. ئۇ كۈلكىسىنى توختىتىپ قاپىقىنى تۈرۈپ، پورفىرىيغا ھومىيىپ قارىدى. قارىغاندىمۇ ئاتايىتەن توختىماي، كۈلكىسىنى ئۇزاققا سوزۇۋاتقان پورفىرىيغا كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئىككىلا تەرەپ ئانچە بەك ئېھتىياتچانلىق قىلىپمۇ كەتمىدى. پورفىري پېتروۋىچ مېھمىنىنى يۈزىدىن يۈزىگە مەسخىرە قىلغاندەك ئىش قىلدى. مېھمىنى بولسا، مۇنداق كۈلكىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى؛ لېكىن پورفىري بۇنىڭغا ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى. بۇ ئىش راسكولنىكوفنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىدى: راسكولنىكوف پورفىري پېتروۋىچنىڭ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا، تورغا چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشەندى؛ بۇ يەردە ئۇ بىلمەيدىغان قانداقتۇر بىرنەرسە، قانداقتۇر بىر مەقسەت باردەك قىلاتتى. ئېھتىمال ھەممە ئىش تەخمۇتەخ قىلىپ قويۇلغاندۇ. ھازىرلا ھەممە نېمە ئايان بولۇپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا كالتەك

كېلىپ تېگەر...

راسكولنىكوف دەرھاللا مەسىلىنى توغرىدىن - توغرا ئوتتۇرىغا قويۇش قارارىغا كەلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قالپىقىنى قولىغا ئالدى.

— پورفىري پېتروۋىچ، — دېدى ئۇ گەپنى كەسكىن قىلىپ ۋە خېلىلا قاتتىق تاقەتسىزلىنىپ، — تۈنۈگۈن سىز مېنىڭ قانداقتۇر بىر سوراققا كېلىشىمنى ئۈمىد قىلىۋىدىڭىز، — ئۇ سوراققا دېگەن سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى، — مانا مەن كەلدىم، ئەگەر مەندىن بىرنېمىلەرنى سورىماقچى بولسىڭىز، قېنى سوراڭ؛ ئەگەر سورىغۇدەك بىرنەرسە بولمىسا، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، كېتەي. مېنىڭ ۋاقتىم يوق، ئىشىم بار... مەن ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى خىزمەتچىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا بېرىشىم كېرەك، ئۇ ئادەمنى سىزمۇ... بىلىسىز... — راسكولنىكوف شۇلارنى دېدى - يۇ، لېكىن شۇ گەپنى قوشۇپ قويغىنىغا شۇ ئانلا ئاچچىقى كەلدى. ئارقىدىنلا تېخىمۇ بەكرەك تاقەتسىزلىنىپ كەتتى، — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن تويدۇم، ئاڭلىدىڭىزمۇ، بۇرۇن - قۇلىقىمغىچە تويدۇم... ئاغرىپ قېلىشىمغىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر شۇ ئىشى سەۋەبكار... قىسقىسى... — دېدى ئۇ ئاغرىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەرنىڭمۇ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ۋارقىراپ دېگۈدەك گەپ قىلىپ، — قىسقىسى، سورايدىغانلىرىڭىز بولسا سوراڭ، بولمىسا كەتكىلى قويۇڭ... ئەگەر سورىماقچى بولسىڭىز، رەسمىيەت بويىچە بولۇشى كېرەك! بولمىسا يول قويمايمەن؛ شۇڭلاشقا ھازىرچە خەير - خوش، چۈنكى بىزنىڭ ھازىرلا قىلغۇدەك ئىشىمىز يوق ئىكەن.

— ۋاي خۇدايىم! بۇ نېمە قىلغىنىڭىز! سىزدىن سورىغۇدەك نېمە ئىش بولسۇن؟ — دېدى پورفىري پېتروۋىچ بىردىنلا خىرقىراپ كۈلۈپ ۋە گەپنىڭ تەلەپپۇزىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ كۈلكىسىنىمۇ توختىتىپ، — بولدىلا ئالدىرىماڭ، — ئۇ يەنە

پايپېتەك بولۇپ، تۇرۇپلا ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭـاتتى، تۇرۇپـلا يەنە ئۇشتۇمتۇت راسكولنىكوفنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتـى، ـــ تۇرۇپ تـۇرۇڭ، تـۇرۇپ تۇرۇڭ، بۇلارنـىـڭ ھەممـىـسى ئۇشـشـاق ئىشلار ! ئـەكسىچـە، بىز ياقـلارغا كەلـگـىنىڭـىزگە ئـىـنتايـىـن خۇرسەنـمەن... سىز مېنىڭ مېھمىنىم. بۇ لـەنىتى كـۆلكىگـە كەلسەك، مېنى كەچۈرۈڭ. رودىئون رومانوۋىچ ئۇكا. رودىئـون رومانوۋىچقۇ ـ ھە؟ دادىڭىزنىڭ ئىسمى شۇنداقتەك ئىدى... مـەن بەكلا ئەسەبىي ئادەم، سىزنىڭ ئۆتكۈر پىكرىڭىزگە بەكلا كۈلگـۈم كەلدى. راست دەۋاتىمەن، بەزىدە قاراڭ خۇددى رېزىنكىدەك، بىـر كۈلگەندە يېرىم سائەتكىچە كۈلۈپ، تىترەپ كېتىمەن... مـەن بەكلا كۈلگۈنچەك، مۇشۇ سېمىزلىكىم بىلەن بىر كۈنى بولمىسـا بىر كۈنى پالەچ بولۇپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. قېنـى ئولتۇرۇڭ، نېمىشقا ئولتۇرمايسىز؟... قېنـى ئولتۇرسىڭىزچـۇ، بولمـىـسا، مەندىـن رەنجىـپ قـالغـان ئـوخشايدۇ، دەپ ئـويـلاپ قالىمەن.

راسـكولنىكوف تېخىچە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، گـەپ ـ سـۆز قىلماي، گـەپكە قۇلاق سېلىـپ ۋە ئـۇنى كـۆزىتـىـپ تۇراتتـى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئولتۇردى. لېكىن، قالپىقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇردى.

ـــ مـەن سىزگـە، رودىئـون رومانوۋىـچ ئۇكا، ئۆزۈمـنىڭ بـىـر ئىـشىنى سۆزلەپ بېـرەي. مـۇنداقچـە ئېيتـسام، ئۆزۈمـنىـڭ تەبىئـىتىمنـى چۈشەندۈرۈپ ئـۆتەي، ـــ داۋام قىلـدى پورفىرىـي پېتروۋىچ ئۆيدە ئىتتىك ـ ئىتتىك ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىـپ ۋە ئىلگىرىكىدەكلا ئۆزىنى مېھمانىنىڭ كۆزىدىـن قاچۇرۇشقـا تىرىشـىـپ، ـــ بىلـەمـسىز، مـەن بـىـر بويتـاق، ھېچـنېمىگـە ئەرزىمەيدىغان، نامىمۇ چىقمىغان ئادەم. ئـۇنىڭ ئۈسـتىگە مـەن كۆكلەپ چەككە يېتىپ، مۇقىملىشىپ كەينىمگە قاراپ كېتىۋاتقـان ئادەم، ئـۇنىڭ ئۈستىگە... ئـۇنىڭ ئـۈسـتىگـە... سىـز دىققـەت قىلدىڭىزمىكىن، رودىئون رومانوۋىچ، بىزنىڭ بۇ يەردە ـــ مـەن

بىزنىڭ رۇسىيەنى دەۋاتىمەن ــ بولۇپمۇ بىزنىڭ پېتېربۇرگ دائىرىسىدە، ئەگەر بىر ـ بىرى بىلەن ئانچە بەك تونۇش بولمىسىمۇ، نېمە دېسەم بولار، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ــ مەسىلەن، خۇددى سىز بىلەن ماڭا ئوخشاش ــ ئىككى ئەقىللىك ئادەم ئۇچرىشىپ قالسا، يېرىم سائەت ئولتۇرۇپمۇ گەپلەشكۇدەك گەپ تاپالماي قېلىشىدۇ ــ بىر ـ بىرىگە قاراپ شۈك ئولتۇرۇپ قېلىپ، ھەر ئىككىسى قاتتىق ئوڭايسىزلىنىدۇ. ھەممىلا ئادەم سۆزلەشكۇدەك تېما تاپالايدۇ، مەسىلەن ئالايلى، خانىملار توغرۇلۇق بولامدۇ... يۇقىرى تەبىقىدىكى گەپ ـ سۆزلىرى نازاكەتلىك كىشىلەر توغرۇلۇق بولامدۇ، ئىشقىلىپ گەپلەشكۇدەك گەپ تاپالايدۇ. ئەزەلدىن شۇنداق، لېكىن بىزگە ئوخشاش ئوتتۇراھال ئادەملەر ــ پىكىر قىلالايدىغان ئادەملەرنى دەۋاتىمەن ــ ھەممىسى تارتىنچاق، كەم سۆز كېلىدۇ. نېمىشقا شۇنداق ـ ھە، ئۇكا؟ بىز ئومۇمەن ئىشلىرىغا قىزىقمامدۇق ياكى بەكلا سەممىيلىكىمىزدىن بىر ـ بىرىمىزنى ئالداشنى خالىمامدۇق؟ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. ھە؟ سىز قانداق قارايسىز؟ قالپىقىڭىزنى قويۇپ قويسىڭىزچۇ، خۇددى ھازىرلا كېتىدىغاندەك، بەكلا ئوڭايسىزلىنىدىكەن كىشى... ئەكسىچە، مەن بەك خۇرسەن...

راسكولنىكوف قالپىقىنى قويۇپ قويدى، يەنىلا چىرايىنى ئاچماي، پورفىرىينىڭ بىر ـ بىرىگە زىت قۇرۇق گېپىگە ئۇن ـ تىنسىز قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. «ئۇ راستىلا تاقىقا ـ تۇقىقا گەپلىرى بىلەن مېنىڭ دىققىتىمنى چالغىتماقچىمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ــ سىزگە قەھۋە قۇيۇپ بېرەي دېسەم، بۇ يەر مۇۋاپىق ئەمەس؛ لېكىن، سىزدەك دوستۇم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بەش مىنۇت ئۇيان ـ بۇياندىن پاراڭلاشسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ ــ توختىماي ۋالاقلىدى پورفىرىي، ــ بىلەمسىز، ئومۇمەنىڭ جىمىكى ئىشلىرى... ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، مەن ئۆيدە توختىماي

ئۇياق ـ بۇياقتا مېڭىپ تۇرىمەن، كەچۈرۈڭ. ئۇكا، مەن ھەممىدىن بەكرەك سىزنى رەنجىتىپ قويمىغىيدىم دەپ ئەنسىرەيمەن. لېكىن، ھەرىكەتلىنىپ تۇرمىسامMۇ بولمايدۇ. دائىم ئولتۇرىمەن دەڭە، شۇڭا بەش مىنۇت ھەرىكەت قىلىپ قويۇشنى بەك ياقتۇرىمەن... بۇۋاسىر دېگەن كاساپەت... گىمناستىكا ئارقىلىق داۋالىناي دەپ يۈرۈۋاتىمەن؛ ئاڭىسام، ھەقىقىي ئىستاتىس مەسلىھەتچىلەر ھەتتا مەخپىي ئىستاتىس مەسلىھەتچىلەر، ئارغامچىدىن سەكرەپ ئويناشقا بەك ئامراقمىش. قاراڭ، زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەن نەقەدەر قالتىس ـ ھە !... شۇنداق... بۇ يەردىكى ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا كەلسەك، سوراق دەمسىز، بارلىق رەسمىيەتلەر دەمسىز... ئۇكا، ئۆزىڭىزمۇ بايا سوراقنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز... بىلەمسىز، رودسىئون رومانوۋىچ ئۇكا، بۇ سوراقلار، راست دەيمەن، بەزىدە سوراق قىلغۇچىنى سوراق قىلىنغۇچىدىنمۇ بەكرەك ئېلىشتۇرۇۋېتىدۇ. مۇشۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئۇكا، بايا سىز ئۆتكۈر پىكرىڭىزنى تامامەن توغرا ۋە ئىنتايىن چىرايلىق بايان قىلدىڭىز (راسكولنىكوف مۇنداق پىكرنى زادىلا بايان قىلىپ باقمىغانىدى). ئادەمنى ئېلىشتۇرۇۋېتىدۇ ! راست دەيمەن. كاللىڭىزنى قاپاق قىلىۋېتىدۇ ! بىر گەپنى ئۇياقتا ئايلاندۇرۇپمۇ، بۇياقتا ئايلاندۇرۇپمۇ دەۋېرىدۇ ! خۇددى بارابان چالغاندەك ! ھازىر ئىسلاھات بولۇۋاتىدۇ، بىزمۇ ھېچبولمىغاندا ئىسمىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك بولماس ![1] ھى ـ ھى ـ ھى ! بىزنىڭ قانۇنشۇناسلىقىمىزدىكى ئۇسۇللارغا كەلسەك — خۇددى سىز ناھايىتى چىرايلىق بايان قىلغاندەك — سىزنىڭ پىكرىڭىزگە تامامەن قوشۇلىمەن. ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭچۇ، ئومۇمەن

① رۇسىيەدە 1864 ـ يىلى ئەدلىيە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، سوت مەمۇرىي ئورگاندىن ئايرىلىپ چىقىپ، سوت قىلىش فونكسىيەسىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدىغان بولدى، شۇنداقلا ئىلگىرى ساقچى ئىدارىسىگە قارايدىغان تەييارلىق سوراق بۆلۈمىمۇ ساقچى ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى، سوتقا قارىدى.

جاۋابكارلارنى، ھەتتا ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق سەھرالىقلارنى ئالايلى، بۇ ئۇسۇللارنى شۇلاردىن قايسىبىرى بىلمەيدۇ — بىلىدۇ، باشتا ساپلا ئالاقىسى يوق سوئاللار بىلەن ھوشيارلىقىنى يوقىتىدۇ (بۇ گەپنى سىز تازا جايىدا ئېيتتىڭىز)، ئاندىن ئۇشتۇمتۇت كاللىسىغا بىرنى سالىدۇ، يەنە كېلىپ پالتىنىڭ چۇلدىسى بىلەن دەڭگە، ھى - ھى - ھى! سىزنىڭ تازا جايىغا چۈشكەن ئوخشىتىشىڭىز بىلەن ئېيتسام، قاق چوققىسىغا سالىدۇ! ھى - ھى - ھى! مەن ھۆكۈمەت ئۆيىنىڭ گېپىنى قىلسام، سىز مېنى راستلا... ھى - ھى - ھى! كىنايىگە بەك ئۇستىكەنسىز! بولدىلا، بۇ گەپنى قوياي! ھە راست، مۇنداقلا دەپ ئۆتەي... بىر گەپتىن يەنە بىر گەپنى ئەسلەپ قالدىم، بىر ئوي يەنە بىر ئوينى تۇغدۇردى، سىز بايا رەسمىيەتنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز... بىلەمسىز، سوراق قىلىش رەسمىيىتى توغرۇلۇق... رەسمىيەت بويىچە بېجىرسە نېمە بوپتۇ؟ ماڭا قاراڭ، رەسمىيەت دېگەن نۇرغۇن ئەھۋاللاردا قۇرۇق جۆيلۈش، بەزى چاغلاردا، دوستانە سۆھبەتنىڭ پايدىسى كۆپرەك بولىدۇ. رەسمىيەتنى چوقۇم ئۆتەش كېرەك، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ؛ سىزدىن سوراپ باقاي، ئەمەلىيەتتە رەسمىيەت دېگەننىڭ ئۆزى نېمە؟ بىر تەرگەۋچىنى قەدەمدە بىر رەسمىيەت بىلەن چۈشەپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەن سىزگە ئېيتسام، تەرگەۋچىلىك خىزمىتى ئۆزىگە يارىشا ئەركىن سەنئەت ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنەرسە... ھى - ھى - ھى!

پورفىرىي پېتروۋىچ نەپسىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن گېپىنى توختاتتى. باياتىن ئۇ تىنماي سۆزلەپ، شۇنچە نۇرغۇن گەپنى قىلىۋەتتى. بىر تۇرۇپ بىرمۇنچە مەنىسىز گەپلەرنى قىلسا، بىر تۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز تېپىشماقتەك چۈشىنىكسىز گەپنى قىلدى. ئارقىدىن يەنە قاملاشمىغان گەپلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى. سېمىز پۇتلىرى بىلەن بارغانسېرى ئىلدام چامداپ، ئوڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ، سول قولى بىلەن ئاغزىدىن چىقىۋاتقان

گەپلەرگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىۋەردى. راسكولنىكوف ئۇنىڭ ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغان ئارىلىقتا، ئىشىك ئالدىدا ئىككى قېتىم ھايال بولۇپ، نېمىگىدۇر قۇلاق سالغاندەك قىلغىنىنى تۇيۇقسىزلا بايقاپ قالدى. ئۇ بىرەر نەرسىنى كۈتۈۋاتامدىغاندۇ؟»

— سىزنىڭ گېپىڭىز ھەقىقەتەن ئىنتايىن توغرا، — دېدى پورفىرىي يەنە چىرايىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ساددا قىياپەتتە راسكولنىكوفقا قارىدى، بۇ ھالەتتىن راسكولنىكوف قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دەرھاللا سەگەكلەشتى، — سىز شۇنداق قىزىق گەپلەرنى قىلىپ، قانۇن رەسمىيەتلىرىمىزدىن كۈلدىڭىز، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز ھەقىقەتەن توغرا. ھى ـ ھى! بىزنىڭ بۇ (ئەلۋەتتە بەزىلىرى) باشنى قاتۇرۇۋېتىدىغان پىسخىكىلىق ئۇسۇللىرىمىز ناھايىتى كۈلكىلىك، ئەگەر رەسمىيەتلەرگە باغلىنىپ قالسىڭىز، كارغا كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. شۇنداق... مەن يەنە رەسمىيەتلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتتىم. ئەگەر مەن ئۆزۈم بېجىرىۋاتقان دېلودا بىرەر ئادەمنى، بۇنى ياكى ئۇنى جىنايەتچى دەپ ھۆكۈم قىلسام ياكى توغرىراقى گۇمان قىلسام... سىز قانۇن ئوقۇغانغۇ، رودىئون رومانوۋىچ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قانۇن ئوقۇغان.

— ئۇنداق بولسا، بۇ سىزگە كېيىن ئەسقېتىپ قالىدىغان بىر مىسال بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن سىز مېنى ئوقۇتماقچى، ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەكچى دەپ قالماڭ. قاراڭ، سىز جىنايەت ھەققىدە شۇنداق ياخشى ماقالە يېزىپسىز! ياق، ئۇنى مەن بىر پاكىت سۈپىتىدە مىسال قىلماقچى، خالاس. مەسىلەن، مەن بۇ ياكى ئۇ ئادەمنى جىنايەتچى دەپ قارىدىم دەيلى، ئەمدى سىزدىن سوراپ باقاي، ئۇنىڭ جىنايىتىگە ئائىت پاكىتلارنى قولۇمغا چۈشۈرگەن ھالەتتىمۇ، نېمىدەپ ئۇنى ۋاقتى ـ سائىتى

يەتمەي تۇرۇپ چۆچۈتۈۋەتكۈدەكمەن؟ مەسىلەن ئالايلى، بەزى جىنايەتچىلەرنى مەن دەرھاللا قولغا ئېلىشىم كېرەك. لېكىن، بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ شەھەردە بىرنەچچە كۈن لاغايلاپ يۈرۈشىگە يول قويسام نېمە بوپتۇ؟ ھى ـ ھى ـ ھى... ياق، قارىسام سىز تولۇق چۈشەنمىدىڭىز، شۇڭا مەن ئۇنى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ چۈشەندۈرەي، ئەگەر مەن ۋاقتى ـ سائىتى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى تۇرمىگە قاماپ قويسام، ئۇ ھالدا مەن شۇ ئارقىلىق ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن قوللىغان بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن. ھى ـ ھى ! كۈلۈۋاتامسىز؟ (راسكولنىكوف كۈلۈشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى پورفىرىي پېتروۋىچتىن ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى.) لېكىن، بۇ پاكىت. بەزى ئادەملەرگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك، چۈنكى ھەر خىل ئادەملەر بولىدۇ. ھەممىنى پەقەت ئەمەلىيەت ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بايا سىز ئىسپاتىڭىزنى كۆرسەت دېدىڭىز. بىز ئىسپاتنى بار دەپ قىياس قىلايلى، لېكىن ئۇكا، بىلەمسىز، جىنايەت پاكىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى باشلىق بولىدۇ. مەن بىر تەرگەۋچى. شۇڭا ئۆزۈممۇ ئىقرار، مەن ئانچە بەكمۇ ئىقتىدارلىق ئەمەس؛ لېكىن مەن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ماتېماتىكىدەك ئېنىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. خۇددى ئىككى كەررە ئىككى تۆت دېگەندەك ئېنىق جىنايەت پاكىتىغا ئېرىشسەم دەيمەن ! توپتوغرا، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىسپاتنىڭ ئۆزىلا بولسا دەيمەن ! ئەگەر مەن ئۇ جىنايەتچىنى مۇۋاپىق بىر چاغدا قاماپ قويسام — گەرچە مەن ھېلىقى جىنايەتچىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىگە كامىل ئىشەنسەممۇ — ئۇ ھالدا مەن ئۇنى تولۇق پاش قىلىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولۇشۇم مۇمكىن. نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، مەن ئۇنىڭ ئورنىنى بەلگىلەپ قويغان بولىمەن، شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ، مەن پسىخىكىلىق جەھەتتىن ئۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خاتىرجەم قىلىپ قويىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنىڭ ئالدىنىمدىن چىقىپ

كېتىدۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ قېپىغا كىرىۋالىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەھبۇس ئىكەنلىكىنى ئاخىر چۈشىنىدۇ. ئاڭلىسام سېۋاستوپولدا، ئالما جېكى يېڭىلا ئاياغلاشقان چاغدا، بىر قىسىم ئەقىللىك كىشىلەر دۈشمەن دەرھاللا ئاشكارا ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، سېۋاستوپولنى تېزلا بېسىۋالىدۇ، دەپ قاتتىق قورقىدىكەن. ئەمما، دۈشمەننىڭ مۇنتىزىم قامال قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىرىنچى ئاكوپنى قېزىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، بايىقى ئەقىللىك ئادەملەر ئىنتايىن خۇشال بولۇشۇپتۇ، خاتىرجەم بولۇشۇپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ھېچبولمىغاندا ئىككى ئاي كەينىگە سۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ ـ دە، چۈنكى دۈشمەن سېۋاستوپولنى مۇنتىزىم قامال قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئالماقچى ـ دە! يەنە كۈلۈۋاتىسىز، تېخىچە ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ ئەلۋەتتە، سىزنىڭ دېگىنىڭىزمۇ توغرا. توغرا، توغرا! پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، بۇلار ئايرىم ئەھۋاللار؛ بىز دېيىشىۋاتقان ئەھۋال ھەقىقەتەن ئايرىم ئەھۋال! لېكىن، سىز بۇ يەردە شۇنى كۆرۈشىڭىز كېرەككى، ئاق كۆڭۈل رودىئون رومانوۋىچ، ئادەتتىكى دېلولار، يەنى بارلىق قانۇنىي تەرتىپ ۋە قانۇن ـ قائىدىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، شۇنىڭدەك شۇ قانۇنىي تەرتىپ ۋە قانۇن ـ قائىدىلەردە مىسال قىلىنغان، كىتابقا يېزىلغان دېلولار زادىلا مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، ھەربىر دېلو، مەسىلەن ئالايلى، جىنايى ھەرىكەت رېئاللىقتا يۈز بەرگەندىن كېيىن، دەرھاللا تامامەن ئايرىم دېلوغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، بەزىدە ئىلگىرىكى دېلوغا قىلچە ئوخشىمايدىغان بىر دېلو بولۇپ چىقىدۇ. بەزىدە مۇشۇنداق تولىمۇ كۈلكىلىك دېلولارغا ئۇچراپ قالىسىز. ئەگەر مەن پالانى ئەپەندىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەم، ئۇنى قولغا ئالمىسام، چۆچۈتمىسەم، ئۇ مېنىڭ ھەممىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىمنى، ئۆزىنى كېچە ـ كۈندۈز كۆزىتىپ تۇرغانلىقىمنى، ئۆزىگە سەگەكلىك بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىمنى ھەر سائەت ھەر مىنۇت بىلىپ تۇرسا، ھېچبولمىغاندا گۇمان

قىلىپ يۈرسە، ئەگەر ئۇ ئۆزلۈكىدىن پۈتمەس ـ تۈگىمەس شۈبھە ھەمدە ۋەھىمە ئىچىدە قالسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆلگۈدەك قورقۇپ كېتىپ، ئاخىر ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى كېلىدۇ. بەلكىم يەنە بەزى ئىشلارنى قىلىشىمۇ مۇمكىن. خۇددى ئىككى كەررە ئىككى تۆت دېگەندەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشى خۇددى ماتېماتىكىدەك ئېنىقلا بولۇپ قالىدۇ ـــ مانا بۇ كىشىنى تازا پۇخادىن چىقىرىدۇ. بىزدەك زامانىۋى ئەقىللىك، يەنە كېلىپ مەلۇم جەھەتتە تازا ئوبدان تەربىيىلەنگەن ئادەملەر بۇياقتا تۇرسۇن، ئاشۇ كالۋا دېھقانلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىرلىك دوستۇم، بىر ئادەمنىڭ قايسى جەھەتتىن تەربىيىلەنگەنلىكىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش. ئاندىن نېرۋىچۇ، نېرۋا، سىز نېرۋىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز! چۈنكى، ھازىرقى ئادەملەرنىڭ نېرۋىسى كېسەللىك ھالىتىدە، ساغلام ئەمەس، شۇڭا ئاسانلا ھاياجانلىنىدۇ... مەن سىزگە ئېيتسام، بەزىدە بۇ بەئەينى بىر كانغا ئوخشايدۇ! مەيلى ئۇ شەھەردە ئەركىن ـ ئازادە يۈرسە يۈرۈۋەرمەمدۇ، مەن ئۇنىڭ نېمىسىدىن ئەنسىرەيتتىم! بىلگىنىنى قىلسۇن. ۋاقتىنچە ئۇ يەر ـ بۇ يەردە لاغايلاپ يۈرۈۋالسۇن؛ مەن ئۇنىڭ ھامان قولۇمغا چۈشىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ مەندىن بەرىبىر قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ قېچىپ نەگە بارالايتتى؟ ھى ـ ھى ـ ھى... چەت ئەلگە چىقىپ كېتەلەرمۇ؟ بىر پولياك چەت ئەلگە قېچىپ كېتەلىگىنى بىلەن①، ئۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ. سەۋەبى مەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىمەن ـ دە، چارىسىنىمۇ قىلىپ قويىمەن ـ دە. ئۇ مەملىكەتنىڭ ئىچكىرىسىگە قېچىپ كېتەلەرمۇ؟ لېكىن، ئۇ يەرلەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېھقانلار، ھەقىقىي قوپال رۇس دېھقانلىرى؛ زامانىۋى تەربىيە كۆرگەن بىر ئادەم تۈرمىگە كىرىشكە رازى بولىدۇكى،

① بۇ يەردە چار پادىشاھ قوشۇنى 1863 ـ يىلىدىن 1864 ـ يىلىغىچە پولشادىكى قوزغىلاڭنى شەپقەتسىز باستۇرغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى پولياكلارنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىزنىڭ چەت ئەللىكلەرگە ئوخشايدىغان دېھقانلىرىمىز بىلەن بىللە ياشاشنى خالىمايدۇ، ھى ـ ھى ـ ھى! لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر، تاشقى نەرسىلەر. قىچىپ كەتكەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى ! ئۇ ناھايىتى بىر شەكىل، خالاس. مۇھىمى بۇ ئەمەس. گەپ ئۇنىڭ قاچقۇدەك يېرىنىڭ يوقلۇقىدىن قېچىپ كېتەلمەسلىكىدە ئەمەس، بەلكى پسىخىكىلىق جەھەتتىن قاچالماسلىقىدا، ھى ـ ھى ـ ھى ! بۇ سۆز نەقەدەر جايىنى تاپقان ـ ھە ! تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ قاچقۇدەك يېرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئالىقىنىمدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. پەرۋانىنىڭ ئوزىنى ئوتقا ئاتقانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ ئۇمۇ خۇددى پەرۋانىدەك، مېنىڭ ئەتراپىمنى ئايلىنىپ نېرى كېتەلمەيدۇ؛ ئۇ ئەركىنلىكنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بېشى قېتىپ ئويلىنىشقا باشلايدۇ. ئۆزىگە ئىش تېپىۋالىدۇ، ئۆز پۇتىنى ئۆزى چۇشەيدۇ، ئۆلگۈدەك قورقۇپ كېتىدۇ !... بۇمۇ مەيلىغۇ، مەن ئۇنىڭ ئارام ئېلىۋېلىشىغا كۆپرەك ۋاقىت بەرسەملا، ئىككى كەررە ئىككى تۆت دېگەندەك ئېنىق پاكىتنى ماڭا ئۇ ئۆزى بېرىدۇ... ئۇ توختىماستىن مېنىڭ ئەتراپىمنى ئايلىنىۋېرىدۇ. بارغانسېرى يېقىنلىشىدۇ. ئاندىن ئاغزىمغا ئۆزى ئۇچۇپ كىرىدۇ. مەن ئۇنى يۇتۇۋېتىمەن. بىلەمسىز، بۇ تولىمۇ پەيزى ئىش، ھى ـ ھى ـ ھى ! ئىشەنمەمسىز؟

راسكولنىكوف جاۋاب بەرمىدى، ئۇ تامدەك تاتىرىپ مىدىر ـ سىدىر قىلماي، ئىلگىرىكىدەكلا پورفىرىينىڭ يۈزىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى.

«ناھايىتى ئوبدان ساۋاق، ـــ ئويلىدى ئۇ تېنى شۈركۈنۈپ، ـــ بۇ ئەمدى تۈنۈگۈنكىدەك مۈشۈك بىلەن چاشقاننىڭ ئويۇنىغىمۇ ئوخشىمىدى. ئۇ ھەرگىز مەقسەتسىزلا ئۆز كۈچىنى نامايىش قىلمۇاتقىنى يوق... ئۇ ماڭا بېشارەت بېرىۋاتىدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇ خېلىلا ئەقىللىك ئىكەن... بۇ يەردە چوقۇم باشقا بىر مەقسەت

بار، ئۇ قانداق مەقسەت؟ ھەي، بۇرادەر، ھەممىسىلا بىلجىرلاش، سەن مېنى قورقۇتۇۋاتىسەن، ماڭا ئۇستاتلىق قىلىۋاتىسەن! سېنىڭ قولۇڭدا ئىسپاتىڭ يوق. مەن تۇنۇگۈن كۆرگەن ھېلىقى ئادەممۇ مەۋجۇت ئەمەس! سەن پەقەت مېنى چالغاشتۇرماقچى، ئېلىشتۇرماقچى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق مېنى قولغا ئالماقچى، لېكىن سەن چۆچۈرىنى خام سانىما، بۇ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ، قولۇڭدىن كەلمەيدۇ! لېكىن، ئۇ نېمىشقا ماڭا شۇنچە كۆپ بېشارەت بېرىدۇ؟ نېرۋامدىن چاتاق چىقىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتامدىغاندۇ يا؟ ياق، ئاغىنە، خام خىيال ئەيلىمە. ئۇنداق قىلالمايسەن. گەرچە سەن ماڭا تۇزاق قويغان بولساڭمۇ... قېنى كۆرىمىز، سېنىڭ ماڭا قانداق تۇزاق قويغانلىقىڭنى.»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئۆزىگە نامەلۇم قورقۇنچلۇق پالاكەتنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا پورفىرىينى بېسىۋېلىپ، ئۇنى شۇ يەردىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى. ئۇ كىرگەندىن تارتىپلا غەزىپىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاغزى قۇرۇپ، دەككە ـ دۈككىلىكتە يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ، جاۋغايلىرىغا كۆپۈك يىغىلىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈنچىقماسلىق، ۋاقتى ـ سائىتى يەتمىگۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماسلىق قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا، بۇ ئەڭ ياخشى تاكتىكا ئىدى. بۇنى ئۇ بىلەتتى، بۇنداق بولغاندا ئۆزىمۇ ئارتۇقچە گەپلەرنى دەپ سالمايتتى، دۈشمىنىنىمۇ جىم ئولتۇرۇۋېلىپ غەزەپلەندۈرەلەيتتى، شۇنداق بولغاندا، دۈشمىنى ئاغزى ئېچىلىپ كېتىپ دېمەسلىككە تېگىشلىك بەزى گەپلەرنى دەپ سېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. راسكولنىكوف ھېچبولمىغاندا مانا شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— ياق، قارىسام سىز ماڭا ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلىسىز. مېنى باياتىن بېرى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ قېلىۋاتىسىز، — يەنە گەپ باشلىدى پورفىرىي، ئۇ بارغانسېرى جانلىنىپ،

توختىماستىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلەتتى، شۇنداقلا ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى، ــ ئەلۋەتتە، سىزنىڭ دېگىنىڭىزمۇ توغرا. خۇدايىم بەدىنىمنى شۇنداق يارىتىپ قويۇپتىكەن، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ، بەئەينى بىر قىزىقچىدەك؛ لېكىن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، يەنە تەكرارلاپ ئېيتاي، مېنىڭدەك بىر قېرىنى كەچۈرۈڭ. رودىئون رومانوۋىچ ئۇكا، سىز تېخى ياش، نېمە دېسەم بولار. ئون گۈلىڭىزدىن بىرەرسىمۇ ئېچىلمىدى. شۇڭلاشقا سىز باشقا ياشلارغا ئوخشاش ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىسىز. سىلەرنى ھەزىلكەش ئۆتكۈرلۈك ۋە تەپەككۇرنىڭ مەۋھۇم خۇلاسىلىرى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلىدۇ. ھەربىي ئىشلار توغرىسىدا ھۆكۈم قىلالمىغۇدەك ھالىمغا بېقىپ ئېيتسام ياكى مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەم، بۇ خۇددى ئاۋستىرىيەنىڭ مۇداپىئەدىن ئىلگىرىكى ھەربىي يىغىنىغا ئوخشايدۇ: ئۇلار ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئاغزىدا شەھەر ئېلىپ، ناپولېئوننى مەغلۇپ قىلدى، ئۆزىنى ئەسىر ئالدى، بۇنى ئۇلار ئەڭ ئۆتكۈر ئۇسۇللار ئارقىلىق قىياس قىلىپ ۋە پىلانلاپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، گېنېرال ماك پۈتۈن ئارمىيەسى بىلەن قوشۇلۇپ تەسلىم بولدى.① ھى ـ ھى ـ ھى... كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، رودىئون رومانوۋىچ ئۇكا، بىر مۇلكىي ئەمەلدار تۇرۇپ، ھەدەپ ھەربىي ئىشلار تارىخىدىن مىسال كەلتۈرۈۋاتىدۇ، دەپ كۈلۈۋاتىسىز! لېكىن، نېمە ئىلاج، بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم، ھەربىي ئىشلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇرۇش توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ ئوقۇيمەن... مەن ئۆز ئىشىمغىمۇ دەخلى يەتكۈزۈپ قويدۇم. راست دەيمەن، مەن ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىم كېرەك ئىدى. ناپولېئونچىلىك بولالماسلىقىم مۇمكىن، لېكىن بىر

① 1805 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گېنېرال ماك قوماندانلىقىدىكى ئاۋستىرىيە ئارمىيەسى ئۇرىمدا ناپالېئونغا تەسلىم بولدى.

مايور بولۇش قولۇمدىن كېلەتتى، ھى ـ ھى ـ ھى ! خوش، قەدىرلىك دوستۇم، مەن سىزگە ئەمدى مۇشۇ ئاتالمىش ئايرىم دېلونىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلەپ بېرەي. قەدىرلىك ئەپەندى، پاكىت بىلەن ئادەمنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى مۇھىم نەرسە، ھى، ئۇلار بەزىدە چوڭقۇر ئويلىنىلغان پىكىرلەرنى قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ. ھەي، مەن جىددىي گەپنى قىلىۋاتىمەن، سىز مېنىڭدەك بىر قېرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىڭ، رودىئون رومانوۋىچ، ـــ شۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا، تېخى ئوتتۇز بەش ياشقىمۇ كىرمىگەن پورفىرىي پېتروۋىچ راستلا قېرىلىق يەتكەن بىر ئادەمگە ئوخشاپ قالدى، ھەتتا ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ، گەۋدىسىمۇ مۈكچىيىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى، ـــ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن گېپىم ئوچۇق ئادەم... مەن گېپى ئوچۇق ئادەممىكەنمەن؟ سىز قانداق قارايسىز؟ مەن بەكلا ئوچۇق كۆڭۈل ئادەم بولسام كېرەك ـــ مۇشۇ ئىشلارنى سىزگە بىكاردىن ـ بىكارغىلا سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. بۇنىڭ بەدىلىگە ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمىدىم. ھى ـ ھى ! خوش، گېپىمنى داۋاملاشتۇراي، مېنىڭچە ئەقىل ـ پاراسەت ناھايىتى ياخشى نەرسە؛ ئۇ تەبىئەتنىڭ لاتاپىتى، ھاياتنىڭ ھالاۋىتى، ئۇ بەزىدە شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئويۇن ئويناپ چىقىدۇكى، بىر بىچارە تەرگەۋچى ئۇنى ھەرگىزمۇ يېشىپ كېتەلمەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئوي ـ خىيالى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بولىدۇ، بۇ تولا ئۇچرايدىغان ئىش. چۈنكى، ئۇمۇ ھەرھالدا ئادەم ـ دە ! لېكىن، بىچارە تەرگەۋچىنى تەبىئەت دېگەن شۇ نەرسە قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ نەسلىكى مانا شۇ يەردە ! «بارلىق توسالغۇدىن ئاتلاپ ئۆتكۈچى» (بۇنى سىز ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈك ۋە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلىدىڭىز) ياشلار ئەقىلنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە بېرىلىپ كېتىپ، بۇنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم يەنى ئايرىم دېلودىكى نام ـ ئەمەلىنى يوشۇرغان بىر ئادەم يالغان ئېيتتى دەيلى، ئۇ يالغان ئېيتىشقا ئۇستا. يالغاننى ناھايىتى

قاملاشتۇرۇپ ئېيتىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن، ئىشنىڭ بېشىدىلا غەلىبە قىلغاندەك قىلىدۇ، ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نەتىجىسىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ شىلىقىقىدە قىلىپ قالىدۇ! ئەڭ قىزىقارلىقى، سەتچىلىكلەر تېزلا تارقىلىپ كېتىدىغان بىر جايدا گۇپپىدە ھوشىدىن كېتىدۇ. مەيلى بىز ئۇنى ئاغرىپ قالغاندۇ، ئۆينىڭ ھاۋاسى بەك تىنچىق بولۇپ كەتكەندۇ، دەپمۇ باقايلى، لېكىن بۇ ھەرھالدا بىر گەپ دېگەن! ئۇ ھەرھالدا بىزنى ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ ـ دە! يالغاننى شۇنداق قاملاشتۇرغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى خاتا مۆلچەرلىدى! ئۇنىڭ مەككارلىقى مانا شۇ يەردە! بىر قېتىم ئۇنىڭ ھەزىلكەش ئۆتكۈرلۈكى ئۇنى مەپتۇن قىلىۋېلىپ، ئۆزىدىن گۇمان قىلىپ قالغان ھېلىقى ئادەمنى يەنە ئويىنىتىشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى ئەتەي قىلىۋاتقاندەك، ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندەك تاتاردى. تاتارغاندىمۇ شۇنداق تەبىئىي تاتاردىكى، راستىنتەكلا چىقتى. بۇ ئىش بىزنى يەنە ئويلاندۇرۇپ قويدى! ئۇنىڭ ئالدامچىلىقى تۇنجى قېتىمدا ئىشقا ئاشقان بولىسىمۇ، ئالدانغان ئادەم ئەگەر ئاسان ئالدىنىدىغانلاردىن بولماي، ئۆز ئىشىغا پىششىق، ئىقتىدارلىق ئادەم بولسا، كېچىچە ئويلىنىپ چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇنداق ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ ئەمەسمۇ! نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ئۇ بىرىنچىلىكنى تالىشىدۇ. يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلىشىدۇ. تۇمشۇقىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تىقىدۇ. ئاغزىنى ئاچماسلىقى لازىم بولغان چاغلاردا توختىماي ۋالاقلايدۇ، يەنە كېلىپ تېگى بار گەپلەر بىلەن مەسخىرە قىلىدۇ، ھى ـ ھى! ئۆزى كېلىپ، شۇنچە ئۇزۇندىن بۇيان نېمىشقا مېنى قولغا ئالمايسىلەر، دەپ سورايدۇ. ھى ـ ھى ـ ھى! بىلەمسىز، مۇنداق ئىش ئەقلى ئەڭ ئۆتكۈر ئادەملەردە ـــ پىسخولوگ، ئەدىبلەردىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ، تەبىئەت دېگەن ھەممىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئەينەك! ئەينەككە قاراپ، ھۆسن ـ جامالىڭدىن زوقلىنىۋەر!... رودىئون رومانوۋىچ، نېمىشقا

بۇنچىۋالا تاتىرىپ كەتتىڭىز؟ ئۆي بەك دىمىق بولۇپ كەتتىمۇ يا؟ دېرىزىنى ئېچىۋەتسەم، مەيلىمۇ؟

— ھە، بولدى ئاۋارە بولماڭ، — ۋارقىرىۋەتتى راسكولنىكوف. ئارقىدىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — بولدى ئاۋارە بولماڭ.

پورفىري ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ بىردەم كۈتتى ـ دە، ئۇمۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. راسكولنىكوف پۈتۈنلەي تۇتقاقلىققا ئوخشايدىغان كۈلكىسىنى بىردىنلا توختىتىپ، دىۋاندىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— پورفىري پېترووۋىچ، — دېدى راسكولنىكوف پۈتلىرى تىترەپ كېتىپ مىڭ مۇشەققەتتە ئاران دەسسەپ تۇرغىنىغا قارىماي جاراڭلىق ئاۋازدا دانە ـ دانە گەپ قىلىپ، — مەن ئاخىر ئېنىق كۆرۈپ يەتتىمكى، سىز ھېلىقى موماي بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى لىزاۋېتانى مېنى ئۆلتۈردى دەپ گۇمانلىنىۋاتىسىز. ئۆز جەھەتىمدىن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاللىبۇرۇنلا جاق تويغان. ئەگەر سىز مېنى قانۇنغا مۇۋاپىق ئەيىبلەشكە ھوقۇقۇم بار دەپ قارىسىڭىز، مەيلى ئەيىبلەۋېرىڭ؛ ئەگەر مېنى قانۇنغا مۇۋاپىق قولغا ئېلىشقا ھوقۇقۇم بار دەپ قارىسىڭىز، قولغا ئېلىۋېرىڭ. لېكىن، مەن خەقلەرنىڭ مېنى كۆزۈمچە مەسخىرە قىلىشىغا، قىينىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن...

ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى ئەسەبىيلەرچە چاقناپ كەتتى، شۇ چاغقىچە بېسىپ تۇرغان ئاۋازىمۇ بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— يول قويمايمەن! — ۋارقىرىدى ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۈستەلنى مۇشتلاپ، — ئاڭلاۋاتامسىز، پورفىري پېترووۋىچ، يول قويمايمەن!

— ۋاي خۇدايىمەي، يەنە نېمە قىلغىنىڭىز بۇ! — توۋلىۋەتتى پورفىري پېترووۋىچ راستلا قورقۇپ كېتىپ، — رودىئون روما-

نوۋىچ ئۇكا! قېرىندىشىم! نېمە بولدى سىزگە؟
— يول قويمايمەن! — يەنە ۋارقىرىدى راسكولنىكوف.
— ئۇكا، ئاستىراق! خەقلەر ئاڭلاپ قالسا، كىرىپ قالىدۇ! ئۇ چاغدا بىز ئۇلارغا نېمە دەيمىز، ئويلاپ بېقىڭ! — دېدى پورفىرىي پېتروۋىچ يۈزىنى راسكولنىكوفنىڭ يۈزىگە يېقىن ئاپىرىپ، ۋەھىمە ئىچىدە پىچىرلاپ.
— يول قويمايمەن! يول قويمايمەن! — تەكرارلىدى راسكولنىكوف، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇمۇ ئاۋازىنى بىردىنلا پەسەيتتى.
پورفىرىي ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، دېرىزىنى ئاچقىلى يۈگۈردى:
— ئازراق ھاۋا كىرسۇن، ساپ ھاۋا! ئازراق سۇ ئىچىڭ، قېرىندىشىم، كېسىلىڭىز قوزغىلىپ قالمىسۇن يەنە! — ئۇ سۇ سورىغىلى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، شۇ يەردىكى بۇلۇڭدا سۇدانىدا سۇ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.
— ئۇكا، ئازراق سۇ ئىچىڭ، — پىچىرلىدى ئۇ سۇدانىنى راسكولنىكوفنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، — بەلكىم بېسىلىپ قالار، — پورفىرىينىڭ قورقۇپ كېتىشلىرى ۋە ھېسداشلىق قىلىشلىرى شۇقەدەر تەبىئىي ئىدىكى، راسكولنىكوفمۇ جىم بولۇپ قالدى - دە، ئۆزگىچە بىر قىزىقىش بىلەن پورفىرىينى كۆزىتىشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇ سۇنى ئىچمىدى.
— رودىئون رومانوۋىچ! ئەزىزىم! كېيىمگە ئىشىنىڭ، مۇنداق قىلسىڭىز ئەقلىڭىزدىن ئازىسىز، ھەي! ئەستا! ئازراق ئىچىڭ! ھېچبولمىغاندا بىر يۇتۇم ئىچىڭە!
ئۇ زورلاپ يۇرۇپ سۇ قۇيۇلغان ئىستاكاننى راسكولنىكوفقا تۇتقۇزدى. راسكولنىكوف ئىختىيارسىز ئىستاكاننى ئاغزىغا ئاپاردى - يۇ، بىردىن ھوشىنى يىغىپ، يىرگىنىش بىلەن ئۇنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.
— شۇنداق، بۇ يەردە كېسىلىڭىز بىر قېتىم تۇتقان! ھازىر بۇنداق قىلسىڭىز، ئەزىزىم، كونا كېسىلىڭىز يەنە قوزغىلىپ

قالدىڭ، — دېدى پورفىري پېتروۋىچ دوستانە غەمخورلۇق بىلەن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي گەپ قىلىپ. لېكىن، ئۇ سەل ئالاقزەدە بولۇپ تۇراتتى، — ۋاي، خۇدايىم ! سىز ئۆزىڭىزنى مۇنداقمۇ ئاسرىمىسىڭىز بولامدۇ؟ دمىترىي پروكوۋىچ تۇنۇگۇنلا ماڭا دېگەن. راست، راست، خەقلەرنىڭ زىتىغا تېگىپ ئوينايدىغان ئەسكى مىجەزىم بار... لېكىن، كىشىلەر ئۇنى نېمە كۆرىدىكىنتاڭ ! ۋاي توۋا. تۈنۈگۈن سىز كېتىپلا ئۇ كەلدى. بىز بىللە تاماق يېدۇق، ئۇ ئاغزى بېسىقماي سۆزلىدى. مەن پەقەت ئەپسۇسلىنىپ غۇلىچىمنى كېرىپلا قويدۇم. بۇنى كۆرۈڭ دەيمەن، ۋاي خۇدايىمەي... ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدىن بارغانمىدى؟ ئولتۇرۇڭ، ئۇكا، ئەيسانىڭ ھەققىدە، بىردەم ئولتۇرسىڭىزچۇ !

— ياق، ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن بارمىغان ! بىراق، مەن ئۇنىڭ سىزنىڭ يېنىڭىزغا بارىدىغانلىقىنى، نېمە ئىش بىلەن بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم، — كېسىپ جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.

— بىلەمتىڭىز؟

— بىلەتتىم، بىلسەم نېمە بوپتۇ؟

— مانا شۇنداق، رودىئون رومانوۋىچ. بىلىمەن، سىزنىڭ بۇيۇك نەتىجىلىرىڭىز بۇلا ئەمەس، مەن ھەممىنى بىلىمەن ! قاراڭغۇ چۈشكەندە ئىجارىگە ئۆي ئالغىلى بارغانلىقىڭىزنى، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى تارتقانلىقىڭىزنى، قاننىڭ گېپىنى قىلغانلىقىڭىزنى، ئىشچىلار بىلەن دەرۋازىۋەننى ئېلىشتۇرۇپ گاراڭ قىلىۋەتكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن. بىلەمسىز، مەن شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىڭىزنى چۈشىنىمەن... لېكىن كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مۇشۇنداق كېتىۋەرسىڭىز ساراڭ بولۇپ قالىسىز! بېشىڭىز ئايلىنىپ قالىدۇ ! سىز ھەر خىل ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىدىڭىز. ئاۋۋال تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن، ئاندىن شۆبە ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ قوپاللىقىدىن قاتتىق نارازى بولدىڭىز، بۇ ھەققانىي نارازىلىق. شۇڭلاشقا، سىز ئۆزىڭىزنى

ھەر تەرەپكە ئۆردىڭىز، ھەممىلا ئادەمنى ئىچىدىكى گېپىنى دېيىشكە زورلىدىڭىز، بۇ ئىشلارنى بىراقلا ئاياغلاشتۇرماقچى بولدىڭىز. چۈنكى، سىز شۇ ئەخمەقلىكلەردىن ۋە گۇمانلاردىن ئاللىبۇرۇنلا جاق تويۇپ كەتكەندىڭىز. شۇنداقمۇ؟ روھىي ھالىتىڭىزنى توغرا چۈشىنىپتىمەنمۇ؟ مۇنداق كېتىۋەرسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بېشىڭىزنى ئايلاندۇرۇپلا قالماي، رازۇمىخىننىڭ بېشىنىمۇ ئايلاندۇرۇۋېتىسىز؛ ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىزغۇ، بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە، ئۇ بەكلا ئاق كۆڭۈل. سىز ئاغرىق. ئۇ بولسا ئادىمىگەرچىلىكى بار يىگىت. سىز كېسەللىكىڭىزنى ئۇنىڭغا يۇقتۇردىڭىز... ئۇكا، سىز ئۆزىڭىزنى بىرئاز بېسىۋالغاندىن كېيىن سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن... ئولتۇرسىڭىزچۇ، ئۇكا، ئەيسانىڭ ھەققىدە، ئولتۇرۇڭ! بىرئاز ئارام ئېلىڭ، چىرايىڭىز بەكلا ئوسال تۇرىدۇ، بىردەم ئولتۇرسىڭىزچۇ.

راسكولنىكوف ئولتۇردى، ئۇنىڭ تىترىشى توختىغانىدى، لېكىن پۈتۈن ئەزايى قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھولۇقۇپ كەتكەن، ئۆزىگە دوستانە مۇئامىلە قىلىۋاتقان پورفىرىي پېترووۋىچنىڭ گەپلىرىگە ئىنتايىن ھەيرانلىق ۋە جىددىيلىك ئىچىدە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. راسكولنىكوف كۆڭلىدە پورفىرىينىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىشكە بولغان قانداقتۇر بىر غەلىتە مايىللىقنىڭ بارلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىگىمۇ ئىشەنمىدى. پورفىرىينىڭ كۈتمىگەندە ئىجارىگە ئۆي ئېلىش ئىشىنى تىلغا ئېلىپ قېلىشى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. «نېمە گەپ ئۆزى؟ دېمەك، ئىجارىگە ئۆي ئالماقچى بولغانلىقىمدىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىكەن ـ دە، ــ بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى ئۇ، ــ بۇنى تېخى ئۇ ئۆزى دەپ بەردى.»

ــ شۇنداق، بىزنىڭ تەرگەۋچىلىك خىزمىتىمىزدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر دېلو ئۇچرىغان، كېسەللىك ھالىتى پسىخولوگىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك بىر دېلو، ــ دېدى پورفىرىي ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي، ــ بىر ئادەم ئۆزىنى

قاتىللىق قىلدىم، دەپ مەلۇم قىلدى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق ئىدى؛ ئۇ بىرمۇنچە خاتا تۈيغۇنى پەيدا قىلىپ، پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. نېمىشقا دېمەمسىز؟ ئۇ پۈتۈنلەي ئويلىمىغان يەردىن بىر قاتىللىق دېلوسىغا مەلۇم دەرىجىدە چېتىلىپ قالغانىكەن. پەقەت مەلۇم دەرىجىدە، ئۆزىنىڭ قاتىللارغا جىنايەتتىن قۇتۇلۇش پۇرسىتى بېرىپ قويغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇ قاتتىق ئازابلىنىپ ئېلىشىپ كەتكەن، قالايمىقان ئويلاۋېرىپ، ئاخىر بېرىپ پۈتۈنلەي ساراڭ بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى قاتىل دەپ قارىغان! لېكىن، يۇقىرى سىنات بۇ دېلونى ئاخىر ئېنىقلاپ چىقتى، ھېلىقى بىچارە ئاقلاندى ھەممە ئۇنى كۈتۈشكە ئادەم قويۇلدى. يۇقىرى سىناتقا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت! ۋاي ـ ۋۇي! مۇنداق كېتىۋەرسىڭىز، قانداق بولۇپ كېتىسىز، ئۇكا؟ ئەگەر نېرۋىلىرىڭىزنى مۇشۇنداق غىدىقلاش نىيىتىڭىز بولسا، ھەر كۈنى بېرىپ قوڭغۇراقنى تارتىسىڭىز، قاننىڭ ئىشىنى سورۇشتۇرسىڭىز، گەپ يوق تىت ـ تىت بولۇپ ئۆلۈپ كېتىسىز! مەن خىزمەت داۋامىدا پۈتكۈل پسىخولوگىيەنى تەتقىق قىلغان. بەزىدە ئادەم ئۆزىنى دېرىزىدىن ياكى قوڭغۇراق مۇنارىسىدىن تاشلاشنى ئويلاۋەرسە، مۇنداق تۈيغۇ ئۇنى ئىنتايىن جەلپ قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. قوڭغۇراق يېپىنى تارتىشمۇ خۇددى شۇنداق... بۇ بىر كېسەللىك ھالىتى، رودىئون رومانوۋىچ، بۇ كېسەللىك ھالىتى! سىز كېسىلىڭىزگە بەكلا پەرۋاسىز قارايدىكەنسىز. سىز بىرەر تەجرىبىلىك دوختۇرغا كۆرۈنۈشىڭىز كېرەك. ھېلىقى پور قانداق بولىدۇ!... سىز ئەس ـ ھوشىڭىزنى يوقىتىپسىز! مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىز ئەس ـ ھوشىڭىزنى يوقاتقان چاغدا قىلغان!...

شۇ ئان راسكولنىكوفقا ھەممە نەرسە ئەتراپىدا پىرقىراپ ئايلىنىۋاتقاندەك بىلىندى.

— ئەجەبا، ئەجەبا، — خىيالىدىن كەچۈردى ئۇ، — شۇ تاپتا ئۇ يەنە يالغان ئېيتىۋاتامدىغاندۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس! — ئۇ بۇ ئوينى يوققا چىقاردى. ئۇ مۇنداق ئوينىڭ ئۆزىنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇ ئاچچىقتا ساراڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەنىدى.

— مەن ئۇ چاغدا ئەس - ھوشۇمنى يوقاتمىغان، ئۇ ئىشلارنى قىلغاندا ئەس - ھوشۇم جايىدا ئىدى! — ۋارقىرىدى ئۇ پورفىريي ئويناۋاتقان ئويۇننىڭ تېگىگە يېتىشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ، — ئەس - ھوشۇم جايىدا ئىدى، جايىدا، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، چۈشىنىۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتىمەن، سىز تۈنۈگۈنمۇ ئەس - ھوشۇم جايىدا ئىدى، دېيۋىدىڭىز، ئەس - ھوشىڭىزنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىۋىدىڭىز. دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن! ھەي!... ماڭا قاراڭ، رودىئون رومانوۋىچ، ئاق كۆڭۈل دوستۇم، ھېچبولمىغاندا مۇنۇ ئەھۋال مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇغۇ. ئەگەر سىز ھەقىقەتەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسىڭىز ياكى ھېلىقى قۇرۇپ كەتكۈر دېلوغا ئاز - تولا چېتىشلىقىڭىز بولسا، قېنى سوراپ باقايچۇ، سىز شۇ ئىشلارنى قىلغاندا ئەس - ھوشۇمنى يوقاتمىغانىدىم، ھوشۇم جايىدا ئىدى، دەپ چىڭ تۇرۇۋالارمىدىڭىز؟ شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەرمىدىڭىز، مۇشۇنداق چىڭ تۇرۇۋالارمىدىڭىز؟ دەپ بېقىڭا، بۇ مۇمكىنمۇ، بۇ زادى مۇمكىنمۇ، بۇ زادى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭچە، تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان بولاتتى. ناۋادا سىز ھەقىقەتەن جىنايەت ئۆتكۈزدۇم، دەپ قارىسىڭىز، شۇ چاغدا مەن ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇۋىدىم، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان بولار ئىدىڭىز. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۇنداققۇ - ھە؟

بۇ سوئال قانداقتۇر بىر ھىيلىگەرلىك بىلەن سورالغانىدى. پورفىريي ئالدىغا كېلىپ ئېڭىشكەن چاغدا، راسكولنىكوف

دېۋانىدا تاكى يۆلىنىچۆككە يۆلىنىپ قالغۇچە كەينىگە داجىپ، قاتتىق خۇدۇك بىلەن ئۇن ـ تىنسىز ئۇنىڭغا زەن سالدى.
— ئاندىن جانابىي رازۇمىخىننى ئالايلى، گەپ شۇنىڭدىكى، تۈنۈگۈن ئۇ سۆزلەشكىلى ئۆزى كەلگەنمۇ ياكى سىزنىڭ كۈشكۈرتۈشىڭىز بىلەن كەلگەنمۇ؟ سىز ئەسلىي ئۇ ئۆزى كەلگەن دەپ، ئۆزىڭىزنىڭ كۈشكۈرتكەنلىكىڭىزنى يوشۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. لېكىن، سىز يوشۇرمىدىڭىز! بەلكى ئۇنى كېلىشكە كۈشكۈرتكەنلىكىڭىزنى تەكىتلەپ ئېيتتىڭىز.
راسكولنىكوف ھېچقاچان مۇنداق تەكىتلەپ ئېيتمىغانىدى. ئۇنىڭ يەلكىسى مۇزلاپ كەتتى.
— سىز ھەدەپ يالغان ئېيتىۋاتىسىز، — دېدى راسكولنىكوف زەئىپ ئاۋازدا ئاستا گەپ قىلىپ ۋە كېسەل كىشىدەك لەۋلىرىنى يىمىرىپ كۈلۈمسىرىدى، — سىز ماڭا پۈتۈن قىلمىشىڭنى تولۇق بىلىمەن، قانداق جاۋاب بېرىشىڭغىمۇ ئالدىنئالا بىلىپ بولغان دەپ، ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇۋاتىسىز، — دېدى ئۇ ھەربىر سۆزىنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ باقمايلا دەۋېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزگەندەك قىلىپ، — سىز مېنى قورقۇتۇۋالماقچى... يا بولمىسا، مېنى مازاق قىلىۋاتىسىز...
شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ تىكىچە پورفىرىيغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە يەنە بىردىنلا چەكسىز غەزەپ ئوتى چاقناپ كەتتى.
— سىز ھەدەپ يالغان ئېيتىۋاتىسىز! — ۋارقىرىدى ئۇ، — سىز ناھايىتى ئېنىق بىلىسىز، بىر جىنايەتچىنىڭ ئەڭ ياخشى ھىيلىگەرلىك چارىسى شۇكى، ئۇ يوشۇرمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلارنى مۇمكىنقەدەر يوشۇرمايدۇ، مەن گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن.
— سىز ھەقىقەتەن قۇۋ ئادەم ئىكەنسىز! — دېدى پورفىرىي خىر ـ خىر كۈلۈپ، — سىزگە تاقابىل تۇرغىلى بولمىغۇدەك، ئۇكا، سىز تەرسالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپسىز. سىز

گېپىمگە ئىشەنمەمسىز؟ لېكىن، سىزگە ئېيتسام، ماڭا ئىشەندىڭىز، قىسمەن ئىشەندىڭىز. مەن ئىلاج قىلىپ سىزنى ماڭا تولۇق ئىشىنىدىغان قىلىمەن. چۈنكى، مەن سىزنى ھەقىقەتەن ياقتۇرىمەن، ھەقىقەتەن سىزگە ياخشىلىق قىلىسام دەيمەن.

راسكولنىكوفنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— راست، سىزگە ياخشىلىق قىلسام دەيمەن. ئاخىرىدا سىزگە نەسىھەت قىلىپ قوياي، — دېدى ئۇ راسكولنىكوفنىڭ بىلىكىنى جەينىكىدىن سەل يۇقىرى يېرىدىن بوشقىنا تۇتۇپ، دوستانە گەپ قىلىپ، — ئاخىرىدا سىزگە نەسىھەت قىلىپ قوياي، كېسەلىڭىزگە ئوبدان دىققەت قىلىڭ. بۇنىڭ سىرتىدا تۇغقانلىرىڭىز سىزنى كۆرگىلى كەلدى، شۇلارنى ئويلىشىڭىز كېرەك. ئۇلارغا كۆيۈنۈڭ. ئۇلارنى قەدىرلەڭ. لېكىن، سىز ئۇلارنى ھەمىشەم قورقۇتىدىكەنسىز.

— بۇنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ بۇنى سىز نەدىن بىلدىڭىز؟ بۇنىڭغا نېمىدەپ ئۇنچىۋالا قىزىقىپ قالدىڭىز؟ سىز كەينىمدىن كۆزىتىپ، شۇنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويماقچىمىدىڭىز؟

— ئۇكا! بۇلارنى ماڭا ئۆزىڭىز دەپ بەرگەنغۇ! سىز دىققەت قىلماپسىز. ھاياجانلانغان ۋاقتىڭىزدا، ماڭا ھەممىنى ئۆزىڭىز دەپ بەردىڭىز، باشقىلارغىمۇ دەپ بەردىڭىز. نۇرغۇن قىزىقارلىق تەپسىلاتلارنى تۇنۇگۈن جانابىي رازۇمىخىندىنمۇ ئاڭلىدىم. ياق، بايا سىز گېپىمنى بۆلۈۋەتتىڭىز، مەن سىزگە شۇنى دېمەكچى، سىز ئىنتايىن ئەقىللىق بولسىڭىزمۇ، گۇمانخورلۇقىڭىز سەۋەبىدىن ھەتتا شەيئىلەرگە توغرا قارىمايدىغان بولۇپ قاپسىز. يەنە ئۇ قوڭغۇراق توغرىسىدىكى ئىشنى مىسالغا ئالايلى، شۇنداق قىممەتلىك بىر پاكىتنى شۇنداق ھەقىقىي بىر پاكىتنى (بۇ بىر مۇكەممەل پاكىتقۇ ئاخىر!) سىزگە دەپ بەردىم. مەن بىر تەرگەۋچى تۇرۇپ، ئۇنى قىلچە يوشۇرماستىن سىزگە دەپ بەردىم! ئەجەبا سىز مۇشۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى

سەزمىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر مەن سىزدىن ئاز ـ تولا گۇمانلانغان بولسام، شۇنداق قىلارمىدىم ! ئەكسىچە، ئالدى بىلەن سىزدىكى ئەندىشىنى تۇگىتىپ، بۇ پاكىتنى بىلىدىغانلىقىمنى سىزگە سەزدۇرمەيتتىم؛ سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى چالغىتىپ، پۈتۈنلەي ئەكس تەرەپكە بۇرىۋېتەتتىم. ئاندىن كۈتمىگەندە (خۇددى سىز دېگەندەك) پالتىنىڭ چۆلدىسى بىلەن چوققىڭىزغا سالاتتىم. ئاندىن شۇنداق دەيتتىم، خوش ئەپەندى، كېچىسى سائەت ئوندا ياكى سائەت ئون بىرگە يېقىنلاشقاندا، ئۆلتۈرۈلگەن موماينىڭ ئۆيىگە زادى نېمە قىلغىلى باردىڭىز؟ ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى نېمىشقا چالدىڭىز؟ نېمىدەپ قان توغرۇلۇق سۈرۈشتۈردىڭىز؟ نېمە ئۈچۈن دەرۋازىۋەنگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ قويدىڭىز، نېمىشقا ئۇلارنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ساقچى ئىدارىسىگە بېرىشقا، ھېلىقى پورۇچىك بىلەن كۆرۈشۈشكە زورلىدىڭىز؟ ئەگەر مەن سىزدىن قىلچە گۇمانلانغان بولسام، مانا مۇشۇنداق قىلاتتىم. پۈتۈنلەي قانۇن ـ قائىدىلەر بويىچە ئىش قىلىپ، سوراقتىكى جاۋابىڭىزنى يېزىۋېلىشىم، ئۆيىڭىزنى ئاختۇرۇشۇم، بەلكىم ئۆزىڭىزنى قاماققا ئېلىشىم مۇمكىن ئىدى... مەن ئۇنداق قىلمىدىم. دېمەك، بۇ مېنىڭ سىزدىن گۇمانلانمىغانلىقىمنى چۈشەندۈرىدۇ ! مەن يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي: سىز شەيئىلەرگە توغرا قارىيالمايدىغان بولۇپ قاپسىز، شۇڭلاشقا سىز ھېچنېمىنى كۆرەلمەيسىز.

راسكولنىكوف قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، پورفىرىي پېترووۋىچ بۇنى ئوپئوچۇق كۆردى.

ـــ سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز، ـــ ۋارقىرىدى راسكولنىكوف، ـــ مەن سىزنىڭ نىيىتىڭىزنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ سىز ھەدەپ يالغان ئېيتىۋاتىسىز... تېخى يېقىندىلا دېگەن گېپىڭىز مۇنداق ئەمەس ئىدى، مەن خاتا قىلمىدىم... سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز.

ـــ مەن يالغان ئېيتىۋاتامدىمەن؟ ـــ دېدى پورفىرىي ئۇنىڭ

سۆزىگە ئۇلاپ، ئۇ ھاياجانلانغاندەك قىلىسىمۇ، خۇش چاقچاقلىق ۋە مەسخىرىلەش ئاھاڭىنى ساقلاپ قالدى. راسكولنىكوفنىڭ ئۆزىگە قانداق قاراشتا بولۇشقا قىلچە قىزىقمايدىغاندەك قىلاتتى، — مەن يالغان ئېيتىۋاتامدىمەن؟... لېكىن مەن ھازىر سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلدىم (ئاخىر مەن بىر تەرگەۋچىغۇ)؟ ئۆزۈم سىزنى ئاگاھلاندۇردۇم. ئۆزىڭىزنى قوغداشنىڭ بارلىق ئۇسۇللىرىدىن بېشارەت بەردىم. پسىخىك جەھەتتىن قانداق ئاساسلاشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردىم — «كېسەللىكنىڭ، ئەس - ھوشنى يوقاتقانلىقنىڭ، ئۇۋالچىلىقتا قېلىشنىڭ، مەيۈسلۈك كېسىلىنىڭ ۋە شۆبە ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان» ۋەھاكازا دېدىم. شۇنداققۇ؟ ھى - ھى - ھى! ئەلۋەتتە، پسىخىك جەھەتتىن ئۆزىڭىزنى قوغداشنىڭ بۇ چارىلىرى، بۇ باھانىلەر ۋە بۇ ئەگىتمە گەپلەر ئىنتايىن ئىشەنچسىز، ئۇنى ئۇنداقمۇ چۈشەندۈرگىلى، مۇنداقمۇ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ: «ئاغرىق ئىدىم، ئەقىل - ھوشۇم جايىدا ئەمەس ئىدى، خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. خىيال سۈرۈپ قاپتىمەن. ئېسىمدە قالماپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. لېكىن، ئۇكا، سىز ئاغرىپ قالغان ۋە ئەس - ھوشىڭىزنى يوقاتقان چاغدا، نېمە ئۈچۈن سىزدە باشقىچە خىياللار پەيدا بولماي، قىرىشقاندەك ئاشۇنداق خىيال پەيدا بولىدۇ؟ باشقىچە خىياللارنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ شۇنداقمۇ؟ ھى - ھى - ھى!

راسكولنىكوف ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى.

— گەپنىڭ قىسقىسى، — دېدى راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇپ، پورفىرىينى ئىتتىرىپ ۋە كاچىلىق بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — گەپنىڭ قىسقىسى، مەن شۇنى بىلمەكچى، سىزنىڭ قىلچە گۇمانلانغۇدەك يېرىڭىز يوق، دەپ ئېتىراپ قىلامسىز، قىلمامسىز؟ قېنى ئېيتىڭە، پورفىرىي پېتروۋىچ،

ئوچۇق - يورۇق دەپ بىقىڭا، تېزرەك دەڭ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا دەڭ !

— ۋاي - ۋۇي، تويدۇردىڭىزغۇ ! سىز راستلا تويدۇردىڭىزغۇ كىشىنى ! — ۋارقىرىدى پورفىرىي، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىنتايىن خۇشاللىق ۋە ئىنتايىن مۇغەمبەرلىك ئالامىتى ۋە قىلچە ھولۇقمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — نېمىشقا ئۇنى بىلمەكچى بولۇپ قالدىڭىز، نېمە ئۈچۈن شۇنچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟ سىزگە تېخى ھېچكىم چېقىلغىنى يوققۇ ! سىز خۇددى گۆدەك بالىدەك: ئوتنى ئالىمەن، ئوتنى ماڭا بەر ! دەپ ۋارقىراۋاتىسىز. نېمىشقا مۇنچىۋالا ھولۇقىسىز؟ نېمىشقا بىزنىڭ ئىشىمىزغا تۇمشۇقىڭىزنى تىقىۋېرىسىز، بۇنىڭدا نېمە سەۋەب بار؟ ھە؟ ھى - ھى - ھى !

— مەن يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، — دەرغەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى راسكولنىكوف، — مەن ئەمدى چىدىيالمايمەن...

— نېمىگە چىدىيالمايسىز؟ ھەممە نېمىنىڭ نامەلۇم بولۇۋاتقانلىقىغىمۇ؟ — دېدى پورفىرىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— زىتىمغا تەگمەڭ ! خالىمايمەن ! ... سىزگە دەپ قوياي، خالىمايمەن !... چىدىيالمايمەن، چىداشنىمۇ خالىمايمەن ! ... ئاڭلىدىڭىزمۇ ! ئاڭلىدىڭىزمۇ ! — ۋارقىرىدى يەنە ئۇستەلنى مۇشتلاپ.

— بوشراق، بوشراق ! باشقىلار ئاڭلاپ قالىدۇ ! سىزنى جىددىي ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي: ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ. مەن چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق ! — دېدى پورفىرىي ئاۋازىنى پەسەيتىپ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقىدەك خوتۇنلارغا خاس مېھرىبانلىق ۋە ھولۇقۇش ئالامەتلىرى ئەمدى يوق ئىدى؛ ئەكسىچە، ئۇ ئەمدى قاپىقىنى تۈرۈپ، جىددىي يوسۇندا سىرلىق ۋە مۇجمەل گەپلەرنى بىراقلا بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بۇيرۇق قىلماقتا ئىدى؛ لېكىن، بۇ بىردەمگىچىلا داۋام قىلدى، ئىچى تىت -

تىت بولۇپ تۇرغان راسكولنىكوفنىڭ يەنە بىردەمدىلا غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى؛ شۇنىسى قىزىقكى؛ قەھر ـ غەزىپى قايناپ تۇرغىنى بىلەن، ئۇ بوشراق گەپ قىلىش، دېگەن بۇيرۇققا بويسۇندى.

ـــ مەن خەقلەرنىڭ قىينىشىغا يول قويالمايمەن، ـــ دېدى ئۇ بايىقىدەك ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ئۇ بىرپەستىلا يەنە ئۆزىنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنماي ئامالى يوقلۇقىنى ئازاب ۋە نەپرەت ئىچىدە ھېس قىلىپ قالدى ـ دە، تېخىمۇ بەكرەك قايناپ كەتتى، ـــ مېنى قولغا ئېلىڭ. ئاختۇرۇڭ. لېكىن، رەسمىيەت بويىچە ئىش قىلىڭ. ماڭا چاقچاق قىلماڭ ! ئەگەر سىز...

ـــ رەسمىيەتتىن خاتىرجەم بولۇڭ، ـــ دېدى پورفىرىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە بايىقى مۇغەمبىرانە كۈلكە پەيدا بولدى، ھەتتا ئۇ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن راسكولنىكوفتىن زوق ئېلىۋاتقاندەكمۇ قىلىپ قالدى، ـــ ئۇكا، مەن سىزنى بۇ يەرگە تامامەن دوستانىلىك بىلەن، غەيرىي رەسمىي يوسۇندا چاقىرتقان.

ـــ مەن سىزنىڭ دوستانىلىكىڭىزگە موھتاج ئەمەس، دوستانىلىكىڭىزگە ئېرەنمۇ قىلمايمەن ! ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ قاراڭ، خالىسام قالپىقىمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋېرىمەن. خوش، ئەگەر مېنى قولغا ئالماقچى بولسىڭىز، قانداق قىلىسىز؟

ئۇ قالپىقىنى ئېلىپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ـــ خىيالىڭىزغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان كىچىككىنە بىر ئىشنى كۆرگۈڭىز يوقمۇ؟ ـــ دېدى پورفىرىي خىر ـ خىر كۈلۈپ. ئۇ يەنە راسكولنىكوفنىڭ بىلىكىنى سەل يۇقىرىدىنراق تۇتۇپ ئۇنى ئىشىك ئالدىدا توسۇۋالدى. ئۇ تېخىمۇ بەكرەك ھجىيىپ، تېخىمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنىڭدىن راسكولنىكوف تېخىمۇ تېرىكتى.

ـــ خىيالىمغا كىرىپ ـ چىقمىغۇدەك قانداق كىچىك ئىش

ئۇ؟ زادى نېمىنى دەۋاتىسىز؟ — سورىدى راسكولنىكوف بىردىنلا توختاپ، ھولۇقۇش ئىچىدە پورفىرىيغا قاراپ.

— خىيالىڭىزغا كىرىپ ـ چىقمايدىغان كىچىككىنە ئىش، مانا مۇشۇ يەردە، ئىشكىنىڭ كەينىدە ئولتۇرىدۇ، ھى ـ ھى ـ ھى... — ئۇ ئۆزى تورۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئۆيىگە چىقىدىغان، توسۇق تامغا ئورنىتىلغان قۇلۇپلاغلىق ئىشكنى كۆرسەتتى، — مەن ئۇنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ سولاپ قويدۇم.

— زادى نېمە گەپ؟ قەيەردە؟ نېمە ئىش؟... — راسكولنىكوف ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، ئىشىكنى ئاچماقچى بولدى. لېكىن، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى.

— ئىشىك قۇلۇپلاقلىق، ئاچقۇچى مانا!

ئۇ راستىلا يانچۇقىدىن بىر ئاچقۇچنى ئېلىپ، راسكولنىكوفقا كۆرسەتتى.

— سەن دائىم يالغان ئېيتىدىكەنسەن، — چىدىيالماي ھۆركىرىدى راسكولنىكوف، — يالغان ئېيتىۋاتىسەن، لەنىتى مەلئۇن! — ئۇ شۇ گەپنى دېدى ـ دە، پورفىرىيغا ئېتىلدى، پورفىرىي ئىشىك ئالدىغا چېكىنىدى ـ يۇ، لېكىن قورقۇپ كەتمىدى.

— پۈتۈنلەي چۈشەندىم، — دېدى راسكولنىكوف پورفىرىينىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ بېرىپ، — سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، مېنى كولدۇرلىتىۋاتىسەن، مېنى ئاغزىدىن ئىلىنسىكەن دەۋاتىسەن...

— رودىئون رومانوۋىچ ئۇكا، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئېلىشىش بولامدۇ؟ ئاچچىقتا ئەقلىڭىزدىن ئازاي دەۋاتىسىز. بولدى ۋارقىرىماڭ، بولمىسا ئادەم چاقىرىمەن!

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن! ھېچنېمەڭ يوق! ئادەملىرىڭنى چاقىر! مېنىڭ ئاغرىقلىقىمنى بىلىسەن، سەن مېنى ئاغزىمدىن ئىلىندۇماقچى، ئەتەي زىتىمغا تېگىپ، ساراڭ قىلىپ قويماقچى.

سىنىڭ غەرىزىڭ شۇ! ياق، پاكىتىڭنى چىقار! ھەممىنى چۈشەندىم! پاكىتىڭ يوق، سەندە بارى كارغا كەلمەيدىغان، ھېچقانداق قىممىتى يوق قىياس ــ پەرەز. زامېتوفچە گۇمان!... سەن مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەن، مېنى تېرىكتۈرۈپ ساراڭ قىلىۋەتمەكچى، ئاندىن پوپىلىرىڭ، ۋەكىللىرىڭ① بىلەن مېنى قورقۇتماقچى... سەن شۇلارنى ساقلاۋاتامسەن؟ ھە؟ نېمىنى ساقلاۋاتىسەن؟ ئۇلار قېنى؟ ئۇلارنى چاقىر!

— بۇ يەردە ۋەكىللەر نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇكا؟ ئويلاپ كەتكەن نېمىلىرىڭىزنى قارىڭا! سىز دېگەندەك قىلىشقا رەسمىيەت بويىچە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئەزىزىم. بۇ ئىشنى سىز بىلمەيدىكەنسىز... رەسمىيەتنى چوقۇم بېجىرىمىز، ئۆزىڭىز كۆرۈپ قالىسىز... — غودۇڭشىدى پورفىرىي تالادىكى شەپىگە قۇلاق سېلىپ.

شۇ چاغدا ئىشىككە يېقىن باشقا بىر ئۆيدىن ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك قىلدى.

— ھە، ئۇلار كەلدى! — ۋارقىرىۋەتتى راسكولنىكوف، — سەن ئۇلارنى چاقىرتىپسەن ــ دە!... شۇلارنى ساقلاۋاتقانمىدىڭ! سەن خىيالىڭدا... مەيلى. ھەممىسىنى چاقىرىپ كەل: ۋەكىللەر بولامدۇ، گۇۋاھچىلار بولامدۇ، كىمنى چاقىرساڭ مەيلىڭ... ئۇلارنى چاقىر! مانا مەن تەييار! مەن تەييار!...

دەل شۇ چاغدا غەلىتە، پۈتۈنلەي كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى، ئىشنىڭ ئادەتتىكى تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ مۇنداق ئاياغلىشىشىنى راسكولنىكوفمۇ، پورفىرىي پېترووۋىچمۇ ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

① بۇ يەردە ئاختۇرۇش ئۈستىدە بولىدىغان گۇۋاھچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## 6

كېيىنرەك راسكولنىكوف شۇ ۋەقەنى ھەر ئەسلىگىنىدە، ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇنداق مەنزىرىلەر پەيدا بولاتتى:

ئىشىكنىڭ كەينىدىن ئاڭلانغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بىردىنلا ئۇلغىيىپ، ئىشىك كىچىككىنە قىيا ئېچىلدى.

— نېمە گەپ؟ — ۋارقىرىدى پورفىرىي نارازى بولۇپ، — مەن تاپشۇرۇپ قويغانغۇ...

بىردەمگىچە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى، لېكىن ئىشىكنىڭ كەينىدە بىرنەچچە ئادەمنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ كىمنىدۇر ئىتتىرىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— زادى نېمە گەپ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى پورفىرىي پېتروۋىچ ئارامسىزلىنىپ.

— جىنايەتچى نىكولاينى ئېلىپ كەلدى، — دېدى بىرسى جاۋاب بېرىپ.

— كېرەك ئەمەس! ئېلىپ كېتىڭلار، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭلار! ئۇ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىكىنە! نېمىدېگەن قالايمىقانچىلىق بۇ! — ۋارقىرىدى پورفىرىي ئىشىك ئالدىغا بېرىپ.

— لېكىن ئۇ... — دېدى بايىقى ئاۋاز، بىراق ئۇ گېپىنى باشلاپ قويۇپ، بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى.

ھەقىقىي ئېلىشىش ئىككى سېكۇنتلا داۋام قىلدى؛ ئاندىن كىمدۇر بىرسى يەنە بىر ئادەمنى قاتتىق ئىتتىرگەندەك قىلدى. ئارقىدىن چىرايى بەكلا ياداڭغۇ بىرسى پورفىرىينىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

بۇ ئادەمنىڭ تەق ـ تۇرقى بىر قاراشتىلا بەكلا غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئۇ كۆزلىرى ئۇدۇل، ئالدىغىلا قاراپ تۇرسىمۇ، ھېچكىمنى كۆرەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن

نېمىگىدۇر كۆزىنى يۇمۇپلا تەۋەككۇل قىلمۇاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، چىرايى قەتلە قىلغىلى ئېلىپ مېڭىلغان ئادەمنىڭ چىرايىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى، قانسىز لەۋلىرى بولسا، بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى.

ئۇ ناھايىتى ياش، ئوتتۇرا بويلۇق، بەدىنى ئاجىز، ئادەتتىكى ئادەملەردەكلا كىيىنگەن، چېچىنى يۇپيۇمىلاق ياساتقان، چىرايى كېلىشكەن كىشى ئىدى، لېكىن تولىمۇ يادىڭ كۆرۈنەتتى. كۇتمىگەندە ئۇ ئىتتىرىۋەتكەن ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى تۇتىۋالدى. ئۇ ئۇنى يالاپ ئەكەلگەن ساقچى ئىدى. نىكولاي بىلىكىنى سىلكىپ يەنە ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى.

بىكارچىلاردىن بىرنەچچىسى ئىشىكنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئىچكىرى كىرىشكە ئۇرۇناتتى. يۇقىرىدا دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتتى.

ــ ئاچىقىپ كەت، تېخى بالدۇر! ئۇنى چاقىرتقاندا ئاندىن ئەكىر!... نېمىشقا ئۇنى بالدۇر ئەكەلدىڭ؟ ــ غودۇڭشىدى پورفىرىي قاتتىق نارازى بولۇپ، ئۇ گاڭگىراپ قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن، نىكولاي كۇتمىگەندە تىز چۆكتى، ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ــ ۋارقىرىدى پورفىرىي پېتروۋىچ ھەيران بولۇپ.

ــ مەن گۇناھ قىلدىم! مەن گۇناھكار! مەن قاتىل، ــ دېدى كۇتمىگەندە نىكولاي خېلىلا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سەل ھاسىرىغاندەك قىلىپ.

ئون سېكونتچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، ھەممەيلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى؛ ھەتتا ھېلىقى ساقچىمۇ بىر قەدەم كەينىگە داجىپ، ئىككىنچىلەپ نىكولايغا يېقىن بارمىدى، بەلكى ئىختىيارسىز ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرۇپلا قالدى.

ــ نېمە دەۋاتىسەن؟ ــ ۋارقىرىدى پورفىرىي بىرپەس ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن يەنە ھوشىنى يىغىپ.

— مەن... قاتىل، — يەنە تەكرارلىدى نىكولاي بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ.

— قانداق قىلىپ... سەن... قانداق قىلىپ... سەن كىمنى ئۆلتۈردۈڭ؟

پورفىرىي پېتروۋىچ قارىغاندا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلاتتى.

نىكولاي يەنە بىردەم جىم تۇرۇۋالدى.

— ئالىيونا ئىۋانوۋنا بىلەن سىڭلىسى لىزاۋېتا ئىۋانوۋنانى... مەن... پالتا بىلەن... ئۆلتۈرۈۋەتتىم... ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم... — كۈتمىگەندە قوشۇپ قويدى ئۇ، ئاندىن يەنە جىم بولۇپ قالدى. ئۇ تېخىچە تىزلىنىپ تۇراتتى.

پورفىرىي پېتروۋىچ نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى. لېكىن شۇ ئانلا ئۆزىگە كېلىپ، قوللىرىنى شىلتىپ، خانىغا ئۆزى كىرىۋالغان تاماشىبىنلارنى ھەيدىدى. ئۇلار بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئىشىكمۇ يېپىپ قويۇلدى. ئارقىدىن ئۇ راسكولنىكوفقا قارىدى. راسكولنىكوف ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ھاڭ - تاڭ بولۇپ نىكولايغا قاراپ تۇراتتى. پورفىرىي راسكولنىكوفنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى - يۇ، لېكىن بىردىنلا قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قويدى - دە، نەزىرىنى شۇ ئانلا نىكولايغا يۆتكىدى، ئاندىن يەنە راسكولنىكوفقا يۆتكىدى. ئاندىن يەنە نىكويلايغا يۆتكىدى، ئاخىرىدا ئۇ بىردىنلا ئاچچىقى كەلگەندەك نىكولاينىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى.

— ئۆزۈممۇ بىلمەي قاپتىمەن دەيسەنغۇ، سەن نېمىگە ئالدىرايتتىڭ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ نىكولايغا غەزەپ بىلەن، — مەن تېخى سەندىن بىلىپ قىلدىڭمۇ ياكى بىلمەي قىلدىڭمۇ دەپ سورىمىدىمغۇ... قېنى ئېيتە: سەن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟

— مەن ئۆلتۈردۈم... بوينۇمغا ئالىمەن... — دېدى نىكولاي.

— ئەستا ! نېمە بىلەن ئۆلتۈردۈڭ؟

— پالتا بىلەن. ئۇنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان.

— ھەي، ئالدىرىشنى بۇنىڭ! ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ؟
نىكولاي ئۇنىڭ سوئالىنى چۈشىنەلمىدى.
— ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆلتۈردۈڭمۇ؟
— ئۆزۈم يالغۇز. مىتكادا گۇناھ يوق. ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوق.
— مىتكانى قويۇپ تۇر! ئەستا!... ئەمىسە شۇ چاغدا... پەلەمپەيدىن قانداق يۈگۈرۈپ چۈشتۈڭ؟ دەرۋازىۋەن ئىككىڭلارنى كۆرۈپتىكەنغۇ؟
— خەقلەرنىڭ كۆزىنى بويىغىلى شۇنداق قىلغان... شۇنى دەپ... مەن مىتكا بىلەن بىللە يۈگۈرۈپ چۈشكەن، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى نىكولاي خۇددى ئالدىن تەييارلىۋالغاندەك.
— ھە، راست شۇنداق ئىكەن ـ دە! — غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى پورفىرىي، — ئۇ راست گېپىنى قىلمىدى، — غودىرىدى ئۇ خۇددى ئۆزىگە گەپ قىلغاندەك، بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى راسكولنىكوفقا چۈشتى.
قارىغاندا، پۈتۈن دىققىتىنى نىكولاي ئۆزىگە جەلپ قىلغاچقا، ئۇ ھەتتا راسكولنىكوفنىمۇ بىردەملىككە ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ مانا ئەمدى بىردىنلا ھوشىنى يىغدى، ھەتتا خىجىل بولۇپمۇ قالدى.
— رودىئون رومانوۋىچ ئۇكا، كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ راسكولنىكوفنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، — مۇنداق بولسا بولمايدۇ؛ كېتىۋېلىڭ... بۇ يەردە ئەمدى ئىشىڭىز يوق... مەن ئۆزۈممۇ... قاراڭ، نېمىدېگەن كۈتۈلمىگەن ۋەقە!... قېنى مەرھەمەت!...
پورفىرىي راسكولنىكوفنى بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىكنى كۆرسەتتى.
— بۇ ئىشنىڭ مۇنداق بولۇپ چىقىشىنى كۈتمىگەن بولغىيدىڭىز؟ — دېدى راسكولنىكوف. ئۇ تېخى ھېچنېمىنى چۈشىنىپ يەتمىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدى.

— ئۇكا، سىزمۇ كۈتمىگەنغۇ، قاراڭ. قولىرىڭىز شۇنداق قاتتىق تىترەۋاتىدۇ ! ھى - ھى - ھى!

— سىزمۇ تىترەۋاتىسىز، پورفىري پېتروۋىچ !

— مەنمۇ تىترەۋاتىمەن؛ زادىلا كۈتمىگەن !...

ئۇلار ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. پورفىري راسكولنىكوفنىڭ چىقىپ كېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

— ئەمىسە خىيالىمغا كىرىپمۇ چىقمايدىغان ھېلىقى كىچىككىنە ئىشنى ماڭا كۆرسەتمەمسىز؟ — كۈتمىگەندە سوراپ قالدى راسكولنىكوف.

— ئۇ گەپ قىلىۋاتىدۇ - يۇ، چىشلىرى تېخىچە جاقىلداۋاتىدۇ، ھى - ھى - ھى! كىنايىگە بەكلا ئۇستىكەنسىز، بوپتۇ، خەير - خوش.

— مېنىڭچە بىز ئەلۋىدا دېسەكمۇ بولىدۇ.

— بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ! — دېدى پورفىري ئاچچىق كۈلۈپ.

ئىشخانىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، راسكولنىكوف نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئۆزىگە دىققەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. دەھلىزدە ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ھېلىقى بىنانىڭ دەرۋازىسىغا قارايدىغان ئىككى كىشىنى تونۇپ قالدى. ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئۇلارنى: يۇرە، شۆبە ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئالدىغا بارىمىز، دەپ سۆرىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇلار بۇ يەردە نېمىنىدۇر ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ئۇ پەلەمپەيگە يېتىپ بېرىشىغا، كەينىدىن كۈتمىگەندە پورفىري پېتروۋىچنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، پورفىري پېتروۋىچنىڭ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— يەنە بىر ئېغىز گەپ، رودىئون رومانوۋىچ، باشقا ئىشلار توغرۇلۇق خۇدايىم ئۆزى بىرنېمە دەر، لېكىن رەسمىيەت بويىچە، مەن سىزدىن يەنە بەزى سوئاللارنى سورىشىم كېرەك ئىدى...

شۇڭا بىز يەنە بىر كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ، شۇنداق بولسۇن.
پورفىرىي كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى.
— شۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ ياندۇرۇپ. ئوزايىدىن، ئۇنىڭ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى بار ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.
— پورفىرىي پېتروۋىچ، بايا دېگەن گەپلىرىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ... مەن بەكلا ئالدىراقسانلىق قىلىپ سايتىمەن، — دېدى راسكولنىكوف گەپ باشلاپ، بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كېلىپ، زادىلا چىداپ تۇرالمىدى.
— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، — دېدى پورفىرىي خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، — مەن ئۆزۈممۇ... ئىقرار. ئۆزۈممۇ ئىقرار، مىجەزىم بەك ئوسال. لېكىن، ئىككىمىز يەنە كۆرۈشىمىز. خۇدا بۇيرۇسا، بىز يەنە نۇرغۇن قېتىم كۆرۈشىمىز!...
— بىز بىر - بىرىمىزنى تولۇق چۈشىنىپ قالىمىز. شۇنداقمۇ؟ — دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ.
— بىر - بىرىمىزنى تولۇق چۈشىنىپ قالىمىز، — قوشۇلدى پورفىرىي، ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ راسكولنىكوفقا ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن قاراپ قويدى، — ھازىر ئات قويۇش كۈنى ئۆتكۈزگىلى بارامسىز؟
— دەپنە مۇراسىمىغا بارىمەن.
— ھە، راست، دەپنە مۇراسىمىغا! سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. سالامەتلىكىڭىزگە...
— مەن سىزنى نېمە دەپ تەبرىكلىشىمنى بىلمەي قالدىم، — دېدى راسكولنىكوف ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە باشلىغانىدى. يەنە بىردىن پورفىرىي پېتروۋىچ تەرەپكە بۇرالدى، — ھەممە ئىشىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەمەكچىدىم، لېكىن قاراڭ، سىزنىڭ ئىشىڭىز تولىمۇ

كۆلكىلىك ئىش ئىكەن!

— نېمىشقا كۆلكىلىك دەيسىز؟ — دېدى كەتمەكچى بولۇپ كېيىنگە بۇرالغان پورفىرىي پېترووۋىچ شۇ ئان قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ.

— كۆلكىلىك بولمايچۇ، مانا شۇ بىچارە مىكولكىنى تاكى ئىقرار قىلمىغۇچە ھېلىقى بىر يۇرۇش پسىخىك چارىلىرىڭىز بىلەن تىنماي قىينىغان بولغىيدىڭىز. كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭغا: «سەن قاتىل، سەن قاتىل...» دەپ ئىسپاتلىغان بولغىيدىڭىز. مانا ئەمدى ئۇ ئىقرار قىلغاندا بولسا، ئۇنى يەنە سوراق قىلىپ، ئۇنىڭغا: «جۆيلۈمە، سەن قاتىل ئەمەس! سېنىڭ قاتىل بولۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەس! سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن!» دەۋاتىسىز. شۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئىشىڭىزنىڭ كۆلكىلىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ؟

— ھى ـ ھى ـ ھى! قارىغاندا مېنىڭ بايا نىكولايغا: «سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن» دېگىنىمگە دىققەت قىلىپسىز ـ دە؟

— دىققەت قىلمايچۇ؟

— ھى ـ ھى! بەك ئۆتكۈر ئىكەنسىز، بەك ئۆتكۈر ئىكەنسىز. ھەممىگە دىققەت قىلىپسىز! ھەقىقىي يۇمۇرچىكەنسىز. ئەڭ كۆلكىلىك يېرىنى تۇتۇۋالالايدىكەنسىز... ھى ـ ھى! ئاڭلىشىمچە، يازغۇچىلار ئىچىدە، مۇشۇ جەھەتتە گوگول ئەڭ ئىقتىدارلىقمىش، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، گوگول.

— شۇنداق، گوگول... ئۈمىدىم: شاد ـ خۇرام كۆرۈشەيلى.

— شاد ـ خۇرام كۆرۈشەيلى...

راسكولنىكوف ئۇدۇل ئۆيىگە قايتتى. ئۇ قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۆيگە كېلىپلا ئۆزىنى دىۋانغا تاشلىدى. چارەك سائەتچە ئولتۇرۇپ دەم ئالدى، ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ تەرتىپكە سېلىشقا تىرىشتى. ئۇ نىكولاينىڭ ئىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمىدى. بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتۇپلا قالدى.

نىكولاينىڭ ئىقرارىنىڭ بىرمۇنچە يەرلىرىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى، شۇنداقلا ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. شۇ تاپتا راسكولنىكوف ئۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ چۈشىنەلمىدى. ئەمما، نىكولاينىڭ ئىقرار قىلغانلىقى بولسا قىل سىغمايدىغان پاكىت ئىدى. بىراق، بۇ پاكىتنىڭ ئاقىۋىتى ئۇنىڭغا روشەن ئىدى: يالغان گەپ ھامىنى ئېچىلماي قالمايدۇ، مانا شۇ چاغدا ئۇلار يەنە ئۇنى تاپىدۇ. لېكىن، ھېچبولمىغاندا مانا شۇ چاغقىچە ئۇ ئەركىن يۈرەلەيدۇ. ئۇ سۆزسىز بىرەر چارە تېپىپ، كېيىنكى كۈنلەردە تۇغۇلىدىغان خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

لېكىن، بۇ خەۋپنىڭ ئۆزى زادى قانچىلىك؟ ئەھۋال ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بايا پورفىرىي بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدىكى ئىشلارنى مۇنداقلا ئەسلەپ بېقىۋىدى، ئىختىيارسىز تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئەلۋەتتە، پورفىرىينىڭ جىمىكى مەقسىتىنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ بايىقى نىيەتلىرىنىمۇ تولۇق قىياس قىلىپ كېتەلمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم كوزىرلىرى ئېچىلدى. ئەلۋەتتە، پورفىرىينىڭ بۇ بىر «يۈرۈش» كوزىرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېچكىم راسكولنىكوفچىلىك روشەن بىلىپ يېتەلمەيتتى. بايا ئەگەر يەنە ئازراق ۋاقىت ئۆتكەن بولسا، ئۇ ئۆزىنى تەلتۆكۈس ئاشكارىلاپ قويغان بولاتتى، ئاشكارىلىغاندىمۇ نەخمۇنەخ ئاشكارىلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ كېسەللىك ھالىتىدىكى تەبىئىتىنى پورفىرىي ئوبدان بىلەتتى، يەنە كېلىپ بىرىنچى قارىشىدىلا چۈشىنىپ يەتكەن. گەرچە ئازراق ئالدىراڭغۇلۇق قىلغان بولسىمۇ، ئوقنى دەل جايىغا تەگكۈزگەندى. شۈبھىسىزكى، راسكولنىكوف ئالدىبۇرۇنلا تىلىدىن كەتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ، ھەرھالدا پاكىتنى ئاشكارىلاپ قويمىدى؛ لېكىن بۇ يەنىلا نىسپىي ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى روشەن چۈشىنىپ يېتەلىدىمۇ ياكى چۈشىنىپ يېتەلمىدىمۇ؟ ئۇ خاتالىشىۋاتمىغاندىمۇ؟

پورفىري بۈگۈن زادى قانداق نەتىجىگە ئېرىشمەكچى بولغىيدى؟ ئۇ بۈگۈن راسكولنىكوفقا راستىلا بىرنېمىنى راسلاپ قويغان بولغىيمىدى؟ ئۇ زادى نېمە بولغىيدى؟ ئۇ راستىلا بىرەر نەرسىنى كۈتۈۋاتقان بولغىيمىدى؟ ئەگەر نىكولاي كۈتۈلمىگەندە بۇ ئويۇننى ئويناپ چىقمىغان بولسا، ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن قانداق خوشلىشاتتىكىن؟

پورفىري ھەممە كوزىرىنى تولۇق دېگۈدەك ئىشقا سالدى؛ ئەلۋەتتە، ئۇ تەۋەككۈل قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەممىنى ئىشقا سالدى (راسكولنىكوفقا شۇنداق تۇيۇلدى)، ئەگەر پورفىرىينىڭ قولىدا بۇنىڭدىنمۇ جىقراق كوزىر بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ئۇلارنىمۇ ئىشقا سالغان بولاتتى. ئۇنداقتا ھېلىقى «خىيالىڭىزغا كىرىپ ـ چىقمايدىغان ئىش» دېگىنى زادى نېمە بولغىيدى؟ ئۇ مېنى مازاق قىلغىنىمىدۇ يا؟ بۇنىڭ بىرەر مەنىسى بارمىدۇ؟ ئۇنىڭدا پاكىتقا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرەر نەرسە ياكى ئېنىق جىنايى پاكىتتەك بىرەر نەرسە يوشۇرۇنغانمىدۇ؟ تۈنۈگۈنكى ھېلىقى ئادەمچۇ؟ ئۇ نەلەرگە كەتكەندۇ؟ ئۇ بۈگۈن نەدىدۇ؟ ئەگەر پورفىرىيدا راستىلا بىرەر ئەمەلىي ئىسپات بار دېسەك، ئۇ ھالدا بۇ چوقۇم تۈنۈگۈنكى ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك...

راسكولنىكوف دىۋاندا جەينىكىنى تىزىغا تىرەپ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىكى ئەسەبىي تىترەك تېخىچە بېسىلمىغانىدى. ئاخىر ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قالپىقىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىرپەس ئويلىنىۋېلىپ، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

ئۇ قانداقتۇر ئۆزىنىڭ ھېچبولمىغاندا بۈگۈن خەتەردىن خالىي بولالايدىغانلىقىنى ئالدىن سەزدى. بىردىنلا ئۇنىڭ قەلبى شادلىققا چۆمدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنالارنىڭكىگە تېزرەك بارغۇسى كەلدى. دەپنە مۇراسىمىغا ئەلۋەتتە كېچىكتى. لېكىن، نەزىر ئېشىغا ھېلىمۇ ئۈلگۈرەلەيتتى. ئۇ يەردە ئۇ سونيەنى كۆرەلەيتتى.

ئۇ ئويلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. مېيىقىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— بۇگۇن ! بۇگۇن ! — تەكرارلىدى ئۇ ئىچىدە، — شۇنداق... بۇگۇن ! شۇنداق قىلىشىم كېرەك...

ئۇ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئىشىك بىردىنلا ئۆزى ئېچىلدى. ئۇ چۆچۈپ كەينىگە بىر قەدەم داجىدى. ئىشىك بوشقىنا، ئاستا ئېچىلدى ـ دە، بىردىنلا بىر گەۋدە — تۈنۈگۈن يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولغان ھېلىقى ئادەمنىڭ گەۋدىسى پەيدا بولدى.

ئۇ ئادەم بوسۇغىدىلا توختاپ، راسكولنىكوفقا ئۈن ـ تىنسىز قارىدى، ئاندىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە بىر قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭ تەق ـ تۇرقى تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاشلا ئىدى. بوي ـ تۇرقى، كىيىنىشىمۇ شۇ پېتى، پەقەت چىرايى بىلەن قاراشلىرىلا پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ھازىر ئۇ ئازراق سۇنۇپ، مەيۈس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىردەم تۇردى ـ دە، ئېغىر خورسىندى. ئەگەر ئۇ مۇشۇ تاپتا بىر قولىنى يۈزىگە قويۇپ، بېشىنى سەللا قىيسايتقان بولسا ئىدى، ئۇ پۈتۈنلەي خوتۇن كىشىگە ئوخشاپ قالغان بولاتتى.

— نېمە ئىشىڭىز بار؟ — سورىدى راسكولنىكوف، ئۇ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن چىرايىدا قان قالمىغانىدى.

ئۇ ئادەم بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ، بىردىنلا بېشى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئوڭ قولىدىكى ئۈزۈكى يەرگە تەگدى.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف.

— مەن خاتا قىلىپتىمەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئاستاغىنا.

— نېمىنى خاتا قىلىپسەن؟

— نىيىتىمنى بۇزۇپتىمەن.

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تىكىلىپ قاراپ قېلىشتى.

— ناھايىتى ئەپسۇسلاندىم. ھېلىقى كۈنى بارغاندا سىز ئازراق

كەيپ بولسىڭىز كىرەك، دەرۋازىۋەنلەرنى ساقچى ئىدارىسىگە بېرىشقا قىستىدىڭىز، قان توغرۇلۇق گەپ قىلدىڭىز، ھەممەيلەن سىزنى مەستكە چىقىرىپ، سىزگە ئېتىبار قىلمىدى. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. قاتتىق پۇشايمان قىلغاچقا كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. كېيىن ئادرېسىڭىزنى ئەسلەپ، تۈنۈگۈن مۇشۇ يەرگە كېلىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقتۇق...

— كىملەر كەلگەن؟ — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى راسكولنىكوف دەرھال ھەممىنى يادىغا كەلتۈرۈشكە باشلاپ.

— مەن كەلگەن، يەنى مەن ئۆزۈم، دىلىڭىزنى رەنجىتىپ قويدۇم.

— ئۇنداقتا سىز ھېلىقى بىنادىن كەلدىڭىزمۇ؟

— شۇ چاغدا مەن ئۇلار بىلەن بىللە دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان. ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بىز شۇ يەردە ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىمىز، ئۆزۈن يىل بولغان. بىز كۆنچى، ھۈنەرۋەنلىك قىلىپ تۇرىمىز. ئىشنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ قىلىمىز... مېنىڭ ھەممىدىن بەك ئەپسۇسلانغىنىم....

مانا شۇ چاغدا راسكولنىكوف ئالدىنقى كۈنى دەرۋازا ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېنىق ئېسىگە ئالدى: شۇ كۈنى دەرۋازىۋەنلەردىن تاشقىرى يەنە بىرنەچچە ئادەمنىڭ، بىرنەچچە خوتۇننىڭ بارلىقىنى ئەسلىدى. ئۆزىنى توپتوغرا ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلغان بىر ئادەمنىڭ ئاۋازىنى يادىغا كەلتۈردى. لېكىن، ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمەيتتى، ھەتتا ئۇنى ھازىرمۇ تونۇيالمايتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمگە بۇرۇلۇپ قارىغانلىقى، بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ئېسىدە ئىدى...

قارىغاندا تۈنۈگۈنكى ۋەھىمە ئاخىر بېرىپ مانا شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشقاندەك قىلاتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئۇ شۇ ئەرزىمەس ئەھۋال سەۋەبىدىن ھەقىقەتەن گۇمران بولغىلى، ئۆزىنى ئۆزى گۇمران قىلىۋەتكىلى قىل قالغانلىقىنى ئەسلىسىلا، ئۇنى سۈر

باساتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئادەم ئىجارىگە ئۆي ئېلىش بىلەن قانىنى سۇرۇشتۇرۇش ئىشىدىن بۆلەك ھېچنېمىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. پورفىرىيمۇ شۇنداق. ئەس - ھوشىنى يوقىتىشتىن باشقا، ئۇمۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. ئىككى باشلىق پىسخىك ھالەتتىن باشقا، ئۇنىڭ ھېچقانداق پاكىتى يوق. ھېچقانداق ئېنىق ئىسپاتى يوق. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن ھېچقانچە پاكىتى يوق ئىكەن (يەنە ئاشكارىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ھەرگىز !)، ئۇ ھالدا... ئۇ ھالدا ئۇلار ئۇنى نېمە قىلالايتتى؟ ئۇنى قولغا ئالغان تەقدىردىمۇ، ئاخىر بېرىپ ئۇنىڭغا قانداق گۇناھ ئارتالايدۇ؟ دېمەك، پورفىرىي ئىجارىگە ئۆي ئېلىش ئىشىنى تېخى ھازىرلا ئۇققان، شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ بىلمەيدۇ دېگەن گەپ.

— مېنى ئۇ يەرگە باردى دېگەن گەپنى... پورفىرىيغا بۈگۈن سىز دېدىڭىزمۇ؟ — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف كۈتمىگەندە كاللىسىغا بىر ئوي كېلىپ.

— قايسى پورفىرىيغا؟

— تەرگەۋچىگىچۇ.

— مەن دېدىم، دەرۋازىۋەنلەر ئۇ يەرگە بارمىدى، مەن باردىم.

— بۈگۈنمۇ؟

— مەن سىزدىن ئازراقلا بۇرۇن بېرىپتىمەن. ھەممىنى ئاڭلىدىم. سىزنى قانداق قىيىنىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، ھەممىنى ئاڭلىدىم.

— سىز نەدە ئىدىڭىز؟ نېمىنى ئاڭلىدىڭىز؟ قەيەردە؟

— شۇ يەردە، ئارىتام ئۆيدە، مەن شۇ يەردە ئولتۇرغان.

— نېمە؟ ئۇنىڭ خىيالىڭغا كىرىپ چىقمىغان ئىش دېگىنى سىز ئىكەنسىز - دە؟ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

— قارىسام، دەرۋازىۋەنلەر گېپىمگە كىرمىگۈدەك، بارغىلى ئۇنىمىغۇدەك، — دېدى ھۈنەرۋەن گەپ باشلاپ، — ئۇلار بەك ۋاق

بولۇپ كەتتى، بارساق ۋاقتىدا كەلمەيسىلەر، دەپ خاپا بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، دېيىشتى. مەن شۇ ئاچچىقتا كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن سۇرۇشتۇرۇشكە باشلىدىم. تۇنۇگۇن ھەممىنى ئېنىق ئۇقۇۋېلىپ، بۈگۈن باردىم. بىرىنچى قېتىم بارسام ئۇ يوق ئىكەن. ئاردىن بىر سائەت ئۆتكەندە يەنە بارسام قوبۇل قىلمىدى. ئۈچىنچى قېتىم بارغىنىمدا ئاندىن كىرگۈزۈشتى. مەن ھەممىنى ئۇنىڭغا يىپىدىن ـ يىڭنىسىگىچە دەپ بەردىم. ئۇ ئۆيىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ: «ھۇ قاراقچىلار، مۇشۇ چاغقىچە نېمە قىلىشتىڭ؟ بۇ ئىشنى بالدۇرراق بىلگەن بولسام، ئۇنى تۇتۇپ كەلمەسمىدىم !» دېدى. شۇنى دەپلا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، بىر ئادەمنى چاقىرىپ كەلدى. بۇلۇڭدا ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئاندىن يەنە مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، مېنى سۆكۈپ تىللاپ، سوراق قىلدى. ماڭا قاتتىق تەنبىھ بەردى؛ مەن بولغان ئىشنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە دەپ بەردىم، تۈنۈگۈن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، ھېچنېمە دېيەلمەي قالغانلىقىڭىزنى، مېنى تونۇيالمىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، توختىماي مەيدىسىگە مۇشتلىدى. ئاچچىقىدا ئۆينىڭ ئىچىدە توختىماي ماڭدى، بىرسى سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى ئۇقتۇرغان چاغدا، ئۇ ماڭا، ئارتتام ئۆيگە كىرىپ، ۋاقتىنچە ئولتۇرۇپ تۇر، ھەرقانداق شەپىنى ئاڭلىساڭمۇ، مىدىر ـ سىدىر قىلما، دېدى. ئۆزى چىقىپ ماڭا ئورۇندۇق ئەكىرىپ بېرىپ، مېنى سولاپ قويدى. ئۇ يەنە سېنى چاقىرىپ قىلىشىم مۇمكىن، دېدى. نىكولاينى ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، سىز چىقىپ كەتتىڭىز، ئۇ مېنىمۇ دەرھال قويۇۋەتتى، ئۇ ماڭا سېنى يەنە چاقىرىمەن، سەندىن بەزى نەرسىلەرنى سورايمەن، دېدى.

— سەن شۇ يەردىكى چاغدا ئۇ نىكولاينى سوراق قىلدىمۇ؟

— ئۇ سىزنى قويۇۋېتىپ، ئارقىدىنلا مېنىمۇ قويۇۋەتتى،

ئاندىن نىكولاينى سوراق قىلىشقا باشلىدى.

ھۆنەرۋەن گېپىنى تۈگىتىپ، كۆتمىگەندە يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلىپ، بارماقلىرىنى يەرگە تەگكۈزدى.

— تۆھمەت قىلغانلىقىم ۋە يامان نىيەتتە بولغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ.

— خۇدا ئۆزى كەچۈرسۇن، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف. ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇشىغا، ھۈنەرۋەن ئۇنىڭغا يەنە تەزىم قىلدى، لېكىن بۇ قېتىم يەرگىچە ئېگىشمەي ناھايىتى بېلىنى ئېگىپلا قويدى. ئارقىدىن ئۇ ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. «ھەممە نېمە ئىككى باشلىق، ھازىر ھەممە نېمە ئىككى باشلىق» ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئويلىدى راسكولنىكوف. ئۇ ھەرقانداق چاغدىكىدىن روھلۇقراق بىر ھالەتتە ئۆيدىن چىقتى.

«مانا ئەمدى بىز يەنە بىر تۇتۇشۇپ باقىمىز» دېدى ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ زەردە بىلەن كۈلۈپ. بۇ زەردە ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانىدى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ «بوشاڭ»لىقىنى خىجىللىق ئىچىدە، شۇنداقلا نەپرەت بىلەن ئەسلىدى.

# بەشنچی قسسم

# 1

دونېچكا ۋە پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا بىلەن قىلىشقان سۆھبەتنى پېتېر پېتروۋىچقا زور بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. بۇ سۆھبەت ئەتىسى ئەتىگەندە پېتېر پېتروۋىچنى خېلىلا سەگىتىپ قويدى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇ بەكلا تېتىقسىز – كۈلكىلىك دەپ قارىغان ھەتتا يۈز بەرگىنىدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلغان تولىمۇ كۆڭۈلسىز بۇ ئىش مانا ئەمدى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەتكە ئايلانغانىدى. بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ ئاستا – ئاستا ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. جاراھەتلەنگەن غۇرۇرى خۇددى زەھەرلىك يىلاندەك كېچىچە ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ چىقتى. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن پېتېر پېتروۋىچ دەرھاللا ئەينەككە قارىدى. ئۇ شۇ بىر كېچىدە رەڭگىمرويىم سارغىيىپ كەتكەندىمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدى. لېكىن، بۇ جەھەتتە ھازىرچە ھەممە ئىش جايىدا بولۇپ چىقتى. شۇڭا، پېتېر پېتروۋىچ يېقىندىن بۇيان سەل سەمىرىپ قالغان چىرايلىق ۋە ئاپپاق يۈزىنى كۆرگىنىدە، بىردەملىككە بولسىمۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ ئۆزىنىڭ باشقا جايدىن بىرەر لايىق، يەنە كېلىپ بۇنىڭدىن ياخشىراق لايىق تاپالىشىغا كامىل ئىشەندى. لېكىن، ئۇ شۇ ئانلا ھوشىنى يىغىپ كەينىگە بۇرالدى – دە، زەردە بىلەن تۈكۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان ياش دوستى ئاندرېي سېمىيونوۋىچ لېبېزياتنىكوف گەپ – سۆز قىلماستىن زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىنى پېتېر پېتروۋىچ كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى شۇ ئانلا بۇ ياش دوستىنىڭ ھېسابىغا پۈتۈپ قويدى. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ئۆچۈمنى ھامان ئالىمەنغۇ دەپ، ياش

دوستىنىڭ ھېسابىغا پۈتۈپ قويۇۋاتقان ئىشلىرى خېلى يىغىلىپ قالغانىدى. تونۇغۇن بولۇنغان گەپلەرنى ئاندرېي سېمېيونوۋىچقا ئېيتمىسام بوپتىكەن، دېگەن پىكىر كاللىسىغا كېلىشكە، ئۇنىڭ سەپرايى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ تونۇغۇن ئۆزىنى باسالماي يەڭگىلتەكلىك قىلىپ، ئاچچىق دەستىدىن يول قويغان ئىككىنچى خاتاسى ئىدى... بۇلا ئەمەس، بۈگۈن ئەتىگەن كۆڭۈلسىز ئىشلار خۇددى ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ ئەتەي قىلىنىۋاتقاندەك، كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىۋەردى، ھەتتا ئۇنىڭ سىناتتا ھۆددىگە ئالغان دېلوسىمۇ مەغلۇپ بولىدىغاندەك قىلاتتى، بولۇپمۇ ھېلىقى ئۆي غوجايىنى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىۋەتتى. ئۇ ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرغاچقا بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۆزى پۇل چىقىرىپ بىر قۇر زىننەتلەتكەنىدى، ئۇ ئۆينىڭ غوجايىنى بېيىپ كەتكەن قول ھۈنەرۋەن نېمىس ئىدى. پېتىر پېترووۋىچ شۇ ئۆينى زىننەتلەنگەن پېتى قايتۇرغان بولسىمۇ، ئۇ ئوتتۇرىدىكى توختامنى بىكار قىلىشقا ئۇنىماي، توختامدا دېيىلگىنى بويىچە جەرىمانىنى تولۇق تۆلەيسىز، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۆي جاھازلىرى دۇكىنىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇ سېتىۋالماقچى بولغان ئۆي جاھازلىرىدىن بىرەرىمۇ ئۆيگە ئېلىپ كېلىنمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار زاكالەت پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرگىلى زادىلا ئۇنىمىدى، ھەتتا بىرەر رۇبلىنىمۇ ياندۇرۇپ بەرمىدى. «نېمىلا دېگەنبىلەن مەن ئۆي جاھازلىرى سېتىۋالغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۆيلىنەلمەيمەن ـ دە !» ئويلىدى پېتىر پېترووۋىچ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە بىر دادىل ئۈمىد غىل ـ پاللا پەيدا بولۇپ يوقىلىپ كەتتى: «ئەجەبا مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ياندۇرۇۋالغىلى بولمىغۇدەك بىر ھالەتتە ئاياغلاشقاندىمۇ؟ تەلىيىمنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقسام بولماسمۇ؟» دونېچكا ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا، ئۇ خۇددى يۈرىكىنى پىچاقتا تىلغىۋەتكەندەكلا بولۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئېغىر ئازابقا چىدىماقتا ئىدى. ناۋادا

راسكولنىكوفنى قارغاش بىلەنلا دەرھال ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولىدى، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنى قارغىغان بولاتتى.

«بۇنىڭ تاشايىندا، مەن ئۇنىڭغا زادىلا پۇل بەرمىدىم، بۇمۇ مېنىڭ بىر خاتالىقىم، — ئويلىدى ئۇ لېبېزىياتنىكوفنىڭ ھۇجرىسىغا مەيۈس قايتىپ كىرىپ، — كاساپەتەي! نېمىشقىمۇ شۇنچىۋالا پىخسىقلىق قىلغاندىمەن! پايدىسى زىيىنىنى قاپلىمىدى دېگەن شۇ — دە! ئەسلىدە ئۇلارنى يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى بىر ئاز تارتسۇن، شۇ چاغدا مېنى ئەۋلىيادەك كۆرىدىغان بولىدۇ، دەپتىكەنمەن. مانا ئەمدى ئۇلارغا قاراپ باق!... تۇفى!... ناۋادا مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە بىر يېرىم مىڭ رۇبلى خەجلەپ، ئۇلارغا تويلۇق ھېسابىدا سوۋغا — سالاملارنى، يەنى ھەر خىل قۇتىلارنى، قىزىل — يېشىل تاشلارنى، ئەتىر — ئۇپىلارنى، كىيىم — كېچەكلەرنى، كنوپ شىركىتى[①] ياكى ئەنگلىيە شىركىتىنىڭ ماللىماتاڭ بىرنېمىلىرىنى ئېلىپ بەرگەن بولسام، بۇ ئىش خېلى جايىدا چىقىپ، خېلىلا ئىشەنچلىك بولار ئىكەندۇق! ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مېنى رەت قىلىۋېتىشى ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيتتى! ئۇلارغۇ شۇنداق خەق، مېنى رەت قىلماقچى بولسا، قىلىنغان سوۋغا — سالامنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تېگىشلىك دەپ قارىسىمۇ، لېكىن راستىلا قايتۇرىدىغان چاغدا بولسا، ئېغىر كېلەتتى، كۆزى قىيمايتتى! ۋىجدانىمۇ ئازابلىناتتى. ئۇلار ئۇنى قوغلىۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟ ئۇ بىزگە شۇنداق سېخىيلىق قىلغان ۋە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلغان تۇرسا — ھە! دېگەن بولاتتى. راستىلا ئۇتتۇرۇپ قويۇپتىمەن!» پېتىر پېتروۋىچ يەنە بىر قېتىم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئۆزىنى ئەخمەق دەپ كايىدى — ئەلۋەتتە ئۇ بۇنى ئىچىدىلا دېدى.

ئەنە شۇنداق يەكۈنگە كەلگىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ كەلگەن چاغدىكى ئاچچىقى ۋە بىئاراملىقى چىقىپ كېتىۋاتقان چېغىدى-

① كنوپ شىركىتى — پېتېربۇرگنىڭ نېۋا كوچىسىدىكى مەشھۇر كىيىم — كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى شىركىتى.

كىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەنىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭكىـ
دە بولۇۋاتقان مەرىكە تەييارلىقى ئۇنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر قىزىقـ
تۇردى. مەرىكە بولىدىغانلىقىنى ئۇ تۇنۇگۇنلا ئاڭلىغانىدى، ھەتتا
ئۆزىنىمۇ چاقىرغاندەك قىلغانلىقى ئېسىدە ئىدى. لېكىن، شۇ
چاغدا ئۇ ئۆز ئىشىغىمۇ يېتىشەلمەيۋاتقاچقا، ئۆزى بىلەن ئالاقىـ
سى يوق ئىشلارنىڭ بىرسىگىمۇ ئېتىبار قىلمىغانىدى. كاتېرىنا
ئىۋانوۋنا بولمىغاچقا (ئۇ قەبرە بېشىغا چىقىپ كەتكەنىدى)،
ئۇستەللەرنى تەييارلاۋاتقان لىپپېۋېخزېل خانىمدىن نېمە ئىشلار
بولۇۋاتقانلىقىنى سورىۋىدى، خانىم ئۇنىڭغا مەرىكىنىڭ تەنتەنىـ
لىك ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، مۇشۇ بىنادا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەمـ
مىسىنىڭ دېگۈدەك چاقىرىلغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەرھۇم
بىلەن زادىلا تونۇشمايدىغانلاردىن بىرنەچچەيلەنىنىڭ بارلىقىنى
ھەتتا كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان بولسىمۇ، ئاندـ
رېي سېمىيونوۋىچ لېبېزياتنىكوفنىڭمۇ چاقىرىلغانلىقىنى، پېتېر
پېتروۋىچنى بولسا، چاقىرغاندىن سىرت، يەنە تولىمۇ ئىنتىزارـ
لىق بىلەن كۈتىدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇنىڭ مۇشۇ بىنادا تۇـ
رۇۋاتقانلار ئىچىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك زات ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ
بەردى. ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئۆزىمۇ ساھىبخانا بىلەن ئىككىـ
سىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزىبىر كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەرگەن بولـ
سىمۇ، ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تەكلىپ قىلىنغانـ
دى، شۇڭلاشقا ئۇ ھازىر ھەممە ئىشنى ئۆزى باش بولۇپ قىلىۋاـ
تاتتى، بۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ گەرچە قارىلىق كىـ
يىمدە كىيىنگەن بولسىمۇ، باشتىن ـ ئاياغ يېڭى يىپەك كىيىمـ
لەرنى كىيىپ گۈلدەك ياسىنىۋالغانىدى ھەمدە بۇنىڭدىن پەخىرـ
لىنەتتى. مانا شۇ ئىشلار بىلەن شۇ خەۋەرلەر پېتېر پېتروۋىچـ
نىڭ كاللىسىدا بىر پىكىر ئويغاتتى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆـ
يىگە، توغرىراقى ئاندرېي سېمىيونوۋىچ لېبېزياتنىكوفنىڭ ئۆيىگە
ئۆيچان بىر ھالەتتە كىردى. گەپ شۇنىڭدا ئىدىكى، ئۇ چاقىرىلـ
غانلارنىڭ ئىچىدە راسكولنىكوفنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەن ئاندرېي سېمىيونوۋىچ نېمىشقىدۇر ئۆيدىلا بولدى. پېتر پېترووۋىچ بۇ جاناب بىلەن قانداقتۇر غەلىتە، لېكىن يەنە ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەبىئىي مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. پېتېر پېترووۋىچ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كەلگەن كۈنىدىن تارتىپلا ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى، ھەتتا ئۇنى بەكلا يامان كۆرەتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئازراق چۆچۈيدىغاندەكمۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ پېتېربۇرگقا كېلىپلا ئۇنىڭكىگە چۈشۈشى پەقەت پۇلنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. گەرچە بۇ ئاساسىي سەۋەبتەك قىلسىمۇ، بۇنىڭدا باشقا بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى، ئۇ چەت ئۆلكىدىكى چېغىدىلا ئاندرېي سېمىيونوۋىچ ھەققىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئۆزى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن بۇ ئادەم ئەڭ ئىلغار ياشلارنىڭ تەرەققىيچىلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇ ئۆزى بەكلا قىزىقىدىغان ۋە بىمەنىرەك ئۇششاق تەشكىلاتلاردا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايتتى. بۇ پېتېر پېترووۋىچنى بەكلا ھەيران قالدۇرغانىدى. پېتېر پېترووۋىچ خېلىلا كۈچ ـ قۇدرىتى بار، ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممە ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھەممە ئادەمنى پاش قىلىۋېرىدىغان ئاشۇ ئۇششاق تەشكىلاتلاردىن ئۆزۈندىن بۇيان بەكلا قورقۇپ يۈرەتتى، لېكىن زادى نېمىشقا قورقىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، چەت ئۆلكىدە چېغىدا، ئۇنىڭ مۇنداق ئۇششاق تەشكىلاتلارنىڭ ئەھۋالىنى توغرا بىلىۋالىشى ھەتتا تەخمىنەن بىلىۋالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ باشقىلار قاتارىدا پېتېربۇرگتا تەرەققىيچىلار، نىگىلىستلار، پاش قىلغۇچىلار① ... بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى. لېكىن، ئۇمۇ نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش بۇ ناملارنىڭ مەنىسىنى كىشىنىڭ كۈلكىسى كەلگۈدەك دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتەتتى، بۇرمىلىۋېتەتتى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن

① بۇ يەردە 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا رۇسىيەدە بارلىققا كەلگەن ئىنقىلابىي دېموكراتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ چاغدا رۇسىيەدىكى ئەكسىيەتچىلەر، مۇتەئەسسىپلەر ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش مەنىسىدە شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

بۇيان ھەممىدىن بەكرەك خەقنىڭ پاش قىلىنىشىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ پائالىيىتىنى پېتېربۇرگقا يۆتكەيدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرسىلا، تولىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىمۇ مانا شۇ ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇنى خۇددى ئۆششاق باللار بەزىدە چۆچۈپ كەتكەندەك چۆچۈپ كەتكەن دېيىشكىمۇ بولاتتى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ئۇ چەت ئۆلكىدە ئەمدىلا ئىگىلىكىنى تىكلەشكە باشلىغان چېغىدا، ئىككى ئىشقا دۇچ كەلدى. ھەر ئىككىلىسىدە شۇ ئۆلكىدىكى خېلى مۆھىم ئەربابلار رەھىمسىز پاش قىلىندى. پېتېر پېتروۋىچ ئەنە شۇ ئادەملەرنىڭ پېشىغا چىڭ ئېسىلغان، شۇلارنى ئارقا تىرەك قىلغانىدى. پاش قىلىنغۇچىلارنىڭ بىرسى بەكلا سەتچىلىككە قالدى، يەنە بىرسى ئۇ ئىشنىڭ ئايغىنى چىقىرالماي قالغىلى تاس - تاس قېلىپ، ئۆزىگە جىق ئاۋارىچىلىك تېپىۋالدى. پېتېر پېتروۋىچنىڭ پېتېربۇرگقا كەلگەن ھامان ئەھۋالنى ئېنىق بىلىۋېلىش، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزى ئاۋۋالراق قول سېلىپ، «بىزنىڭ ياشلىرىمىز»نىڭ ياقتۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش قارارىغا كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۈمىدىنى ئاندرېي سېميونوۋىچنىڭ ياردىمىگە باغلىغانىدى. مانا ئالايلى، ئۇ راسكولنىكوفنىڭكىگە يەتىلەپ بارغان چېغىدا، شاتۇتىدەك دوراپ بولسىمۇ، ھەرھالدا بەزىبىر يېڭى ئاتالغۇلارنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

ئەلۋەتتە، ئۇ ئاندرېي سېمىيونوۋىچنىڭ ئىنتايىن چاكىنا ۋە پاراسەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈنىغا قالماي بىلىۋالدى، لېكىن بۇ پېتېر پېتروۋىچنى قىلچە خاتىرجەم قىلالمىدى، جۈرئەتلىكمۇ قىلالمىدى. ئەگەر ئۇ بارلىق تەرەققىيچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئەخمەق بىرنېمىلەر ئىكەنلىكىگە كامىل ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئەندىشىلىرى يەنىلا يوقالمىغان بولاتتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئاندرېي سېمىيوۋىچ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغىنىدا پايدىلىنىدىغان تەلىماتلارنىڭ، پىكىرلەرنىڭ ۋە سىستېمىلارنىڭ

ئۇنىڭ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى بار ئىدى. پېتېر پېترووۋىچنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشلار يۈز بەردى ۋە قانداق يۈز بەردى؟ بۇ ئادەملەر راستىلا كۈچ ـ قۇدرىتى بار ئادەملەرمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قورقۇتقۇدەك تەرەپلىرى بارمۇ ـ يوق؟ ئەگەر ئۇ بىرەر ئىش قىلىش نىيىتىگە كەلسە، ئۇلار ئۇنى پاش قىلارمۇ؟ ئەگەر پاش قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ زادى نېمىسىنى پاش قىلار؟ ھازىر ھەممىلا يەردە پاش قىلىشلار بولۇۋاتىدۇ. زادى نېمىلەر پاش قىلىنىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ راستىلا كۈچ ـ قۇدرىتى بولسا، بىر ئامال قىلىپ بۇ ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنى ئالدىغىلى بولماسمۇ؟ مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ شۇ ئادەملەردىن پايدىلىنىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئىمكانىيىتى بارمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى دەرھاللا بىلىۋالغۇسى كېلەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە يۈز مەسىلە تۇراتتى.

بۇ ئاندرېي سېمىونوۋىچ دېگىنى كەم قان، ئىنجىمارۇق، پاكىنەك، نەدىدۇر خىزمەت قىلىدىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە سېرىق چاچلىق، كاتلېتسىمان چېكە چاچ قويغان ۋە شۇ چېكە چېچى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئادەم ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى پات ـ پات ئاغرىپ قالاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى خېلىلا يۇمشاق ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىگە قاتتىق ئىشەنگەچكە بەزىدە ھەتتا تولىمۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن گەپ قىلاتتى، بويىنىڭ پاكارلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ كۆپىنچە تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئابرۇيلۇق ئىجارىكەشلىرىدىن بىرسى ئىدى، يەنى ھاراقكەشلەردىن ئەمەس ئىدى، ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنىمۇ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تۆلەيتتى. مانا شۇنداق ياخشى پەزىلەتلىرى بولسىمۇ، ئاندرېي سېمىونوۋىچ ھەرھالدا يەنىلا پاراسەتسىز ئادەم ئىدى. ئۇ پەقەت بىردەملىك قىزغىنلىق ۋەجىدىنلا ئىلغار ئىشلارغا ۋە «بىزنىڭ

ياشلىرىمىز»غا يانداشقانىدى. ئۇ شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئەڭ مودا بولۇۋاتقان پىكىرنى دەرھاللا ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان، ئاندىن ئۇنى شۇ ئانلا چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىدىغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ سەممىي ئېتىقادىنى بەزىدە ھەش - پەش دېگۇچىلا كۇلكىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان سان - ساناقسىز، رەڭگارەڭ چاكىنىلارنىڭ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئۆلۈمتۈكلەرنىڭ، تۇرلۇك - تۇمەن رەزىل پەسكەشلەرنىڭ بىرسى ئىدى.

لىپىزياتنىكوف ھەرھالدا ئاق كۆڭۈل ئادەم بولسىمۇ، ياتاقدىشى ۋە سابىق ئۇستازى پېتىر پېتروۋىچنى بىر ئاز يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. مۇنداق ئەھۋال ھەر ئىككى تەرەپتە كۇتۇلمىگەندە پەيدا بولدى. ئاندرېي سېمىيونوۋىچ پاراسەتسىز ئادەم بولسىمۇ، پېتىر پېتروۋىچنىڭ ئۆزىنى ئالداپ يۇرگەنلىكىنى، ئۆزىگە چاندۇرمىسىمۇ ئۆزىنى پەس كۆرىدىغانلىقىنى ئاستا - ئاستا سېزىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ «جىڭ ئادەملەردىن ئەمەس» ئىكەنلىكىنىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر بايقاپ قالدى. ئۇ پېتىر پېتروۋىچقا شارل فۇرىينىڭ تەلىماتى بىلەن دارۋىننىڭ نەزەرىيەسىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، پېتىر پېتروۋىچ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دائىم مەسخىرىلىك بىر ھالەتتە قۇلاق سالدى، بولۇپمۇ يېقىنىدىن بۇيان، كېيىنكى بىرنەچچە كۇندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان بولۇۋالدى. گەپ شۇنىڭدا ئىدىكى، ئۇ لىپىزياتنىكوفنىڭ چاكىنا، پاراسەتسىز ئادەم بولۇپلا قالماي، شۇنداقلا ئالدامچى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە تەشكىلاتىدىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى، ناھايىتى خەقلەردىن ئاڭلىۋالغانلىرىنى ۋالاقلاپ، خەق دېگەننى تەكرارلاپلا يۇرىدىغانلىقىنى؛ ئۇمۇ مەيلىغۇ، ھەتتا ئۆزى تەشۋىق قىلىپ يۇرگەن نەرسىلەرنىمۇ تۇزۇك بىلمەيدىغانلىقىنى تەبىئىي تۇيغۇسىغا تايىنىپ ئاستا - ئاستا سېزىشكە باشلىدى. مانا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ باشقىلارنى پاش قىلىشنى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇ ئۆزىمۇ

تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيتتى. گېزى كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتەيلى. مۇشۇ بىر يېرىم ھەپتە ئىچىدە (بولۇپمۇ دەسلەپىدە) پېتېر پېتروۋىچ ئاندرېي سېمېيونوۋىچنىڭ غەلىتە ماختاشلىرىنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلاپ يۈردى. مەسىلەن، ئاندرېي سېمېيونوۋىچ يېقىن كەلگۈسىدە مېششانلار كوچىسىنىڭ بىرەر جايىدا يېڭىچە «كوممۇنا» قۇرۇشقا ئىقتىسادىي ياردەم بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز دېسە؛ يەنە مەسىلەن، دونېچكا توي قىلىپ بىر ئاي ئۆتمەيلا بىرەر ئاشنا تېپىۋالماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئارىلاشمايسىز دېسە ياكى بولغۇسى پەرزەنتلىرىڭىزنى چوقۇندۇرۇپمۇ يۈرمەيسىز ۋەھاكازا دېسە، ئىشقىلىپ شۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى قىلسا، ئۇ باشقىچە پىكىردە بولمايتتى، گەپمۇ قىلمايتتى. پېتېر پېتروۋىچ خەقلەرنىڭ ھەرقانداق ماختاشلىرىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولاتتى. باشقىلار مۇشۇنداق پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە تاڭسىمۇ قارشى تۇرۇپ كەتمەيتتى، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچە ماختاش سۆزلىرىنىمۇ ھەرگىز توسمايتتى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە پېتېر پېتروۋىچ قانداقتۇر بىر زۆرۈرىيەت بىلەن بەش پىرسەنتلىك زايوم چېكىدىن بىرنەچچىنى تېگىشىپ، دەستە ـ دەستە پۇللار بىلەن نومۇرى تۇتاش قەرز چېكىنى ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ساناۋاتاتتى. يانچۇقى دائىم قۇرۇق يۈرىدىغان ئاندرېي سېمېيونوۋىچ ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى ۋە بۇ پۇللارغا قەستەن سوغۇقلۇق ھەتتا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قوياتتى. ئەگەر مەسىلەن ئېيتساق، ئاندرېي سېمېيونوۋىچنى بۇنداق پۇللارغا قىلچە پىسەنت قىلمايدۇ دېيىلسە، پېتېر پېتروۋىچ ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتى. ئاندرېي سېمېيونوۋىچمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئازاب ئىچىدە، ئېھتىمال پېتېر پېتروۋىچ مەن توغرۇلۇق راستلا شۇنداق قاراشتا بولۇۋاتقاندۇر، ئۆزىنىڭ ياش دوستىنى مازاق قىلىش ۋە ئەخمەق ئىنىشىنىڭ مۇشۇنداق پۇرسىتىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتقاندۇ، دەستە ـ دەستە پۇلنى مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ، سەن نېمىدېگەن

ئەرزىمەس ئادەم، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا غايەت زور پەرق بار، دېمەكچى بولىدىغاندۇ، دەپ ئويلىماقتا ئىدى.

ئاندرېي سېميونوۋىچ ئۆزى بەك ياخشى كۆرىدىغان، يېڭىچە مەخسۇس «كوممۇنا»لارنى قۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىنى باشلىغۇەتكەن بولسىمۇ، پېتېر پېتروۋىچنىڭ بۇ قېتىم ئادەتتىن تاشقىرى تىت - تىت بولۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پىكرىنىڭ چېچىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. چوتنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى توختىغان ئارا ۋاقىتلاردا، پېتېر پېتروۋىچ قىسقا - قىسقا ئېتىرازلىرىنى بىلدۈرۈپ ياكى پىكرىنى بايان قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەتەي ئوچۇقتىن - ئوچۇق كىنايە قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، «ئاق كۆڭۈل» ئاندرېي سېميونوۋىچ پېتېر پېتروۋىچنىڭ كەيپىياتىدىكى مۇنداق ئۆزگىرىشنى تۈنۈگۈن دونېچكا بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىغا جورىدى، شۇڭلاشقا ئۇ گەپنى تېزرەك شۇ تېمىغا يۆتكەشنى جىددىي ئارزۇ قىلاتتى: شۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئۇنىڭ بەزىبىر ئىلغار، تەشۋىقات قىممىتىگە ئىگە گەپلەرنى قىلغۇسى بار ئىدى. ئۇ گەپلەرنىڭ قەدىرلىك دوستىغا ئازدۇر - كۆپتۇر تەسەللى - خاتىر بولۇپ قېلىشى ھەمدە «شۇبھىسىزكى» دوستىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆسۇشىگە پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— ھېلىقى... تۈنۈگۈن خوتۇنىڭكىدە قانداق مەرىكە بولۇۋاتىدۇ؟ — سوراپ قالدى پېتېر پېتروۋىچ ئاندرېي سېميونوۋىچنىڭ مۇھاكىمىسى ئەڭ قىزىقارلىق يېرىگە كەلگەندە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— خۇددى بىلمەيدىغاندەك سورىشىڭىزنى؛ تۈنۈگۈن ئاخشام مەن سىز بىلەن شۇ تېمىدا سۆزلەشكەن، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق مەرىكىلەر توغرىسىدىكى قارشىمنى بايان قىلغان... ئاڭلىسام ئۇ سىزنىمۇ چاقىرىپتۇ. تۈنۈگۈن ئۆزىڭىز ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشتىڭىز...

— مەن بۇ كەمبەغەل سارالڭ خوتۇننى، يەنە بىر سارالڭ... راسكولنىكوفتىن ئالغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى مەرىكىگە خەجلىۋېتەر دەپ زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. ھازىرلا شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھەيران قالدىم: شۇنچە نۇرغۇن بىرنېمىلەرنى راسلاپتۇ، ھاراق ـ شارابمۇ بار ئىكەن !... يەنە بىرنەچچەيلەننى ياردەملەشتۇرۇۋېتىپتۇ، كىم بىلىپتۇ دەيسىز نېمە ئىشلىقىنى ! — داۋام قىلدى پېتىر پېترووۋىچ قانداقتۇر بىر مۇددىئا بىلەن گەپنىڭ تېمىسىنى ئەتەي مۇشۇ تەرەپكە بۇرىماقچىدەك ئۇنى ـ بۇنى سوراپ، — نېمە؟ مېنىمۇ چاقىرغانمىدى؟ — قوشۇپ قويدى ئۇ بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — قاچان چاقىرغان؟ ئېسىمدە يوق. لېكىن، بارغۇمۇ يوق. ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر خىزمەتچىنىڭ قولى قىسقا تۇل خوتۇنى سۈپىتىدە يىللىق نەپىقە ئېلىشى مۇمكىنلىكى توغرۇلۇق مۇنداقلا گەپلەشكەن. ئۇ مېنى بەلكىم مۇشۇ ۋەجدىن چاقىردىمىكىن؟ ھى ـ ھى ـ ھى!

— مېنىڭمۇ بارغۇم يوق، — دېدى لېبېزياتنىكوف.

— شۇ ئەمەسمۇ، سىز ئۇنى ئۇرغان تۇرسىڭىز، ئەلۋەتتە خىجىل بولىسىز ـ دە، ھى ـ ھى ـ ھى !

— ئۇنى كىم ئۇرۇپتۇ؟ كىمنى؟ — لېبېزياتنىكوف بىردىنلا ھولۇقۇپ، ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— سىز ئۇرۇپسىزغۇ، بىرەر ئاينىڭ ئالدىدا كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى سىز ئۇرۇپسىز ! مەن تېخى تۈنۈگۈنلا ئاڭلىدىم... ئەقىدىڭىز شۇنداق ئىكەن ـ دە ! ... ھەتتا ئاياللار مەسىلىسىنىمۇ تۈزۈكرەك ھەل قىلالماپسىز. ھى ـ ھى ـ ھى !

پېتىر پېترووۋىچ قانداقتۇر بىر خۇشاللىقتا چۆمگەندەك بولۇپ، يەنە چوتىنى شاراقلىتىشقا باشلىدى.

— ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر، تۆھمەت ! — بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى لېبېزياتنىكوف، ئۇ مۇشۇ ئىشنى بىرەرى تىلغا ئېلىپ قالمىغىيدى دەپ دائىم ئەنسىرەپلا يۈرەتتى، — بۇ ھەرگىز

ئۇنداق ئىش ئەمەس! باشقا بىر ئىش... سىز خاتا ئاڭلاپ قاپسىز؛ پىتنە ـ پاسات، شۇ چاغدا مەن ناھايىتى ئۆزۈمنى قوغدىدىم. ئۇ ئۆزى بىرىنچى بولۇپ مېنى تاتىلىۋالدى. چېكە ساقىلىمنى يۇلۇۋەتتى... مېنىڭچە، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قوغداشقا ھەقلىق، شۇنداقلا مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ماڭا زورلۇق كۈچى ئىشلىتىشىگە يول قويمايمەن... پىرىنسىپ بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش مۇستەبىتلىك بولىدۇ. مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؛ ئۇنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق تۇرۇشۇم كېرەكمىدى. مەن ئۇنى ئىتتىرىۋەتتىم شۇ.

— ھى ـ ھى ـ ھى! — توختىماي كۈلەتتى لۈزىنى.

— سىز قورسىقىڭىز كۆپۈپ، ئاچچىقلاپ تۇرغاچقا، يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىۋاتىسىز... بۇ بولمىغۇر گەپ. ئۇنىڭ ئاياللار مەسىلىسى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق، قىلچە ئالاقىسى يوق! سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز؛ مەن ھەتتا شۇنداقمۇ ئويلىغان، ئەگەر بىز ئاياللارنىڭ ھەممە جەھەتتە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىمۇ باراۋەر ئىكەنلىكىنى (خۇددى كىشىلەر كېسىپ ئېيتقىنىدەك) ئېتىراپ قىلىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا مۇشۇ جەھەتتىمۇ باراۋەر بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، كېيىن مەن شۇنداق دەپ قارىدىم، ئەمەلىيەتتە، مۇنداق مەسىلە مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئادەملەر ئۇرۇشماسلىقى كېرەك. كەلگۈسى جەمئىيەتتە، ئۇرۇش ـ جېدەل دېگەنلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس... شۇڭلاشقا ئۇرۇش ـ جېدەلدىن تەڭلىك ئىزدەش تولىمۇ غەلىتە بىر ئىش. مەن ئۇنچىلىك ئەخمەق ئەمەس... گەرچە يەنە ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، ئۇرۇش ـ جېدەل دېگەن نەرسە يوق... مېنىڭ دېگىنىم، كېيىن بولمايدۇ، لېكىن ھازىرنىڭ ئۆزىدە بار... تۇفى! كاساپەت! ئادەمنى ئېزىقتۇرۇۋەتتىڭىز ـ دە! شۇ كۆڭۈلسىز ئىش ئۆتكەچكە، مەرىكىگە بارمايمەن دەۋاتقىنىم يوق.

مەن پىرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىدىغان بولغاچقا بارمايمەن. چۈنكى، مەن مەركىزگە ئوخشاش مۇنداق بىمەنە ئادەتلەرگە قاتنىشىشنى خالىمايمەن. گەپ مانا شۇنىڭدا! لېكىن، ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن، بېرىپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ... ئەپسۇسكى پوپلار يوق ــ دە. ئەگەر پوپلار بارغان بولسا، چوقۇم باراتتىم.

ــ بۇ گەپچە سىز خەقنىڭ تۈزىنى تېتىپ، تۈزلۇقىغا تۈكۈرۈۋېتىپ كەلمەكچى، ھەتتا سىزنى چاقىرغان ئادەمگىمۇ شۇنداق قىلماقچى ئىكەنسىز ــ دە، شۇنداقمۇ؟

ــ بۇ ھەرگىز تۈزلۇقىقا تۈكۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئېتىراز بىلدۈرۈش. مەن پايدا يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ بارىمەن. بۇنىڭ بىلەن تەرەققىيات ۋە تەرغىباتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ۋاسىتىلىك ياردەم بەرگەن بولىمەن. كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش ــ ھەربىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھەتتا قانچە ئۆتكۈر بولسا، شۇنچە ياخشى. مەن بىر ئىدىيەنى تارقىتىشىم، بىر تال ئۇرۇق چېچىشىم مۇمكىن... ئۇ ئۇرۇق بىخلايدۇ، پاكىتقا ئايلىنىدۇ. مەن قانداقمۇ ئۇلارنى ھاقارەت قىلغان بولاي؟ باشتا ئۇلار خاپا بولۇشى مۇمكىن، كېيىنچە مېنىڭ ئۇلارنىڭ پايدىسىنى كۆزلىگەنلىكىمنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. بىلەمسىز، تېرېبيېۋانى (ئۇ ھازىر كوممۇنادا) كىشىلەر قاتتىق ئەيىبلەشكەن. چۈنكى، ئۇ ئائىلىسىنى تاشلاپ... بىرسى بىلەن بىللە كەتكەن چېغىدا، ئانىسى بىلەن دادىسىغا خەت يېزىپ، بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئارىسىدا ياشاشنى خالىمايمەن، كىشىلەر بىلەن ئەركىن بىللە تۇرىمەن، دېگەن. كىشىلەر ئۇ ئاتا ــ ئانىسىغا باغرى تاشلىق قىلدى، ئۇلارنى ئايىشى كېرەك ئىدى. خېتىنى سىلىقراق يېزىشى كېرەك ئىدى، دېيىشتى. مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر، خەتنى سىلىقراق يېزىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق، ئەكسىچە، بۇنىڭ ئەكسىچە، دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈش كېرەك. ۋارىنتىس ئېرى

بىلەن يەتتە يىل بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاخىر ئىككى بالىسىنى تاشلاپ كەتتى. ئۇ بىر خېتىدە ئېرىگە كەسكىنلىك بىلەن شۇنداق دەپ يازدى: «مەن سىز بىلەن بىللە ئۆتسەم بەختلىك بولالمايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم. كوممۇنانى ۋاستە قىلغان باشقا بىر خىل ئىجتىمائىي تۇزۇمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەندىن يوشۇرۇپ، مېنى ئالداپ كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن، مەن سىزنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن تېخى يېقىندىلا ياخشى نىيەتلىك بىر ئادەمدىن ئاڭلىدىم. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كوممۇنا قۇرۇۋاتىمەن. سىزگە گەپنىڭ توغرىسىنى دەۋاتىمەن. چۈنكى، سىزنى ئالداشنى نومۇسسىزلىق دەپ قارايمەن. ئەمدى قانداق قىلسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ئىشقىلىپ مېنى يېنىمغا قايتىپ كېلەرمىكىن دەپ ئۈمىد كۈتمەڭ، سىز بەكلا كېچىكتىڭىز. بەختلىك بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن!» مۇنداق خەتلەر مانا مۇشۇنداق يېزىلىدۇ!

— تېرىبېۋا دېگىنىڭىز، ئۆتكەندە سىز دەپ بەرگەن ئەرلەر بىلەن ئۈچ قېتىم نىكاھسىز بىللە تۇرغان خوتۇن شۇمۇ؟

— گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، جەمئىي ئىككى قېتىم بىللە تۇرغان. لېكىن، تۆتىنچى قېتىم ھەتتا ئون بەشىنچى قېتىم بىللە تۇرغان بولسا نېمە بوپتۇ، ھەممىسى ئۇششاق ئىشلار! ئەگەر مېنى دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئېچىندى، دېيىلسە، مانا مۇشۇ كۈنلەردە ئېچىنىپ يۈرىمەن. قانچە - قانچە قېتىم ئويلاپ قالدىم. ئەگەر ئۇلار ھېلىمۇ ھايات بولغان بولسا، ئۇلارغا نەقەدەر قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرگەن بولاتتىم - ھە! ئەتەي شۇنداق قىلغان بولاتتىم... مەن نېمە، ئاھايىتى بىر «ئېلىۋېتىلگەن تىرناق» خالاس. تۇفى! مەن ئۇلارغا كۆرسىتىپ قوياتتىم! قاتتىق چۆچۈتۈپ قوياتتىم! راست، ھازىر بىرمۇ تۇغقىنىمنىڭ يوقلۇقىغا ئېچىنىمەن!

— قاتتىق چۆچۈتۈپ قوياتتىم! ھى - ھى - ھى!

ئىختىيارىڭىز، نېمە قىلغۇڭىز كەلسە، شۇنى قىلمۇ ېرىلڭ، — دېدى پېتېر پېتروۋىچ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — لېكىن ماڭا شۇنى دەپ بېرىڭچۇ، سىز ئۆلگۈچىنىڭ ھېلىقى قىزىنى تونۇيسىزغۇ، ھېلىقى ئاۋاق قىزچۇ؟ خەقلەرنىڭ شۇ قىز توغرۇلۇق دەپ يۈرگەن گەپلىرى راست گەپلەرمۇ؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ مېنىڭچە، يەنى مېنىڭ شەخسىي ئەقىدەم بويىچە، بۇ بىر خوتۇن كىشىدە بولىدىغان ئىنتايىن نورمال ئەھۋال. شۇنداق بولمايچۇ؟ بۇنى پەرقلەندۇرۇش كېرەك، ھازىرقى جەمئىيەتتە، بۇ تېخى تولۇق نورماللاشقىنى يوق، چۈنكى ئۇ ئىلاجسىزلىقتىن قىلىنىدۇ، كېلەچەك جەمئىيەتتە، ئۇ پۈتۈنلەي نورماللىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەركىن - ئازادە قىلىنىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇ شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق. ئۇ ئازاب چېكىۋاتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ فوندى، يەنى بۇ ئۇنىڭ كاپىتالى. ئۇ قىز ئۇنى باشقۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق. ئەلۋەتتە، كېلەچەك جەمئىيەتتە فوند ھاجەت ئەمەس، لېكىن ئىناقلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇش شەرتى ئاستىدا، ئۇ قىزنىڭ رولى باشقا بىر مەنىدە ئىپادىلىنىدۇ. سوفيە سېمىيونوۋنانىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ھازىر مەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە نىسبەتەن كۈچلۈك، جانلىق ئېتىراز، دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن؛ ھەتتا ئۇنى كۆرسەممۇ خۇشال بولىمەن!

— بىراق، ئاڭلىسام ئۇنى مۇشۇ بىنادىن سىز قوغلاپ چىقىرىپسىزغۇ!

لېبېزياتنىكوفنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ كەتتى.

— بۇمۇ پىتنە - ئىغۋا! — ھۆركىرىدى ئۇ، — ئۇ ئىش ھەرگىز، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! بۇلارنىڭ ھەممىسى كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ توقۇغان گەپلىرى. چۈنكى، ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ! سوفيە سېمىيونوۋنانى مەن قوغلىمىدىم! مەن ئۇنىڭغا خالىس خىزمەت قىلدىم، ئۇنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈردۈم،

ئۇنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشقا تىرىشتىم... ماڭا لازىمى پەقەت شۇ نارازىلىق، بۇنىڭ سىرتىدا سوفىيە سىمىيونوۋنانىڭ ئۆزىمۇ بۇ بىنادا ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان !

— سىز ئۇنى كوممۇناغا كىرىشكە ئۈندىگەنمۇ؟

— سىز يەنە چاقچاق قىلىۋاتىسىز، سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، چاقچاقلىرىڭىز ئورۇنسىز. سىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز ! كوممۇنادا مۇنداق ئىش تۇرى يوق. مۇشۇنداق ئىش تۇرىنى يوقىتىش ئۈچۈنلا كوممۇنىلار قۇرۇلۇۋاتىدۇ. كوممۇنادا مۇنداق ئىش تۇرى ئۇ قىزنىڭ ھازىرقى ماھىيىتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. بۇ يەردە ئەخمىقانىلىكتەك كۆرۈنگەن نەرسە ئۇ يەردە ئاقىلانىلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە، ھازىرقى شارائىتتا غەيرىي تەبىئىي تۇيۇلغان نەرسىلەر ئۇ يەردە تامامەن تەبىئىي بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ھەممىسى ئادەمنىڭ قانداق ئەھۋالدا ۋە قانداق مۇھىتتا ياشاۋاتقانلىقىغا باغلىق. مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزى بولسا ھېچنېمە قىلالمايدۇ. سوفىيە سىمىيونوۋنا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم تا ھازىرغىچە ياخشى، مانا شۇنىڭ ئۆزىلا ئۇ قىزنىڭ مېنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، مېنى ئۆزىگە ئازار بەرگۈچى دەپمۇ قارىمايدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق ! ھازىر ئۇنى كوممۇناغا قوبۇل قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن، لېكىن بۇ كوممۇنا پۈتۈنلەي باشقىچە ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغۇسى ! نېمىشقا كۈلىسىز ! بىز ئىلگىرىكىدىنمۇ كەڭ ئاساس ئۈستىگە ئۆزىمىزنىڭ كوممۇنامىزنى، ئالاھىدە بىر كوممۇنانى قۇرۇپ چىقماقچى. بىز ئۆز قاراشلىرىمىز جەھەتتە يەنە بىرقەدەر ئىلگىرىلىدۇق. بىزنىڭ ئىنكار قىلىدىغان نەرسىلىرىمىز تېخىمۇ كۆپەيدى. ناۋادا دوبروليۇبوف تىرىلىپ، گۆرىدىن چىقىپ كەلگەن بولسا ئىدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشكەن بولاتتىم. بېلىنسكىينىغۇ تورمىگە سولىۋەتسەم دەيمەن ! مەن ھازىر سوفىيە سىمىيونوۋنانى داۋاملىق رىغبەتلەندۈرۈۋاتىمەن. ئۇ

ئىنتايىن، ئىنتايىن ياخشى تەبىئەت !
— بۇ ئىنتايىن ياخشى تەبىئەتتىن ھېلىقىدەكمۇ پايدىلىنىپ تۇرۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ ھى – ھى – ھى!
— ياق، ياق ! ئۇ، ياق ! ئەكسىچە !
— ئوھو، ئەكسىچە دەڭ ! ھى – ھى – ھى ! گېپىڭىزنىڭ چىرايلىقلىقىنى !
— ماڭا ئىشىنىڭ ! مۇبادا سىز دېگەندەك بولسا، بۇنى يوشۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەكسىچە، ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن، ئۇ مەن بىلەن گەپلەشكەن چاغلىرىدا جىددىيلىشىپ، خىجىل بولۇپ، ئۆزىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالىدۇ !
— سىز بولسىڭىز، ئەلۋەتتە، ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇپ... ھى – ھى – ھى ! ئۇنىڭغا خىجىل بولۇشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىسىز، شۇنداقمۇ؟...
— ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ! سىزنىڭ رىغبەتلەندۇرۇش دېگەن سۆز ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىز نەقەدەر قوپال، نەقەدەر ئەخمىقانە – ھە (شۇنداق دېگەنلىكىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ) ! سىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز ! يا پەرۋەردىگار، سىز تېخى نەقەدەر... خام – ھە ! بىز خوتۇن – قىزلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتساق، سىزنىڭ كاللىڭىزنى بىرلا خىيال... دىيانەت ۋە ئاياللارنىڭ ئار – نومۇسى مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرايلى. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئۆزى ئارتۇقچە نەرسىلەر، ھەتتا ئۇلارغا بىر تەرەپلىمە قاراشلار سىڭىپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن دىيانەتلىك مۇئامىلىدە بولۇشىغا تامامەن يول قويىمەن، چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق، شۇنداق قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار. ئەلۋەتتە، ئەگەر ئۇ ئۆزى ماڭا: «سەن بىلەن بىللە بولغۇم بار» دېسە، ئۇ ھالدا ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايتتىم، چۈنكى مەن ئۇ قىزنى ئىنتايىن ياقتۇرىمەن. لېكىن، ھازىر ھېچبولمىغاندا ھازىر ھېچكىم

ئۇنىڭغا مېنىڭدەك ئەدەپلىك، مېنىڭدەك سىپايە مۇئامىلە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى ھېچكىم مېنىڭدەك ھۆرمەتلىمەيدۇ، بۇ ھەق... مەن كۈتۈۋاتىمەن، ئارزۇ قىلىۋاتىمەن، پەقەت شۇلا !

— سىز ياخشىسى ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە سوۋغا قىلىڭ، بەسلىشىمەنكى، سىز نەق شۇ ئىشنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمىدىڭىز.

— مەن سىزگە دېگەن، سىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز ! ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، لېكىن بۇ باشقا مەسىلە ! پۈتۈنلەي باشقا مەسىلە ! سىز ئۇنى كۆزگە ئىلمايسىز. سىز خاتا ھالدا نەزەرگە ئىلماسلىق كېرەك، دەپ ھېسابلىغان بىر ئىشنى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ، بولدى، بىر ئادەمگە ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن قاراشنى خالىمايسىز. سىز ئۇ قىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيسىز ! مېنىڭ ئېچىنىدىغىنىم، يېقىندىن بۇيان ئۇ كىتاب ئوقۇمايدىغان، مەندىن كىتاب ئارىيەتمۇ ئالمايدىغان بولۇۋالدى. ئىلگىرى ئۇ مەندىن پات ـ پات كىتاب ئېلىپ ئوقۇپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا مېنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، ئۇ بىر مەھەل ئېتىراز بىلدۈرگەن چېغىدا، شۇقەدەر شىجائەتلىك ۋە شۇقەدەر ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مۇستەقىللىق دېيىمىزمۇ ياكى ئۆز ئەقلى بىلەن ئىش كۆرۈش دېيىمىزمۇ، مانا شۇلارنىڭ تېخى كەملىكى بىلىنىدى. ئۇنىڭ ئىنكار قىلغانلىرى بەك ئاز، ئۇ بەزىبىر بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن ۋە... ئەخمىقانە ئىدىيەلەردىن تېخى تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمەپتۇ، شۇنداقتىمۇ بەزى مەسىلىلەرنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ. مەسىلەن ئائىلىنى، ئۇ قول سۆيۈش مەسىلىسىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىۋالدى، يەنى بىر ئەركەك بىر ئايالنىڭ قولىنى سۆيسە، دېمەك ئۇ شۇ ئايال كىشىنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرمىگەن، شۇ

ئارقىلىق ئۇنى ھاقارەتلىگەن بولىدۇ①. بۇ مەسىلىنى بىز مۇنازىرىلىشىپ باققان. مەن بۇنى دەرھاللا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ فىرانسىيەدىكى ئىشچىلار ئويۇشمىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنىمۇ دىققەت بىلەن ئاڭلىغان. ھازىر ئۇنىڭغا كەلگۈسى جەمئىيەتتە، باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە خالىغانچە كىرىۋېرىشكە بولىدۇ، دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈۋاتىمەن.

— بۇ يەنە نېمە گەپ ئەمدى؟

— يېقىندا بىز مۇنداق بىر مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقتۇق: كوممۇنا ئەزاسى بولغان بىر كىشى كوممۇنانىڭ باشقا بىر ئەزاسىنىڭ ئۆيىگە، مەيلى ئۇ ئەر كىشىنىڭ ياكى خوتۇن كىشىنىڭ ئۆيى بولسۇن، ھەرقانداق چاغدا بىمالال كىرىۋېرىشكە ھوقۇقلۇقمۇ... ئاخىرى بىز: ئۇ ھوقۇقلۇق، دەپ ھۆكۈم قىلدۇق...

— ئوھو، ناۋادا دەل شۇ چاغدا ئەر كىشى ياكى خوتۇن كىشى ھاجەت ئۆتەۋاتقان بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ ھې - ھې - ھې !

ئاندرېي سېمىونوۋىچنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ كەتتى.

— سىز ھەمىشەم شۇنداق ئىشلارنىڭ، ئاشۇنداق «ھاجەت»لەرنىڭلا گېپىنى قىلىسىز ! — نەپرەت بىلەن چىرقىرىدى ئۇ، — تۇفى ! سىزگە تۈزۈمىمىزنى چۈشەندۈرگۈچە، مۇنداق لەنىتى ھاجەتلەرنىڭ گېپىنى بالدۇرلا دەپ سالغىنىم ئۈچۈن، ئۆزۈمگە ئاچچىقلايمەن، ئۆزۈمگە كايىيمەن ! ھەي كاساپەتەي ! سىلەرگە ئوخشاش ئادەملەرگە بۇ بىر پۇتلىكاشاڭ، يامان يېرى شۇكى، بۇ

① بۇ يەردە لېبېزياتنىكوف چېرنىشېۋسكىينىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» ناملىق رومانىدىكى ۋېرا پاۋلوۋنانىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىدىن پايدىلانغان: «ئەركەكلەر ئاياللارنىڭ قولىنى سۆيمەسلىكى كېرەك. قەدىرلىكىم، بۇ ئاياللارغا قىلىنغان ناھايىتى زور ھاقارەت؛ بۇ ئەركەكلەرنىڭ ئۇلارنى ئۇلارنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار بىر ئەر كىشى ئايال خەقنىڭ ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى ھەرگىزمۇ چۈشۈرۈۋەتمەسلىكى كېرەك، دەپ قارىشىدۇ...»

ئادەملەر نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشەنمەي تۇرۇپلا، ئۇنى كۈلكىگە دەستەك قىلىۋالىدۇ. خۇددى شۇلارلا توغرا قىلىدىغاندەك ! خۇددى پەخىرلەنگۇدەك جايلىرى باردەك ! تۈفى ! مەن يېنىش - يېنىش مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتقان، يېڭى كىشىلەرگە بۇ مەسىلىنى ئەڭ ئاخىرىدا، تاكى ئۇ شۇ تۈزۈمگە كامىل ئىشەنگەن، ئۆزىمۇ پىشىپ يېتىلگەن، يەنە كېلىپ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىگەن چاغدا، ئاندىن ئېيتىش كېرەك. قېنى ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭچۇ، ئەۋرەزلەرنى تازىلاشنى ئالايلى، خوش، سىزنىڭچە، بۇنىڭ زادى نېمىسى ئۇيات، نېمىسى يامان ؟ ھەرقانداق ئەۋرەزنى تازىلاشقا مانا مەن بىرىنچى بولۇپ بارغان بولاتتىم. بۇ يەردە، ھەتتا ھېچقانداق پىداكارلىقنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇ ناھايىتى بىر خىزمەت، ئالىيجاناب، جەمئىيەتكە پايدىلىق پائالىيەت. ئۇ ھەرقانداق باشقا پائالىيەت بىلەن تەڭ تۇرالايدۇ، بەلكى رافائېل ياكى پۇشكىن دېگەنلىرىڭىزنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئالىيجانابراق، چۈنكى ئۇ تېخىمۇ پايدىلىقراق[①].

— بەلكى ئالىيجانابراق دەڭ. ئالىيجانابراق — ھى - ھى - ھى!

— ئالىيجانابراق دېگەنىنىڭ ئۆزى نېمە؟ ئىنسانىيەت پائالىيىتىنى سۈپەتلەيدىغان مۇشۇنداق سۆزلەرنى چۈشەنمەيمەن. «ئالىيجانابراق»، «يۈكسەكرەك» — بۇلارنىڭ ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر، سەپسەتىلەر. مەن ئىنكار قىلىمۇەتكەن، بىر تەرەپلىمە قاراشلار سىڭىپ كەتكەن كونا گەپلەر ! ئومۇمەن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالىيجاناب ! مەن پەقەت پايدىلىق دېگەن بىرلا سۆزنى چۈشىنىمەن ! كۈلگۈڭىز كەلسە، پۇخادىن چىققۇچە كۈلىۋېرىڭ، ئىشقىلىپ بۇ پاكىت !

---

① لېبېزياتنىكوۋ بۇ يەردە رۇسىيەنىڭ ئىنقىلابىي دېموكرات تەنقىدچىسى پىسارېۋ (1840 ـ 1868) نىڭ: «ھەرقانداق خىزمەت، جۈملىدىن سەنئەت؛ ئالدى بىلەن كىشىلەرگە ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان بولۇشى لازىم» دېگەن سۆزىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكەن.

پېتېر پېترووۋىچ قاقاھلاپ كۈلدى. ئۇ پۇللىرىنى ساناپ بولۇپ، يوشۇرۇپ قويدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر پۇللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۈستەلدە قالدۇرۇپ قويدى. «ئەۋرەز مەسىلىسى» تولىمۇ چاكىنا مەسىلە بولسىمۇ، پېتېر پېترووۋىچ بىلەن ئۇنىڭ ياش دوستىنىڭ تالاش ـ تارتىش، ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشىغا بىرنەچچە قېتىم پىلتە بولۇپ قالغانىدى. ھەممىدىن ئەخمىقانە يېرى شۇكى، ئاندرېي سېمىيونوۋىچ راستىلا ئاچچىقلاپ قالاتتى. لۇژىنى بولسا، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالاتتى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ لېبېزياتنىكوفنى تازا بىر تېرىكتۈرگۈسى بار ئىدى.

— تۈنۈگۈن بۇرنىڭىز تاشقا تەگكەچكە، بۈگۈن ماڭا مۇشۇنداق گىجىڭلىق قىلىۋاتىسىز، — دەۋەتتى ئاخىر لېبېزياتنىكوف. ئومۇمەن، ئۇ «مۇستەقىل»، يەنە كېلىپ «ئېتىراز» بىلدۈرۈش روھىغا ئىگە ئادەم بولۇشىغا قارىماي، نېمىشقىدۇر پېتېر پېترووۋىچ بىلەن ماي تارتىشىپ قېلىشقا يەنىلا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆزى ئاللىبۇرۇنلا ئادەتلىنىپ قالغان ھۆرمەت ئىپادىسىنى ساقلايتتى.

— ياخشىسى سىز ماڭا شۇنى دەپ بېرىڭچۇ، — دېدى پېتېر پېترووۋىچ ھاكاۋۇرلۇق ۋە تېرىككەكلىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مۇمكىن بولسا... ياكى مۇنداقلا دەيلى، بىز ھېلىلا گېپىنى قىلىشقان قىزچاق بىلەن راستىلا يېقىندىن تونۇشامسىز، يېقىندىن تونۇشسىڭىز ئۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇشۇ ئۆيگە چاقىرىپ كېلەلەمسىز؟ ئۇلار قەبرىستاندىن ياندى بولغاي... ئاياغ تىۋىشلىرىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم... ئۇنى كۆرۈشۈم، ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك ئىدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە قىلىسىز؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى لېبېزياتنىكوف.

— ھېچنېمە، ئازراقلا ئىشىم بار ئىدى. بۈگۈن يا ئەتە بۇ يەردىن كېتىمەن. شۇڭا ئۇنىڭغا دەپ قويماقچىدىم... لېكىن، بىز گەپلىشىۋاتقان چاغدا، سىزمۇ بىللە بولۇڭ، شۇ ياخشىراق.

بولمىسا، كىم بىلىدۇ، نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىشىڭىزنى.

— ھېچنېمىنى ئويلىمايمەن... ئانچىكىم سوراپ قويدۇم. ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىڭىز بولسا، ئۇنى چاقىرىپ كېلەي، ئۇنىڭدىنمۇ ئاسان ئىش يوق. مەن ھازىرلا باراي، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىلەرگە ھەرگىز دەخلى قىلمايمەن.

دېگەندەك، ئارىدىن بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندە، لېبېزياتنىكوف سونېچكا بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى. سونېچكا ئۆيگە قاتتىق ھەيران بولۇپ ۋە ئادەتتىكىدەك قورقۇپ قورۇنۇپ كىرىپ كەلدى. مۇنداق ئەھۋاللاردا، ئۇ دائىم قورقۇنچاقلىق قىلاتتى، يېڭى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن، يېڭى ئادەملەر بىلەن تونۇشۇشتىن بەكلا قورقاتتى. ئۇ ئىلگىرىمۇ قورقاتتى، بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا قورقاتتى، ھازىر تېخىمۇ بەكرەك قورقىدىغان بولۇپ كەتتى... پېتىر پېترووۋىچ ئۇنى مېھرىبانلىق ۋە ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋالدى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشخۇيلۇق، يېقىنچىلىقنىڭ ئالامەتلىرىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆزىدەك ھۆرمەتكە لايىق ۋە سالاپەتلىك بىر زاتنىڭ تېخى ياش، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان بىر قىزنى مۇشۇنداق كۈتۈۋېلىشى ئەدەپ - قائىدىگە مۇۋاپىق كېلەتتى. پېتىر پېترووۋىچ قىزنى «رىغبەتلەندۈرۈش»كە ئالدىرىدى. ئۇنى ئۈستەل ئالدىغا، ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغۇزدى. سونيە ئولتۇرۇپ، ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى — لېبېزياتنىكوفقا، ئۈستەلدە تۇرغان پۇلغا، ئاندىن يەنە بىردىنلا پېتىر پېترووۋىچقا قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن گويا مىخلاپ قويغاندەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن زادىلا ئالمىدى. لېبېزياتنىكوف ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پېتىر پېترووۋىچ ئورنىدىن تۇرۇپ، سونيەنى ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا قولى بىلەن شەرەتلەپ قويغاچ، لېبېزياتنىكوفنى ئىشىك ئالدىدا توختاتتى.

— ھېلىقى راسكولنىكوف شۇ يەردىمىكەن؟ ئۇ كەپتىمۇ؟ — سورىدى ئۇنىڭدىن پىچىرلاپ.

— راسكولنىكوف؟ شۇ يەردىكەن. نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ راست شۇ يەردە... ھازىرلا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم. نېمە بولدى؟

— ياخشى، ئەمدى سىزنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ، بىز بىلەن بىللە بولۇشىڭىزنى ئالاھىدە ئىلتىماس قىلىمەن، مېنى بۇ... قىز بىلەن يالغۇز تاشلاپ قويماڭ. بۇ ئەرزىمەس كىچىك ئىش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىشىنى كىم بىلىدۇ؟ راسكولنىكوفنىڭ ئۇ يەردە بىرنېمىلەرنى دەپ يۈرۈشىنى خالىمايمەن... مېنىڭ نىيىتىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟

— ھە، چۈشەندىم، چۈشەندىم، — دېدى لېبېزياتنىكوف بىردىنلا گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، — شۇنداق، سىز شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق... ئەلۋەتتە، مېنىڭ شەخسەن قارىشىمچە، مۇنچىۋالا تەشۋىشلىنىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. لېكىن... سىز شۇنداق قىلىشقا يەنىلا ھوقۇقلۇق. بوپتۇ، مەن قالاي، دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ تۇراي، سىلەرگە دەخلى قىلماي... مېنىڭچە، سىز شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇق...

پېتىر پېتروۋىچ دىۋاننىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، سونيەنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. قىزغا ئىنچىكىلەپ زەن سالدى ۋە گويا: «خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، قىزچاق» دەۋاتقاندەك، چىرايىغا بىردىنلا ئادەتتىن تاشقىرى تەمكىن، ھەتتا جىددىي تۈس بەردى. سونيە بەكلا تەمتىرەپ كەتتى.

— ئالدى بىلەن، سوفيە سېميونوۋنا، مۆھتەرەم ئانىڭىزغا مېنىڭ سۆزۈمنى يەتكۈزۈپ قويسىڭىز... مېنىڭچە شۇنداققۇ دەيمەن. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا سىزنىڭ ئۆگەي ئانىڭىزغۇ ھە؟ — دەپ باشلىدى پېتىر پېتروۋىچ تولىمۇ تەمكىنلىك بىلەن، شۇنداقلا مېھرىبانلارچە تەلەپپۇز بىلەن گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ بەكلا دوستانە نىيەتتە ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

— شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇ مېنىڭ ئۆگەي ئانام بولىدۇ، — قورۇنغىنىدىن ئالدىراپ جاۋاب بەردى سونيە.

— خوش، ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئۆزرەمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، چۈنكى مەن ئۆزۈمگە باغلىق بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئانىڭىز كۆپ تاپىلىغان بولسىمۇ، مەرىكىڭىزلەرگە بارالمايمەن... يەنى نەزىر ئىشىغا داخىل بولالمايمەن.

— ماقۇل، دەپ قوياي، ھازىرلا دەي، — دېدى سونيە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— گېپىمنى تېخى دەپ بولمىدىم، — دېدى پېتېر پېتروۋىچ قىزنى توختىتىپ، ئۇ قىزنىڭ ساددا پىكىرلىكىنى ۋە ئەدەپ-قائىدىنى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قويدى، — ئەگەر سىز بۇ ئادەم ئۆزىگىلا مۇناسىۋەتلىك ئەرزىمەس بىر ئىشنى دەپ، ماڭا ئوخشاش بىر قىزنى ئالايىتەن مۇشۇ يەرگە چاقىرىپتۇ، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا قەدىرلىك سوفيە سېمېيونوۋنا، مېنى قىلچە چۈشەنمىگەن بولىسىز، مېنىڭ مەقسىتىم باشقا.

سونيە يەنە ئالدىراپ-تېنەپ ئولتۇردى. تېخىچە ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كۈل رەڭ ۋە رەڭدار قەغەز پۇللارغا يەنە كۆزى چۈشتى. لېكىن، ئۇ ئىتتىكلا بېشىنى بۇراپ، پېتېر پېتروۋىچقا قارىۋالدى. بىردىنلا ئۇنىڭغا خەقنىڭ پۇلىغا قاراش، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق قارىشى تولىمۇ ئۇياتلىق ئىشتەك تۇيۇلدى. ئۇ پېتېر پېتروۋىچنىڭ سول قولىدا تۇرغان ئالتۇن ساپلىق كۆز ئەينەككە بىردەم قاراپ تۇردى. كېيىن كۆزىنى شۇ قولنىڭ ئوتتۇرانچى بارمىقىغا سېلىنغان تولىمۇ يوغان، ياپىلاق، ياقۇت كۆزلۈك، ئىنتايىن چىرايلىق ئۈزۈككە يۆتكىدى. لېكىن، ئۇ بىردىنلا نەزىرىنى يەنە پېتېر پېتروۋىچتىن يۆتكەپ نەگە قارىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئاخىر نائىلاج پېتېر پېتروۋىچنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. پېتېر پېتروۋىچ بايىقىدىنمۇ بەكرەك تەمكىنلىك بىلەن بىردەم شۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تۈنۈگۈن تاسادىپىي پۇرسەتتە بىچارە كاتېرىنا ئىۋانوۋنا

بىلەن ئىككى ئېغىز گەپلىشىپ قىلىۋىدىم. قارىسام، ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى سەل... تەبىرىم توغرا بولسا، باشقىچىرەكقۇ دەيمەن.

— ھەئە... باشقىچىرەك... ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلدى سونيە.

— ياكى ئاددىيراق، چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ ئېيتساق، كېسەللى بار ئىكەن.

— ھەئە، ئاددىيراق، چۈشىنىشلىك... ھەئە، كېسەللى بار.

— مەن ئۇ كىشىنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. خوش، شۇ ۋەجدىن، ئادىمەتچىلىك يۈزىسىدىن ۋە ھېسداشلىق يۈزىسىدىن دېسەكمۇ بولىدۇ، ھەرھالدا نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم قىلسام دېۋىدىم. قارىغاندا، بەكلا نامرات بۇ ئائىلە بۇنىڭ بۇ يېقىنغا سىزنىڭ قولىڭىزغىلا قاراپ قالغان ئوخشايدۇ.

— سورىسام مەيلىمۇ، — دېدى سونيە بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، — تۈنۈگۈن ئۇ كىشىگە نەپىقە ئېلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن دەپتىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ نېمىشقا دېسىڭىز، تۈنۈگۈن ئۇ ماڭا سىزنى نەپىقە پۇلى ئېلىشىمغا ياردەم بېرىدىغان بولدى، دېدى. شۇ گەپ راستمۇ؟

— ئۇنداق ئىش يوق، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھەتتا بىمەنە گەپ! مەن پەقەت بىرەر ئادەم قوللاپ قالسا، ئۇنىڭ ئىش ئۈستىدە ۋاپات بولغان خىزمەتچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى سۈپىتىدە، ۋاقىتلىق ياردەم پۇلى ئېلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن... ئەمما بىلىشىمچە، مەرھۇم دادىڭىزنىڭ ئىشلىگەن ۋاقتى بەلگىلەنگەن مۇددەتكە توشمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا خىزمىتىنى تاشلىۋېتىپتىكەن. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۈمىد بار دېيىلگەندىمۇ، مۇنداق ئۈمىد بەكمۇ ئاز. چۈنكى، مۇنداق ئەھۋالدا قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئورنى يوق،

ھەتتا بۇنىڭ ئەكسىچە... ئۇ كىشى بولسا، نەپىقە پۇلى بىلەن ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ يۈرۈپتۇ ـ دە، ھى ـ ھى ـ ھى !... راستىلا بەك دادىل خوتۇنكەن ئۇ !

ـــ ھەئە، نەپىقە پۇلى بىلەن... چۈنكى ئۇ ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاق كۆڭۈل، ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ھەممە نېمىگە ئىشىنىۋېرىدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئۇنىڭ ئۈستىگە كالللىسى شۇنداقراق... ھەئە... كەچۈرۈڭ، ـــ دېدى سونىيە ۋە كەتمەكچى بولۇپ يەنە ئورنىدىن تۇردى.

ـــ سىز گېپىمنى تېخى ئاڭلاپ بولمىدىڭىز.

ـــ ھەئە، تېخى ئاڭلاپ بولمىدىم، ـــ پىچىرلىدى سونىيە.

ـــ ئەمىسە، قېنى ئولتۇرۇڭ.

سونىيە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئۈچىنچى قېتىم جايىغا ئولتۇردى.

ـــ ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى، بەختسىز گۆدەك باللىرىنىڭ شۇنداق غۇربەتچىلىكتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بايا دېگىنىمدەك، ئومۇمەن قولۇمدىن كېلىشىچە خىزمىتىدە بولغۇم، نېمە دەيتتۇق، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلغۇم بار. پەقەت شۇنچىلىكلا قىلالايمەن. مەسىلەن ئالايلى، ئۇنىڭ نامىدا ئىئانە توپلانسا ياكى لاتارىيە ئۇيۇشتۇرۇلسا... ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار قىلىنسا بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا مۇشۇنداق ئىشنى قىلغىلى قوۋم ـ قېرىنداشلار ياكى ياردەم بېرىشنى خالايدىغان باشقا كىشىلەر چىقىپ قالىدۇ. بۇ ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ.

ـــ ھەئە، ئوبدان... شۇ قىلغىنىڭىزغا، خۇدايىم ئۆزى... ـــ دېدى سونىيە دۇدۇقلاپ، كۆزلىرىنى پېتېر پېتروۋىچتىن ئۈزمەي.

ـــ بۇ ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن... كېيىن يەنە سۆزلىشەيلى... بۈگۈن باشلىۋەتسەكمۇ بولىدۇ... كەچتە ئۇچرىشىپ مەسلىھەتلىشەيلى، ئاۋۋال بۇ ئىشقا... نېمە دېسەم بولىدىكىن، ئاساس سېلىۋالايلى، سائەت يەتتىلەردە مېنىڭ ئالدىمغا بىر كىرىپ ئۆتۈڭ. ئۈمىد قىلىمەنكى، ئاندرېي

سىمىيونوۋنىچمۇ بىز بىلەن بىللە بولىدۇ... لېكىن، يەنە بىر گەپ بار. شۇنى ئالدىنئالا پۈتتىمالاپ دەپ قويۇشۇم كېرەك. سوفىيە سىمىيونوۋنا، سىزنى بۇ يەرگە چاقىرتىپ ئاۋارە قىلىشىمنىڭ ۋەجىمۇ شۇ ئىدى. ئوچۇقراق ئېيتسام، مېنىڭ پىكرىم مۇنداق: پۇللارنى كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا بېرىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا بېرىش خەتەرلىك. بۈگۈن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەرىكە ئۆزى بىر ئىسپات. نېمە دېسەم بولىدىكىن، ئەتىلىككە يېگۈدەك بىر بۇردا نېنى يوق تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئايىغى، ھېچنېمىسى يوق تۇرۇپ، بۈگۈن قارىسام ياماىكا روملىرىنى، مادېرا ئاق ئۈزۈم ھارىقىنى ۋە... ۋە قەھۋە دېگەندەكلەرنى سېتىۋاپتۇ، ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆرۈپ قالدىم. ئەتىلىككە، ھەممە ئېغىرچىلىق يەنە سىزنىڭ زىممىڭىزگە چۈشىدۇ، ئۇلارغا بىر بۇردا ناننىمۇ سىز تېپىپ بېرىسىز، ئۇ تولىمۇ بىمەنىلىك. شۇڭلاشقا، ئىئانە توپلىغان تەقدىردە، ئۇنى پەقەت سىز، مىسالەن ئېيتايلى، يالغۇز ئۆزىڭىز بىلىسىڭىزلا كۇپايە. گېپىم توغرىمۇ؟

— بىلمەيمەن. ئۇ پەقەت بۈگۈن شۇنداق... ئۆمرىدە مۇشۇ بىر قېتىم... مەرھۇمنىڭ خاتىرىسىنى قىلغىلى، ھۆرمىتىنى بىلدۈرگىلى... ئۇ بەكلا غەرەز ئۇقىدىغان ئايال... لېكىن، گېپىڭىزگە مەن ناماقۇل. مەن سىزدىن ئىنتايىن، ئىنتايىن، ئىنتايىن... ئۇلارمۇ سىزدىن... سىزگە خۇدايىم ئۆزى... ئاندىن ئاشۇ يېتىملەر...

سونىيە گېپىنى تۈگىتەلمەي يىغلىۋەتتى.

— شۇنداق بولسۇن، خوش، شۇنىڭغا دىققەت قىلىسىڭىزلا بولىدى! ئەمدى سىزگە تۇغقان بولغۇچىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزۈمنىڭمۇ ھال ـ ئەھۋالىمغا بېقىپ ئاجراتقان ئازغىنا پۇلۇمنى قوبۇل قىلغايسىز. ئەمما، كۆپتىن ـ كۆپ ئۈمىدىم بۇنىڭدا مېنىڭ نامىمنى تىلغا ئالماڭ. مانا، ئېلىڭ... مېنىڭمۇ... نېمە دېسەم بولار، ئۆزۈمگىمۇ لازىم بولغاچقا، جىقراق بەرگىلى...

پېتېر پېتروۋىچ گېپىنى تۈگىتىپ، ئون رۇبلىلىق قەغەز پۇلنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ سونيەگە سۇندى. سونيە پۇلنى ئېلىپ، ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئارقىدىن ئورنىدىن تۇردى ـ دە، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ، ئالدىراش خوشلاشتى. پېتېر پېتروۋىچ تەنتەنىلىك ھالدا ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئىنتايىن ھاياجانلانغان ۋە قاتتىق ھېرىپ كەتكەن سونيە ئۇنىڭكىدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ، ئادەتتىن تاشقىرى ساراسىمىگە چۈشكەن بىر ھالەتتە كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ يېنىغا يېنىپ باردى.

تاكى بۇ ئويۇن ئوينىلىپ بولغۇچە، ئاندرېي سېمىيونوۋىچ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، بىردەم دېرىزە ئالدىدا تۇردى، بىردەم ئۆيدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى؛ سونيە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ كۈتمىگەندە پېتېر پېتروۋىچنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تەنتەنە بىلەن ئۇنىڭغا قول بەردى.

— مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، ھەممىنى كۆردۈم ، — دېدى ئۇ «كۆردۈم» دېگەن سۆزگە ئالاھىدە ئۇرغۇ بېرىپ، — بۇ ئالىيجانابلىق. دېمەكچىمەنكى، ئىنسانپەرۋەرلىك ! كۆرۈپ تۇردۇم، سىز مىننەت تەلەپ قىلمىدىڭىز ! يوشۇرمايمەن، پرىنسىپ جەھەتتىن، مەن خۇسۇسىي خەير ـ ئېھساننى قۇۋۋەتلىمەيمەن. چۈنكى، بۇنىڭلىق بىلەن يامانلىقنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئۇ يامانلىقنى ئۇلغايتىۋېتىدۇ. ئەمما، ئېتىراپ قىلمايمۇ ئىلاجىم يوق. ھازىر قىلغان ئىشىڭىزنى كۆرۈپ، چىن دىلىمدىن خۇش بولدۇم.... شۇنداق، شۇنداق، بۇنى مەن ئىنتايىن قۇۋۋەتلەيمەن.

— ئەستا، ھەممىسى ئۇششاق ئىشلار ! — غودۇڭشىدى پېتېر پېتروۋىچ نېمىشقىدۇر ئارامسىزلىنىپ ۋە لېبېزياتنىكوفقا دىققەت بىلەن تىكىلىپ.

— ياق، بۇ ئۇششاق ئىش ئەمەس ! تۈنۈگۈنكى ئىشتا ھاقارەتلىنىپ، قاتتىق ئازار يېگەن تۇرۇقلۇق، يەنە باشقىلارنىڭ

بەختسىزلىكى توغرۇلۇقمۇ ئويلىيالاپسىز. مۇشۇنداق بىر ئادەم... ئۆز ھەرىكىتى بىلەن گەرچە بىر ئىجتىمائىي خاتاغا يول قويسىمۇ، بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ھۆرمەتلەشكە مۇناسىپ! مەن سىزنى مۇشۇنداق قىلار دەپ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن، بولۇپمۇ سىز، پېتىر پېترووۋىچ، ئاشۇنداق قاراشتىكى ئادەم بولغاچقا، سىزنىڭ شۇ قاراشلىرىڭىز سىزگە نەقەدەر زور توسالغۇ ـ ھە! يەنە ئالايلى، تۈنۈگۈن ئىشىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالغانلىقى سىزنى قانچىلىك ئازابلىدى ـ ھە! ـــ خىتاب قىلدى كۆڭۈلچەك ئاندرېي سېمىونووۋىچ پېتىر پېترووۋىچقا نىسبەتەن كۆڭلىدە ئاجايىپ بىر ئىللىقلىقنى ھېس قىلىپ، ـــ ئەگەر ئەزىز، ئەڭ ئالىيجاناب پېتىر پېترووۋىچ، سىزگە شۇ نىكاھ، شۇ قانۇنىي نىكاھ شۇنداق زۆرۈرمۇ؟ سىزگە مۇنداق نىكاھنىڭ قانۇنىي بولۇشى شەرتمۇ؟ بولدىلا، ئەگەر خالىسىڭىز، مانا مېنى ئۇرۇڭ، ئۇ نىكاھ ئىشىڭىزنىڭ ئىشقا ئاشمىغىنىغا ئىشقىلىپ مەن بەك خۇشال، بەك خۇشال. سىز نىكاھنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالمىدىڭىز، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىپتىقاندا، سىز تېخى تامامەن بەربات بولۇپ كەتمىدىڭىز؛ مەن ئىنتايىن خۇرسەن... مانا قاراڭ، دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتتىم.

ـــ چۈنكى، مەن سىلەردەك ئەركىن بىللە تۇرۇپ يېشىل قالپاق كىيىپ قېلىشنى، يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ باللىرىنى بېقىشنى خالىمايمەن. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا قانۇنىي نىكاھ زۆرۈر، ـــ دېدى لۇژىنى جاۋاب بېرىش زۆرۈرىيىتىدىنلا جاۋاب بېرىپ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئالاھىدە ئىشى باردەك قىلاتتى، چىرايىدىنمۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ـــ بالا؟ بالىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسىز؟ ـــ دېدى ئاندرېي سېمىونووۋىچ جەڭگە چاقىرغان بۇرغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان جەڭ

ئاتلىرىدەك ئەندىكىپ، ـــ باللار ئىجتىمائىي مەسىلە، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم مەسىلە، بۇنىڭغا قوشۇلىمەن؛ لېكىن، باللار مەسىلىسىنى باشقا يوللار ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بەزى ئادەملەر: بالا ئائىلىدىن بېشارەت دېيىشىپ، باللارنى ھەتتا تامامەن ئىنكار قىلىدۇ. باللار مەسىلىسى ئۈستىدە كېيىنرەك گەپلىشەيلى، ھازىر ئالدى بىلەن يېشىل قالپاق كىيىپ قېلىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلايلى. سىزدىن يوشۇرمايمەن. بۇ مەسىلىدە بىلىدىغانلىرىم چاغلىق. بۇ بىر پەسكەش، گۆسارچە ئىبارە، پۈشكىن ئىشلەتكەن سۆز. كەلگۈسىدىكى لۇغەتلەردىن مۇنداق ئىبارىنى تېپىشنى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. يېشىل قالپاق دېگىنى نېمە دېگىنى؟ نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق بۇ ! يېشىل قالپاق نېمە ئۆزى؟ نېمىشقا يېشىل قالپاق كىيىپ قالغۇدەك؟ ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر ! ئەكسىچە، ئەركىن بىللە تۇرۇشتا يېشىل قالپاق دېگەن نەرسە بولمايدۇ ! يېشىل قالپاق ـــ جىمىكى قانۇنىي نىكاھلارنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى. نېمە دېسەم بولار، ئۇ نىكاھقا كىرگۈزۈلگەن تۈزىتىش، ئېتىراز. مانا شۇ مەنىدىن ئېيتىلغاندا، يېشىل قالپاق كىيىپ قېلىش ۋەھاكازا دېگەنلەردە قىلچىمۇ ھاقارەتلىنىش مەنىسى يوق... ئەگەر مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ـــ بىمەنىرەك قىلىپ ئېيتسام ـــ قانۇندا بەلگىلەنگەن رەسمىيەتلەر بويىچە نىكاھلانسام، ئۇ ھالدا سىز دېگەن ھېلىقى لەنىتى يېشىل قالپاقنى كىيىپ قېلىشنى دەرۋەقە ياقتۇرۇپ قالاتتىم؛ مانا شۇ چاغدا خوتۇنۇمغا: «دوستۇم، شۇ چاغقىچە مەن سېنى پەقەت ياخشى كۆرۈپلا كېلىۋىدىم. مانا ئەمدى سېنى ھۆرمەتلەيمەن، چۈنكى سەن قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئۆگەندىڭ !» دېگەن بولاتتىم. كۈلۈۋاتامسىز؟ بۇ سىزنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن تېخى قۇتۇلالمىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. كاساپەتەي، قانۇنىي نىكاھتا كۈنلەرنىڭ بىرسىدە ئالدامچىلىق يۈز بەرسە نېمە ئۈچۈن كىشىگە كۆڭۈلسىزلىك

ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى مەنمۇ چۈشىنىمەن. لېكىن، بۇ ناھايىتى ھەر ئىككى تەرەپنى يەرگە ئۇرغان رەزىل پاكىتىنىڭ رەزىل نەتىجىسى. ئەركىن بىللە تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، يېشىل قالپاق كىيىش ئاشكارا بولىدۇ، شۇڭلاشقا يېشىل قالپاقمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ، يېشىل قالپاق كىيىپ قېلىش ۋەھاكازا دېگەنلىرىڭىز چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا يېشىل قالپاق دېگەن ئاتالغۇمۇ يوقىلىدۇ. ئەكسىچە، خوتۇنىڭىز سىزنى: مېنىڭ بەختىمگە قارشى تۇرمايدۇ①. يەنە كېلىپ ئىنتايىن ئوچۇق پىكىرلىك، يېڭى ئەر تېپىۋالغىنىم ئۈچۈن مەندىن ئۆچ ئېلىپمۇ يۈرمەيدۇ، دەپ قارىسا، ئۇ ھالدا ئۇ سىزنى نەقەدەر ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كاساپەتەي، بەزىدە ئويلاپ كېتىمەن، ئەگەر ئەرگە تەگسەم، تۇفى ! ئەگەر نىكاھلانسام دەيمەن (مەيلى ئەركىن بىللە تۇراي ياكى قانۇنىي نىكاھلىناي، بەرىبىر)، ئەگەر خوتۇنۇم ئۆزۈنىچە ئاشنا تاپالمىسا، ئۆزۈم تېپىپ بېرىشىم مۇمكىن. «دوستۇم، — دەيتتىم ئۇنىڭغا، — مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. لېكىن، مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك مېنى ھۆرمەتلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن — مانا شۇنداق !» مۇشۇ گېپىم توغرىمۇ، توغرىمۇ؟...

پېتېر پېتروۋىچ گەپكە قۇلاق سالغاچ، خىر - خىر كۈلۈپ ئولتۇردى، لېكىن ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمىدى. ئۇ ھەتتا كەمدىن - كەم قۇلاق سالدى. ئۇ دەرۋەقە باشقا بىر ئىشنى ئويلاپ ئولتۇردى. بۇنى لېبېزياتنىكوفمۇ ئاخىر سېزىپ قالدى. پېتېر پېتروۋىچ ھەتتا قاتتىق ھاياجانلانماقتا ئىدى، ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ توختىماي قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاندرېي سېمىيونوۋىچ كېيىن چۈشىنىپ، ئېسىگە ئالدى.

① لېبېزياتنىكوفنىڭ بۇ ئۇزۇن مونولوگىدا، 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى ھېسسىيات ئەركىنلىكى ۋە ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە سەمىمىي، سادىق بولۇشىنى قوغدىغان «يېڭى كىشىلەر»نىڭ ئەخلاقى چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

## 2

كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ گادىرماچ خىياللار بىلەن تولغان كاللىسىدا مۇنداق ئەخمىقانە مەرىكىنى ئۆتكۈزۈش خىيالىنىڭ قانداق قىلىپ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرىش قىيىن ئىدى. راسكولنىكوف مارمېلادوفنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىۋالسۇن، دەپ بەرگەن يىگىرمە نەچچە رۇبلىنىڭ سەل كەم ئون رۇبلىسى مۇشۇ مەرىكىگە خەجلەندى. ئېھتىمال كاتېرىنا ئىۋانوۋنا مەرھۇمنى «تۈزۈكرەك» خاتىرىلەشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارىغاندۇ. شۇ بىنادا تۇرۇۋاتقانلارغا، بولۇپمۇ ئامالىيە ئىۋانوۋناغا ئېرىنىڭ «شۇلاردىن قالغۇچىلىكى يوق»لا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن «خېلىلا ياخشى» ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ئۆزىنىڭ ئالدىدا ھېچقايسىسىنىڭ «قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ» ئالغۇدەك يېرى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلگەندۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭغا كەمبەغەلنىڭ غۇرۇرى ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەندۇ. مۇنداق غۇرۇر نۇرغۇن كەمبەغەلنى تۇرمۇشىمىزدىكى ھەممە ئادەم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىجتىمائىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆتەشكە، ئۆزلىرىنىڭ «باشقىلاردىن كەم ئەمەس»لىكىنى، خەقلەرنىڭ «ئەيىب تاپقۇدەك يېرى» يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، جىق باش قاتۇرۇپ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ساقلاپ كەلگەن ئاخىرقى پۇللىرىنى خەجلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئېھتىمال كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۆزىنى ھەممە ئادەم دېگۈدەك تاشلىۋەتكەن مۇشۇنداق بىر پەيتتە، مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، شۇ «ئەرزىمەس چاكىنا قوشنىلىرى»غا ئۆزىنىڭ «تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشنى بىلىدىغان»لىقىنى، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق تەقدىرگە مۇپتىلا بولۇش ئۈچۈن تەربىيەلەنمىگەنلىكىنى، «ئالىي

نەسەب ھەتتا ئاقسۆڭەك دېسمۇ بولىدىغان پولكوۋنىكنىڭ ئائىلىسى»دە تەربىيەلىنىپ چوڭ بولغانلىقىنى، ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ پول سۇرتۇش ۋە كېچە - كېچىلەپ باللارنىڭ لاتا - پاتىلىرىنى يۇيۇش ئۇچۇن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلگەندۇ. ئىنتايىن نامرات، قاتتىق ئېزىلگەن ئادەملەردىمۇ بەزىدە مۇشۇنداق تەكەببۇرانە ئابرۇيپەرەسلىك پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئۇلاردىكى مۇنداق روھىي ھالەت كۆپىنچە ھاللاردا كىشىنىڭ تاقىتىنى تاق قىلىۋېتىدىغان، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېھتىياجىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئىستائەتمەن كىشىلەردىن ئەمەس. شارائىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇ ئۆلسە ئۆلۈپ كېتىدۇكى، لېكىن ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن ئىستائەتمەن قىلىۋېتىش، قورقۇتۇۋېلىش، ئىرادىسىنى شارائىتقا بويسۇندۇرۇشقا مەجبۇر قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ سىرتىدا، سونېچكانىڭ: «ئۇ كاللىسىدىن كېتىپ قالدى» دېيىشىدە خېلىلا ئاساسى بار ئىدى. دەرۋەقە، بۇ گەپنى ھازىرچە مۇئەييەنلەشتۇرۇۋەتكىلى بولمايتتى. لېكىن، كېيىنكى چاغلاردا، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە ئۇنىڭ شورلۇق بېشىغا دېمىسىمۇ تۇمەن مىڭ خىل سەۋدا چۇشكەچكە، كاللىسى نورماللىقىنى ئازدۇر - كۆپتۇر يوقاتقانىدى. دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، سىل كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ئەقلىي قابىلىيەتنى سۇسلاشتۇراتتى.

ھاراقنىڭ سانىمۇ، تۇرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. مادېرا ھارىقىمۇ يوق ئىدى: گەپ خېلىلا ئاشۇرۇۋېتىلگەنىدى. ناھايىتى ھاراقنىڭ بارلىقىلا راست ئىدى. داستىخانغا سۇپىتى تولىمۇ ناچار ۋودكا، روم لىسسابون ھارىقى قويۇلغانىدى. لېكىن، مىقدارى يېتەرلىك ئىدى. تائاملاردىن ھالۋىدىن تاشقىرى يەنە ئۇچ - تۆت خىل قورۇما، قازان قوتۇرمىچى تەييارلانغانىدى. شۇلارنىڭ ھەممىسى ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئاشخانىسىدا پىشۇرۇلدى. بۇنىڭ سىرتىدا تاماقتىن كېيىن چاي ۋە پونىش①

ئىچىش ئۈچۈن، بىر ئەمەس، ئىككى ساماۋار قويۇلدى. لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىر كەمبەغەل پولياك قوشنىسىنىڭ ياردىمىدە ئۆزى سېتىۋالدى. بۇ پولياك نېمىشقىدۇر لىپپېۋېخزېل خانىمنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ خىزمىتىدە بولۇش بۇيرۇلغاچقا، ئۇ تۈنۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن قىلغان ئىشىمنى خەق كۆرسۇن دەپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ چېپىپ يۈردى. ئۇ كىچىككىنە بىر ئىشقا يولۇقسىلا كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى ئىزدەپ كېلەتتى، ھەتتا كوچىلارغىچە ئىزدەپ باراتتى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى ھەدەپ «ئوفىتسېر خانىمى» دەپ چاقىراتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا باشتا ھېلىمۇ ياخشى مۇشۇنداق «ھەممەتىلىك، ئىشلەمچى» بىر ئادەم بار ئىكەن، بولمىسا ھېچنېمە قىلالمايتتىم، دەپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇزۇنغا قالمايلا بۇ ئادەمىمۇ ئۇنى زېرىكتۈردى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇ ئىدىكى، ئۇ دەسلەپ ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەمنى باشتا ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ ئوچۇق بوياقلار بىلەن بوياپ زىننەتلىۋېتەتتى ۋە ئۇنى ماختىغاندا شۇنچىلىك ماختىۋېتەتتىكى، ماختالغان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ قالاتتى. يەنە كېلىپ ئۇ ماختالغان كىشىدە ئەسلىدىلا يوق پەزىلەتلەرنى توقۇپ چىقىپ دەۋېرەتتى، كېيىنچە تېگى - تەكتىدىنلا يوق بۇ نەرسىلەرگە ئۆزىمۇ چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئۇنى راستىلا شۇنداق، دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئاخىر بېرىپ، ئۇنىڭ خام خىياللىرى بىردىنلا بەربات بولاتتى - دە، ئۆزى تېخى بىرنەچچە سائەتنىڭ ئالدىدىلا ماختاپ يەر - جاھانغا سىغدۇرمىغان ئادەم بىلەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئادا - جۇدا بولۇپ كېتەتتى، ئۇنى نەزىرىگىمۇ ئىلماي قوپاللىق بىلەن قوغلاپ

① پونىش ـــ ۋاقتىدىلا تەڭشەپ تەييارلىنىدىغان كۆچلۈك ئىچىملىك. ئۇ روم (ياكى ۋىسكىي، براندى قاتارلىقلار)غا ئاق شېكەر، قايناق سۇ، مېۋە شەربىتى ياكى مېۋە - چىۋە قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

چىقىراتتى. ئۇ ئۆز تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا خۇشخۇي، تېتىك، مۇلايىم ئايال ئىدى. لېكىن، تۆپە ـ تۆپىلەپ كېلىۋەرگەن بەختسىزلىكلەر ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار سەۋەبىدىن، ئۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆڭۈللۈك ۋە ئىناق ياشىشىنى تەلۋىلەرچە ئۈمىد قىلىدىغان ۋە تەلەپ قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ باشقىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كۆنەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە ئىناقسىزلىق، كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىق ئۇنىڭ ئوغىسىنى دەرھاللا قاينىتىۋېتەتتى، تېخى ھېلىلا خىلمۇخىل پارلاق ئۈمىدلەر بىلەن شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ تۇرغان بولسا، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدىلا يەنە ئۆز تەقدىرىنى قارغاشقا باشلايتتى، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى يىرتاتتى، چاقاتتى، بېشىنى تاملارغا ئۇراتتى. ئاماليە ئىۋانوۋنا كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ نەزىرىدە نېمىشقىدۇر بىردىنلا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ قالدى. مەرىكە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئاماليە ئىۋانوۋنانىڭ ھەممە ئىشىغا قارىشىپ بېرىشكە جان ـ دىلى بىلەن ماقۇل بولغانلىقى ئېھتىمال بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى بولسا كېرەك: ئۇ ئۈستەللەرنى راسلاشنى، داستىخان، قاچا ـ قۇچا ۋەھاكازالارنى ئۆتنە ئېلىشنى، تائاملارنى ئۆزىنىڭ ئاشخانىسىدا تەييارلاشنى ئۈستىگە ئالدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قەبرە بېشىغا چىقىپ كەتتى. دېگەندەك ھەممە نەرسە جاي ـ جايىدا تەييارلاندى: ئۈستەللەرگە پاكىز داستىخانلار سېلىنىدى. چىنە ـ تەخسە، پىچاق ـ ۋىلكا، رومكا، ئىستاكان ۋەھاكازالار ھەركىملەرنىڭكىدىن يىغىپ كېلىنگەچكە، ھەر خىل ھەر ياڭزا، بىرسى چوڭ، بىرسى كىچىك بولسىمۇ، دېيىلگەن چاغقىچە تەخمۇتەخ قىلىندى. ئاماليە ئىۋانوۋنا ئۇچىسىغا قارا كۆڭلەك، بېشىغا يېڭى قارا لېنتىلىق شلەپە كىيىپ چىرايلىقىنا ياسىنىۋالدى. ئۇ ئىشلارنى جاي ـ جايىدا تۈگەتكەنلىكى ئۈچۈن، قەبرە بېشىدىن قايتقانلارنى خېلى

پەخىرلىنىش بىلەن كۈتۈۋالدى. مۇنداق پەخىرلىنىش ئورۇنلۇق بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى خاپا قىلىپ قويدى: «كۆر بۇنى، خۇددى بىر ئامالىيە ئىۋانوۋنا بولمىسا ئۇستەللەر راسلانماي قالىدىغاندەك !» دەپ ئويلىدى ئۇ. ھېلىقى يېڭى لىنتا چىگىلگەن شىلەپىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈندى: «بۇ ئەقىلسىز نېمىس خوتۇن ئۆيىنىڭ غوجايىنى مەن، دەپ شۇنداق پەخىرلىنىۋاتقاندۇ تايىنلىق، كەمبەغەل قوشنىلارغا رەھىم كېلىپ ياردەم قىلدىم دەمدىكىن تېخى؟ رەھمى كەپتۇمىش ! ۋاي قوۋۇرغام ! مېنىڭ دادام پولكوۋنىك ئىدى، ئۆلكە باشلىقى بولغىلىمۇ ئاز - ئازلا قېلىۋىدى، ئۆيىدە بەزىدە قىرىق كىشىلىك ئۇستەل راسلىناتتى، شۇڭلاشقا ئامالىيە ئىۋانوۋنادەك ياكى توغرىراقى ليۇدۋىگوۋنادەك كىشىلەر ھەتتا بىزنىڭ ئاشخانىغىمۇ يېقىن بارالمايتتى...» لېكىن كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئىچىدىكىنى ھازىرچە تېشىغا چىقارماسلىق، ئامالىيە ئىۋانوۋناغا ۋاقتىنچە پەقەت سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ تۇرۇش قارارىغا كەلدى، لېكىن مۇشۇ بۈگۈنلا ئەدىپىنى بېرىپ، ئۇنىڭغا ئورنىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. «بولمىسا، كىم بىلىدۇ ئۆزىنى ئاللىكىممەن دەپ ئويلاپ كېتەر بۇ خوتۇن.» يەنە بىر كۆڭۈلسىز ئىش كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى: دەپنە مۇراسىمىغا چاقىرىلغانلاردىن نېمىلا بولمىسۇن، يالغۇز بىر پولياكلا قەبرە بېشىغا چىقتى، دەپنە مۇراسىمىغا شۇنىڭدىن باشقا بىرمۇ ئادەم قاتناشمىدى؛ مانا ئەمدى مەرىكە داستىخىنىغا، يەنى تائامغا ئەڭ نامرات، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەملەر كەپتۇ، كەلگەنلەردىن بىرمۇنچىسى ھەتتا ئىچىپ مەس بولۇۋاپتۇ، ھەممىسىلا تېگى پەسلەركەن. چاقىرىلغانلاردىن يېشى چوڭراق، ئابرۇيلۇقراقلىرى خۇددى كېلىشىۋېلىپ ئەتەي قىلغاندەك ئاياغ باسماپتۇ. مەسىلەن ئالايلى، پېتىر پېتروۋىچ لۇژىنى قوشنىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. ئۇمۇ كەلمەپتۇ. تۈنۈگۈن ئاخشام كاتېرىنا ئىۋانوۋنا دۇنيادىكى ھەممە

ئادەمگە، يەنى ئامالىيە ئىۋانوۋناغا، پولىپچاغا، سونىيەگە ۋە ھېلىقى پولياكقا ئۇنى تولىمۇ ئالىيجاناب، قولىنى نەگىلا سوزسا يېتىدىغان، دۆلەتمەن ئادەم، بىرىنچى ئېرىمنىڭ ئىلگىرىكى دوستى، دادامنىڭ ئەزىز مېھمىنى ئىدى، كۆچىنىڭ يېتىشچە پول مېڭىپ، خېلى نۇرغۇن نەپىقە پۇلى ئېلىپ بەرمەكچى بولدى، دەۋەتكەنىدى. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز لازىمكى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قولىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى، دۆلەتمەنلىكىنى ماختىغىنىدا، پايدا ـ زىيان توغرىسىدىكى ئوي ـ خىياللىرىنى ۋە شەخسىي غەرىزىنى قىلچە ئارىلاشتۇرمايتتى. پۈتۈنلەي غەرەزسىز، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن، باشقىلارنى ماختاشتىن ۋە ماختالغۇچىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈشتىن زوق ئالىدىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. ھېلىقى پەسكەش ئەبلەخ لېبېزياتنىكوف ئېھتىمال «لۇژىنىنى دوراپ» كەلمىگەن بولسا كېرەك. «بۇ ئادەم ئۆزىنى بەكلا قالتىس چاغلاپ كېتىپتۇ! ئۇنى پېتېر پېتروۋىچ بىلەن بىر خانىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دوستى، چاقىرمىساق قولايسىز تۇرىدۇ، دەپ ئادىمەتچىلىك يۈزىسىدىنلا چاقىرىپ قويغان.» كەلمىگەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە بىر سالاپەتلىك خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزى ـــ «گۈلدەك چاغلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەن قېرى قىز»مۇ بار ئىدى. ئانا ـ بالا ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ بىناسىدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشمىغان بولسىمۇ، شۇ مەزگىل ئىچىدە مارمېلادوفلارنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقان شاۋقۇن ـ سۈرەندىن بىرنەچچە قېتىم شىكايەت قىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. بۇ شىكايەتلەر ئۆلگۈچى ئۆيىگە مەست قايتقان چاغلاردا تېخىمۇ ئەۋجگە چىقاتتى. ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرى ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ ۋاستىسى بىلەن كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ قۇلىقىغا ئاللىبۇرۇنلا يەتكەن، يەنە تېخى، ئۇ كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىلەن قاتتىق جاڭجاللىشىپ، ئۇنىڭغا: پۈتۈن ئائىلەڭ بىلەن قوغلىۋېتىمەن، دەپ پوپوزا قىلغان، ئۇنى ئاز دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ـ

جارقىراپ: «ئۆزۈڭلار بىر پاچىقىغىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئالىيجاناب ئادەملەرنى پاراكەندە قىلىۋاتىسىلەر» دېگەنىدى. مانا ئەمدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۆزى «بىر پاچىقىغىمۇ ئەرزىمەيدىغان» شۇ خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى مەرىكىگە ئەتەي چاقىرغانىدى، بولۇپمۇ ئۇ خانىم مۇشۇ مەرىكىدىن ئىلگىرى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسا، تەكەببۇرلۇق بىلەن تەتۈر قارىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قىسقىسى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭغا بۇ يەردە تۇرىۋاتقانلارنىڭ ئاداۋەت ساقلىماي، پىكىر قىلىش جەھەتتىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى تەكلىپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچىدى. ئۇ يەنە داستىخان ئۈستىدە ئۇلارغا بۇ ئىشنى ئېنىق دەپ قويماقچى، مەرھۇم دادىسىنىڭ سالاھىيىتى ئۆلكە باشلىقىغا باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى، شۇڭا ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا تەتۈر قارىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، بۇنداق قىلىشنىڭ تولىمۇ ئەخمەقلىك بولىدىغانلىقىنى ئاسماقچىلاپ ئۇقتۇرۇپ قويماقچىدى. ھېلىقى سېمىز پودپولكوۋنىكمۇ (ئەمەلىيەتتە ئۇ ناھايىتى چېكىنگەن كاپىتان) كەلمىدى. ئەسلىدە تۈنۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ «غەرق مەست بولۇپ» ياتقانىمىش. قىسقىسى، كەلگەنلەر پەقەت مۇنۇلار ئىدى: پولياك، ئاندىن يۈزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن، كۆرۈمسىز ۋە پېقىمسىز ئىش بېجىرگۈچى كەلدى. كىرلىشىپ كەتكەن فىراك كىيگەن بۇ ئادەمنىڭ تېنىدىن كىشىنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرغۇدەك سېسىق پۇراق كېلىپ تۇراتتى، ئۇ كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى؛ ئاندىن گاس، ئىككىلا كۆزى كور بولۇپ قالايلا دېگەن ۋېجىككىنە بوۋاي كەلدى. قاچانلاردىدۇر پوچتا ئىدارىسىدە ئىشلىگەن بۇ ئادەمنى كىمدۇر بىرسى نېمە ئۈچۈندۇر خېلى بۇرۇنلا ئامالىيە

ئمۋانوۋنانىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپ قويغانىدى. ئاندىن غەرق مەست بولۇپ قالغان پوروچىك كەلدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەربىي لاۋازىمەتچى ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەتتا مايكىمۇ كىيمەي كىرىپ كەلدى. يەنە بىر كىشى ھەتتا كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىلەن سالاملىشىپمۇ قويماي، ئۇدۇل ئۇستەلگە بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئاخىرىدا يەنە بىر كىشى كىيىمى بولمىغاچقا خالاتىنىلا يېپىنچاقلاپ كىرىپ كەلدى. بۇ شۇقەدەر ئۇياتلىق ئىش بولدىكى، ئامالىيە ئىۋانوۋنا بىلەن پولياك ئۇنى مىڭ مەشەققەتتە ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى. ليكىن، پولياك باشقا ئىككى پولياكنى باشلاپ كىردى. ئۇلار ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ بىناسىدا ھېچقاچان تۇرۇپ باقمىغان. ئۇلارنى بۇ يەردە ھېچكىم ئۇچرىتىپمۇ باقمىغانىدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى خاپا قىلىپ، ئاچچىقىنى كەلتۈرمەكتە ئىدى. «ئاخىر بېرىپ شۇنچە كۈندىن بۇيان كىملەرنى دەپ قىلدىم بۇ تەييارلىقنى؟» مېھمانلارغا ئورۇن چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ ھەتتا باللارنى ئۆيگە لىقىدا دېگۈدەك قويۇلغان ئۇستەلگە ئولتۇرغۇزمىدى، بەلكى بۇلۇڭدىكى ساندۇقنىڭ ئۇستىگە داستىخان سېلىپ، باللارنىڭ كىچىك ئىككىسىنى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. پولېچكا بولسا، باللارنىڭ چوڭى بولغاچقا، ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشى، تاماق يېگۈزۈشى، «ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باللىرى»غا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى تازىلاپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. قىسقىسى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا مېھمانلىرىنى خۇددى راستەك ھەتتا تەكەببۇرانە قىياپەتتە كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ مېھمانلاردىن بىرنەچچىسىگە ئالاھىدە زەن سېلىپ، ئۇلارنى غادىيىپ تۇرۇپ ئۇستەلگە تەكلىپ قىلدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا مېھمانلارنىڭ كەلمەي قېلىشىغا ئامالىيە ئىۋانوۋنا جاۋابكاردەك تۇيۇلدى. شۇڭلاشقا ئۇ كۈتمىگەندە ئۇنىڭغا تولىمۇ توڭلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. بۇنى ئامالىيە ئىۋانوۋنا دەرھاللا

سىزىپ، ئىچىدە قاتتىق پۇچۇلاندى. مەركىنىڭ مۇشۇنداق باشلىنىشى ھەرگىزمۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى. ھەممەيلەن ئاخىر داستىخانغا ئولتۇرۇشتى.

راسكولنىكوف ئۇلار قەبرە بېشىدىن قايتىپ كېلىشىگە ئۇلار بىلەن تەڭ دېگۇدەكلا كەلدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى؛ بىرىنچىدىن، مېھمانلارنىڭ ئىچىدە ئۇ بىردىنبىر «ئوقۇمۇشلۇق مېھمان» ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەلۇمكى، ئۇ ئىككى يىلدىن كېيىن مۇشۇ يەردىكى ئالىي مەكتەپتە دەرسكە كىرىپ، پىروفېسسور بولۇشقا تەييارلانماقتا» ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ قەبرە بېشىغا چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن دەرھاللا ئەدەپ بىلەن ئۆزرە ئېيتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭغا باش ئۇرغىلى قىل ـ قىل قالدى ۋە ئۆزىنىڭ سول يېنىدىن ئورۇن بەردى (ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئامالىيە ئىۋانوۋنا ئولتۇردى)، ئۇ قورۇمىلارنىڭ خاتا تارتىلىپ قالماسلىقىغا، تائاملارغا ھەربىر ئادەمنىڭ ئېغىز تېگىۋاتقان ـ تەگمەيۋاتقانلىقىغا توختىماي كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرۇۋاتقان، دەممۇدەم قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ سۆزىنى بۆلۈپ، نەپىسىنى بوغۇپ قويۇۋاتقان بولسىمۇ (كېيىنكى ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ يۆتىلىپ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى)، راسكولنىكوفقا تىنماي گەپ قىلىپ تۇراتتى، ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئىتتىك ـ ئىتتىك گەپ قىلىپ، يۈرىكىدە يىغىلىپ قالغان دەردلىرىنى تۆكەتتى، مەركىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىدىن ئورۇنلۇق ئاغرىناتتى، لېكىن شۇ ئاغرىنىشلارنىڭ ئارىسىغا پات ـ پات تۇتۇۋالغىلى بولمايدىغان شاد ـ خۇرام كۈلكىلەرمۇ ئارىلىشىپ قالاتتى، ئۇ يىغىلغان مېھمانلارنى، بولۇپمۇ ئۆينىڭ ئايال غوجايىنىنى مەسخىرە قىلاتتى.

— ھەممىسىگە مۇشۇ كاككۇك ئەيىبلىك، كىمنى دەۋاتقانلىقىمنى بىلىۋاتامسىز؟ ئەنە ئۇنى دەۋاتىمەن. ئۇنى! — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۆينىڭ ئايال غوجايىنىنى بېشى بىلەن

شەرەتلەپ، — قاراڭ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، ئۆزى توغرۇلۇق گەپلىشىۋاتقانلىقىمىزنى سېزىۋاتىدۇ، لېكىن نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇقالمايۋاتىدۇ. كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىنى، ۋاي، ھۇۋقۇش! ھا ـ ھا ـ ھا... ئۆھۇ، ئۆھۇ، ئۆھۇ! بېشىغا شىلەپە كىيىپ نېمىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچىدۇ؟ ئۆھۇ، ئۆھۇ، ئۆھۇ! سەزدىڭىزمۇ، ئۇ ھەممە ئادەم مېنى كاتېرىناغا تازا مېھىر ـ شەپقەت قىلىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىمۇ كاتېرىناغا قىلىنغان ھىممەت، دەپ قالىسكەن، دەيدۇ. مەن ئۇنى تۇزۇك ئايال دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئابرۇيلۇقراق ئادەملەرنى، يەنى مەرھۇمنىڭ دوستلىرىنى، تونۇش ـ بىلىشلىرىنى چاقىرىڭ دەپ تاپشۇرسام، قارىماسىز ئۇنىڭ چاقىرىپ كەلگەن ئادەملىرىنى، ساپلا مەينەتلەرنى يىغىپ كەپتۇ! قارىڭا، ئاۋۇنىڭ يۈزىنىڭ مەينەتلىكىگە؛ ئىككى پۇتلۇق پوتلىغۇ ئۇ! ئاۋۇ پولياكلارغا قاراڭ... ھا ـ ھا ـ ھا... ئۆھۇ، ئۆھۇ، ئۆھۇ! ئۇلارنى بۇ يەردە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان، مەنمۇ كۆرۈپ باقمايتىكەنمەن؛ دەپ بېقىڭا، ئۇلار بۇ يەرگە نېمىدەپ كېلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قاتارلىشىپ غادىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكىنىنى. ھەي، ئەپەندى! — كۈتمىگەندە ۋارقىرىدى ئۇ پولياكلارنىڭ بىرسىگە قاراپ، — قازان قوتۇرمىچىدىن يېدىڭىزمۇ، يەنە ئازراق يەڭ! يېۋىدىن ئىچىڭ، پىۋىدىن! ۋودكىدىن ئازراق ئىچكۈڭىز يوقمۇ؟ قاراڭ، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، تەزىم قىلىۋاتىدۇ. قاراڭ، قاراڭ. ئۇلار ئېچىرقاپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ۋاي گادايلار! ھېچقىسى يوق؛ بوپتۇ بىر تويۇۋالسۇن! ھېچبولمىغاندا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشماس، لېكىن... لېكىن مەن راستىلا غوجايىنىنىڭ كۈمۈش قوشۇقلىرىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن!... ئامالىيە ئىۋانوۋنا! — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ۋارقىراپ دېگۈدەك ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ، — قوشۇقلىرىڭىز يىتىپ كەتسە مەندىن كۆرۈپ يۈرمەڭ. سىزگە ئالدىنئالا ئېيتىپ قوياي، ھا ـ ھا ـ ھا... —

كۆلۈشكە باشلىدى ئۇ راسكولنىكوفقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۆينىڭ غوجايىنىنى شەرەتلەپ ۋە ئۆزىنىڭ ئېپىدە چاقچاق قىلالىغىنىدىن خۇش بولۇپ، — ئۇ چۈشەنمىدى، يەنە چۈشەنمىدى ! ئاغزىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشىنى قاراڭ: ھۇۋقۇش، بەئەينى بىر ھۇقۇش ! بېشىغا لېنتا چىگىۋالغان ھۇقۇش. ھا ـ ھا ـ ھا...

دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۈلكىسى يەنە چىدىغۇسىز قاتتىق يۆتەلگە ئايلىنىپ، يۆتەل بەش مىنۇتچە داۋام قىلدى. قولىدىكى ياغلىقىغا قان يۇقۇپ قالدى. پېشانىسى چىپپىدە تەرلەپ كەتتى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن قاننى راسكولنىكوفقا كۆرسەتتى. لېكىن، ئۇ نەپەسنى ئازراق راستلىۋېلىپلا، يەنە زور قىزىقىش بىلەن راسكولنىكوفنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى.

— ماڭا قاراڭ، مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك، نېمە دېسەم بولار، بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرغان، يەنى ھېلىقى خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى چاقىرىڭ، دېۋىدىم. كىمنى دەۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ بۇ تولىمۇ ئەدەپ بىلەن، ئەپلەشتۈرۈپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ قويدى. ئۇ كەلگۈندى، ئۆزىنى بىلمەيدىغان ھايۋان، ئەرزىمەس ياقا يۇرتلۇق خوتۇن، مەن دېگەن مايورنىڭ تۇل خوتۇنى، نەپىقە ئىشىنى بېجىرگىلى كەلدىم، دەپ ماختىنىپ، قوبۇلخانىلارنىڭ پوللىرىنى تېشىۋەتكەن بىرنېمە، ئەللىك بەش ياشقا كىرىپمۇ كۆزىگە سۈرمە سۈرۈپ يۈرىدىغان (بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ)... بىر مەخلۇق، ئۆزىغۇ كەلمىدى، ھەتتا بىرەرىنى ئەۋەتىپ ئۆزرە ئېيتىپ قويايمۇ دېمىدى. ئۆزىغۇ كەلمىسۇن، مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەڭ ئادەتتىكى ئەدەپ ـ قائىدىنى بولسىمۇ قىلىپ قويسا بولاتتى دەڭە ! ھېچ چۈشەنمىدىم، پېتىر پېتروۋىچ نېمىشقا كەلمىدىكىن؟ لېكىن سونيە قېنى؟ ئۇ نەگە كەتتى؟ ھە، ئەنە كەلدى ! نېمە بولدى، سونيە، نەگە باردىڭ؟

قىزىق، داداڭنىڭ دەپنە مۇراسىمىغىمۇ ۋاقتىدا كەلمىدىڭ. رودىئون رومانوۋىچ، ئازراق قىستىلىڭ، ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرسۇن. مانا ماۋۇ يەرگە ئولتۇر، سونېچكا... نېمە يېگۈڭ بار، ئۆزۈڭ ئال. شورپا ئۇيۇتمىسىدىن ئال، شۇ ياخشى. قازان قوتۇرمىچى هازىرلا كېلىدۇ. باللارغىمۇ بەردىڭلارمۇ؟ پولېچكا، ئالدىڭلاردا ھەممە تاماقتىن بارمۇ؟ ئۆھۇ، ئۆھۇ، ئۆھۇ! بوپتۇ، ياخشى، ليونيە، ئەقىللىك قىزىم؛ كوليە پۇتلىرىڭنى پۇلاڭلاتما، ئالىي نەسەبلىك ئائىلىنىڭ بالىلىرىدەك جىم ئولتۇر. نېمە دېدىڭ، سونېچكا؟

سونيە شۇ ئانلا پېتېر پېتروۋىچنىڭ ئۆزرىسىنى يەتكۈزدى. يەنە كېلىپ ھەممە ئادەم ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئېيتتى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىسىنى ئەڭ ئوبدان ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىخلاس بىلەن تاللاپ ئىشلەتتى. بۇ سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئۇ پېتېر پېتروۋىچنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ توقۇۋېلىپ، ئارقىدىن ئۆزى يەنە بىر قۇر پىششىقلاپ چىققانىدى. ئۇ يەنە: پېتېر پېتروۋىچ كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا ئالاھىدە ئېيتىپ قويۇڭ، ۋاقتىم يەتسىلا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئىشنى ئايرىم سۆزلىشىمەن، نېمىلەرنى قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە كەلگۈسىدە نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى مەسلىھەتلىشىمەن، دېدى، دەپ قوشۇپ قويدى.

مۇشۇنداق دېيىسە كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى خاتىرجەم ۋە خۇشال قىلالايدىغانلىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ غۇرۇرىنى قاندۇرالايدىغانلىقىنى سونيە تازا ئوبدان بىلەتتى. ئۇ راسكولنىكوفقا ئىتتىكلا تەزىم قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ۋە ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۇنىڭغا قىزىقىش بىلەن بىردەم قارىۋالدى. لېكىن، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن نېمىشقىدۇر راسكولنىكوفقا قاراشتىن ئۆزىنى تارتتى. ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلمىدى. ئۇ گەرچە كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ كۆڭلىنى ئاياپ،

ئۇنىڭغا قاراپ ـ قاراپ قويىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر يەردە ئەمەستەك قىلاتتى. كىيگۈدەك كىيىمى بولمىغاچقا، ئۇمۇ، كاتېرىنا ئىۋانوۋنامۇ ماتەم كىيىمى كىيمىگەنىدى؛ سونيە جىگەررەڭ، رەڭگى قېنىقراق كۆڭلەك، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بولسا، رەڭگى قېنىق يول ـ يول گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەنىدى، بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆڭلىكى ئىدى. پېتېر پېتروۋىچ ھەققىدىكى خەۋەر ناھايىتى ئوڭۇشلۇق چىقتى. ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرمىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا سونيەنىڭ سۆزىنى سەلتەنەت بىلەن ئاڭلاپ بولۇپ، يەنە شۇنداق سەلتەنەت بىلەن:

— پېتېر پېتروۋىچنىڭ سالامەتلىكى قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سوراپ قالدى، ئارقىدىن راسكولنىكوفقا دەرھاللا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دېدى، — پېتېر پېتروۋىچتەك ھۆرمەتكە لايىق، ئابرۇيلۇق بىر ئادەم گەرچە بىزنىڭ ئائىلىگە بەك قىزغىن، دادام بىلەن قەدىناس بولسىمۇ، مۇشۇنداق «ئادەتتىن تاشقىرى ئادەملەر»نىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان بولسا، چوقۇم غەلىتە تۇيۇلغان بولاتتى.

— رودىئون رومانوۋىچ، ھەتتا مۇشۇنداق شارائىتتا، بىزنىڭ غورىگۈل داستىخىنىمىزنى مەزۇ تۇتۇپ كەپسىز. مېنىڭ سىزنى نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە تەكلىپ قىلغانلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇ، — قوشۇپ قويدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — لېكىن ئىشىنىمەنكى، سىز بىچارە مەرھۇم بىلەن بەك يېقىن ئىدىڭىز، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەدىڭىزدە تۇردىڭىز.

ئارقىدىن ئۇ يەنە مېھمانلىرىغا ئىپتىخار ۋە ئېتىبار بىلەن بىرمۇبىر قاراپ چىقتى ـ دە، كۈتمىگەندە نېرىقى ئۇستەلدە ئولتۇرغان گاس بوۋايغا قاراپ ئالاھىدە غەمخورلۇق بىلەن:

— كاۋاپتىن يەنە ئازراق يەمسىز؟ ئۇنىڭغا لىسسابون ھارىقىدىن بەردىڭلارمۇ؟ — دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ. بوۋاي جاۋاب بەرمىدى، يېنىدا ئولتۇرغانلار قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىپ قويغان بولسىمۇ، بوۋاي ئۆزىدىن نېمىلەرنى

سورىغانلىقىنى خېلى ئۆزۈنغىچە چۈشىنەلمىدى. ئۇ پەقەت ئاغزىنى ئېچىپ، ئالاق ـ جالاق قىلىپ ئەتراپىغا قارىدى. بۇ، سورۇندىكىلەرنى تېخىمۇ خۇش قىلىپ كۇلدۇرۇۋەتتى.

— ئەخمەقنىڭ ئۆزىلا! قاراڭ، قاراڭ! ئۇنى نېمىدەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كىرىشكەندۇ؟ پېتىر پېترووۋىچقا كەلسەك، ئۇنىڭغا ئىزچىل ئىشىنىپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا راسكولنىكوفقا دەۋاتقان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ ئەلۋەتتە سىزنىڭ... — دېدى ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ھەيۋەتلىك قىياپەت بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئامالىيە ئىۋانوۋناغا قاراپ. بۇ ھال ئامالىيە ئىۋانوۋنانى چۆچۈتۈۋەتتى، — سىزنىڭ ھېلىقى قونچاقتەك ياسىنىۋالىدىغان پەسكەش خانىملىرىڭىزغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ خانىملىرىڭىز دادامنىڭ ئاشخانىسىغا ئاشپەزلىككىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان بولاتتى؛ ئەگەر مەرھۇم ئېرىم ھايات بولۇپ، ئۇلارنى قوبۇل قىلسا، ناھايىتى مېھرىبانلىقىدىن شۇنداق قىلار ئىدى.

— شۇنداق، ئۇ ھاراقتا ئامراق ئىدى؛ ھاراقنى ياخشى كۆرىدىغان، پات ـ پات ئىچىپ تۇرىدىغان! — كۇتمىگەندە ۋارقىرىدى ھېلىقى چېكىنگەن ھەربىي لاۋازىمەتچى ھاراقتىن ئون ئىككىنچى رومكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ.

— مەرھۇم ئېرىمنىڭ شۇنداق ئاجىزلىقى راست بار ئىدى. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىردىنلا ئۇنىڭ سۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — لېكىن ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئالىيجاناب ئادەم ئىدى. ئۆز ئائىلىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى؛ يامان يېرى، بەكمۇ سەممىي بولغاچقا، ھەر خىل ھەر ياڭزا پاسىق ئادەملەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ كىملەر بىلەن بىللە ھاراق ئىچكەنلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئۇ ھەتتا ئايىغىغا پېتەك بولالمايدىغان ئەرزىمەس ئادەملەر بىلەن بىللە ھاراق ئىچكەن. رودىئون رومانوۋىچ، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۇلار ئۇنىڭ يانچۇقىدىن خوراز پىرەنىكتىن بىرنى تاپتى. ئۇ

ھەتتا غەرق مەست بولسىمۇ، باللارنى ئېسىدىن چىقارمايتتى!
— خوراز؟ خوراز دېدىڭىزما؟ — ۋارقىرىدى ھەربىي لاۋازىمەتچى.
كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنى لايىق تاپمىدى، ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى.
— سىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش مېنى ئۇنىڭغا بەكلا قاتتىق قول ئىدى، دەپ ئويلايدىغانسىز، — دېدى ئۇ راسكولنىكوفقا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ۋاھالەنكى ئۇنداق ئەمەس! ئۇ مېنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئىنتايىن، ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى! ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى! بەزىدە ئۇنىڭغا شۇنداق ئىچىم ئاغرىپ كېتەتتى! دائىم بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ماڭا تەلمۈرۈپ قارايتتى، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، ئۇنى ئەركىلەتكۈلىرىم كېلىپ كېتەتتى. لېكىن، ئەركىلىتىپ قويسام، يەنە بېرىپ ئىچىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئۇنى پەقەت قاتتىق تۇتقاندىلا، ئازراق چەكلەپ تۇرغىلى بولاتتى.
— شۇنداق، پات - پات چېچىنى يۇلاتتىڭىز، بىرنەچچە مەرتەم يۇلۇۋېدىڭىز، — يەنە ھۆركىرىدى ھەربىي لاۋازىم. ئۇ يەنە بىر رومكا ھاراقنى ئاغزىغا قۇيۇۋەتتى.
— بەزىبىر ئەخمەقلەرگە چاچ يۇلغاننى قويۇپ ھەتتا توقماقنى ئىشقا سالغان پايدىلىقراق. مەن بۇنى مەرھۇم ئېرىمگە قارىتىپ دەۋاتقىنىم يوق! — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ھەربىي لاۋازىمەتچىگە قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي.
ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى بارغانسېرى قىزىرىپ، كۆكرىكى تېز - تېز كۆتۈرۈلۈپ چۈشەتتى. يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ جاڭجال چىقىرىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى تاماق يېگەچ كۈلۈشەتتى. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كۆڭلىگە ياققاندى. بەزىلەر ھەربىي لاۋازىمنى ئاستاغىنا نوقۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاشتى، ئۇزايىدىن ئۇلارنى دەي - دەيگە سېلىۋاتقاندەك قىلىشاتتى.

— سورساق بولامدۇ؟ بۇ سىزنىڭ نېمە دېگىنىڭىز، — دېدى ھەربىي لاۋازىم، — دېمەكچىمەنكى، ھازىر سىز كىم... كىمنى... دېدىڭىز... دېمىسىڭىز مەيلى! كىچىك ئىشقۇ بۇ! تۇل قالغان مەزلۇم! بىر تۇل خوتۇن! مەن كەچۈردۈم سىزنى... مەن زىغىرلاپ كەتمەيمەن! — ئۇ ۋودكىدىن يەنە بىر رومكىنى ئىچىۋەتتى.

راسكولنىكوف مانا شۇلارنى يىرگىنىش بىلەن جىممىدە ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنى - بۇنى يېگەن بولۇپ، پەقەت كاتېرىنا ئىۋانوۋنا دەممۇدەم تەخسىسىگە سېلىپ تۇرغان يېمەكلىكلەرنىلا ئۇنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن يەپ قوياتتى. ئۇ سونيەگە كۆز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى. لېكىن، سونيە بارغانسېرى تەشۋىشلىنىپ بىئارام بولماقتا ئىدى. مەرىكىنىڭ تىپتىنچ ئاياغلاشمايدىغانلىقىنى ئۇمۇ سېزىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا غەزىپى بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا ۋەھىمە ئىچىدە دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى. گېزى كەلگەندە دېگەچ ئۆتەيلى، يېقىندىلا كەلگەن ئۇ ئىككى خانىمنىڭ ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ تەكلىپىنى مەنسىتمەي بۇ يەرگە كەلمىگەنلىكىنى سونيە ئوبدان بىلەتتى. بۇ گەپنى ئۇ ئامالىيە ئىۋانوۋنادىن ئاڭلىغانىدى. ھېلىقى خانىم ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپ قىلىنغانلىقىدىن خاپا بولۇپ: «مەن قىزىمنى نېمىدەپ شۇ ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزغۇدەكمەن؟» دەپ سوئال قويۇپتۇدەك. سونيە شۇ گەپنىڭ قانداقتۇر بىر يوللار بىلەن كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. سونيەگە قىلىنغان ھاقارەت كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئۆزىگە قىلىنغان، بالىلىرىغا ياكى دادىسىغا قىلىنغان ھاقارەتتىنمۇ ئېغىر كېلەتتى. قىسقىسى، ئۇ بۇنى ھەرگىز كەچۈرگىلى بولمايدىغان ھاقارەت، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سونيە كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئەمدى «تاكى ئۇ ئىككى پەسكەش خوتۇننىڭ

ئۆزلىرى...» ۋەھاكازا، ۋەھاكازا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. كىمدۇر بىرسى خۇددى ئەتەي قىلغاندەك، ئۇستەلنىڭ نېرىقى بېشىدىن بىر تەخسىنى سۇنۇپ بەردى، تەخسىدە قارا بولكىدىن ئىككى يۇرەك ياسىلىپ، بىر تال ئۇرۇق سانچىپ قويۇلغانىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى، ئۇ ئۇستەلنىڭ بېرىقى يېنىدا تۇرۇپ شۇ ئانلا، مۇشۇ تەخسىنى ئەۋەتكەن ئادەم چوقۇم «مەست ئېيشەك !» دەپ ۋارقىرىدى. ئىشىنىڭ چاتاقراق ئىكەنلىكىنى ئامالىيە ئىۋانوۋنامۇ سەزدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئۆزىگە تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئۇنىڭغا ھار كەلگەنىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىسىغا چۈشكەن كۆڭۈلسىزلىكنى كۆتۈرۈۋېتىش، شۇ باھانىدا ئۆزىنىمۇ بىر كۆرسىتىۋېلىش نىيىتىدە، تامدىن تارشا چۈشكەندەكلا ئۆزىگە تونۇش بىرىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتقىلى تۇردى: «ئۇنىڭ ئىسمى كارل ئىكەن، ئاپتېكىدا ئىشلەيدىكەن. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ھارۋىنى كىرا قىلىپ كېلىۋاتقانىكەن، ھارۋىكەش ئۇنى ئۆلتۈرىمەن دەپتۇ، كارل مېنى ئۆلتۈرمە، دەپ يالۋۇرغان، يىغلىغان، قولىنى كۆكسىگە قويغان، قورقۇپ تىترىگەن. قورقۇپ، قورقۇپ، يۈرەك يېرىلغان. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا كۈلۈمسىرەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ ئانلا ئامالىيە ئىۋانوۋناغا سىز لەتىپىنى رۇس تىلىدا ئېيتمىسىڭىز بولغۇدەك، دەپ دەشنام بەردى. بۇ سۆز ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ تېخىمۇ بەكرەك ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ: «مېنىڭكى ئاتام بېرلىندە بەكتىن ـ بەك مۇخىم ئادام بولغان، قولىنى دايىم يانچۇقتا سالىپ يۈرگان» دېدى رەددىيە بېرىپ، ئاسانلا كۈلگۈسى قىستاپ قالىدىغان كاتېرىنا ئىۋانوۋنا زادىلا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي، قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. سەبىر قاچىسى توشقان ئامالىيە ئىۋانوۋنا ئۆزىنى مىڭ مۇشەققەتتە تۇتۇۋالدى.

— قارىڭا ئۇ ھۇۋقۇشنى ! — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا

دەرھاللا ئاۋازىنى پەسەيتىپ راسكولنىكوفقا پىچىرلاپ. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانىدى، — ئۇ دادام قوللىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ يۈرىدۇ، دېمەكچىدى. لېكىن، گېپىدىن قولىنى خەقلەرنىڭ يانچۇقىغا سالاتتى، دېگەن مەنە چىقتى. ئۆھۇ، ئۆھۇ، ئۆھۇ! سىز دىققەت قىلدىڭىزمۇ، رودىئون رومانوۋىچ؟ پېتېربۇرگتىكى چەت ئەللىكلەر، بولۇپمۇ بىزنىڭ بۇ يەرگە نەلەردىن كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان نېمىسلار بىزگە قارىغاندا ئەخمەقرەك! ماقۇل دەڭ. «ئاپتىكىدا ئىشلەيدىغان كارل قورقۇپ ـ قورقۇپ يۈرەك يارىلغان» دېسە قانداق بولىدۇ. ئۇ (ھېلىقى بولۇشلۇقى يوق ئادەم) ھارۋىكەشنى باغلاپ ماختىۋەتمەي، ئەكسىچە «قولىنى كۆكسىگە قويغەن، يىغلاگەن، يالىنگەن، يالۋارگەن». ۋاي ئەخمەقەي! ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئەخمەقلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، ئېيتىپ بەرگەن ھېكايەم ئىنتايىن قىزىق دەپ ئويلىغىنىغا ئۆلەيمۇ! مېنىڭچە، ئاۋۇ مەست ھەربىي لاۋازىم ئۇنىڭغا قارىغاندا خېلىلا ئەقىللىك؛ ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ھاراقكەش، ھاراقنىڭ دەستىدىن كاللىسىدىن كېتىپ قالغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇلارغا قاراڭ، نېمىدېگەن ئەدەپ ـ قائىدىلىك، سىپايە... قاراڭ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئولتۇرۇشىغا! ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتىدۇ، ئاچچىقى كېلىۋاتىدۇ! ھا ـ ھا ـ ھا! ئۆھۇ، ئۆھۇ، ئۆھۇ!

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئېچىلىپ كېتىپ، يەنە شۇ ئانلا ھەر خىل ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار توغرۇلۇق ھەۋەس بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. كۈتمىگەندە ئۇ نەپىقە پۇلى ئالغاندىن كېيىن، شۇ پۇل بىلەن ئۆزىنىڭ يۇرتى T شەھىرىدە ئاقسۆڭەك قىزلارنىڭ ياتاقلىق مەكتىپىنى ئاچىدىغانلىقىنى دەپ سالدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بۇ پىكىرلىقنى راسكولنىكوفقا تېخى ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان ئەڭ ئىنچىكە يەرلىرىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلىگىلى

تۇردى. شۇ چاغدا مەرھۇم مارمېلادوف راسكولنىكوفقا قاۋاقخانىدا سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى «تەقدىرنامە» كۇتۇلمىگەندە كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ قولىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا مارمېلادوف راسكولنىكوفقا خانىمى كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن چېغىدا «ئۆلكە باشلىقى ۋە باشقا كاتتا ئەربابلار»نىڭ ئالدىدا، يەلكىسىگە رومال ئارتىپ ئۇسسۇل ئوينىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ تەقدىرنامە كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ياتاقلىق مەكتەپ ئېچىشقا سالاھىيىتى توشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشى كېرەكتەك قىلاتتى؛ ئۇ بۇ نەرسىنى ئاساسلىقى ناۋادا «ئالا ـ بۇلىماچ كىيىنىۋالغان ھېلىقى ئىككى پەسكەش خوتۇن» مەرىكىگە كېلىپ قالسا، ئۇلارنى بېسىپ چۈشۈش ھەمدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بىر ئالىي نەسەب، «ھەتتا ئاقسۆڭەك» دېيىشكىمۇ بولىدىغان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، پولكوۋنىكنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، يېقىندىن بۇيان كۆپىيىپ كەتكەن تەۋەككۈلچى ئاياللاردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن يېنىغا سېلىۋالغانىدى. كەيپ بولۇپ قالغان مېھمانلار تەقدىرنامىنى شۇ ئانلا قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇشتى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنامۇ ئۇلارنى توسمىدى. چۈنكى، تەقدىرنامىدە ئۇنىڭ ئىچكى مەسلىھەتچى، ئوردېن ئالغۇچىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى، شۇڭلاشقا ئۇنى پولكوۋنىكنىڭ قىزى دېيىشكە بولىدىغانلىقى ھەقىقەتەن تولۇق كۆرسىتىلگەنىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ھاياجانلىنىپ كېتىپ، شۇ ئانلا ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدە T شەھىرىدە كەچۈرىدىغان تىنچ ـ خاتىرجەم، گۈزەل تۇرمۇشى توغرىسىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق، ئىدىتلىق سۆزلەپ كەتتى؛ ئۇ يەنە كەلگۈسىدە ياتاقلىق مەكتەپكە دەرس بېرىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدە توختالدى؛ ئاندىن ئاقسۆڭەك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۆزىگە فىرانسۇز تىلىدىن دەرس بەرگەن فىرانسۇز بوۋاي مانگو ھەققىدە، ئۇنىڭ تولىمۇ ھۆرمەتكە لايىق

زات ئىكەنلىكى، هازىرمۇ T شەھىرىدە تۇرىۋاتقانلىقى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىچىز ئىچىپ، لايىقىدا مائاش بەرسىلا يەنە دەرس بېرىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە سۆزلىدى. ئاخىرىدا ئۇ سونىيە ئۇستىدە توختىلىپ: «ئۇ مەن بىلەن T شەھىرىگە كېتىپ، ھەر جەھەتتىن ماڭا ياردەملىشىپ ئىشلەيدۇ» دېدى. شۇ گەپنى قىلىۋاتقىنىدا، ئۇستەلنىڭ نېرىقى بېشىدا كىمدۇر بىرسى كۇتمىگەندە پىخىلداپ كۇلۇپ كەتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۆزىگە ئۇستەلنىڭ نېرىقى بېشىدا ئاڭلانغان كۇلكىنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك بىر تۇس بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرھاللا ئاۋازىنى ئەتەي كۆتۈرۈپ، خۇشاللىق بىلەن سونىيەنىڭ شۇبھىسىز ئۆزىگە ياردەمچى بولالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ «ئېغىر - بېسىق، سەۋرچان، پىداكار، ئالىيجاناب، ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالغان» دېدى. سونىيەنى ئەركىلىتىپ يۈزىگە ئۆرۈپ، ئىككى قېتىم سۆيۈپ قويدى. سونىيە خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىردىنلا ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى ۋە شۇ ئانلا ئۆزىگە «مەن نېرۋام ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئەقمەق خوتۇن. كەيپىم بەك ئوسال، مەرىكىنى ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك. تائاملار يېيىلىپ بولدى. چاي تارتىدىغان ۋاقىمۇ بولدى» دېدى. پۇتكۇل پاراڭ ئارىلىقىدا لوقما سالالماي، ھەتتا گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىماي قورسىقى كۆپۈپ ئولتۇرغان ئامالىيە ئىۋانوۋنا كۇتمىگەندە ئاخىرقى قېتىم ئۆرۈنۈپ بېقىشقا تەۋەككۇل قىلىپ قالدى. ئۇ غەم - غۇسسە ئىچىدە كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا ئىنتايىن ئورۇنلۇق ۋە چوڭقۇر ئويلىنىلغان بىر پىكىرنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلدى. ئۇ: كەلگۈسىدىكى ياتاقلىق مەكتەپتە قىزلارنىڭ ئىچكى كىيىملىرىنىڭ پاكىزلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك، شۇنداقلا «ئىچكى كىيىملەردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرالايدىغان ئوبدان نازارەتچى بولۇشى كېرەك»، ئىككىنچىدىن، «ياش قىزلارنىڭ كېچىلىرى ئوغرىلىقچە رومان ئوقۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك» دېدى. كەيپى ھەقىقەتەن بۇزۇلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، مەرىكىدىنمۇ جاق تويۇپ تۇرغان كاتېرىنا ئىۋانوۋغا ئامالىيە ئىۋانوۋناغا قىلچە يۈز - خاتىر قىلماي «بىمەنە گەپلەرنى» قىلماڭ، سىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز، دېدى؛ يەنە ئىچ كىيىملەرگە كۆڭۈل بۆلۈش خادىملارنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەر ياتاقلىق مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بىلەن ئالاقىسى يوق؛ رومان ئوقۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشنىڭ ئۆزى ئۇيات، شۆڭلاشقا گېپىڭىزنى بالدۇرراق يىغىشتۇرۇۋالغىنىڭىز تۈزۈك، دېدى. ئوغىسى قايناپ كەتكەن ئامالىيە ئىۋانوۋنا شەلپەردەك قىزىرىپ، مەن «ساڭا ياخشى بولسۇن دېگەن»، «چىن كۆڭۈلدەن ياخشى بولسۇن دېگەن» دېدى. يەنە سىز «كۆپ بولدى ئۆي پۇلى بېرمەگەن» دەپ قوشۇپ قويدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا دەرھاللا ئۇنىڭغا «تېتىستىپ قويدى»، ئاغزى - ئاغزىڭغا تەگمەي ماڭا ياخشى بولسۇن، دېگەنلىرىڭ قىپقىزىل يالغان. تېخى تۈنۈگۈنلا مەرھۇم ئېرىمنىڭ جەسىتى ئۈستەل ئۈستىدە ياتقاندا، ئۆيىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ، يۈرەك - باغرىمنى قان قىلدىڭ، دېدى. بۇنىڭغا يارىشا ئامالىيە ئىۋانوۋنا گەپ تېپىپ: «سىز ئۇ خانىملارنى تەكلىپ قىلغەن، بىراق ئۇ خانىملار كېلمەگەن، چۈنكى ئۇلار ئابرۇيلۇق خانىملار تېگى پەس ئايالنىڭ ئۆيىگە كېلمەيدۇ» دېدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا دەرھال ئۇنىڭغا جاۋابەن: سەن ئۆزۈڭ بىر پەس خوتۇن، شۇڭا ھەقىقىي ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلىشقا سالاھىيىتىڭ يوق، دېدى. ئامالىيە ئىۋانوۋنا بۇ گەپكە چىدىيالماي قالدى. ئۇ دەرھال مەلۇم قىلىپ: «مېنىڭ ئاتام بېرلىندە بەك - بەك مۆھىم ئادام بولغەن، قولىنى دايىم يانچۇققا سالىپ يۈرگەن، دايىم: پوف ! پوف ! دەپ يۈرگەن» دېدى، شۇنى دەپ بولۇپ، دادىسىنىڭ قانداق ئادەم بولغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، قوۋۇزلىرىنى كۆپتۈرۈپ، ئاغزىدىن «پوف»

دېگەنگە ئوخشاپراق كېتىدىغان قانداقتۇر بىر ئېنىقسىز تاۋۇشنى چىقىرىشقا باشلىدى، ئولتۇرغانلار قاقاھلاپ كۈلۈشتى. ئامالىيە ئىۋانوۋنانى دەي ـ دەيگە سىلىپ جېدەل چىقىرىش ئۈممىدىدە باركاللا ئېيتىشتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، شۇ ئان ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دانە ـ دانە قىلىپ، ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ بەلكىم دادىسى يوقتۇر، ئۇ پېتېربۇرگتا يۈرگەن بىر ھاراقكەش فىنلان خوتۇندۇر، ئۇ ئىلگىرى كىملەرنىڭكىدىدۇر ئاشپەزلىك قىلغان بولسا كېرەك. بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ پەسكەش ئىشلارنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى. ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ يۈزى بىردىنلا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ چىرقىراپ: بەلكى كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئۆزىنىڭ «دادىسى يوقتۇر، مېنىڭكى ئاتام بېرلىندە بولگەن. ئۇزۇن چاپان كىيگەن. دائىم: پوف، پوف، پوف ! دېپ يۈرگەن» دېدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭ گېپىنى پىسەنتىگە ئىلماي ئۆزىنىڭ نەسەبىنى ھەممە ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىقىنى، تەقدىرنامىدە قوغۇشۇن ھەرپلەر بىلەن ئۇنىڭ دادىسى پولكوۋنىك دەپ ئېنىق بېسىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ دادىسىغا كەلگەندە (ئەگەر ئۇنىڭ راستىلا دادىسى بولسا)، پېتېربۇرگتا سۈت ـ قېتىق ساتىدىغان فىنلاندىيەلىك بولۇشى مۇمكىن، ھەرھالدا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يوقلۇقى ئېھتىمالغا يېقىن، چۈنكى تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى زادى ئىۋانوۋمۇ ياكى ليۇدۋىگوفمۇ؟ دېدى. ئامالىيە ئىۋانوۋنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ئۈستەلنى مۇشتلاپ، مەن دېگەن ليۇدۋىگوۋنا ئەمەس، ئامالى ئىۋان. «ئاتامنىڭ ئېتى يوھان. ئۇ شەھەر باشلىقى بولگەن، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ دادىسى ھېچقاچان شەھەر باشلىقى بولماگەن» دەپ چىرقىرىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ جىددىي ۋە سالماقلىق ئاۋاز بىلەن (ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆكرىكى تېز ـ تېز كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈپ

تۇرسىمۇ)، ناۋادا ئۇ — ئامالىيە ئىۋانوۋنا (ھەتتا بىر قېتىم بولسىمۇ) ئۆزىنىڭ پەسكەش دادىسىنى دادام بىلەن تەڭ ئورۇندا قويسا، ئۇ ھالدا بېشىدىكى يېنىك شىلەپىسىنى يەرگە ئېتىپ، دەسسەپ ـ دەسسىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئامالىيە ئىۋانوۋنا بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا قېچىپ، مەن دېگەن ئۆيىنىڭ ئىگىسى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا «دەرھال ئۆيىنى بوشاتسۇن» دەپ چۇقان سالغىلى تۇردى. ئارقىدىن ئۇ نېمىشقىدۇر ئۇستەللەرنىڭ ئۈستىدىكى كۈمۈش قوشۇقلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى؛ بالىلارمۇ يىغلىغىلى تۇردى. سونيە دەرھال بېرىپ كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى تۇتۇۋالماقچى بولۇۋىدى، ئامالىيە ئىۋانوۋنا كۈتمىگەندە «سېرىق كىنىشكا»نى ئاغزىغا ئېلىپ ۋارقىرىدى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا سونيەنى ئىتتىرىۋېتىپ، بايىقى شىلەپە توغرىسىدىكى پوپوزىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولۇپ، ئامالىيە ئىۋانوۋناغا ئېتىلدى. نەق شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشىك ئالدىدا پېتىر پېتروۋىچ لۇژىنى پەيدا بولدى. ئۇ جايىدا تۇرۇپ، ئۆيدىكى ھەممە ئادەمگە دىققەت بىلەن جىددىي نەزەر سېلىپ چىقتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

## 3

— پېتىر پېتروۋىچ ! — ۋارقىرىدى ئۇ، — بىزنى ھىمايە قىلىڭ ! مۇنۇ ئەخمەق مەخلۇقتا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ. بېشىغا كۈن چۈشكەن ئاق كۆڭۈل خانىمغا مۇنداق مۇئامىلە قىلمىسۇن... مۇنداق قىلمىشنى سوتنىڭ چەكلەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن. مەن گېنېرال ـ گوبېرناتورغا ئەرز قىلىمەن... ئۇ تېخى جاۋاب بېرىدۇ... دادامنىڭ تۇز ـ نېمىتىنىڭ خاتىرىسىنى قىلىپ، بىزدەك پاناھسىزلارنى ھىمايە قىلىپ قويۇڭ.

— كەچۈرۈڭ، خانىم... كەچۈرۈڭ، كەچۈرۈڭ، خانىم، — دېدى پېتېر پېتروۋىچ قولىنى شىلتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەن دادىڭىز بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالمىغان. كەچۈرۈڭ، خانىم (كىمدۇر بىرسى قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى)، مېنىڭ ئامالىيە ئىۋانوۋنا بىلەن بولغان پۈتمەس - تۈگىمەس جەڭگى - جېدەللىرىڭىزگە ئارىلىشىش نىيىتىممۇ يوق... مەن بۇ يەرگە ئۆزۈمنىڭ ئىشىم بىلەن كەلدىم... مېنىڭ ئۆگەي قىزىڭىز سونيە... ئىۋانوۋنا بىلەن... (شۇنداقتىمۇ دەيمەن؟) سۆزلەشكۈم بار ئىدى. قېنى، مەن ئۆتۈۋالاي...

پېتېر پېتروۋىچ يېنىچىلاپ كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سونيە تۇرغان ئۇدۇلدىكى بۇلۇڭغا قاراپ ماڭدى.

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك، تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ پېتېر پېتروۋىچنىڭ نېمىدەپ شۇنداق تۈزكورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. تۈز - نېمەت دېگەنلەرنى ئۇ ئۆزى توقۇۋالغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا خۇددى راستەكلا ئىشىنىپ قالغانىدى. پېتېر پېتروۋىچنىڭ بىرنى بىر دەيدىغان، سوغۇق ھەتتا يىرگىنىچ بىلەن پوپوزا پۈرىقى كېلىپ تۇرىدىغان تەلەپپۇزىمۇ ئۇنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. پېتېر پېتروۋىچ ئىشىكتىن كىرىشىگە ھەممەيلەن ئاستا - ئاستا جىم بولۇپ قېلىشتى. «جىددىي ئىش بېجىرىدىغان» بۇ ئادەم بۇ يەردىكىلەردىن روشەن پەرقلىنەتتى ھەمدە ئۇ بۇ يەرگە بىرەر مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەندەك، ئالاھىدە بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرىشكە مەجبۇر بولغاندەك قىلاتتى. دېمەك، ھازىرلا بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ئېنىق ئىدى. سونيەنىڭ يېنىدا تۇرغان راسكولنىكوف يېنىچە بولۇپ ئۇنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. پېتېر پېتروۋىچ ئۇنى زادىلا بايقىمىغاندەك قىلاتتى. بىرپەستىن كېيىن ئىشىك ئالدىدا لېبېزياتنىكوف پەيدا بولدى، ئۇ ئۆيگە كىرمىدى. چىرايىدىن ئالاھىدە قىزىقىش

ھەتتا ھەيرانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەم شۇ يەردىلا تۇرۇپ، گەپكە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. لېكىن، زادى نېمە ئىشلىقىنى خېلى ئۇزاققىچە ئاڭقىرالمىغاندەك قىلدى.

— كەچۈرۈڭلار، گېپىڭلارنى ئۇزۇۋەتتىم بولغاي، لېكىن ئىشىم ئىنتايىن مۇھىم ئىدى، — دېدى پېتىر پېترووۋىچ بىرەر ئادەمگە ئەمەس، بەلكى ھەممە ئادەمگە دەۋاتقاندەك قىلىپ، — مەن ھەتتا ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىلالىغىنىم ئۈچۈن خۇرسەنمەن. ئامالىيە ئىۋانوۋنا، سىزدىن سەمىمىي ئىلتىماسىم، ئۆينىڭ خوجايىنى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن سونيە ئىۋانوۋناغا دەيدىغان گەپلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ تۇرسىڭىز. سونيە ئىۋانوۋنا، — دېدى ئۇ قاتتىق ھەيران قالغان، خېلىدىن بېرى قورقۇپ تۇرغان سونيەگە مۇراجىئەت قىلىپ، — سىز كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، دوستۇم لېبېزياتنىكوفقا قاراشلىق ئۆيدە، ئۈستىلىمگە قويۇپ قويغان ماڭا تەۋە پۇلدىن يۈز رۇبلىلىق قەغەز پۇل يوقاپ كەتتى. ئەگەر سىز شۇ پۇلنىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنى قانداقلىكى يوللار بىلەن بولسۇن بىلسىڭىز ۋە بىزگە دەپ بەرسىڭىز، قەدىر ـ قىممىتىم بىلەن ۋە مۇشۇ سورۇندىكىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن كاپالەت بېرىمەنكى، بۇ ئىش مۇشۇ يەردىلا قالىدۇ. بولمىسا ئىنتايىن جىددىي تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولىمەن... ئۇ ھالدا، ئۆز ئۆۋالىڭىز ئۆزىڭىزگە.

ئۆينىڭ ئىچى چوڭقۇر جىمجىتلىققا چۆمدى، ھەتتا يىغلاۋاتقان بالىلارمۇ جىم بولۇپ قالدى. سونيە تامدەك تاتىرىپ لۇژىنغا قارىغىنىچە، بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ گويا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەيۋاتقاندەكلا قىلاتتى. ئارىدىن بىرنەچچە سېكۇنت ئۆتتى.

— خوش، قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى لۇژىنى قىزغا تىكىلىپ.

— بىلمەيمەن... ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، — دېدى سونيە

ئاخىر زەئىپ ئاۋاز بىلەن.
— بىلمەيمەن؟ بىلمەيمەن دەمسىز؟ — تەكرارلىدى لۇژىنى، ئۇ يەنە بىرنەچچە سېكۇنت جىم تۇرۇۋالدى، — ئويلىنىپ بېقىڭ، خېنىم، — دېدى ئۇ جىددىي سۆزلەشكە باشلاپ، لېكىن يەنىلا نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك قىلىپ، — ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ، مەن سىزنىڭ ئويلىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن ۋاقىت بېرىشكە رازى. شۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قويۇڭ، تەجرىبەمگە ئاساسەن، ئەگەر مەن كامىل ئىشەنمىگەن بولسام، ئەلۋەتتە سىزنى مۇنداق توغرىدىن - توغرا ئەيىبلەشكە ھەرگىز تەۋەككۈل قىلمىغان بولاتتىم. چۈنكى، بىر ئادەمنى مۇنداق توغرىدىن - توغرا ئەيىبلىگەندە، ئەيىبلىشىم يالغان ياكى خاتا بولۇپ چىقسا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈم جاۋابكار بولۇپ قالىمەن. بۇنى مەن ئوبدان بىلىمەن. بۈگۈن ئەتىگەندە، ئېھتىياجىم چۈشۈپ، ئۈچ مىڭ رۇبلى قىممىتىدىكى بەش پىرسەنتلىك چەكلىرىمنى پارچىلىتىۋېدىم، قىلغان خىراجىتىم قويۇن دەپتىرىمگە يېزىقلىق، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن پۇللىرىمنى سانىمىدىم — بۇنىڭغا جانابىي لېبېزياتنىكوف گۇۋاھ — ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز رۇبلىنى ساناپ بولۇپ ھەمىيىنىمغا سېلىپ قويدۇم، ھەمىيانىنى چاپىنىمنىڭ يان يانچۇقىغا سالدىم. بەش يۈز رۇبلىچە قەغەز پۇل ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە قالغان. شۇلارنىڭ ئىچىدە يۈز رۇبلىدىن ئۈچى بار ئىدى. دەل شۇ چاغدا سىز كىردىڭىز (سىزنى مەن ئۆزۈم چاقىرتقان)، سىز مېنىڭكىدە بەكلا ھولۇقۇپ ئولتۇردىڭىز، گەپلىشىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، گېپىمىز تېخى تۈگىمىگەن بولسىمۇ، ئورنىڭىزدىن ئۈچ قېتىم تۇرۇپ، نېمىشقىدۇر كېتىشكە ئالدىرىدىڭىز. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە جانابىي لېبېزياتنىكوف گۇۋاھ، خېنىم، سىز ئۆزىڭىزمۇ ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتماسسىز دەيمەن. سىزنى جانابىي لېبېزياتنىكوف ئارقىلىق چاقىرتىشىم، تۇغقىنىڭىز كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ يار - يۆلەكسىز يالغۇز - يېگانە

قالغانلىقى توغرۇلۇق (ئۇ كىشى چاقىرغان مەركىگە قاتنىشالمىدىم) سۆزلىشىش، ئۇنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، مەسىلەن، ئىئانە توپلاش، لاتارېيە ئۇيۇشتۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى. سىز ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈردىڭىز، ھەتتا كۆز يېشى قىلدىڭىز (مېنىڭ ھەممە ئىشنى ئەينەن بايان قىلىپ چىقىشىم بىرىنچىدىن، سىزنىڭ ئېسىڭىزگە سېلىش ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، ھەتتا ئەڭ ئۇششاق نەرسىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىمنى سىزگە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن). كېيىن مەن ئۈستەلدىن ئون رۇبلىلىق قەغەز پۇلدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنى تۇغقىنىڭىزغا ئۆز نامىمدىن قىلىنغان بىرىنچى ياردىمىم سۈپىتىدە قولىڭىزغا بەردىم. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى جانابىي لېبېزياتنىكوف كۆرۈپ تۇردى. ئاندىن مەن سىزنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇم — سىز شۇ چاغدىمۇ ناھايىتى ھولۇقۇپ تۇراتتىڭىز. سىز كەتكەندىن كېيىن جانابىي لېبېزياتنىكوف ئىككىمىز قالدۇق، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئون مىنۇتچە سۆزلەشتىم، كېيىن ئۇ چىقىپ كەتتى، مەن يەنە پۇللار تۇرغان ئۈستەلنىڭ ئالدىغا باردىم، پۇللارنى ساناپ، ئايرىم ئېلىپ قويماقچىدىم. بۇنى مەن بۇرۇنلا ئويلاپ قويغان. مېنىڭ قاتتىق ھەيران بولغىنىم، يۈز رۇبلىلىق قەغەز پۇللاردىن بىرسى يوقاپ كېتىپتۇ، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ: جانابىي لېبېزياتنىكوفتىن گۇمان قىلىشىم ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا شۇنداق ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇيات، خاتا سانىدىممۇ دېسەم، بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى سىز كىرىشتىن بىر مىنۇت ئىلگىرى پۇللىرىمنى ساناپ بولغان، ئومۇمىي سانى توغرا چىققان. ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەككى، سىزنىڭ شۇ چاغدا ئالاقزەدە بولۇپ، كېتىشكە ئالدىرىغانلىقىڭىزنى ئەسلەپ، يەنە سىزنىڭ خېلى بىر ۋاقىتچە قولىڭىزنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرغانلىقىڭىزنى ئەسلەپ، ئاندىن سىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىڭىزنى ۋە

ئىجتىمائىي ئورنىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلىرىڭىزنى ئويلىشىپ، نېمە دېسەم بولىدىكىن، قورقۇپ تۇرۇپ ۋە ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇپ، گۇمان قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم — ئەلۋەتتە بۇ بىر رەھىم، لېكىن ئادالەتلىك گۇمان! شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ۋە يەنە بىر تەكرارلاپ قوياي، ئېنىق ۋە تولۇق ئىشەنچىم بولسىمۇ، شۇنى چۈشىنىمەنكى، ھازىر سىزنى مۇشۇنداق ئەيىبلەشتە، مەلۇم خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدىم. ئەمما، بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن بۇ ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەي قويمايمەن؛ مەن سىزنى پاش قىلدىم. ئەمدى سىزگە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىمنى دەپ بېرىمەن: مۇشۇنداق قىلىشىمدىكى بىردىنبىر سەۋەب، قىزچاق، سىز ئاش ئاتقانىغا تاش ئاتتىڭىز! نېمە دېسەم بولىدىكىن؟ سىزنى ھۇجرامغا چاقىرىشىم، غۇربەتچىلىكتە قالغان تۇغقىنىڭىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىدى، مەن ئىمكانىيىتىمگە يېقىپ سىزگە ئون رۇبلى سەدىقە بەردىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سىز مېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمگە شۇ ئان، شۇ جايدىلا شۇنداق قىلىق بىلەن جاۋاب بەردىڭىز! ياق، بۇ بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى! سىزگە ساۋاق بېرىپ قويۇش كېرەك. ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سادىق دوستىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن (شۇ كۈن شۇ سائەتتە مېنىڭدىنمۇ ياخشىراق دوستىڭىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس). سىزدىن ئىلتىماس قىلىمەنكى، ھوشىڭىزنى يىغىۋېلىڭ! بولمىسا، قىلچە رەھىم قىلمايمەن! خوش، قېنى دەڭە، قانداق قىلىسىز؟

— مەن سىزنىڭ ھېچنېمىڭىزنى ئالمىدىم، — دەپ پىچىرلىدى جان ـ پېنى چىقىپ كەتكەن سونيە، — ئۆزىڭىز ئون رۇبلى بەردىڭىز. مانا ئۇ پۇلىڭىز. ئېلىڭ مانا، — سونيە يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، تۈگۈلگەن يېرىنى يەشتى. ئون رۇبلىلىق قەغەز پۇلنى ئېلىپ، ئۇنى لۇژىنىغا ئۇزاتتى.

— ئۇنداقتا، قالغان يۈز رۇبلىنى بوينىڭىزغا ئالامسىز؟ —

ئەيىبلەش ئاھاڭىدا سورىدى لۇژىنى قىلچە بوشاشماي، پۈلنىمۇ قولىغا ئالماي.

سونيە ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھومايغان، ئالايغان، چەكچەيگەن، قىسىلغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ راسكولنىكوفقا قارىدى... ئۇ قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ، تامغا يۆلەنگىنىچە، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ سونيەگە قاراپ تۇراتتى.

— يا رەببىم ! — دەۋەتتى سونيە.

— ئامالىيە ئىۋانوۋنا، ساقچى ئىدارىسىگە خەۋەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭلاشقا دەرۋازىۋەننى چاقىرتىشىڭىزنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمەن، — دېدى لۇژىنى ئاستا ھەم مۇلايىملىق بىلەن.

— يا رەھىمدىل خۇدا، ئۇنىڭ ئوغرىلىقىنى مەن بۇرۇنلا بىلگەن، — دېدى ئامالىيە ئىۋانوۋنا چاۋاك چېلىپ.

— بۇرۇنلا بىلگەن؟ — دېدى لۇژىنى ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپ، — دېمەك، بەزىبىر ئاساسلارغا ئاساسەن بۇرۇنلا شۇنداق خۇلاسىگە كەپتىكەنسىز ـ دە. مۇھتەرەم ئامالىيە ئىۋانوۋنا، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئالدىدا مۇشۇ گەپنى قىلغانلىقىڭىزنى ئېسىڭىزدە ساقلاپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

تەرەپ ـ تەرەپتىن بىردىنلا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئادەملەر مىدىرلاشقا باشلىدى.

— نېمە؟ — بىردىنلا ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ھوشىنى يىغىپ، نېمىدىندۇر قۇتۇلغاندەك لۇژىنغا ئېتىلىپ، — نېمە ! سىز ئۇنى ئوغرى تۇتۇۋاتامسىز؟ سونيەنى دەۋاتامسىز؟ ئاھ ئىپلاسلار، ئىپلاسلار ! — ئۇ يەنە يۈگۈرۈپ سونيەنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بىلەكلىرى بىلەن سونيەنى ئامبۇردا قىسقاندەك چىڭ قۇچاقلىدى.

— سونيە ! ئۇنىڭ ئون رۇبلىسىنى ئالغىلى قانداقمۇ قولۇڭ باردى؟ ھەي، نادان قىز ! ئەكەل ! ئۇ ئون رۇبلىنى ھازىرلا ماڭا

بەر، ئەكەل، بولە!

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا قەغەز پۇلنى سونيەنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ پۇرلىدى ـ دە، لۇژىنىنىڭ يۈزىگە ئاتتى. پۇرلەنگەن پۇل لۇژىنىنىڭ كۆزىگە تېگىپ، ئاندىن قاڭقىپ پولغا چۈشتى. ئامالىيە ئىۋانوۋنا ئېتىلىپ بېرىپ پۇلنى يەردىن ئالدى، پېتېر پېتروۋىچنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— تۇتۇڭلار مۇنۇ ساراڭ خوتۇننى! — ۋارقىرىدى ئۇ.

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئالدىدىكى لېبېزياتنىكوفنىڭ يېنىدا يەنە بىرنەچچەيلەن پەيدا بولدى. چەتتىن كەلگەن ھېلىقى ئىككى خانىممۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

— نېمە؟ ساراڭ خوتۇن؟ مەن ساراڭ خوتۇنمۇ؟ ئەخمەق! — چىرقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، — سەن ئۆزۈڭ ئەخمەق، دەۋا ھۆددىگىرى، نومۇسسىز پەسكەش! سونيە، سونيە ئۇنىڭ پۇلىنى ئوغرىلاپتۇمىش! سونيە ئوغرىلىق قىلامدۇ ـ ھە! ئۇ ساڭا بەرسە بېرىدۇكى، سەندىن ئالمايدۇ، ھەي، ئەخمەق! — كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئەسەبىيلەرچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، — سىلەر مۇشۇنداق ئەخمەقنى كۆرگەنمۇ؟ — دېدى ئۇ ھەممە ئادەمگە لۇژىننى كۆرسىتىپ، ئۆينىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا چېپىپ، — نېمە! سەنمۇ ئۇنىڭ دېيىنى چېلىشىۋاتامسەن؟ — ئۇ ئۆي غوجايىنىنى كۆرۈپ قالدى، — ھەي نېمىس خوتۇن، سەنمۇ ئۇنى دوراپ... ئۇ «ئوغرىلىغان» دەۋاتىسىنا، ھۇ كۆڭلەك كىيگەن پرۇسسىيە توخۇسى! ئاھ سىلەر! ئاھ سىلەر! ئۇ مۇشۇ ئۆيدىن ھېچ يەرگە چىقمىدى، سەن، سەن ئەبلەخنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ، تا ھازىرغىچە رودئون رومانوۋىچنىڭ يېنىدا ئولتۇردى!... سەن ئۇنىڭ يېنىنى ئاقتۇر! ئۇ ھېچ يەرگە چىقمىغاندىكىن، پۇل چوقۇم ئۇنىڭ يېنىدا! قېنى ئاختۇر، ھەي ئاختۇر دەيمەن. ئاختۇر! لېكىن ئاختۇرۇپ تاپالمىساڭ، كەچۈرگىن قەدىرلىكىم، ئۆزۈڭ جاۋاب بېرىسەن! پادىشاھنىڭ، پادىشاھنىڭ مېھرىبان پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا بارىمەن. پۇتىغا باش قويىمەن، ھازىرلا

بارىمەن، بۇگۇنلا بارىمەن ! مەن بىر يالغۇز ـ يېگانە خوتۇن ! مېنى كىرگۈزۈۋېتىدۇ ! خىيالىڭدا مېنى كىرگۈزمەيدۇ دەمسەن؟ بىكار گەپ، كىرىپ كېتىمەن، چوقۇم كىرىپ كېتىمەن ! سەن خىيالىڭدا ئۇنى ياۋاش دەپ بوزەك ئەتمەكچى، شۇنداقمۇ؟ لېكىن، سەن، بۇرادەر، بوزەك بولىدىغانلاردىن ئەمەس ! چۆچۈرىنى خام ساناپسەن ! ئاختۇرە ! ئاختۇرە دەيمەن. ئاختۇر. ھە، ئاختۇرە !

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ھەددىدىن زىيادە غەزەپ بىلەن لۇژىنغا ئېتىلىپ، ئۇنى سونيەنىڭ قېشىغا سۆرىدى.

— ئاختۇرۇشنى ئاختۇرىمەن، جاۋاب بېرىمەن... بىراق، سىز تىنچلىنىڭ، خانىم، تىنچلىنىڭ، ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بوزەك بولىدىغانلاردىن ئەمەسكەنسىز ! بۇنى... بۇنى قانداق قىلساق بولار؟ — غودۇڭشىدى لۇژىنى، — ساقچىلارنىڭ ئالدىدا بولغان بولسا بولاتتى... ھە مەيلى، نېمە ئىلاج، بۇ يەردە گۇۋاھچىلارمۇ كۆپقۇ... ئاختۇرۇشنى ئاختۇرىمەن... لېكىن ئەر كىشىگە قولايسىزراق... جىنسىمىز باشقا ـ دە... ئەگەر ئامالىيە ئىۋانوۋنا ياردەملەشكەن بولسا... ئەمما، شۇنداق بولسىمۇ، مۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى... بۇنى قانداق قىلساق بولار؟

— كىمگە ئىزدىتىمەن دېسىڭىز ئىزدىتىڭ ! كىم ئاختۇرىمەن دېسە ئاختۇرسۇن ! — ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، — سونيە. يانچۇقلىرىڭنى كۆرسەت ! مانا، مانا ! قارا، مۇتتەھەم، يانچۇقلىرى قۇرۇق، بىر قول ياغلىقلا بار ئىكەن. مانا قۇپقۇرۇق، كۆردۈڭمۇ ! مانا ماۋۇ يەنە بىر يانچۇقى، قارا، قارا، كۆردۈڭمۇ؟ كۆردۈڭمۇ؟

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭ ئىككى يانچۇقىنى ئاختۇرۇپلا قالماي، ئۇلارنى بىردىن ـ بىردىن تەتۈر ئۆرۈدى. لېكىن، ئوڭ تەرەپتىكى ئىككىنچى يانچۇقتىن قاتلاقلىق قەغەز ئېتىلىپ چىقىپ، ھاۋادا بىر ئايلاندى ـ دە، لۇژىننىڭ ئايىغىنىڭ ئاستىغا چۈشتى. بۇنى ھەممە ئادەم كۆردى. بىرنەچچەيلەن ۋارقىرىۋەتتى. پېتىر پېتروۋىچ ئېڭىشىپ، ھېلىقى قەغەزنى ئىككى بارمىقى بىلەن قىسىپ يەردىن ئالدى ـ دە، ھەممە ئادەم

كۆرگۈدەك يەرگىچە كۆتۈرۈپ ئۇنى ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا ئاچتى. بۇ سەككىز پۈكلەنگەن يۈز رۇبلىلىق قەغەز پۇل ئىدى. پېتېر پېترووۋىچ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر ئايلاندۇرۇپ، قەغەز پۇلنى ھەممە ئادەمگە كۆرسەتتى.

— ئوغرى! يوقال بۇ ئۆيدىن! ساقچى، ساقچى! — ۋارقىرىدى ئامالىيە ئىۋانوۋنا، — ئۇنى سىبىرگە قوغلاش كېرەك! يوقال!

تەرەپ - تەرەپتىن تەڭلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. راسكولنىكوف گەپ - سۆز قىلماي، سونيەگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، پەقەت بىرە - بىرە لۇژىنغا ئىتتىككلا بىر قاراپ قوياتتى. سونيە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ھەتتا ھەيران بولمىغاندەكمۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇ كۈتمىگەندە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى؛ قاتتىق چىرقىرىدى - دە، قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى.

— ياق، مەن ئەمەس! مەن ئالمىدىم! مەن بىلمەيمەن! — ئۇ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكۈدەك پەرياد ئۇرۇپ، ئۆزىنى كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ باغرىغا ئاتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا گويا كۆكرىكىنى قالقان قىلىپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قوغدىماقچىدەك، ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى.

— سونيە! سونيە! مەن ئىشەنمەيمەن! كۆردۈڭمۇ، مانا مەن ئىشەنمىدىم! — ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا (گەرچە ئىسپات تولۇق بولسىمۇ)، ئۇ سونيەنى قۇچاقلاپ، خۇددى كىچىك بالىنى تەۋرەتكەندەك تەۋرەتتى. توختىماي سۆيدى، ئاندىن قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ سىلىدى، قاتتىق - قاتتىق سۆيدى، — سەن ئاپتۇمشسەن! تازىمۇ ئەخمەق نېمىلەركەن بۇلار! ئاھ خۇدا! سىلەر ئەخمەق ئىكەنسىلەر، ئەخمەق ئىكەنسىلەر، — ۋارقىرىدى ئۆيدىكى ھەممە ئادەمگە قاراپ، — ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىنى سىلەر بىلمەيسىلەر. سىلەر تېخى بىلمەيسىلەر، ئۇنىڭ قانچىلىك ياخشى قىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر! ئۇ خەقنىڭ پۇلىنى ئوغرىلارمۇ؟ ئاشۇ! موھتاج

بولسىڭىز، ئۇ سىزگە ئاخىرقى كىيىمىنىمۇ يېشىپ بېرىدۇ، ئۇنى سېتىپ، ئۆزى يالاڭ ئاياغ قېلىشقا رازى بولىدۇ، ئۇنىڭ پۇلىنى سىزگە بېرىدۇ، ئۇ مانا شۇنداق قىز! ئۇ سېرىق كىنىشكە ئالدى. ئۇنىمۇ مېنىڭ باللىرىمنى ئاچ قالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلدى، بىزنى دەپ ئۆزىنى ساتتى! ... ئاھ رەھمەتلىك، رەھمەتلىك! ئاھ رەھمەتلىك، رەھمەتلىك! كۆرۈۋاتامدىغانسەن؟ كۆرۈۋاتامدىغانسەن؟ سېنى دەپ قىلغان مەرىكە مانا! ئاھ پەرۋەردىگار! ئۇنى ھىمايە قىلىڭلار، نېمىشقا ھەممىڭلار مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرىسىلەر؟ رودىئون رومانوۋىچ! سىزمۇ نېمىشقا بىر ئېغىز گەپ قىلماي تۇرىسىز؟ مۇشۇ ئىشقا سىزمۇ ئىشىنىپ قېلىۋاتامسىز يا؟ ئۇنىڭ چىمچىلىقىغىمۇ ئەرزىمەيسىلەر، مانا سىز، سىز، سىز، سىز! ئاھ خۇدا! ئۇنى سەنغۇ ھىمايە قىلارسەن!

بىچارە، ئاغرىقچان، يالغۇز ـ يېگانە كاتېرىنانىڭ ئاچچىق يىغىسى ھەممە ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر قىلدى. سىل كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بۇ ئايالنىڭ غەم ـ غۇسسە بىلەن تولغان، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان چىرايى، قۇرۇپ كەتكەن، يېرىلىپ ئاققان قانلىرى قېتىپ قالغان لەۋلىرى، پەرياد ئۇرۇپ خىرىلداپ قالغان ئاۋازى، باللاردەك ھۆكىرەپ يىغلاشلىرى، ھىمايە تىلەپ، شۇنىڭغا ئىشىنىپ، گۆدەكلەرچە پايدىسىز يالۋۇرۇشلىرى شۇقەدەر ئېچىنىشلىق، شۇقەدەر ئازابلىق ئىدىكى، بەختى قارا بۇ ئايالغا ھەممە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى، ھەتتا پېتېر پېتروۋىچنىڭمۇ شۇ ئانلا ھېسداشلىقى قوزغىلىپ قالدى.

— خانىم! خانىم! — دېدى ئۇ ھەيۋەتلىك ئاۋاز بىلەن، — بۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن ئالاقىسى يوق! ھېچكىم سىزنى ئۇنىڭغا ئۆگەتكۈچى ياكى ئۇنىڭ شېرىكى دەپ ئەيىبلىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز پۇلنى ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرغان چېغىڭىزدىلا كۆردىڭىز، دېمەك، سىز بۇ ئىشتىن بىخەۋەر. ئەگەر سوفىيە سېمىيونوۋنانى يوقسۇزلۇق شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا كۆپتىن ـ كۆپ ئىچ ئاغرىتىشقا رازى

بولاتتىم. لېكىن، سىز نېمىشقا بويىنىڭىزغا ئالغىلى ئۇنىمايسىز، خېنىم؟ سەت بولىدۇ دەپمۇ؟ بۇ بىرىنچى قېتىملىقىمۇ؟ بەلكىم ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويغانسىز؟ بۇلار چۈشىنىشلىك. بەكلا چۈشىنىشلىك... لېكىن، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز نابۇت قىلىپ، مۇنداق ئىشنى قىلىسىز! جانابلار! — دېدى ئۇ ھەممە ئادەمگە مۇراجىئەت قىلىپ، — جانابلار! مەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، نېمە دېسەم بولىدىكىن، ھېسداشلىق قىلىپلا دەي، ھەتتا ھازىرلا بېشىمغا شۇنچە نۇرغۇن ھاقارەت ياغقان بولسىمۇ، ئۇنى كەچۈرمەكچىمەن! خېنىم، ھازىرقى شەرمەندىلىك كەلگۈسىڭىزگە ساۋاق بولسۇن، — دېدى ئۇ سونيەگە خىتاب قىلىپ، — مەن بۇنىڭ بۇ يېقىنى سۈرۈشتۈرمەيمەن، ئىش مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىسۇن، بەس!

پېتېر پېترووۋىچ راسكولنىكوفقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. راسكولنىكوفنىڭ ئوت بولۇپ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغاندەكلا قىلاتتى. مانا شۇ چاغدا كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق گەپ كىرمىدى. ئۇ خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك، سونيەنى قۇچاقلايتتى، توختىماي سۆيەتتى. باللارمۇ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن سونيەنى قۇچاقلىۋېلىشتى، پولېچكا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى تازا تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ، ئېسەدەپ يىغلايتتى. يىغىدىن ھۆۋۈقۇپ كەتكەن چىرايلىققىنا يۈزىنى سونيەنىڭ يەلكىسىگە يوشۇراتتى.

— نېمىدېگەن پەسكەشلىك بۇ! — دېدى كۈتمىگەندە كىمدۇر بىرسى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ۋارقىراپ.

پېتېر پېترووۋىچ ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىدى.

— نېمىدېگەن پەسكەشلىك! — تەكرارلىدى لېبېزياتنىكوف ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ قاراپ.

پېتېر پېترووۋىچ ئەندىكىپ كەتكەندەك قىلدى. بۇنى ھەممە

ئادەم سەزدى (كىپىنرەك ھەممە ئادەم شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئېسىگە ئېلىشتى)، لىبىزياتنىكوف ئۆزىنىڭ ئىچىگە كىردى.

— يەنە قانداقلارچە مېنى گۇۋاھلىققا تارتتىڭىز؟ — دېدى ئۇ پېتېر پېتروۋىچنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

— سىز نېمە دېمەكچى ئاندرېي سېمىيونوۋىچ؟ نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ — دېدى لۇژىنى غىڭشىپ.

— مەن شۇنى دېمەكچى، سىز... ياخشى ئادەمگە تۆھمەت قىلدىڭىز. مەن مانا شۇنى دېمەكچى! — دېدى لىبىزياتنىكوف ھاياجان بىلەن، ئۇنىڭ يېقىنىلا كۆرىدىغان كۆزلىرى پېتېر پېتروۋىچقا ھومىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. راسكولنىكوف گويا ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى تۇتۇۋالماقچى، دەڭسەپ باقماقچى بولۇۋاتقاندەك لىبىزياتنىكوفقا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئارقىدىن يەنە بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. پېتېر پېتروۋىچ باشتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدى.

— ئەگەر بۇنى ماڭا دەۋاتقان بولسىڭىز... — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — سىزگە زادى نېمە بولدى؟ كاللىڭىز نورمالمۇ ئۆزى؟

— كاللام تازا نورمال، لېكىن سىز... ئالدامچى ئىكەنسىز! تۇۋا، نېمىدېگەن پەسكەشلىك بۇ! مەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇردۇم، نېمە ئىشلىقىنى ئېنىق ئۇقۇۋېلىش ئۈچۈن، ئەتەي ساقلاپ تۇردۇم، راستىمنى ئېيتسام، ھەتتا تا ھازىرغىچە بۇنى مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قاراۋاتىمەن... لېكىن سىز مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى... ھېچ چۈشىنەلمىدىم.

— مەن زادى نېمە قىلدىم؟ بۇ يەردە يوقىلاڭ خىياللارنى قىلىپ، كەلسە ـ كەلمەس گۇمان قىلماڭ! بولمىسا، مەست بولۇپ قالدىڭىزمۇ يا؟

— مەن ئەمەس، مانا سىزدەك پەسكەش ئادەملەر مەست بولىدۇ! مەن ئەزەلدىن هاراقنى ئاغزىمغا ئېلىپ باققان ئەمەس، چۈنكى بۇ مېنىڭ ئەقىدەمگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ! قاراڭلار، ئۇ ئۆزى

يۇز رۇبلىلىق قەغەز پۇلدىن بىرنى سوفيە سېمىيونوۋناغا ئۆز قولى بىلەن بەرگەن — مانا مەن كۆرگەن. مانا مەن گۇۋاھ، قەسەم ئىچىمەن! ئۇ ئۆزى قىلدى، ئۆزى قىلدى! — دېدى لېبېزياتنىكوف ئۆيدىكى ھەربىر ئادەمگە قاراپ ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ، سېرىق تۈك سويما، — چىرقىرىۋەتتى لۇژىنى، — مانا ئۇ ئالدىڭىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇ ئۆزى ھېلىلا مۇشۇ يەردىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆز ئاغزى بىلەن دېدىغۇ، مەن ئۇنىڭغا پەقەت ئون رۇبلىلا بەرگەن. بۇنىڭ سىرتىدا مەن ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن يەنە قانداقسىگە ئۇنىڭغا يۇز رۇبلى بەرگۇدەكمەن؟

— مەن كۆرگەن، كۆرگەن، — ۋارقىرىدى لېبېزياتنىكوف تەستىقلاپ، — گەرچە بۇ ئەقىدىلىرىمگە خىلاپ بولسىمۇ، شۇ تاپتا سوتتا قەسەم ئىچىشكە رازى. قانداق قەسەم ئىچ دېسە، شۇنداق قەسەم ئىچىمەن. چۈنكى، مەن سىزنىڭ بۇ پۇلنى ئۇنىڭغا تىقىشتۇرۇپ بەرگەنلىكىڭىزنى كۆرگەن. شۇ چاغدا مەن ئەخمەق، سىزنى خەير - ساخاۋەت يۈزىسىدىن تىقىشتۇرۇپ بېرىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ كېتىپتىمەن. سىز ئىشىك ئالدىدا خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇ كەتكىلى كەينىگە بۇرۇلۇپ بولغاندا، سىز ئوڭ قولىڭىز بىلەن ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇردىڭىز، سول قولىڭىز بىلەن ھېلىقى پۇلنى سەزدۇرمەستىن ئاستاغىنا ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدىڭىز. مەن كۆرۈپ تۇردۇم، كۆرۈپ تۇردۇم!

لۇژىنىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

— نېمىلەرنى بىلجىرلاۋاتىسىز! — قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ، — سىز دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرسىڭىز، قەغەز پۇلنى قانداق كۆرەلەيسىز! سىز يىراقنى كۆرەلمەيسىز... سىزگە شۇنداق تۇيۇلغان نېمە. سىز جۆيلۈۋاتىسىز!

— ياق، ماڭا شۇنداق تۇيۇلغىنى يوق. يىراقتا تۇرغان

بولسامىۇ، ھەممىنى كۆردۈم. دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ قەغەز پۇلنى ئېنىق كۆرۈش تەس بولسىمۇ (بۇ گەپنى توغرا دېدىڭىز)، ئالاھىدە بىر ئەھۋال سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ يۈز رۇبلىلىق قەغەز پۇل ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقتۇم، چۈنكى سىز ئون روبلىلىق قەغەز پۇلنى سوفيە سېمىيونوۋناغا بەرگۈچە، ئۈستەل ئۈستىدىن يۈز رۇبلىلىق پۇلنىمۇ تەڭلا ئالدىڭىز (بۇنى مەن كۆردۈم، چۈنكى شۇ چاغدا مەن يېقىنلا يەردە ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلۈمگە شۇ ئان بىر پىكىر كەلگەچكە، سىزنىڭ بىر قەغەز پۇلنى قولىڭىزدا تۇتۇپ تۇرغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىدىم)، سىز ئۇ پۇلنى قاتلاپ، قولىڭىزدا تۇتۇپ تۇردىڭىز. كېيىن مەن ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىلى قىل قاپتىكەنمەن. قارىسام سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، ئۇنى ئوڭ قولىڭىزدىن سول قولىڭىزغا ئۆتكۈزگۈچە يەرگە چۈشۈرۈۋەتكىلى قىل قالدىڭىز، شۇ چاغدا ئۇنى يەنە يادىمغا ئالدىم، كاللامغا يەنە بايىقىغا ئوخشاشلا بىر پىكىر كەلدى، يەنى سىزنى ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى، لېكىن بۇنى مەندىن يوشۇرماقچى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. شۇنىڭ بىلەن مەن سىزگە دىققەت قىلىشقا باشلىدىم ھەمدە سىزنىڭ قانداق قىلىپ پۇلنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا كۆتكىنىڭىزدەك سەزدۈرمەي سېلىپ قويغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ تۇردۇم، كۆردۈم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، قەسەم ئىچەلەيمەن.

لېبېزياتنىكوف بوغۇلۇپ قالايلا دېدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن بىر خىل خورسىنىشنى، كۆپرەك ھەيرانلىقنى ئىپادىلەيدىغان خىتابلار ئاڭلاندى. قىسمەن غەزەپلىك ۋارقىراشلارمۇ ئاڭلاندى. ھەممە ئادەم پېتېر پېتروۋىچ تەرەپكە قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئېتىلىپ لېبېزياتنىكوفنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئاندرېي سېمىيونوۋىچ! مەن سىزنى ئەيىبلەپ خاتا قىلىپتىمەن! ئۇنى ھىمايە قىلىڭ! يالغۇز سىزلا ئۇنىڭ يېنىنى ئالدىڭىز! ئۇ بىر يېتىم قىز، سىزنى خۇدايىم ئۆزى ئەۋەتتى!

ئاندرېي سېمىيونوۋىچ، جېنىم ئۇكام!

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنىمۇ بىلمەي، ئۇنىڭ ئالدىدا تىز چۆكتى.

— بىمەنە گەپ! — ھۆركىرىدى لۇژىنى چىچاڭشىپ، — سىز جۆيلۈۋاتىسىز، جاناب، «ئۇنتۇپ قاپتىمەن، يادىمغا كەلدى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن» دېگەن قانداق گەپ! ئۇنداقتا، مەن پۇلنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا قەستەن سېلىپ قويۇپتىمەن - دە؟ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە مەقسەتتە؟ مېنىڭ بۇ قىز بىلەن قانداق ئورتاق پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىم بار؟ ...

— نېمە ئۈچۈن؟ بۇنى مەن ئۆزۈممۇ چۈشەنمىدىم، ئەمما دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى قىل سىغمايدىغان پاكىت، ھەق گەپ! مەن شۇنىڭ ئۈچۈن خاتا قىلمىدىمكى، ھەي پەسكەش، قارا نىيەت، ھەممىسى ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. مەن سىزگە رەھمەت ئېيتىپ، قولىڭىزنى سىققان چېغىمدا، شۇ سەۋەبتىن كاللامدا بىر دىنلا بىر سوئال تۇغۇلغانىدى. بۇ ئادەم ئۇنىڭ يانچۇقىغا ئوغرىلىقچە پۇل سېلىپ قويۇپ نېمە قىلماقچى؟ مېنىڭ دېگىنىم، نېمىشقا بىلدۈرمەي ئوغرىلىقچە پۇل سېلىپ قويىدىغاندۇ؟ مېنىڭ ئەقىدىلىرىمنىڭ ئۆزىنىڭكىنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى، خۇسۇسىي خەير - ئېھسان ھېچنېمىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلالمايدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىمنى بىلگەچكە مەندىن يوشۇرماقچى بولغانمىدۇ يا؟ شۇنىڭ بىلەن مەن سىزنى شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى مېنىڭ ئالدىمدا بىگانە بىر ئادەمگە بېرىشتىن ھەقىقەتەن خىجىل بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدىم. بۇنىڭدىن باشقا، ئېھتىمال ئۇ ھېلىقى قىزغا كۈتۈلمىگەن بىر سوۋغات تەقدىم قىلىپ، قىزچاق يانچۇقىدىن يۈز رۇبلىلىق قەغەز پۇلنى تېپىۋالغاندا قاتتىق ھەيران قالسۇن دېگەندۇ دەپمۇ ئويلىدىم (بەزى ساخاۋەتچىلەر خەير - ئېھسانلىرىنى مۇشۇنداق كۆپتۈرۈپ كۆرسەتكىلى ئامراق كېلىدۇ، بۇنى بىلىمەن). ئارقىدىن يەنە پۇلنى تاپقاندىن كېيىن

رەھمەت دېگىلى ئالدىمغا كېلەمدۇ ـ يوق، ئۇ قىزنى بىر سىناپ باقاي دېگەندۇ، دەپمۇ ئويلىدىم. كېيىن يەنە ئۇنىڭ تەشەككۈر ئېيتىشىنى خالىمىغاندۇ خۇددى ئوڭ قولۇڭ بەرگەن سەدىقىنى سول قولۇڭغا بىلدۈرمە دېگەندەك، دەپمۇ ئويلاپ كەتتىم.... قىسقىسى، مانا شۇنداق... شۇ چاغدا مەن خىلمۇخىل ئويلاپ باقتىم. ئاخىر بۇلارنى كېيىنچە تەپسىلىي ئويلىشىش قارارىغا كەلدىم، شۇنداقتىمۇ سىرىڭىزنى بىلىۋالغانلىقىمنى ئالدىڭىزدا ئاشكارىلاشنى ئەدەپسىزلىك بولىدىغاندەك ھېس قىلدىم، لېكىن شۇ ئان كاللامدا يەنە بىر سوئال تۇغۇلدى: سوفىيە سېمىيونوۋنا پۇلنى بايقىغۇچە ئارىلىقتا، يىتتىرىپ قويۇشىمۇ مۇمكىنغۇ، دېگەن ئوي كەلدى. شۇڭلاشقا بۇ يەرگە كېلىش، ئۇنى چاقىرىپ چىقىپ، بىر كىشى يانچۇقىڭىزغا يۈز رۇبلى پۇل سېلىپ قويدى، دەپ ئېيتىپ قويۇش قارارىغا كەلدىم. لېكىن، بۇ يەرگە كەلگۈچە يول ئۈستى كوبىلياتنىكوۋا خانىم بىلەن كوبىلياتنىكوۋا خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم، ئۇلارغا «ئەمەلىي ئىسپات مېتودى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»①نى بېرىپ، پېدېرىتنىڭ ماقالىسىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلدىم (ۋاگنېرنىڭ ماقالىسىنىمۇ تەۋسىيە قىلدىم)، ئاندىن بۇ يەرگە كەلسەم، بۇ يەردە جاھان ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىپتۇ! ئەگەر مەن يۈز رۇبلىنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويغانلىقىڭىزنى كۆرمىگەن بولسام، ماڭا، ماڭا مۇنچىۋالا ئوي ـ پىكىرلەر ۋە مۇلاھىزىلەر نەدىن كېلەتتى؟

لېبېزياتنىكوف ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزىنى ئەنە شۇنداق مەنتىقىگە ئۇيغۇن يەكۈن بىلەن ئۆگەتكۈچە، ھېرىپ ـ چارچاپ ھەتتا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ياپىرىم، ئۇ ئۆز پىكرىنى رۇس

① «ئەمەلىي ئىسپات مېتودى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ـــ تەبىئىي پەنلەرگە دائىر ئىلغار ماقالىلار توپلىمى، ئۇ 1866 ـ يىلى پېتېربۇرگتا نەشردىن چىققان، ئۇنىڭغا گېرمانىيەلىك يازغۇچى ۋە دوختۇر پېدېرىت بىلەن گېرمانىيەلىك ئىقتىساتشۇناس ۋاگنېرنىڭ ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

تىلىدىمۇ توغرا ئېيادىلەپ بېرەلمەيدىكەن ـ ھە (لېكىن ئۇ باشقا بىرەر تىلنىمۇ بىلمەيدۇ)، شۇڭلاشقا ئۇ مول نەتىجىلىك ئاقىلىغۇچىلىق ئىشىنى تاماملىغان چېغىدا، نېمىشقىدۇر بىردىنلا ماغدۇرىدىن كەتتى، ھەتتا ئۆزىمۇ ياداپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزى ئادەملەرگە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇ شۇقەدەر ھاياجانلىنىپ، شۇقەدەر قايىل قىلارلىق قىلىپ سۆزلىدىكى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەندى. پېتىر پېتروۋىچ ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى.

— سىزنىڭ كاللىڭىزدا تۇغۇلغان ئۇ ئەخمىقانە سوئاللارنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ — ۋارقىرىدى ئۇ، — بۇ ھېچنېمىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ! بۇ ئىشلارنى سىز چۈشىڭىزدە كۆرگەن ئوخشايسىز، راست شۇنداق! مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، جاناب، سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز! بىرەر خۇسۇمەت سەۋەبىدىن يالغان ئېيتىپ، ماڭا تۆھمەت چاپلاۋاتىسىز، مەن سىزنىڭ ئەركىن پىكىرلىرىڭىزگە، ئاتېئىزملىق ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىڭىزغا قوشۇلمىغان، شۇڭلاشقا سىز مېنى ئۆچ كۆرۈپ قالدىڭىز. سەۋەب مانا شۇ!

لېكىن، بۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆزلەرنىڭ پېتىر پېتروۋىچقا پايدىسى تەگمىدى. ئەكسىچە تەرەپ ـ تەرەپتىن نارازىلىق سادالىرى ئاڭلاندى.

— ئوھوي، نېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىز! — ۋارقىرىدى لېبېزياتنىكوف، — جۆيلۈپ قاپسىز! ساقچىنى چاقىرىڭ، مەن قەسەم ئىچىپ بېرىمەن! لېكىن، بىرنەرسىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم: ئۇ نېمىنى كۆزلەپ مۇشۇنداق پەسكەشلىك قىلىشقا تەۋەككۈل قىلغاندۇ. ۋاي بىچارە، پەسكەش ئادەم!

— ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق تەۋەككۈل قىلغانلىقىنى مانا مەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمەن. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، مەنمۇ قەسەم ئىچىمەن، — ئاخىر قەتئىي كېسىپ گەپ قىلدى راسكولنىكوف ئوتتۇرىغا چىقىپ.

ئۇ ناھايىتى قەتئىيدەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. راسكولنىكوفنىڭ كەيپىياتىغا قاراپلا، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ بۇ ئىشنىڭ باش ـ ئايغىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىشنىڭ ئاياغلىشاي، دەپ قالغانلىقىنى چۈشەندى.

ــ مانا ئەمدى مەن ھەممىنى چۈشىنىپ يەتتىم، ــ داۋام قىلدى راسكولنىكوف لېبېزياتنىكوفقا قاراپ، ــ مەن ئىشنىڭ بېشىدىلا، بۇ يەردە قانداقتۇر بىرەر رەزىل سۇيىقەستنىڭ بارلىقىنى سېزىۋىدىم. گۇمان قىلىپ قېلىشىمغا، پەقەت ئۆزۈمگىلا مەلۇم بولغان بەزىبىر ئالاھىدە ئەھۋاللار سەۋەب بولدى. بۇ ئەھۋاللارنى سىلەرگە ھازىرلا سۆزلەپ بېرىمەن. ھەممە گەپ مانا شۇنىڭدا! سىز، ئاندرېي سېمىيونوۋىچ، قىممەتلىك گەپلىرىڭىز بىلەن ماڭا ھەممىنى تەلتۆكۈس چۈشەندۈرۈپ قويدىڭىز. ئەمدى گېپىمگە قۇلاق سېلىشىڭلارنى ئىلتىماس قىلىمەن: بۇ جاناب (ئۇ لۇژىننى كۆرسەتتى)، يېقىندا بىر قىزغا، يەنى مېنىڭ سىڭلىم ئاۋدوتيە رومانوۋنا راسكولنىكوفقا ئۆيلەنمەكچى بولغانىدى. لېكىن، ئۇ پېتېربۇرگقا كەلگەندىن كېيىن، يەنى ئالدىنقى كۈنى، ئىككىمىز بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىلا، مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدى. مەن ئۇنى ھوجرامدىن قوغلاپ چىقاردىم، بۇنىڭغا ئىككى ئادەم گۇۋاھ. بۇ تولىمۇ زەھەرخەندە ئادەم... ئالدىنقى كۈنى مەن ئۇنىڭ مۇشۇ بىنادا، ئاندرېي سېمىيونوۋىچ بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم. شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان كۈنى، يەنى ئالدىنقى كۈنى، ئۇ مېنىڭ مەرھۇم مارمېلادوفنىڭ دوستى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىۋېلىش ئۈچۈن، رەپىقىسى كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا ئازراق پۇل بەرگەنلىكىمنى كۆرۈپ قاپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھاللا ئانامغا قىسقىغىنا خەت يېزىپ، خېتىدە مېنى ھەممە پۇلنى كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا ئەمەس، سوفيە سېمىيونوۋناغا بېرىۋەتتى، دەپتۇ ھەمدە ئەڭ پەسكەش سۆزلەر بىلەن سوفيە سېمىيونوۋنانىڭ ئەخلاقىنى سۆكۈپتۇ، يەنى

مېنىڭ سوفىيە سېمىيونوۋنا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە دارىتمىلاپتۇ، مانا شۇلاردىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانسىلەر، ئۇ ئانام بىلەن سىڭلىمغا، سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلەردىن قىسىنىپ ئەۋەتكەن پۇلۇڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئەنە شۇنداق ناباپ ئىشلارغا خەجلەپ ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ... دېمەكچى. شۇ ئارقىلىق مەن بىلەن ئانام ۋە سىڭلىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالماقچى. تۈنۈگۈن ئاخشام مەن ئۇنىڭ ئالدىدا، ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ ئالدىدا، ھەقىقىي گەپنى قىلىپ، پۇلنى سوفىيە سېمىيونوۋناغا ئەمەس، بەلكى كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا مېيىتنى ئۆزىتىۋېلىش ئۈچۈن بەرگەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بەردىم ھەمدە ئالدىنقى كۈنى سوفىيە سېمىيونوۋنانى زادىلا تونۇمايدىغانلىقىمنى ھەتتا چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانلىقىمنى ئىسپاتلاپ بەردىم. ئاندىن يەنە پېتېر پېتروۋىچ ئۆزىنى قانچىلىك قالتىس چاغلىسۇن، ئۆزى خېلىلا يامان ئاتلىق قىلغان سوفىيە سېمىيونوۋنانىڭ بىر چىمچىلىقىغىمۇ ئەرزىمەيدۇ، دەپ قوشۇپ قويدۇم. ئۇ مەندىن سوفىيە سېمىيونوۋنانى سىڭلىڭىز بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغۇزۇشقا رازى بولارمىدىڭىز، دەپ سورىدى. مەن: شۇ كۈنىلا شۇنداق قىلدىم، دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ شۇنچە كۈچەپ تۆھمەت قىلسىمۇ، ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ مەن بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقى كېلىپ ئاستا ـ ئاستا ئۇلارغا كەچۈرگىلى بولمايدىغان قوپال گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭدىن قولىنى يۇيۇپ، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى تۈنۈگۈن ئاخشام يۈز بەردى. ئەمدى گەپلىرىمگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن: سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، ئەگەر ئۇ سوفىيە سېمىيونوۋنانىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى كۆڭۈلگە پۈككىنىدەك ئىسپاتلاپ چىقالىسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئانام بىلەن سىڭلىمغا ئۆز گۇمانىنىڭ ئومۇمەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؛ ئۇ يەنە سىڭلىمنى سوفىيە سېمىيونوۋنا بىلەن تەڭ

ئورۇنغا قويغىنىمغا رەنجىگەنلىكىنىڭمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى؛ سىڭلىمنىڭ، يەنى ئۆز لايىقىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن، ماڭا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويالايدۇ. قىسقىسى، شۇنداق بولغاندا ئۇ مەن بىلەن تۇغقانلىرىمنى ئارازلاشتۇرۇپ قويالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ يېڭىباشتىن ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. شۇنداق بولغاندا، مەندىنمۇ ئەنتىمنى ئالغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ سوفيە سېمىيونوۋنانىڭ ئابرۇيى ۋە بەختىنىڭ ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مەن بۇلارنى دېمەيلا قوياي. ئۇنىڭ مۇراد ـ مەقسىتى مانا شۇ ! بۇ ئىشنى مەن مانا شۇنداق چۈشىنىمەن ! ھەممە سەۋەب مانا شۇ. باشقا سەۋەبنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

راسكولنىكوف ئۆز نۇتقىنى مانا شۇنداق ياكى شۇنداقراق ئاياغلاشتۇردى، سۆز ئارىسىدا ئاھ ئۇرغان، ئۇھ تارتقان ئاۋازلار پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ سۆزى پات ـ پات ئۈزۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئۇ ناھايىتى ئۆتكۈرلۈك بىلەن سالماق، توغرا، ئېنىق ۋە كەسكىن سۆزلىدى. ئۇنىڭ كەسكىن ئاۋازى، قەتئىي تەلەپپۇزى ۋە جىددىي چىرايى ھەربىر ئادەمگە ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق تەسىر قىلدى.

— توغرا، توغرا، دەل شۇنداق، — دېدى لېبېزياتنىكوف خۇشاللىق بىلەن تەستىقلاپ، — دەل شۇنداق، چۈنكى سوفيە سېمىيونوۋنا بىزنىڭ ھۇجرىغا كىرىشىگىلا، لۇژىنى مەندىن: «راسكولنىكوف شۇ يەردىمىكەن؟ كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ مېھمانلىرى ئارىسىدا ئۇنى كۆردىڭىزمۇ» دەپ سورىدى، سورىغاندىمۇ مېنى دېرىزىنىڭ ئالدىغا چاقىرىپ ئايرىپ ئاستاغىنا سورىدى. دېمەك، ئۇنىڭغا سىزنىڭ مۇشۇ يەردە بولۇشىڭىز زۆرۈر ئىكەن ! دەل شۇنداق. راست شۇنداق !

لۇژىنى گەپ ـ سۆز قىلماي، مەنسىتمەسلىك بىلەن

ھېجىيىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى بەكلا تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ يولىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى، ئېھتىمال ئۇ ھەممىنى قايرىپ قويۇپ، كېتىۋەرمەكچىمۇ بولغاندۇ. لېكىن، ھازىرقى پەيتتە مۇنداق قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بۇنداق قىلىش ئۆزىنى ئەيىبلەشلەرنىڭ توغرىلىقىنى، سوفيە سېمىيونوۋناغا ھەقىقەتەن بوھتان چاپلىغانلىقىنى توغرىدىن ـ توغرا ئېتىراپ قىلغانلىق بولۇپ قالاتتى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇنىڭسىزمۇ ئىچىۋېرىپ مەست بولۇپ كەتكەن مېھمانلار قىيا ـ چىيا قىلماقتا ئىدى. ھېلىقى ھەربىي لاۋازىم نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ھەممىدىن بەكرەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، لۇژىنىغا تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىرنەچچە تەدبىرنى قوللىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن، مەست بولمىغانلارمۇ بار ئىدى؛ ھەممە ئۆيدىكى ئادەملەر مۇشۇ يەرگە كېلىپ يىغىلىشتى. ھېلىقى ئۈچ پولياك قاتتىق ھاياجانلىنىپ، پېتىر پېترووۋىچقا قاراپ ھەدەپ: «پانىي لايداك!①» دەپ ۋارقىراشتى ھەمدە پولياك تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ پوپوزا قىلىپ قويۇشاتتى. سوفيە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى، لېكىن ئۇ گەپلەرنى ئانچە بەك ئۇقۇپ كېتەلمەيۋاتقاندەك، بىھوشلۇقتىن ئەمدىلەتىن ھوشىنى يىغىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ راسكولنىكوفقا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت راسكولنىكوفنىڭلا ئۆزىنى ھىمايە قىلالايدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا قىيىنىلىپ، خىرقىراپ ئاران ـ ئاران نەپەس ئالاتتى. ئۇ ماغدۇرىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. ئامالىيە ئىۋانوۋنا زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك، تولىمۇ كۈلكىلىك بىر قىياپەتتە ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت پېتىر پېترووۋىچنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنىلا كۆرۈپ تۇراتتى.

① پولياكچە: ئاۋۇ جاناب ئەسكى ئىكەن.

راسكولنىكوفنىڭ يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغۇسى بولسىمۇ كىشىلەر گەپ قىلغىلى قويمىدى: ھەممە ئادەم ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ پېتىر پېتروۋىچنى قورشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا دوق قىلدى، ئۇنى سۆكتى. لېكىن، پېتىر پېتروۋىچ قورقۇپ كەتمىدى. ئۇ سونيەنى قارىلاشنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ، توغرىدىن - توغرا ئۆكتەملىك قىلىشقا ئۆتتى.

— يولنى بوشىتىڭلار، ئەپەندىلەر، يولنى بوشىتىڭلار، قىستاشماڭلار، مەن ئۆتۈۋالاي! — دېدى ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ، — يول بېرىڭلار، ماڭا پوپوزا قىلىپ ئاۋارە بولماڭلار؛ سىلەرنى ئىشەندۈرۈپ ئېيتىمەنكى، بۇنىڭ پايدىسى يوق. سىلەر ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىلەر، مەن قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس. ئەكسىچە، ئەپەندىلەر، سىلەر زورلۇق بىلەن بىر جىنايى ئىشلار دېلوسىنى يېپىۋەتتىڭلار، بۇنىڭ ئۈچۈن جاۋاب بېرىسىلەر. ئوغرى تەلتۆكۈس پاش قىلىندى. مەن ئەرز قىلىمەن. سوتتىكىلەر قارىغۇ ئەمەس... مەستمۇ ئەمەس، ئۇلار مۇنۇ ئىككى ئەشەددىي خۇداسىز، قۇتراتقۇ، باشباشتاقنى ئىشەنمەيدۇ. ئۇ ئىككىسى شەخسىي ئاداۋىتى سەۋەبىدىن ماڭا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەخمەقلىقىدىن ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى پاش قىلىۋاتىدۇ... ھەي، يولنى بوشىتىڭلار.

— خانامدىن دەرھال يوقىلىڭ! دەرھال كۆچۈپ كېتىڭ! ئارىمىزدىكى ھەممە ئىش شۇنىڭ بىلەن تامام! ھېچ چۈشەنمىدىم، ئۇنىڭغا ئاغزىمنى ئۇپرىتىپ، توپتوغرا ئىككى ھەپتە چۈشەندۈرۈپ كېتىپتىمەن دېسە!...

— بىلىپ قويۇڭ، ئاندرېي سېمىيونوۋىچ، بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا سىزگە ئۆز ئاغزىم بىلەن كۆچۈپ كېتەي دېۋىدىم، لېكىن ئۆزىڭىز ئېسىلىۋالدىڭىز؛ ئەمدى بىر ئېغىز گەپنى قوشۇپ قوياي: سىز ئەخمەق ئادەم ئىكەنسىز. ئۈمىدىم: كاللىڭىزنى، يىراقنى كۆرمەيدىغان كۆزلىرىڭىزنى داۋالىتىڭ! ئەپەندىلەر، مەن ئۆتۈۋالاي!

ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى ھەربىي لاۋازىمىنىڭ ئۇنى ئاسانلا، بىرنەچچە ئېغىز تىللاش بىلەنلا ئۈزىتىپ قويغۇسى كەلمىدى بولغاي، ئۇستەلدىكى ئىستاكانلاردىن بىرنى ئېلىپ، غۇلچىنى كېرىپ تۇرۇپ پېتېر پېترووۋىچقا ئاتتى، بىراق ئىستاكان ئۇدۇل بېرىپ ئامالىيە ئىۋانوۋناغا تەگدى. ئۇ چىرقىراپ كەتتى، ھەربىي لاۋازىم بولسا، بەكلا كۆچەپ ئاتقاچقا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، گۈپپىلا قىلىپ ئۇستەلنىڭ ئاستىغا يىقىلىپ چۈشتى. پېتېر پېترووۋىچ ئۆزىنىڭ خانىسىغا چىقىپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن بۇ بىنادىن كەتتى. تۇغۇلۇشىدىن قورقۇنچاق سونيە ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ ھەرقانداق بىر ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ئاسان ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنى جازاغا ئۇچرىمايلا بوزەك قىلالايدىغانلىقىنى بۇرۇندىنلا بىلەتتى. لېكىن، ئۇ مۇشۇ مىنۇتلاردىن ئىلگىرى ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئېھتىيات قىلسام، ياۋاش ۋە ئىتائەتچان بولسام، ھەرھالدا پالاكەتلەردىن نېرىراق بولىمەنغۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ مانا ئەمدى قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ھەممىگە ئىتائەت قىلىپ كېتىۋەرگەن، ھەرقانداق ئىشقا ھەتتا كۆز ئالدىدىكى مۇشۇ ئىشقىمۇ قىلچە نارازىلىق قىلماي چىداپ ئۆتىۋەرگەن بولاتتى، دەسلەپكى مىنۇتلار ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇ سەل ھوشىنى يىغىپ، نېمە ئىشلىقىنى ئېنىق ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزى غەلىبە قىلغان، ئەيىبسىز دەپ ئاقلانغان بولسىمۇ، غېرىبسىنىش، ھاقارەتلىنىش ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى تۇتتى. ئاخىر ئۇ چىدىيالماي، لۆڭنى چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئۆز ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئىستاكان تېگىپ ھەممە ئادەم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەن دەمدە، ئامالىيە ئىۋانوۋنامۇ بىكاردىن - بىكار زىيان تارتقىنىغا چىدىيالماي قالدى. ئۇ ھەممە بالا - قازانىڭ بېشى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا دەپ ئويلاپ، خۇددى

ساراڭدەك چىرقىرىغىنىچە بېرىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— ئۆيۈمنى بوشات ! ھازىرلا بوشات ! كۆزۈمدىن يوقال ! — دېدى ۋارقىراپ ھەممە قولىغا كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ نېمىلا نەرسىسى چىقسا، شۇنى يولغا ئاتقىلى تۇردى. كۆڭلى ئاينىپ ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالغان، نەپسى قىسىلىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن كاتېرىنا ئىۋانوۋنا كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ (ئۇ ماغدۇرىدىن كېتىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغانىدى)، ئۆزىنى ئامالىيە ئىۋانوۋناغا ئاتتى. ئۇنىڭدا نەدىمۇ ئۇرۇشقۇدەك ماغدۇر بولسۇن؟ ئۆي غوجايىنى ئۇنى خۇددى بىر تال پەينى تاشلىغاندەك پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى.

— نېمە ! بىشەملىك بىلەن بوھتان چاپلىغىنى ئازدەك مۇنۇ مەخلۇقمۇ مېنى بوزەك ئەتمەكچىمۇ تېخى ! نېمە ! ئېرىمنى ھېلىلا كۆمۈپ كېلىپ، مېنىڭكىدە قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، مەن بىلەن مۇشۇ يېتىم باللارنى كوچىغا قوغلاپ چىقىراي دەمسەن ! مېنى نەگە بار دەيسەن؟ — ھاسىراپ تۇرۇپ ھۆكىرەپ يىغلىدى بىچارە خوتۇن، — ئاھ پەرۋەردىگار ! — ۋارقىرىدى ئۇ بىردىنلا كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، — ئەجەبا ئادالەت دېگەن نەرسە يوقمۇ ! بىزدەك پاناھسىزلارنى ھىمايە قىلمىساڭ، كىمنى ھىمايە قىلىسەن؟ قېنى كۆرەرمىز ! دۇنيادا قانۇن بار، ھەقىقەت بار، مەن ئۇنى تاپىمەن ! ھازىرلا بارىمەن، ئالدىرىما، ھەي خۇداسىز مەخلۇق ! پولېچكا، سەن قېلىپ باللارغا قاراپ تۇر. مەن ھازىرلا كېلىمەن. كوچىدا بولسىمۇ، مېنى ساقلاپ تۇرۇڭلار! قېنى كۆرۈپ باقايلى، دۇنيادا ھەقىقەت بارمىكىن؟

كاتېرىنا ئىۋانوۋنا مەرھۇم مارمېلادوف گەپ ئارىلىقىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھېلىقى يېشىل باشباغلىقنى بېشىغا ئارتتى - دە، تېخىچە ئۆيدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ تۇرغان مەست - ئەلەس قوشنىلارنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ھۆكرەپ يىغلىغان پېتى كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ خىرە - شىرە بىر مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قەيەردىن بولسۇن، قانداقلا قىلىپ بولسۇن

ھەقىقەتنى دەرھاللا تېپىپ كەلمەكچىدى. پولېچكا ئىنى ـ سىڭىللىرىنى باشلاپ بۇلۇڭدىكى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇ قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەپ، ئىنىسى بىلەن سىڭلىسىنى قۇچاقلاپ، ئانىسىنىڭ يېنىپ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. ئامالىيە ئىۋانوۋنا ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ، چىرقىراپ، ئەيىبلەپ، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى پولغا ئېتىپ، تېخىچە ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرمەكتە ئىدى. مېھمانلار تاغدىن ـ باغدىن گەپ قىلىشاتتى. بەزىلەر ھېلىلا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرۇلۇق قىزىپ ـ قايناپ گەپ قىلىشاتتى؛ بەزىلەر بىر ـ بىرسى بىلەن تاكاللىشىپ، بىر ـ بىرسىنى تىللىشاتتى؛ يەنە بەزىلەر ھېچنېمىگە قارىماي ناخشا ئېيتاتتى...

«مېنىڭمۇ كېتىدىغان ۋاقتىم بولدى، ــ ئويلىدى راسكولنىكوف، ــ خوش، سوفىيە سېمىيونوۋنا، قېنى ئەمدى نېمە دەيسىزكىن !»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سونيەنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

## 4

راسكولنىكوف ئۆز قەلبىنىڭ ۋەھىمىگە ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تولغان بولۇشىغا قارىماي، سونيەنى لۇژىنىنىڭ ھاقارىتىدىن كەسكىنلىك بىلەن چىڭ تۇرۇپ ئاقلاپ چىقتى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇ شۇ قەدەر ئېغىر كۈلپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، چىدىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكەن روھىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ كۆكرەك كېرىپ سونيەنى قوغداپ قىلىشىغا تۈرتكە بولغان كۈچلۈك شەخسىي ھېسسىياتىغا كەلسەك، بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشىنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە بىر ئىش ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھىم ئورۇن

تۇتاتتى، ئۇنى بىئارام قىلاتتى، بولۇپمۇ بەزىدە، سونيە بىلەن ئۇچرىشىش ئالدىدا شۇنداق ئىدى: ئۇ سونيەگە لىزاۋېتانى زادى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۆزىگە ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى سېزەتتى. ئۇ گويا ئەنە شۇ ئازابلارنى نېرىراق ئىتتىرىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك قولىنى شىلتىپ - شىلتىپ قوياتتى. شۇڭلاشقا ئۇ كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭكىدىن كېتىۋېتىپ: «خوش، سوفيە سېميونوۋنا، قېنى ئەمدى نېمە دەيسىزكىن؟» دېگەن چېغىدا، ئۇنىڭ هاياجىنى تېخى بېسىلمىغان، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، لۇژىنىنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ خۇشلۇقى تېخى يوقالمىغانىدى. لېكىن، شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ كاپېرنا ئۇموفلارنىڭ بىناسىغا يېتىپ كەلگەن چېغىدا، بىردىنلا بوشىشىپ قورقۇشقا باشلىدى. ئىشىك ئالدىدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىنىدا، كۆڭلىدە غەلىتە بىر سوئال تۇغۇلدى: «لىزاۋېتانى زادى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۇنىڭغا دەيمۇ، دېمەيمۇ؟»، بۇ سوئال شۇنىڭ ئۇچۇن غەلىتە ئىدىكى، كۆڭلىگە شۇ سوئال كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇ بۇنى دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنى بىر مەزگىل كېچىكتۈرۈشكىمۇ، ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈشكىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن، ئۇ نېمىشقا بولمايدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى؛ ئۇ پەقەت بۇنى ھېس قىلاتتى. شۇ زۆرۈرىيەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىزلىقىنى سېزەتتى، مانا شۇنداق روھىي ھالەت ئۇنى تىنىق ئالغۇسىز دەرىجىدە ئەزمەكتە ئىدى. ئارىسالدى بولۇپ ئازاب چېكمەسلىك ئۇچۇن، ئۇ ئىتتىك ئىشىكنى ئاچتى - دە، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ سونيەگە قارىدى. سونيە جەينەكلىرىنى ئۇستەلگە قويۇپ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىپ ئولتۇراتتى. ئۇ راسكولنىكوفنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى ئۇنى خېلىدىن بېرى ساقلاپ ئولتۇرغاندەك، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن نېمە بولۇپ كېتەر ئىدىم!

— دېدى ئۇ راسكولنىكوف بىلەن ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىپ، ئىتتىك گەپ قىلىپ. ئوزايىدىن راسكولنىكوفقا مانا شۇ سۆزلەرنى دەۋالغىلى ئالدىرىغاندەك قىلاتتى. ئۇ راسكولنىكوفنى مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا ساقلاپ ئولتۇراتتى.

راسكولنىكوف ئۈستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ، بايا سونىيە ئولتۇرغان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. سونىيە خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك، ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم نېرىدا ئۆرە تۇردى.

— نېمە، سونىيە؟ — دېدى راسكولنىكوف، ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنىڭ تىترەپ چىقمۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى، — سىز بايا «بىلەمسەن، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئىجتىمائىي ئورنۇڭ ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلىرىڭ سەۋەبىدىن بولدى» دېگەن گەپنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

سونىيەنىڭ چىرايىدا ئازابلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— مەن بىلەن يەنە تۈنۈگۈنكىدەك سۆزلەشمەڭ، — دېدى قىز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بولدى، دېمەيلا قويۇڭ، ئازابلىرىم ئۇنىڭسىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ...

سونىيە راسكولنىكوفنى ماڭا دەشنام بەرگىلى تۇردىغۇ دەپ رەنجىپ قالمىسۇن دەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەخمەقلىك قىلىپ، ئۇ يەردىن كېتىپ قالدىم، ئۇ يەردە ھازىر نېمىلەر بولۇپ كەتتىكىن؟ ھازىرلا شۇ يەرگە بارايمىكىن دەپ تۇرۇۋىدىم، لېكىن سىزنى... كېلىپ قالارمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم.

راسكولنىكوف ئۇنىڭغا ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ ئۇلارنى كۆچۈڭلار دەپ قوغلىغانلىقىنى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ «ھەقىقەت ئىزدەپ» نەگىدۇر كەتكەنلىكىنى دەپ بەردى.

— ۋاي خۇدايىم ! — ۋارقىرىۋەتتى سونىيە، — يۈرۈڭ، تېزرەك بارايلى...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىسقا خالتىنى قولىغا ئالدى.

— سىز دائىم شۇنداق قىلىسىز، — دېدى راسكولنىكوف

خاپا بولۇپ، — دائىم شۇلارنىلا ئويلايسىز! بىردەم مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇڭ.

— ئۇنداقتا... كاتېرىنا ئىۋانوۋناچۇ؟

— كاتېرىنا ئىۋانوۋنا سىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىكىن، سىزنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ، — قوشۇپ قويدى ئۇ كايىپ، — ئەگەر ئۇ سىزنى تاپالمىسا، يەنە سىزدىن ئاغرىنىدۇ.

سونيە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. راسكولنىكوف ئۇن - تىنسىز پولغا تىكىلگىنىچە، نېمىنىدۇر ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— مىسالەن ئېيتايلى، بۇ دورەم لۇژىنىنىڭ سىزنى قامىتىۋېتىش خىيالى يوق، — دەپ باشلىدى راسكولنىكوف سونيەگىمۇ قارىماي، — ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلماقچى بولسا، ئەگەر بۇ ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر نىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىپ قالسا، ئۇ هالدا لېبېزياتنىكوف ئىككىمىز بولمىغان بولساق، ئۇ سىزنى گەپ يوق قامىتىۋېتەتتى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى قىز زەئىپ ئاۋازدا، — شۇنداق! — تەكرارلىدى ئۇ، ئوزايىدىن دىققىتى چېچىلىپ، تەشۇىشلىنىپ ئولتۇراتتى.

— بىلەمسىز، مېنىڭ راستلا بولماي قېلىشىم مۇمكىن ئىدى! لېبېزاياتنىكوفمۇ پۈتۈنلەي تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالدى.

سونيە گەپ - سۆز قىلمىدى.

— ئەگەر تۈرمىگە كىرىپ قالسىڭىز، قانداق قىلاتتىڭىز؟ تۈنۈگۈن مەن دېگەن گەپلەر ئېسىڭىزدىمۇ؟

سونيە يەنە جاۋاب بەرمىدى. راسكولنىكوف بىردەم ساقلىدى.

— مەن سىزنى: «ئاھ، بولدى قىلىڭ، گەپ قىلماڭ» دەپ ۋارقىراپ كېتەرمىكىن دېۋىدىم، — دېدى راسكولنىكوف كۈلۈپ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئازراق زورۇقۇش چىقىپ تۇراتتى، — نېمە، يەنە نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — بىردەمدىن

كېيىن يەنە سورىدى ئۇ، ــ ئاخىر ئىككىمىز نېمە توغرۇلۇقتۇر سۆزلىشىشىمىز كېرەكقۇ، شۇنداقمۇ؟ هازىر خۇددى لېبېزياتنىكوفنىڭ دېگىنىدەك بىر «مەسىلە» بار، شۇنى قانداق هەل قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى بەكلا بىلگۈم بار. (راسكولنىكوف تاققا ـ تۇققا گەپ قىلىشقا باشلىغاندەكلا قىلاتتى) ياق، مەن سىزگە ھەقىقەتەن ئەستايىدىل گەپ قىلىۋاتىمەن. ئويلاپ بېقىڭ، سونيە، ئەگەر سىز لۇژىنىنىڭ نىيىتىنى ئالدىنئالا بىلگەن بولسىڭىز، ئۇ نىيەتنىڭ كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بىلەن بالىلارنى تەلتۆكۈس نابۇت قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلگەن (ھەقىقەتەن بىلگەن) بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى ئۈستەككە (سىز ئۆزىڭىزنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان، ناھايىتى ئۈستەككىلا يارايدىغان ئادەم دەپ قارايسىز) بەرسە، ئاندىن پولېچكانىمۇ... چۈنكى ئۇمۇ سىزنىڭ يولىڭىزدا ماڭىدۇ؛ خوش، شۇنداق بولسا، ئەگەر مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ــ ئۇنىڭ ياشىشىنى ياكى ئۇلارنىڭ ياشىشىنى، يەنى لۇژىنىنىڭ تىرىك قېلىپ داۋاملىق ئەسكىلىك قىلىشىنى ياكى كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى سىز قارار قىلىدىغان بولۇپ قالسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز قانداق قارار قىلغان بولاتتىڭىز؟ ئۇلاردىن قايسىسى ئۆلۈشى كېرەك؟ مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن.

سونيە ئارامسىزلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭغا راسكولنىكوفنىڭ تىلنى چايناپ دېگەن بۇ گەپلىرى بىرئاز سىرلىقتەك، ئۇ گەپنى ئەگىتىپ بىرەر مەسىلىنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ــ مەن سىزنىڭ مۇشۇنداقراق سوئالنى سورايدىغانلىقىڭىزنى سەزگەن، ــ دېدى قىز ئۇنىڭغا سىناش نەزىرىدە تىكىلىپ.

ــ بوپتۇ، شۇنداقمۇ دەيلى؛ لېكىن سىز قانداق قارارغا كەلگەن بولاتتىڭىز؟

ــ ئەسلا بولمايدىغان ئىشنى مەندىن سوراپ نېمە قىلىسىز؟ ــ دېدى سونيە بىزار بولۇپ.

— دېمەك، لۇژىنى تىرىك قىلىپ ئەسكىلىكلىرىنى قىلمىغۇرسە بولىدىكەن ـ دە! سىز ھەتتا مۇشۇنداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمامسىز؟
— چۈنكى، مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىنى بىلمەيمەن... سىز نېمىشقا سوراشقا بولمايدىغان سوئاللارنى سورايسىز؟ مۇنداق مەنىسىز سوئاللارنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ بۇلارنى مېنىڭ قارار قىلىشىم مۇمكىنمۇ؟ كىممۇ مېنى بىرىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىرىنىڭ تىرىكگە قازىلىق قىلغىلى قويار؟
— ئەگەر بۇنىڭغا تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئارىلاشسا، ئۇ ھالدا ھېچ ئىلاج يوق، — دېدى راسكولنىكوف خاپا بولۇپ كايىپ.
— نېمە دېمەكچى بولسىڭىز، ياخشىسى توغرىدىن ـ توغرا دەۋېرىڭ! — ۋارقىرىدى سونيە ئازابلىنىپ، — سىز گەپنى يەنە بىر ئىشقا تارتىپ كېتىۋاتىسىز... بۇ يەرگە مېنى قىيىنىغىلى كەلگەنمىدىڭىز يا؟
سونيە ئاخىر چىدىيالماي ئەلەم بىلەن يىغلاشقا باشلىدى. راسكولنىكوف غەمكىن بىر ھالەتتە قىزغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئارىدىن بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتتى.
— توغرا ئېيتتىڭ، سونيە، — دېدى ئۇ ئاخىر ئاستاغىنا. ئۇ بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالدى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ياسالما قوپاللىق ۋە ئاجىزغىنا قوتراتقۇلۇق غايىب بولدى، ھەتتا ئاۋازىمۇ كۆتمىگەندە بوشاپ كەتتى، — تۈنۈگۈن ساڭا ئالدىڭغا كەچۈرۈم سورىغىلى كەلمەيمەن، دېۋىدىم. مانا ئەمدى گەپنى سەندىن كەچۈرۈم سوراشتىن باشلىماقچىمەن... مەن لۇژىنى ھەققىدىكى، خۇدانىڭ ئىرادىسى ھەققىدىكى گەپلەرنى ئۆزۈم ئۈچۈن دېدىم... بۇ مېنىڭ سەندىن كەچۈرۈم سورىغىنىم، سونيە...
ئۇ كۈلۈمسىرىمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرىشىدىن قانداقتۇر نائىلاجلىق ۋە باش قېتىنچىلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ،

قوللىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى.

كۈتمىگەندە ئۇنىڭ قەلبىدە سونيەنى ئۆچ كۆرۈشتەك غەلىتە ۋە ئۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى، بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ھەيران قالدۇردى ۋە قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، سونيەگە تىكىلىپ قاراپ قويدى. لېكىن، ئۇ قىزنىڭ ئارامسىزلىق ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆزىگە مېھىر بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى؛ بۇ مۇھەببەت ئىدى. ئۇنىڭدا تۇغۇلغان ئۆچلۈك تۇيغۇسى خۇددى خىيالىي مەنزىرىدەك غايىب بولدى. لېكىن، بۇ توغرا ئەمەس ئىدى؛ ئۇ بىر تۇيغۇنى باشقا بىر تۇيغۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى. بۇ پەقەت ھېلىقى پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇ يەنە يۈزىنى قوللىرى بىلەن يېپىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. كۈتمىگەندە ئۇ تاتىرىپ كەتتى. ئورۇنىدۇقتىن تۇرۇپ سونيەگە قاراپ قويدى ــ دە، گەپ ــ سۆز قىلماي، غەيرىي ئىختىيارىي بىر ھالەتتە بېرىپ قىزنىڭ كارىۋىتىغا ئولتۇردى.

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتى ھېلىقى موماينىڭ كەينىدە تۇرۇپ، پالتىنى لاتىدىن چىقىرىپ، «بىر دەقىقىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ»غانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىدىكى روھىي ھالىتىگە بەكمۇ ئوخشايتتى.

ــ نېمە بولدىڭىز؟ ــ سورىدى سونيە. ئۇ ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئېيتىش ئۇسۇلى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۆزىگە نېمە بولغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. سونيە ئاستاغىنا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كارىۋاتتا ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى ــ دە، كۆز ئۈزمەي ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە كۈتتى. سونيەنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇراتتى. بىردەمدە يەنە ھېلىلا توختاپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. بۇنىڭغا زادىلا چىدىغىلى بولمىدى. راسكولنىكوف تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى قىز تەرەپكە بۇرىدى؛ ئۇنىڭ

لەۋلىرى كۆچسىزغىنا بىر تەرەپكە قىيسىيىپ، نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى. سونيەنى قاتتىق سۈر باستى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — يەنە تەكرارلىدى ئۇ راسكولنىكوفنىڭ يېنىدىن سەل - پەل نېرى سۈرۈلۈپ.

— ھېچنېمە، سونيە، قورقما... بىمەنىلىك! راست، ئەگەر ئۆزۈڭ ئويلاپ باقساڭ، دەرۋەقە بەكلا بىمەنىلىك... — دېدى ئۇ خۇددى ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك ئۆزىچە غۇدۇراپ، — سېنىمۇ قىيناپ نېمە قىلاي؟ — قوشۇپ قويدى ئۇ قىزغا قاراپ، — راست، نېمە قىلاي؟ مەن شۇ سوئالنى توختىماي ئۆزۈمدىن ئۆزۈم سورايمەن. سونيە...

بۇنىڭدىن چارەك سائەت ئىلگىرى ئۇ مۇشۇ سوئالنى ئۆزىدىنمۇ سورىغان بولسا كېرەك. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇنى دەپ بەرگۇدەك ماجالى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ توختىماي تىترەۋاتقانلىقىنىلا سېزەتتى.

— ئاھ، سىز بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىسىز! — دېدى قىز كۆڭلى يېرىم بولۇپ ۋە راسكولنىكوفقا ئىنچىكىلەپ سەپسىلىپ.

— ھەممىسى بىمەنىلىك!... ماڭا قارا، سونيە (نېمىشقىدۇر ئۇ كۈتمىگەندە كۈلۈپ قويدى. مۇنداق نائىلاجلىق چىقىپ تۇرغان سوغۇق كۈلۈمسىرەش ناھايىتى ئىككى سېكۇنتلا داۋام قىلدى) تۈنۈگۈن مەن ساڭا بىر ئىشنى دەپ بېرىمەن دېۋىدىم. ئېسىڭدىمۇ؟

سونيە تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈپ تۇردى.

— مەن كېتىۋاتقان چېغىمدا ساڭا: ئېھتىمال مەن سەن بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندۇرمەن، لېكىن ئەگەر بۈگۈنكى كۈنلۈكتە سېنى كۆرگىلى كېلەلمىسەم ساڭا... لىزاۋېتانى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى دەپ بېرىمەن، دېۋىدىم.

قىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىردىنلا تىترەپ كەتتى.

— قارا، مەن شۇنى دەپ بەرگىلى كەلدىم.

— دىمەك، تۇنۇگۇن دېگەنلىرىڭىز راست ئىكەن ـ دە، — دېدى قىز زورغا پىچىرلاپ، — سىز قانداق بىلىسىز؟ — ئۇ خۇددى بىردىنلا ھوشىغا كەلگەندەك ئىتتىك سورىدى.

سونيەنىڭ چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ، نەپەسى قىسىلىشقا باشلىدى.

— بىلىمەن.

قىز بىردەم جىم بولۇپ قالدى.

— ئەمىسە، ئۇ ئادەمنى تاپتىمۇ؟ — قورقۇمسىراپ سورىدى قىز.

— ياق، تېخى تاپالمىدى.

— ئەمىسە بۇ ئىشنى سىز نەدىن بىلىسىز؟ — بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن، ئاران ـ ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا يەنە سورىدى قىز.

راسكولنىكوف قىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئۆزۈڭ تاپ، — دېدى ئۇ يەنە بايىقىدەك زورمۇزور كۈلۈمسىرەپ.

سونيەنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— لېكىن سىز... مېنى... نېمىشقا بۇنداق... قورقۇتىسىز؟ — دېدى ئۇ بالىلارغا ئوخشاش كۈلۈمسىرەپ.

— ئۇنى بىلگەنىكەنمەن... دېمەك، مەن ئۇنىڭ يېقىن دوستى... — دېدى راسكولنىكوف سۆزىنى داۋام قىلىپ، ئۇ گويا كۆزىنى سونيەدىن يۆتكىيەلمەيدىغاندەك تېخىچە ئۇنىڭغا داڭ قېتىپ قاراپ تۇراتتى، — ئۇ... لىزاۋېتانى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس ئىدى... ئۇ... ئۇنى غەرەزسىز ئۆلتۈرۈپ سالدى... ئۇ ھېلىقى موماينى... ئۆيدە ئۆزى يالغۇز چېغىدا ئۆلتۈرمەكچىدى... ئۇ يەرگە بارغاندا... لىزاۋېتا كىرىپ قالغان... شۇڭا نائىلاج... ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

يەنە بىرئاز ۋاقىت ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتتى. ھەر ئىككىيلەن

بىر - بىرىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.
— نېمە، تېخىچە تاپالمايۋاتامسەن؟ — كۈتمىگەندە سورىدى راسكولنىكوف، ئۇ ئۆزىنى خۇددى مۇناردىن پەسكە سەكرىگەندەكلا ھېس قىلدى.
— تاپالمىدىم... — دېدى سونيە ئاران - ئاران ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋاز بىلەن.
— ماڭا ئوبدانراق قاراپ باق.
شۇ گەپ ئاغزىدىن چىقىشىغا، ئەسلىدىنلا تونۇش بولغان بىر تۇيغۇ يەنە بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىۋەتتى. ئۇ قىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا ئۇنىڭ چىرايىدىن لىزاۋېتانىڭ چىرايىنى كۆرگەندەك بولدى. پالتىنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا بارغان چېغىدا لىزاۋېتانىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ئالامەتلەر ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېنىق يادىدا ئىدى. شۇ چاغدا لىزاۋېتا داجىپ تامنىڭ تۈۋىگىچە بارغان، بىر قولىنى سوزغان، چىرايى پۈتۈنلەي قورقۇپ كەتكەن بالىلارنىڭ چىرايىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۈششاق بالىلار ئادەتتە ئۈشتۈمتۇت بىرەر نەرسىدىن قورقۇپ كەتسە، ئۆزلىرىنى قورقۇتقان نەرسىگە داڭ قېتىپ ۋە ئارامسىزلىنىپ قاراپ قالىدۇ، كەينىگە داجىغاچ، كىچىككىنە قوللىرىنى ئالدىغا سوزىدۇ. يىغلىۋېتىشكە تەييارلا تۇرىدۇ. سونيەنىڭ ھازىرقى تۇرقىمۇ خۇددى شۇنداق ئىدى: ئۇ ئوخشاشلا ئىلاجسىز قېلىپ، ئوخشاشلا قورقۇپ راسكولنىكوفقا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۈشتۈمتۇت سول قولىنى سوزۇپ، بارماقلىرىنى راسكولنىكوفنىڭ كۆكرىكىگە بوشقىنا تىرىدى، ئاندىن ئاستاغىنا كارىۋاتتىن تۇرۇپ، قەدەممۇقەدەم كەينىگە داجىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى، كۆزلىرى بولسا قېتىپ قالغاندەك راسكولنىكوفقا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. قىزدىكى قورقۇش بىردىنلا راسكولنىكوفقا ئۆتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ ئوخشاشلا قورقۇش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئۇمۇ خۇددى بالىلارغا ئوخشاش كۈلۈمسىرەپ سونيەگە قارىدى.

— تاپتىڭمۇ؟ — ئاخىر سورىدى ئۇ ئاستاغىنا.

— يا پەرۋەردىگار ! — قىزنىڭ قەلبىدىن دەھشەتلىك بىر نالە - پىغان ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ پۈت - قولى بوشىشىپ كارىۋاتقا يىقىلدى، يۈزىنى ياستۇق بىلەن يېپىۋالدى. لېكىن، بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە كارىۋاتتىن ئىتتىك قوپۇپ، تېز - تېز چامداپ راسكولنىكوفنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئىنچىكە بارماقلىرى بىلەن ئۇلارنى چىڭ - چىڭ سىقتى؛ ئاندىن يەنە داڭ قېتىپ، راسكولنىكوفنىڭ يۈزىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدسىز قارىشىدىن راسكولنىكوفنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەڭ ئاخىرقى ئازراققىنا ئۈمىدنى بولسىمۇ كۆرۈشكە ۋە ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئازراقمۇ ئۈمىد قالمىغانىدى. قىلچىلىك گۇمانغىمۇ ئورۇن يوق ئىدى. ھەممە نەرسە شۇنداق ئىدى ! كېيىن شۇ پەيتنى ئەسلىگەن چېغىدا، ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى، ئويلىنىپ قالدى: بۇ ئىشنىڭ شۈبھىلەنگۈدەك ھېچ يېرى يوقلۇقىنى شۇ چاغدا ئۇ قانداقلارچە دەرھاللا سېزىۋالالىدىكىن؟ ئالايلى، ئۇ شۇ چاغدا، شۇنىڭدەك ئىشنى ئالدىن سەزگەنلىكىنى دەپ بېرەلەيتتىمۇ؟ لېكىن، مانا ئەمدى راسكولنىكوف بۇ ئىشنى دەپ بەرگەن چاغدا، ئۇنىڭغا بىردىنلا شۇنداق ئىشلىقىنى ئۆزى ھەقىقەتەن ئالدىنئالا سەزگەندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— بولدى قىل، سونيە، بەس ! مېنى ئارتۇق قىينىما، — ئىلتىماس قىلدى راسكولنىكوف قىينىلىپ.

راسكولنىكوف بۇ ئىشنى سونيەگە مۇشۇنداقسىگە دەپ بېرەرمەن دەپ ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. لېكىن، ئاقىۋەتتە مۇشۇنداق بولۇپ چىقتى.

سونيە گاراڭ بىر ھالەتتە كارىۋاتتىن چاچراپ تۇرۇپ، قوللىرىنى قارسىلدىتىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى. ئەمما، دەرھال يېنىپ كېلىپ، ئىلگىرىكىدەكلا راسكولنىكوفنىڭ

يېنىدا، يەلكىسىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە تەگكۈزۈپ ئولتۇردى. كۆتمىگەندە ئۇ خۇددى بىرسى پىچاق تىقىۋەتكەندەك چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى. نېمە ئىشلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، راسكولنىكوفنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— سىز، سىز زادى نېمە قىلىپ قويدىڭىز - ھە! — دېدى ئۇ ئۇمىدسىزلىنىپ، كېيىن يەنە چاچراپ تۇرۇپ، راسكولنىكوفنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى.

راسكولنىكوف دەرھال ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قىزغا مەيۈس كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— سەن قىزىق ئىكەنسەن، سونيە، مەن ھېلىقى ئىشنى دەپ بەرسەممۇ، مېنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ يۈرىسەن. نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئۆزۈڭ بىلەلمەي قېلىۋاتىسەن.

— ئەمدى دۇنيادا سېنىڭدىنمۇ، سېنىڭدىنمۇ بەختسىز ئادەم يوق! — تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى سونيە راسكولنىكوفنىڭ گەپلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي. كۆتمىگەندە ئۇ ئەسەبىيلەرچە ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

يات بولۇپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغان بىر خىل ھېسسىيات خۇددى كەلكۈندەك كېلىپ راسكولنىكوفنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ قەلبىنى بىراقلا يۇمشىتىۋەتتى. ئۇ مۇنداق ھېسسىياتقا قارشى تۇرمىدى. ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىپ چىقىپ، كىرپىكلىرىگە ئىلىنىپ توختاپ قالدى.

— ئۇنداقتا، مېنى تاشلىۋەتمەمسەن سونيە؟ — دېدى ئۇ ئۈمىد كۈتكەندەك سونيەگە تەلمۈرۈپ.

— ياق، ياق، ھېچقاچان، ھېچ يەردە، سېنى تاشلىۋەتمەيمەن! — ۋارقىرىدى سونيە، — مەن سەن بىلەن بىللە بارىمەن. نەگىلا بولسا بىللە بارىمەن. ئاھ، پەرۋەردىگار! ئاھ، مەن نېمىدېگەن بەختسىز!... نېمىشقا، نېمىشقا سەن بىلەن بۇرۇنراق تونۇشمىغاندىمەن! نېمىشقا سەن بۇرۇنراق كەلمىگەنسەن؟ ئاھ،

پەرۋەردىگار !

— مانا كەلدىمغۇ.

— ئەمدى ! ئاھ، ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق !... بىللە بارىمىز ! بىللە بارىمىز ! — دېدى سونيە خۇددى ھوشىنى يوقاتقاندەك يېنىش - يېنىش، ئارقىدىن يەنە راسكولنىكوفنى قۇچاقلىدى، — تۈرمىگە سەن بىلەن بىللە بارىمەن ! — بۇ گەپ راسكولنىكوفنى شۈركۈندۈرەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە دۈشمەنلىك ئارىلاش تەكەببۇرانە كۈلكە پەيدا بولدى.

— ئېھتىمال مەن تۈرمىگە بېرىشنى خالىماسمەن، سونيە، — دېدى ئۇ.

سونيە ئىتتىك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

مۇنۇ بەختسىز ئادەمگە بولغان دەسلەپكى قىزغىن ۋە ئازابلىق ھېسداشلىق ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، قاتىللىق ھەققىدىكى قورقۇنچلۇق ئۇقۇم يەنە ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. راسكولنىكوفنىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگىرىشى بىلەنلا، ئۇ يەنە بىردىنلا قاتىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ راسكولنىكوفقا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. ئۇ تېخى ھېچنېمىنى، يەنى راسكولنىكوفنىڭ نېمە ئۈچۈن، قانداق ۋە نېمىنى كۆزلەپ قاتىللىق قىلغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. مانا ئەمدى شۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى بىراقلا ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يەنە ئىشەنگۈسى كەلمىدى: «ئۇ، ئۇ قاتىلمۇ؟ بۇ زادى مۇمكىنمۇ؟»

— بۇ زادى نېمە گەپ ! ھازىر مەن قەيەردە ؟ — دېدى سونيە تېخىچە ھوشىغا كېلەلمىگەندەك گاڭگىراپ، — سىز، سىز، سىزدەك بىر ئادەم قانداقمۇ... شۇ ئىشنى قىلار؟... بۇ زادى نېمە گەپ ئۆزى !

— مېلىنى دەپ قىلدىم. بولدى قىل، سونيە، — دېدى ئۇ ھارغىنلىق بىلەن، خۇشياقمىغاندەك.

سونيە ھەيران قېلىپ، قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. كېيىن

بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى.
— ئاچ قالغانمىدىڭ؟ سەن... ئاناڭنى باقمەن دەپ قىلدىڭ شۇنداقمۇ؟
— ياق، سونيە، ياق، — دېدى ئۇ تەتۈر قاراپ ۋە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ غىڭشىپ، — مەن ئانچە بەك ئاچمۇ قالمىغان... راستلا ئانامنى بېقىش خىيالىم بار ئىدى، لېكىن... بۇمۇ تازا توغرا ئەمەس... مېنى قىينىمىغىنا، سونيە.
سونيە قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇردى.
— توۋا، توۋا، شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست بولسا ـ ھە! يا پەرۋەردىگار، بۇ قانداقمۇ راست بولسۇن؟ كىم ئىشىنىدۇ بۇنىڭغا؟... سىز ئاخىرقى پۇللىرىڭىزنى خەققە بېرىۋەتكەن ئادەم تۇرۇپ، بىراۋنىڭ مېلىنى دەپ جېنىغا قەست قىلىپسىز، بۇ مۇمكىنمۇ، زادى مۇمكىنمۇ؟ ئاھ!... — ئۇ بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى، — كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا بەرگەن پۇللىرىڭىز... شۇ پۇللىرىڭىز... ئاھ خۇدا، شۇ پۇللىرىڭىزمۇ...
— ياق، سونيە، — دېدى راسكولنىكوف ئالمان ـ تالمان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇ پۇل ئۇنىڭدىن ئەمەس، خاتىرجەم بول! ئۇ پۇلنى ئانام ماڭا بىر سودىگەردىن ئەۋەتىپتىكەن. ئۇ پۇل كەلگەندە ئاغرىق ئىدىم. ئۇنى ماڭا شۇ كۈنىلا بەرگەن... رازۇمىخىن كۆرگەن... پۇلنى مېنىڭ ئورنۇمدا شۇ تاپشۇرۇۋالغان... ئۇ ئۆزۈمنىڭ پۇلۇم، ئۆزۈمنىڭ، راستلا ئۆزۈمنىڭ پۇلۇم.
سونيە ئۇنىڭ سۆزىگە گۇمان بىلەن قۇلاق سېلىپ، نېمە ئىشلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشتى.
— ھېلىقى پۇللارغا كەلسەك... ئەمەلىيەتتە، ئۇ يەردە زادى پۇلنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ ئويچان بىر ھالەتتە، بوشقىنا قوشۇمچە قىلىپ، — شۇ چاغدا ئۇنىڭ بوينىدىن بىر ھەميانىنى چىقىرىپ ئالدىم، زامشا ھەميان... ئىچى لىققىدە ئىكەن... لېكىن ئىچىگە قاراپ

باقمىدىم؛ ئۆلگۈرمىگەن بولسام كېرەك... بۇيۇملارغا كەلسەك، ھەممىسى زەنجىر، يەڭنىڭ، ياقىنىڭ ئىلغۇچلىرى دېگەندەك بىر نېمىلەر ئىكەن. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلارنى ھەمىيان بىلەن قوشۇپ، B كوچىسىدىكى بىر ھويلىدىكى تاشنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويدۇم... ئۇ نەرسىلەر ھېلىمۇ شۇ يەردە...

سونيە پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاپ تۇراتتى.

— ئۇ، ئەمىسە نېمىشقا... نېمىشقا مېلىنى دەپ جېنىغا قەست قىلدىم دەيسىز، سىز ھېچنېمىنى ئالماپسىزغۇ؟ — ئالمان ـ تالمان سورىدى قىز خۇددى بىرەر تال پاخالغا ئېرىشكەندەك.

— بىلمەيمەن... مەن ئۇ پۇلنى ئالىمەنمۇ، ئالمايمەنمۇ، تېخى بىر قارارغا كەلمىدىم، — دېدى راسكولنىكوف ئويچانلىق بىلەن، ئاندىن دەرھال ھوشىنى يىغىپ، تېزلا ھىجىيىپ قويدى، — پاھ، ئەجەبمۇ ئەخمىقانە گەپ قىلىپتىمەن ـ ھە، شۇنداقمۇ؟

سونيە بىردىنلا «ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغانمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن، ئۇ بۇ خىيالدىن شۇ ئانلا ۋاز كەچتى: ياق، بۇ باشقا گەپ. ئۇ ھېچنېمىنى، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتى.

— بىلەمسەن، سونيە، — دېدى راسكولنىكوف كۈتمىگەندە ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، — بىلەمسەن، مەن ساڭا نېمىنى دەپ بەرمەكچى: ئەگەر مەن ئاچ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسام، — داۋام قىلدى ئۇ ھەربىر سۆزنى تەكىتلەپ ۋە سىرلىق قىلىپ، لېكىن قىزغا سەمىمىيەت بىلەن تىكىلىپ، — ئۇ ھالدا ھازىر... ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلىغان بولاتتىم. سەن شۇنى چۈشىنىپ قويۇشۇڭ كېرەك.

— بۇنىڭ ساڭا، ساڭا نېمە پايدىسى، — بىردەمدىن كېيىن، ھەتتا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ، — ئەگەر مەن ھازىر ئەسكى ئىش قىلدىم، دەپ ئىقرار قىلسام، بۇنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى؟ مېنىڭ ئۈستۈمدىن بۇنداق ئەخمىقانە غەلىبە قازانغىنىڭ بىلەن، سەن نېمىگە ئېرىشەلەيسەن؟ ئاھ، سونيە، مەن بۈگۈن ئالدىڭغا شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنمۇ ئاخىر !

سونيه نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى ـ يۇ، دېمىدى.
— تۇنۇگۇن سېنى مەن بىلەن بىللە مالىڭ دېيىشمىنىڭ ۋەجى، مېنىڭ سەندىن باشقا ھېچكىمىم قالمىدى.
— مېنى نەگە ئاپارماقچىدىڭ؟ — تارتىنىپقىنا سورىدى سونيه.
— ئوغرىلىق قىلغىلى ياكى قاتىللىق قىلغىلى ئەمەس، خاتىرجەم بول، بۇلار ئۇچۇن ئەمەس، — دېدى راسكولنىكوف كىنايە بىلەن سوغۇق كۈلۈپ، — ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشىمايمىز... سونيه، بىلەمسەن، تۇنۇگۇن سېنى قەيەرگە ئاپارماقچى بولغانلىقىمنى پەقەت ھازىر، پەقەت مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە چۈشەندىم. تۇنۇگۇن سېنى مالىڭ دېگەن چېغىمدا، نەگە بېرىشىمىزنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. سېنى پەقەت بىرلا ئىش ئۈچۈن چاقىرغان. ئۆزۈممۇ بۇ يەرگە پەقەت بىرلا ئىش ئۈچۈن كەلگەن: مېنى تاشلاپ كەتمە. مېنى تاشلاپ كەتمەسسەن، سونيه؟
سونيه ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى.
— مەن نېمىشقىمۇ، نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا دەپ قويغاندىمەن؟ نېمىشقىمۇ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندىمەن ! — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف بىر پەستىن كېيىن يەنە ئۈمىدسىزلىك بىلەن ۋە قىزغىن چەكسىز ئازاب ئىچىدە تىكىلىپ، — مانا ئەمدى سەن مېنىڭ چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇمنى كۈتۈۋاتىسەن، سونيه، سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ كۈتۈۋاتىسەن، بۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن؛ لېكىن، مەن ساڭا نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟ سەن بۇ ئىشنى چۈشىنەلمەيسەن، پەقەت مېنى دەپ... ھەسرەت چېكىسەن ! قارا، يەنە يىغلاۋاتىسەن، يەنە مېنى قۇچاقلاۋاتىسەن، مېنى نېمىشقا قۇچاقلايسەن؟ ئۆزۈم كۆتۈرەلمەي قېلىپ، باشقىلارغا ئازراق ئارتماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ: سەن «بۇ ئازابلارنى سەنمۇ تارتىشقىن، ھەرھالدا ماڭا يېنىكرەك چۈشەر !» دەۋاتقان شۇنداق بىر پەسكەش ئادەمنى ياخشى كۆرەمسەن؟
— ئاخىر، سەن ئۆزۈڭمۇ قىينىلىۋاتىسەنغۇ؟ — ۋارقىرىدى

سونيه.
بايىلا پەيدا بولغان ھېسسىيات يەنە خۇددى كەلكۈندەك كېلىپ راسكولنىكوفنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالدى، بىرپەستىلا ئۇنىڭ قەلبىنى يەنە يۇمشىتىۋەتتى.
— سونيە، بىلىپ قوي، مەن بىر كۆڭلى قارا ئادەم، شۇنىڭ ئۆزى نۇرغۇن نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مەن بۇ يەرگە ئىچى قارىلىقىمدىن كەلدىم. باشقا ئادەم بولغان بولسا كەلمەيتتى. مەن بىر قورقۇنچاق... بىر پەسكەش ئادەم. لېكىن... ھېچ ۋەقەسى يوق! گەپ بۇ يەردە ئەمەس... ھازىر سۆزلەيدىغان پەيت كەلدى، لېكىن مەن گەپنى نەدىن باشلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن...
راسكولنىكوف گېپىنى توختىتىپ يەنە ئويلىنىپ قالدى.
— ھەي، بىز بىر - بىرىمىزگە ئوخشىمايمىز، — يەنە ۋارقىرىدى ئۇ، — بىر - بىرىمىزگە ماس كەلمەيمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا، زادى نېمىشقا كەلگەندىمەن! مۇشۇ ئىشتا مەن ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن!
— ياق، ياق، كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى، — ۋارقىرىدى سونيە، — مېنىڭ بىلگىنىم ياخشى! جىق ياخشى!
راسكولنىكوف قاتتىق ئازابلىنىپ قىزغا قارىدى.
— راست شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ نېمە بولماقچىدى! — دېدى ئۇ خۇددى بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك، — بىلەمسەن، ئىش ئۆزىمۇ شۇنداق! مەن ناپولېئون بولماقچىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈردۈم... بولدىمۇ، مانا ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟
— ياق، چۈشەنمىدىم، — ساددىلىق بىلەن قورقۇمسىراپ دېدى سونيە، — لېكىن... دەۋەرگىن، دەۋەرگىن! ئۆزۈم چۈشىنىۋالىمەن، كۆڭلۈمدە چۈشىنىۋالىمەن! — دېدى ئۇ راسكولنىكوفقا يالۋۇرۇپ.
— چۈشىنەلەمسەن؟ بوپتۇ، كۆرەرمىز!
راسكولنىكوف يەنە توختاپ قالدى ۋە ئۇزاق ئويلاندى.

— بۇ ئىش مۇنداق، بىر قېتىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە مۇنداق بىر سوئال قويدۇم: ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا ناپولېئون بولغان بولسا، ئۇ قانداق قىلار ئىدى؟ ئەگەر ئۇنىڭدا تولۇنمۇ، مىسىرمۇ بولمىسا، مونبىلاندىنمۇ ئېشىپ ئۆتمىگەن بولسا، ئۆز ئىشىنى باشلىشى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق مول نەتىجىلەرنىڭ ئورنىدا، ناھايىتى بىر كۆلكىلىك موماي، يەنى بىر ئالاقچىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىلا بولسا، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ساندۇقىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە توغرا كەلسە (ئىشنى باشلاش ئۈچۈن، چۈشىنىۋاتامسەن؟) خوش، ئۇنىڭغا باشقا چىقىش يولى بولمىسا، ئۇ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىش قارارىغا كېلەرمىدى؟ بۇ ئىشنىڭ ئانچە كاتتا ئىش ئەمەسلىكى... يەنە كېلىپ گۇناھ ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن شۇنداق قىلىشتىن يىرگىنەرمىدى؟ توغرا، سەندىن يوشۇرمايمەن، مەن مۇشۇ «مەسىلە»نى قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئۇزاق ئويلاندىم. كېيىن نېمىشقىدۇر كاللامغا بىردىنلا شۇنداق بىر ئوي كېلىپ قالدى: ناپولېئون شۇنداق قىلىشتىن يىرگىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭ كاتتا ئىش ئەمەسلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايتتى. يەنە كېلىپ ئۇ مۇنداق قىلىشتىن نېمە ئۈچۈن يىرگىنىش كېرەكلىكىنى چۈشەنمىگەنمۇ بولاتتى. شۇ چاغدا مەن قاتتىق خىجىل بولۇپ كەتتىم. ئەگەر ئۇ ماڭغۇدەك باشقا يول تاپالمىسا ھېلىقى مومايىنى قىلچە ئىككىلەنمەي بوغۇپ ئۆلتۈرگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ چىقارمىغان بولاتتى !... شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ... ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدىم... شۇ نوپۇزلۇق زاتتىن ئۆگىنىپ... ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم... بۇ ئىش نەق مۇشۇنداق ! ساڭا كۆلكىلىك تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟ شۇنداق سونيە، ئەڭ كۆلكىلىك يېرى، ئىش بەلكىم شۇنداق بولغاندۇ...

بۇ ئىش سونيەگە زادىلا كۆلكىلىك تۇيۇلمىدى.

— سىز ئەڭ ياخشىسى ماڭا ئېنىق - ئېنىق قىلىپ دەپ بېرىڭ، مىسال كەلتۈرمەڭ، — دېدى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك

قورقۇپ كەتكەن سونيە ئاران ـ ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا ئىلتىماس قىلىپ.

راسكولنىكوف سونيە تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ھەسرەت بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— سەن يەنە توغرا ئېيتتىڭ، سونيە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈش، قۇرۇق گەپ! قارا، ئانامنىڭ ھېچنېمىسى يوق دېگۈدەك، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن. سىڭلىم تاسادىپىي ئوقۇپ قالغان، لېكىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، سورۇقچىلىق تارتىش پۈتۈلگەنىكەن. ئۇلار پۈتۈن ئۈمىدىنى ماڭا باغلىغانىدى، مەن ئوقۇۋاتاتتىم، لېكىن پۇلۇم بولمىغاچقا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، شۇڭا ئوقۇشنى ۋاقىتىنچە توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئوقۇۋەرگەن بولسامغۇ ئون ياكى ئون ئىككى يىلدا (ئەگەر ئامىتىم كېلىپ قالسا)، مىڭ رۇبلى مائاش ئالالايدىغان بىر ئوقۇتقۇچى ياكى خىزمەتچى بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى... — ئۇ خۇددى كىتابنى يادا ئوقۇۋاتقاندەك سۆزلەۋاتاتتى، — لېكىن، ئۇ چاغقا بارغۇچە ئانام تەشۋىشنىڭ، غەم ـ غۇسسىنىڭ دەستىدىن تۈگىشىپ كېتەر ئىدى، مەن يەنىلا ئۇنى خاتىرجەم قىلالمايتتىم. سىڭلىم بولسا... ھەي... سىڭلىمنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ چاتاق بولاتتى!... بىر ئادەم ئۆمۈربويى ھەممىگە پەرۋاسىز قاراپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، ئانىسىنى ئۇنتۇپ، سىڭلىسىنى خەق ھاقارەت قىلسا، بىلمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ؟ شۇنداق ياشىغاننىڭ نېمە مەنىسى؟ زادى نېمە ئۈچۈن ياشايمىز؟ ئۇلارنى كۆمۈپ قويغاندىن كېيىن، يەنە خوتۇن ئېلىپ بالا تېپىپ، ئاندىن يەنە قاقسەنەم بولۇپ، ئۇلارنى ئاچتىن ـ ئاچ تاشلىۋېتىش ئۈچۈنمۇ؟ مانا... مانا، شۇنىڭ ئۈچۈن مومايىنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، ئانامنى قىينىماي، شۇ پۇللارنى دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا خىراجەت قىلىش، ئالىي مەكتەپنى ئوقۇپ پۈتكۈزۈشۈمگە ۋە ئوقۇشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىشىمنى

باشلىۋېلىشىمغا دال قىلىش قارارىغا كەلدىم. يېپيېڭى بىر ئىشنى باشلىۋېلىش ياكى مۇستەقىل بىر يولغا چۈشۈۋېلىش ئۈچۈن، مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى غاچ ـ غاچ قىلىپ بولۇش كېرەك ئىدى... مانا... مانا... مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم مانا مۇشۇلار... ئەلۋەتتە، ئۇ موماينى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىم... بۇ ئىشىم توغرا بولمىدى... ھەي، بولدى بەس...

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە ھېرىپ ھالىدىن كېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سىلىۋالدى.

— ئاھ، ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس، — ۋارقىرىدى سونيە ئەلەم بىلەن، — ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ... ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس!

— ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى. لېكىن، مەن راست گەپنى دەپ بەردىم، توغرىسى شۇ!

— بۇنىڭ نەرى توغرا! ئاھ، پەرۋەردىگار!

— مەن ناھايىتى بىر پىتنى ئۆلتۈردۈم، سونيە، كېرەكسىز، يىرگىنچلىك، زىيانلىق پىتنى.

— ئەجەبا، ئادەم پىتمۇ؟

— پىت ئەمەسلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف قىزغا غەلىتە قاراپ، — مەن ئاغزىمغا كەلگىنىنى جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدىم، سونيە، — قوشۇپ قويدى ئۇ، — مېنىڭ جۆيلۈۋاتقىنىمغا ئۇزاق بولدى... ئىش ئۇنداق ئەمەس؛ سېنىڭ دېگىنىڭ توغرا! بۇ يەردىكى سەۋەب پۈتۈنلەي، پۈتۈنلەي، پۈتۈنلەي باشقا!... سونيە، مېنىڭ ھېچكىم بىلەن گەپلەشمىگىنىمگە ئۇزاق بولغان... شۇ تاپتا بېشىم بەك قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

راسكولنىكوفنىڭ كۆزلىرى خۇددى قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەندەك ئوت بولۇپ يانماقتا ئىدى. ئۇ جۆيلۈۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى؛ ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بىئاراملىق كۈلكىسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قاتتىق ھاياجانلانغان ھالىتىدىن ئاللىقاچان ماغدۇرىدىن

كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سونيە ئۇنىڭ نەقەدەر ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بېشى ئايلانماقتا ئىدى. راسكولنىكوفنىڭ گەپلىرى بەكلا غەلىتە ئىدى: ئادەم ئاز ـ تولا چۈشەنگەندەكمۇ قىلاتتى، لېكىن... «لېكىن بۇ مۇمكىنمۇ! مۇمكىنمۇ! ئاھ، پەرۋەردىگار!» سونيە قاتتىق قايغۇرۇپ، ھەدەپ قوللىرىنى قارسىلدىتاتتى.

— ياق، سونيە، بۇ ئۇنداق ئەمەس، — كۆتمىگەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ، يەنە گەپ باشلىدى راسكولنىكوف پىكىرلىرىنىڭ ئۇشتۇمتۇت بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغانلىقىغا ھەيران قالغاندەك ۋە ھوشىنى يىغقاندەك، — بۇ ئۇنداق ئەمەس! لېكىن، سەن ياخشىسى... راست، شۇنداق بولغىنى ياخشى... مېنى مەنمەنچى، ھەسەتخور، ئىچى قارا، پەسكەش، قىساسخور... ئاندىن يەنە... سەۋدايىراق بىر ئادەم دەپ بىل... مەن ھەممە گەپنى بىراقلا دەۋېتەي! خەقلەرنىڭ مېنى سەۋدايى دەپ يۈرگەنلىكىنى مەن بۇرۇنلا سەزگەن!... مەن ھازىرلا ساڭا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغىلى پۇلۇم يوق ئىدى، دېدىم، لېكىن بىلەمسەن، مەن داۋاملىق ئوقۇۋېرىشىم مۇمكىن ئىدى. ئانام ئوقۇش پۇلۇمنى ئەۋەتىپ تۇراتتى، كىيىم ـ كېچەك، ئۆتۈك، نان ـ چاينى ئۆزۈم ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئالالىشىم مۇمكىن ئىدى؛ ھەرھالدا مۇمكىن ئىدى! مەن دەرس بەرسەم بولاتتى. سائىتىگە يېرىم رۇبلىدىن بېرەتتى. رازۇمىخىن ئىشلەپ يۈرمەمدۇ ئەنە! لېكىن جۇدۇنۇم تۇتۇپ قېلىپ، ئىشلىگۈم كەلمىدى. راستلا جۇدۇنۇم تۇتۇپ قالدى (بۇ سۆز بەك ياخشى). شۇنىڭ بىلەن خۇددى ئۆمۈچۈكتەك ئۆزۈمنىڭ بۇلۇڭـۇمغا كىرىۋالدىم. سەن مېنىڭ ھۇجرامغا بارغانغۇ، كۆردۈڭغۇ... لېكىن بىلەمسەن، سونيە، پاكار تورۇس ۋە تار ئۆي ئادەمنىڭ يۈرىكى بىلەن ئەقلىنى سىقىپ قويىدىكەن! مەن ئۇ ئۆيگە شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتتىم! شۇنداقتىمۇ شۇ ئۆيگە تىقىلىۋېلىپ تالاغا چىققۇم كەلمىدى! قەستەن چىقمىدىم! ھەتتا بىر نەچچە كۈنگىچە چىقمىدىم، ئىشلىگۈم كەلمىدى، بىرەر نەرسە

يېگۈمەمۇ كەلمىدى، دائىملا ياتاتتىم. ناستاسىيە ئەكەلسە ئازراق يەيتتىم، ئەكەلمىسە يېمەيتتىم. بىر كۈن مانا شۇنداق ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاچچىقىمنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئەتەي سورىمايتتىم. كېچىلىرى شام بولمىغاچقا، قاراڭغۇدا ياتاتتىم، پۇل تېپىپ شام ئالغۇمۇ كەلمەيتتى. ئوقۇشۇم كېرەك ئىدى. لېكىن، مەن كىتابلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتتىم. ئۈستەلىمدىكى خاتىرە دەپتىرىم بىلەن مەشىق دەپتەرلىرىمنى بىر ئىلىك چاڭ بېسىپ كەتتى. مەن يېتىۋېلىپ خىيال سۈرەتتىم، ئويلايتتىم... دائىم چۈش كۆرەتتىم. غەلىتە، ھەر ياڭزا چۈشلەرنى كۆرەتتىم، زادى قانداق چۈشلەر ئىكەنلىكىنى دېمەيلا قوياي! لېكىن، مانا شۇ چاغدىن باشلاپ، مەندە بىر خاتا تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى، ياق، توغرا ئەمەس! مەن يەنە خاتا دەپ قويدۇم! بىلەمسەن، شۇ چاغدا ئۆزۈمگە دائىم شۇنداق سوئال قوياتتىم: باشقىلارغۇ ئەخمەق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن مەنمۇ شۇنداق ئەخمەق؟ ئۇلارنىڭ ئەخمەقلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئۆزۈم ئەقىللىق بولۇشقا تىرىشمايمەن؟ سونيە، مەن كېيىن ئۇقتۇم، ئەگەر ھەممە ئادەمنىڭ ئەقىللىق بولۇشىنى كۈتۈشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىكەن... كېيىن شۇنىمۇ ئۇقتۇم، مۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، ئادەملەر ئۆزگەرمەيدىكەن، ئۇلارنى ئۆزگەرتەلىگۇدەك ئادەممۇ يوق ئىكەن. بۇ كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئىش ئىكەن! شۇنداق، راست شۇنداق! بۇ ئۇلارنىڭ قانۇنىيىتى... قانۇنىيىتى، سونيە! مانا شۇنداق... مەن ھازىر بىلىۋالدىم، سونيە، كىمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى تولۇپ تاشقان، ئىرادىسى كۈچلۈك بولسا، ئۇلارغا شۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن، كىمكى تەلۋىلىك قىلسا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شۇ ھەقلىق بولۇپ چىقىدىكەن. كىمنىڭ ئېتىبار قىلمايدىغان نەرسىلىرى قانچە كۆپ بولسا، شۇ ئۇلارنىڭ قانۇن تۈزگۈچىسى بولىدىكەن. كىمنىڭ يۈرىكى قاپتەك بولسا، شۇ

ئەڭ توغرا بولۇپ چىقىدىكەن. بۇ، ئەزەلدىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىۋېرىدۇ، بۇنى پەقەت كور ئادەملا كۆرەلمەيدۇ.

راسكولنىكوف بۇ گەپلەرنى سونيەگە قاراپ تۇرۇپ دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ چۈشىنىش ـ چۈشىنەلمەسلىكىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئولتۇرمىدى. قىزىتما ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانىدى. ئۇ غەمكىن غىدىقلىنىش ھالىتىدە تۇراتتى (دەرۋەقە، ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن سۆزلىشىپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى). سونيە ئۇنىڭ مۇشۇنداق تۇتۇق ئەقىدىسى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا ۋە قانۇن ـ قائىدىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىنى چۈشەندى.

ـــ شۇ چاغدا مەن ھەممىنى كۆرۈپ يەتتىم، سونيە، ـــ دېدى ئۇ خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـــ ھوقۇق كىمكى ئېگىلىشىپ ئېلىشقا جۈرئەت قىلسا، شۇنىڭ بولىدىكەن. بۇنىڭغا بىرنەرسە، پەقەت بىرلا نەرسە: جۈرئەت بولسىلا كۇپايە ئىكەن! شۇنىڭ بىلەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كاللامغا بىر پىكىر كېلىپ قالدى، بۇنداق پىكىرنى مېنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىم كاللىسىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان! ھېچكىم كاللىسىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان! بىردىنلا شۇنداق ئېنىق كۆردۈم. نېمىشقىمۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىرەر ئادەم مانا شۇ بىمەنىلىكلەرگە پەرۋا قىلماي غاچ ـ غۇچ ئۇنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋېلىپ، شەيتانغا تاشلاپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغاندۇ! مەن... مەن ھالىمغا باقماي سىناپ باقماقچى بولدۇم... شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈردۈم... مەن پەقەت ھالىمغا باقماي سىناپ باقماقچى بولدۇم، سونيە! ھەممە سەۋەب مانا شۇ!

ـــ ئاھ، بولدى قىلىڭ، بولدى ئېيتماڭ! ـــ ۋارقىرىۋەتتى سونيە قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ، ـــ خۇدادىن تېنىپسىز، خۇدا سىزنى جازالاپتۇ، سىزنى شەيتانغا تاشلاپ بېرىپتۇ!

ـــ مۇنداقلا دەپ باقاي، سونيە، مەن قاراڭغۇدا يېتىپ مانا

شۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلغان چېغىمدا، مېنى شەيتان ئېزىقتۇرغانمىدۇ ـ ھە؟

ــ بولدى قىلىڭ! كۆلمەڭ. سىز خۇداغا شەك كەلتۈرگۈچى ئادەم! سىز ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز. ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسىز! ئاھ، پەرۋەردىگار! ئۇ ھېچنېمىنى، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيدۇ!

ــ گەپ قىلما، سونيە، مەن كۈلۈۋاتقىنىم يوق. ئۆزۈممۇ بىلىمەن، مېنى شەيتان يولدىن ئازدۇردى. بولدى قىل، سونيە، گەپ قىلما، ــ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى ئۇ غەمكىنلىك، جاھىللىق بىلەن، ــ ھەممىنى بىلىمەن، مەن قاراڭغۇدا ياتقان چېغىمدا، مانا شۇلارنى تەكرار ـ تەكرار ئويلىغان، ئۆزۈمگە تەكرار ـ تەكرار پىچىرلىغان... ھەربىر ئىنچىكە يەرلىرىگىچە ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم مۇنازىرىلەشكەن. بۇنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن، ئوبدان بىلىمەن! بۇ مەنىسىز قۇرۇق گەپلەر مېنى جاق تويغۇزۇۋەتكەن، جاق تويغۇزۇۋەتكەن! مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، يېڭىباشتىن باشلىماقچىمۇ بولغان، سونيە، قۇرۇق گەپنى يىغىشتۇرۇپ قويماقچى بولغان. ئەجەبا سەن شۇ ئىشلارنى ئەخمەقلەردەك قاراملىق بىلەن قىلىپ سالدىمىكىن، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ ياق، مەن بۇنى خۇددى ئەقىللىك ئادەملەردەك قىلدىم، مېنى مانا شۇ بەربات قىلدى! ئەجەبا سەن مېنى، مەنسىلەن، ئەگەر ئۆز ـ ئۆزۈمدىن مېنىڭ ھوقۇق تۇتۇشقا ھەققىم بارمۇ ـ يوق، دەپ سورىغان بولسام ــ ئەلۋەتتە مۇنداق ھەققىم يوق، دېيىشنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلامسەن ياكى ئەگەر مەن ئۆزۈمگە ئادەم پىتمۇ؟ دەپ سوئال قويغان بولسام، دېمەك مېنىڭ نەزىرىمدە، ئادەم ئەلۋەتتە پىت ئەمەس، لېكىن مۇنداق مەسىلىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان، توغرىسى ھېچقانداق مەسىلىنى ئويلاپ باقمىغان ئادەمگە نىسبەتەن، ئادەم ــ پىت... ئەگەر مەن بىرنەچچە كۈنگىچە باش قاتۇرۇپ ناپولېئون مۇشۇنداق ئىشنى قىلارمىدى؟ دەپ باش قاتۇرغان بولسام، دېمەك مەن ئۆزۈمنىڭ

ناپولېئون ئەمەسلىكىمنى ئېنىق بىلگەن بولىمەن... مەن ئەنە شۇنداق قۇرۇق گەپلەرنىڭ جىمىكى ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە چىدىدىم، سونيە، مېنىڭ يەلكەمدىكى بۇ ئازابلىق يۈكنى ئاللىبۇرۇنلا تاشلىۋەتكۈم بار ئىدى. مەن قىلچە نەيرەڭ ئىشلەتمەي ئادەم ئۆلتۈرمەكچى، ئۆزۈم ئۈچۈن، يالغۇز ئۆزۈم ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم! مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق ھەتتا ئۆزۈمگىمۇ يالغان ئېيتقۇم كەلمىدى، مېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشۈم ئانامنى بېقىش ئۈچۈن ئەمەس — بۇ بىكار گەپ! بايلىقنى ۋە ھوقۇقنى ئېرىشكەندىن كېيىن ئىنسانىيەتنىڭ شاپائەتچىسى بولۇش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بۇمۇ بىكار گەپ! مەن ناھايىتى مۇنداقلا ئۆلتۈردۈم، خالاس. مەن ئادەمنى ئۆزۈم ئۈچۈن، يالغۇز ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم. كەلگۈسىدە باشقىلارنىڭ شەپقەتچىسى بولالايمەنمۇ ـ يوق ياكى ئۆمۈربويى خۇددى ئۆمۈچۈككە ئوخشاش، ھەممە ئادەمنى تورۇمغا چۈشۈرۈپ ئىلىكىمنى شورايمەنمۇ، ئۇ چاغقا بارغاندا بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى... سونيە، مەن ئادەم ئۆلتۈرگەندە، ماڭا كېرىكى ئاساسەن پۇل ئەمەس ئىدى، مەن پۇلغا ئەمەس، باشقا نەرسىگە موھتاج ئىدىم.... بۇلارنى مەن مانا ئەمدى بىلىۋالدىم... مېنى چۈشەنگىن. ئەگەر مەن كونا يولۇمدا مېڭىۋەرسەممۇ، ئەمدى ھەرگىز ئادەم ئۆلتۈرمەيمەن. مېنىڭ باشقا بىر ئىشنى ئېنىق بىلىۋالغۇم بار، باشقا بىر ئىش ماڭا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ: شۇ چاغدا شۇ نەرسىنى بىلىۋالغۇم، تېزرەك بىلىۋالغۇم بار ئىدى. مەن ھەممىيلەنگە ئوخشاش پىتمۇ ياكى ئادەممۇ؟ توسالغۇلاردىن ئاتلاپ ئۆتەلەمدىم ـ يوق؟ ئېڭىشىپ ھوقۇقنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالامدىم ـ يوق؟ مەن تىترەپ تۇرغان ھايۋانمۇ ياكى مېنىڭمۇ ھەققىم...

— ئادەم ئۆلتۈرگىلىمۇ؟ ئادەم ئۆلتۈرگىلى ھەققىم بار دەۋاتامسەن؟ — دېدى سونيە قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ.

— ھەي، سونيە! — دېدى راسكولنىكوف تىت ـ تىت بولۇپ، ئۇ سونيەگە رەددىيە بەرمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن

رەددىيە بەرگۈچىلىكى يوق دېدى بولغاي، جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى... — سونيە، سۆزۈمنى بۆلمە! مەن ساڭا بىرلا نەرسىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى: شۇ چاغدا مېنى شەيتان ئازدۇردى. ئىش ئۆتكەندىن كېيىن ماڭا ئۇ يولدا مېڭىشقا ھەققىم يوقلۇقىنى، چۈنكى مېنىڭمۇ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ناھايىتى بىر پىت ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۇرۇپ قويدى! ئۇ مېنى پۇخادىن چىققۇچە مازاق قىلدى، شۇڭلاشقا مەن مانا سېنىڭ قېشىڭغا كەلدىم! مېھمىنىڭنى كۈتۈۋال! ئەگەر مەن پىت بولمىسام، سېنىڭ قېشىڭغا كېلەرمىدىم؟ ماڭا قارا، شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا موماينىڭ قېشىغا بارغان.... مانا شۇنى بىلىپ قوي!

— لېكىن سىز ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىز! ئۆلتۈرۈۋەتتىڭىز!

— قانداق ئۆلتۈردۇم، دېگىنە؟ شۇنداقمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن بارمۇ؟ باشقىلار ئادەمنى ماڭا ئوخشاش ئۆلتۈرەمدۇ؟ مەن قانداق بارغانلىقىمنى ساڭا كېيىن دەپ بېرىمەن... ئەجەبا مەن موماينى ئۆلتۈرۈپتىمەنمۇ؟ مەن موماينى ئەمەس، ئۆزۈمنى ئۆلتۈردۇم! ئۆزۈمنى بىراقلا نابۇت قىلدىم، مەڭگۈلۈك نابۇت قىلدىم... موماينى مەن ئەمەس، شەيتان ئۆلتۈردى... بەس، بەس، سونيە، بەس! مېنى بىردەم تىنچ قوي! — بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى راسكولنىكوف ئازاب ئىچىدە تىترەپ.

ئۇ جەينەكلىرىنى تىزلىرىغا قويۇپ، بېشىنى ئىككى قولى بىلەن خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك چىڭ قىسىۋالدى.

— ئاھ، نېمىدېگەن ئازابلىق - ھە! — ۋارقىرىدى سونيە ئازاب دەستىدىن نالە قىلىپ.

— خوش، قېنى دېگىنە، ئەمدى مەن قانداق قىلاي! — سورىدى راسكولنىكوف بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ سونيەگە قاراپ، ئۇنىڭ چىرايى ئۈمىدسىزلىك دەستىدىن ئىنتايىن سەتلىشىپ كەتكەنىدى.

— قانداق قىلاتتىڭ، — خىتاب قىلدى سونيە ئورنىدىن

چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ چاغقىچە ياش قۇرۇمىغان كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى، — ئورنۇڭدىن تۇر ! — ئۇ راسكولنىكوفنى يەلكىسىدىن تۇتتى؛ راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، — ھازىرنىڭ ئۆزىدە دەرھال تۆت كوچىغا بېرىپ، تىزلان، ئاۋۋال ئۆزۈڭ بۇلغىغان يەرنى سۆي، ئاندىن ئادەملەرگە، تۆت تەرىپىڭگە تەزىم قىل، ھەممە ئادەمگە ۋارقىراپ تۇرۇپ: «مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم !» دە. مانا شۇ چاغدا خۇدا ساڭا يېڭىباشتىن ھايات بېرىدۇ. بارامسەن، بارامسەن دەيمەن؟ — سورىدى سونيە، ئۇ خۇددى كېسەلى تۇتقاندەك غال ـ غال تىترەيتتى، راسكولنىكوفنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ، چىڭ ـ چىڭ سىقاتتى، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى راسكولنىكوفتىن ئۈزمەيتتى.

راسكولنىكوف قاتتىق تەئەججۇپلەندى، سونيەنىڭ تۇيۇقسىز روھلىنىپ كېتىشى ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى.

— سەن تۈرمىنى كۆزدە تۇتىۋاتامسەن، سونيە؟ بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىشىم كېرەك، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى راسكولنىكوف مەيۈسلىنىپ.

— ئازاب چېكىشىڭ، ئازاب چېكىپ گۇناھىڭنى يۇيۇشۇڭ كېرەك. شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك.

— ياق ! مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارمايمەن، سونيە !

— ئەمىسە قانداق ياشايسەن؟ نېمەڭ بىلەن ياشايسەن؟ — ۋارقىرىدى سونيە، — بۇ ھازىر مۇمكىنمۇ؟ ئاناڭغا قانداق قارايسەن؟ ئاھ، ئۇلار... ئۇلار ئەمدى قانداقمۇ قىلار ! ماڭا نېمە بولدى؟ سەن ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭنى تاشلىۋەتتىڭ. سەن ئۇلارنى تاشلىۋەتتىڭغۇ، تاشلىۋەتتىڭغۇ، ئاھ، پەرۋەردىگار ! — ۋارقىرىدى سونيە، — بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلىدۇغۇ ! ئادەملەردىن ئايرىلىپ قانداقمۇ ياشىغىلى بولىدۇ، قانداقمۇ ياشىغىلى بولىدۇ ! سەن ئەمدى قانداق قىلىسەن !

— گۆدەكلىك قىلما، سونيە، — دېدى راسكولنىكوف

ئاستاغىنا، ــ ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار؟ مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق خىيال... ئۇلار ئۆزلىرى مىليونلىغان ئادەمنى ئۆلتۈردى، يەنە تېخى شۇنداق قىلغىنىمىز ياخشىلىق قىلغانلىقىمىز دەپ قارىشىدۇ. سونيە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلار، لۈكچەكلەر !... بارمايمەن ! ئۇلارغا نېمە دەيمەن؟ مەن ئادەم ئۆلتۈردۇم، لېكىن پۇلنى ئېلىشقا پېتىنالماي، ئۇنى بىر تاشنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويدۇم، دەيمەنمۇ؟ ــ تەنە ئارىلاش قوشۇپ قويدى ئۇ، ــ ئۇلار ماڭا كۈلىدۇ، پولنى ئالمىغان بولساڭ، ئەخمەق ئىكەنسەن، قورقۇنچاق ۋە ئەخمەق ئىكەنسەن، دەيدۇ. ئۇلار ھېچنېمىنى، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ، سونيە، ئۇلار چۈشىنىدىغان ئادەملەرمۇ ئەمەس. مەن بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ بارمايمەن. گۆدەكلىك قىلما، سونيە...

ــ قاتتىق قىينىلىپ كېتىسەن، قاتتىق قىينىلىپ كېتىسەن، ــ دېدى سونيە تەكرارلاپ، راسكولنىكوفقا قوللىرىنى سوزۇپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن نالە قىلىپ.

ــ ئېھتىمال مەن تېخىچە ئۆزۈمگە ئۆزۈم داغ چۈشۈرۈۋاتقاندىمەن، ــ دېدى راسكولنىكوف غەمكىن بىر ھالەتتە نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ، ــ ئېھتىمال مەن پىت ئەمەس، ھەرھالدا يەنىلا ئادەمدۇرمەن، ئۆزۈمنى ئەيىبلەشكە بەكلا ئالدىراپ كەتكەندۇرمەن... مەن يەنە بىر ئېلىشىپ باقىمەن.

ئۇنىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەكەببۇرانە، سوغۇق كۈلكە پەيدا بولدى.

ــ مۇشۇنداق ئازاب چېكىسەن ! يەنە كېلىپ بىر ئۆمۈر، پۈتۈن بىر ئۆمۈر !...

ــ كۆنۈپ قالىمەن... ــ دېدى راسكولنىكوف غەمكىن ئويچانلىق بىلەن، ــ ماڭا قارا، ــ ئۇ تۇرۇپ كېتىپ يەنە گەپ باشلىدى، ــ يىغلىما، نەق ئىشقا كېلەيلى. مەن بۇ يەرگە ئۇلارنىڭ مېنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى ساڭا دەپ قويغىلى كەلگەن...

— ئاھ ! — قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى سونيە.
— ھوي، نېمىشقا ۋارقىرايسەن ! تۇرمىگە كىرىشىمنى ئۆزۈڭ ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا قورقىسەن؟ لېكىن، مەن ساڭا دەپ قوياي. مەن ئۇلارغا بوش كەلمەيمەن، ئۇلار بىلەن يەنە ئېلىشىمەن، ئۇلار ئامالسىز قالىدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدا ئېنىق جىنايەت پاكىتى يوق. تۈنۈگۈن ناھايىتى زور خەۋپكە دۇچ كېلىپ، ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ئويلىغۇدىم؛ لېكىن، بۈگۈن ئىشىم يەنە ئوڭغا تارتتى. ئۇلار ئىگىلىگەن جىنايەت پاكىتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىككى باشلىق پاكىتلار، يەنى ئۇلارنىڭ ماڭا قارشى قويغان ئەيىبلىرىنى مەن ئۆزۈمگە پايدىلىق نەرسىگە ئايلاندۇرالايمەن. چۈشىنىۋاتامسەن؟ مەن شۇنداق قىلالايمەن. چۈنكى، ھازىر شۇنداق قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم... لېكىن، ئۇلار مېنى چوقۇم تۇرمىگە سولاپ قويىدۇ. ئەگەر بىر تاسادىپىي ئىش يۈز بەرمىگەن بولسا، ئۇلار مېنى بۈگۈنلا سولاپ قويغان بولاتتى، چوقۇم شۇنداق قىلاتتى. ئۇلار بەلكىم مېنى يەنىلا بۈگۈن سولاپ قويۇشى مۇمكىن... لېكىن ھېچقىسى يوق، سونيە، بىرنەچچە كۈن سولاپ قويۇپ بېرىشىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات يوق، ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، ئۇلار مەڭگۈ دەلىل ـ ئىسپات تاپالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىكى ماتېرىياللار بىلەن بىر ئادەمنىڭ جىنايىتىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. ئۇ، بولدىلا، مەن پەقەت سېنى بىلىپ قالسۇن دەپلا ئېيتىۋاتىمەن... ئانام بىلەن سىڭلىمنىڭ پىنتە ـ پاساتلارغا قۇلاق سالماسلىقى، قورقۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىرەر ئامال تېپىشقا تىرىشىمەن... قارىغاندا، سىڭلىم كاپالەتكە ئىگە بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ... شۇڭا ئاناممۇ كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ... ئۇھ، دەيدىغان گەپلەرنى دەپ بولدۇم. لېكىن، ئېھتىيات قىلغىن. تۇرمىدە يېتىپ قالسام، يوقلاپ بارارسەنمۇ؟
— بارىمەن، چوقۇم بارىمەن.
ئىككىسى خۇددى بوران ـ چاپقۇندىن كېيىن قاقاس دېڭىز

ساھىلىغا چىقىرىپ تاشلانغان يېگانە ئادەملەردەك مەيۈس، كۆڭلى سۇنۇق بىر ھالەتتە يانمۇيان ئولتۇراتتى. راسكولنىكوف سونيەگە قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە نەقەدەر چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى سەزدى. شۇنىسى قىزىقكى، سونيەنىڭ ئۆزىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئۇ كۆتمىگەندە بىر ئېغىرچىلىقنى ۋە ئازابنى سېزىپ قالدى، شۇنداق، بۇ بىر غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق تۇيغۇ ئىدى! ئۇ سونيەنى ئىزدەپ كەلگەن چېغىدا، پۈتۈن ئۈمىدى ۋە چىقىش يولى سونيەگە باغلىقتەك ھېس قىلغان؛ سونيەنىڭ ئۆز دەردىگە ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئورتاقلىششىنى ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن، مانا ئەمدى سونيە يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان چاغدا بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەختسىز بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە چۆشەندى.

— سونيە، — دېدى ئۇ، — مەن تۈرمىدە يېتىۋاتقان چاغدا، ياخشىسى مېنى يوقلاپ بارما.

سونيە جاۋاب بەرمىدى، ئۇ يىغلاۋاتاتتى، ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى.

— سەندە كىرېست بارمۇ؟ — كۈتمىگەندە سوراپ قالدى سونيە خۇددى ئۇشتۇمتۇت نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك.

راسكولنىكوف دەسلەپ ئۇنىڭ سوئالىنى چۈشەنمىدى.

— يوق، تاقىمىغان، شۇنداقمۇ؟ مانا ئالغىن، بۇ سەرۋىدىن ياسالغان. مەندە مىستىن ياسالغان يەنە بىرسى بار، لىزاۋېتا بەرگەن. لىزاۋېتا ئىككىمىز كىرېستلىرىمىزنى تېگىشكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كىرېستىنى ماڭا بەرگەن، مەن كىچىككىنە مەبۇدىمنى ئۇنىڭغا بەرگەن. مەن بۈنىڭدىن كېيىن لىزاۋېتانىڭ كىرېستىنى تاقايمەن. بۇنى ساڭا بېرەي، ئالغىن... بۇ مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ! بۇ مېنىڭكى! — دېدى سونيە يالۋۇرۇپ، — بىز ئازابنى بىللە تارتىمىز، كىرېستنىمۇ بىللە ئېلىپ يۈرىمىز!...

— ئەكەل، — دېدى راسكولنىكوف، ئۇنىڭ سونيەنى رەنجىتكۈسى كەلمىدى. لېكىن، ئۇ كىرېستنى ئالغىلى قولىنى

سوزۇپ بولۇپ، دەرھال تارتىۋالدى.

— ھازىرچە ئالماي تۇراي، سونيە، ياخشىسى كېيىنرەك بېرەرسەن، — قوشۇپ قويدى ئۇ سونيەنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن.

— راست، راست، ياخشىسى كېيىنرەك بېرەي، ياخشىسى كېيىنرەك بېرەي، — دېدى قىز مەپتۇن بولۇپ، — ئازاب چەككىلى ماڭغان چېغىمىزدا تاقىۋال. شۇ چاغدا قېشىمغا كەل، ساڭا مەن تاقاپ قوياي، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ يولغا چۈشەيلى.

دەل شۇ چاغدا تالادا كىمدۇر بىرسى ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چەكتى.

— سوفيە سېميونوۋنا، كىرسەم بولامدۇ؟ — ئۇلار تولىمۇ تونۇش، سىپايە ئاۋازنى ئاڭلىدى.

سونيە چۆچۈپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. جانابىي لېبېزياتنىكوفنىڭ ساپسېرىق چاچلىق بېشى ئاۋۋال ئۆيگە كىردى.

## 5

لېبېزياتنىكوفنىڭ چىرايىدىن ھودۇقۇش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— سوفيە سېمىيونوۋنا، مەن سىزنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم. كەچۈرۈڭ... مەن سىزنىمۇ مۇشۇ يەردىمىكىن دەپ ئويلىغان، — دېدى ئۇ بىردىنلا راسكولنىكوفقا خىتاب قىلىپ، — مەنغۇ ھېچنېمىنى ئويلىمىدىم... ئۇنداقمۇ ئويلاپ كەتمىدىم... لېكىن، مېنىڭ ئويلىغىنىم... كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى، — دېدى ئۇ كۈتمىگەندە راسكولنىكوفتىن كۆزىنى ئۈزۈپ سونيەگە قاراپ.

سونيه چىرقىرىۋەتتى.

— يەنى، ھېچبولمىغاندا شۇنداقتەك قىلىدۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسى، بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق، گەپ مانا شۇنىڭدا! ئۇ يېنىپ كەلدى — ئۇنى قەيەردىندۇر بىر يەردىن قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن ئوخشايدۇ، تاياقمۇ يېگەن بولسا كېرەك... ھېچبولمىغاندا شۇنداقتەك قىلىدۇ... ئۇ كىشى سېمىيون زاخارىچنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشمەن دەپ بېرىپتىكەن، ئۇ ئادەم ئۆيدە يوق ئىكەن؛ باشقا بىر گېنېرالنىڭكىدە زىياپەتتە ئىكەن... ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، ئۇ توپتوغرا زىياپەت بولۇۋاتقان يەرگە قاراپ مېڭىپتۇ... باشقا بىر گېنېرالنىڭكىگە بېرىپتۇ، ئۆزىڭىز يەنە ئويلاپ بېقىڭ — ئۇ سېمىيون زاخارىچنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ بېرىڭلار، دەپ تۇرۇۋاپتۇ، ئۇ ئادەم تامىقىنى تاشلاپ چىققان بولسا كېرەك. ئاقىۋەت نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. ئەلۋەتتە، ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ گېنېرالنى تازا تىللاپتۇ، ئۇنىڭغا بىرنېمىنى ئاتقانمۇ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولىدۇ... ئۇنى نېمە ئۈچۈن قاماپ قويمىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم! ھازىر ئۇ ئۇچرىغانلا ئادەمگە دەپ بېرىۋاتىدۇ، ئامالىيە ئىۋانوۋناغىمۇ دەپ بەردى، لېكىن، گەپلىرىدىن بىرەر نەرسىنى چۈشىنىش ناھايىتى تەس، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈرۈۋاتىدۇ... ھە، راست، ئۇ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ: «ھازىر ھەممە ئادەم مېنى تاشلىۋەتتى، ئەمدى بالىلارنى ئېلىپ كوچىغا چىقىپ كېتىمەن، شارمانكا چېلىپ بالىلارنى ئۇسسۇل ئويناتىمەن، ناخشا ئېيتقۇزىمەن، ئۆزۈممۇ ناخشا ئېيتىمەن، ئۇسسۇل ئوينايمەن، تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن كەچۈرىمەن، ھەر كۈنى ھېلىقى گېنېرالنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرىمەن...» دېدى. ئۇ يەنە: «ئەمەلدار بولغان ئاقسۆڭەكنىڭ بالىلىرىنىڭ كوچا ـ كوچىدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ھەممە ئادەم

كۆرسۇن» دېدى. ئۇ باللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ چىقتى. باللار يىغلاۋاتىدۇ. ليونىيەگە «دېھقانلار ناخشىسى»نى ئۆگەتتى. كىچىك ئوغلىنى ئۇسسۇل ئوينىتاتتى. پولېنا مىخايلوۋناغىمۇ شۇنداق قىلدى. ھەممە كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىپ - يىرتىۋەتتى، باللارغا كىچىك قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ، خۇددى ئارتىسلاردەك ياساندۇرماقچى، ئۆزى مۇزىكا ئورنىدا بىر ئەسكى داسنى داراڭلىتىپ چالماقچى... قولىقىغا زادىلا گەپ كىرمەيۋاتىدۇ... ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، بۇ زادى نېمە گەپ ئۆزى؛ ئۇنداق قىلسا ھەرگىز بولمايدۇ - دە !

لېبېزياتنىكوفنىڭ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرغۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېرىپ نەپىسى بوغۇلۇپ قالايلا دەپ قالغان سونيە بىردىنلا خالىتى بىلەن قالپىقىنى ئېلىپ، تاشقىرىغا قاراپ يۈگۈردى - دە، كېتىۋاتقاچ كىيىۋالدى. سونيەنىڭ كەينىدىن راسكولنىكوف، راسكولنىكوفنىڭ كەينىدىن لېبېزياتنىكوف ئۆيدىن چىقتى.

— ئۇ راستلا ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، — دېدى لېبېزياتنىكوف كوچىغا چىققان چاغدا راسكولنىكوفقا قاراپ، — سوفيە سېمىيونوۋنانى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپلا، شۇنداقتەك قىلىدۇ دەپ قويدۇم. لېكىن، ئۇ شۈبھىسىز ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. ئاڭلىسام، ئۆپكە كېسەللىكلىرى ئىچىدە سىل كېسىلى مېڭىگە ئۆتۈپ كېتەرمىش؛ ئەپسۇسكى، مېنىڭ دوختۇرلۇقتىن خەۋىرىم يوق. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭغا كۆپ دېگەن. لېكىن، ئۇ گېپىمگە قۇلاق سالمىدى.

— سىز ئۇنىڭغا سىل توغرۇلۇق گەپ قىلغانمىدىڭىز؟

— دېگەنلىرىم پۈتۈنلەي سىل توغرۇلۇق ئەمەس. ئىشقىلىپ دېدىم، ئۇمۇ چۈشەنمىدى ! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: ئەگەر سىز بىرەر ئادەمنى مەنتىق جەھەتتىن قايىل قىلىپ، ئۇنىڭغا يىغلىغۇدەك ھېچ ئىش يوقلۇقىنى ئېيتسىڭىز، ئۇ يىغلاشتىن توختايدۇ. بۇ ئېنىق، سىزنىڭ قارىشىڭىزچە ئۇ يىغلاشتىن

توختىماسمۇ؟

— ئۇنداقتا ياشاش بەكمۇ ئاسان بولغان بولاتتى، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف.

— كەچۈرۈڭ، كەچۈرۈڭ؛ ئەلۋەتتە، كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا چۈشەندۈرۈش خېلىلا مۇشكۇل. بىلەمسىز، پارىژدا بەزىلەر ساراڭلارنى پۈتۈنلەي مەنتىق جەھەتتىن قايىل قىلىش ئارقىلىق داۋالاشنى ئەستايىدىل سىناق قىلغان. شۇ يەردە بىر پىروفېسسور — ئۇ كىشى ئەستايىدىل ئالىم ئىدى. تېخى يېقىندا ۋاپات بولدى — مۇشۇنداق ئۇسۇلدا داۋالاشقا بولىدۇ، دېگەن پىكىرگە كەلگەن. ئۇنىڭ تۈپكى قارىشى مۇنداق ئىكەن. ساراڭلارنىڭ ئورگانىزمىدا ئالاھىدە بۇزۇلۇش بولمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ساراڭلىق مەنتىقىي خاتالىق، تەپەككۇر قىلىشتىكى خاتالىق، شەيئىلەرگە توغرا قارىيالماسلىق. ھېلىقى پىروفېسسور ساراڭلارغا تەدرىجىي ھالدا خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. قاراڭ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ نەتىجە قازانغان! لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا روھنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان. شۇڭلاشقا كىشىلەر مۇنداق داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىدىن گۇمانلىنىپ قالغان... ھېچبولمىغاندا شۇنداقتەك قىلىدۇ...

راسكولنىكوف ئۇنىڭ سۆزىگە خېلىدىن بۇيانلا قۇلاق سالماي كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، لېبېزياتنىكوفقا باش لىڭشىتىپ قويۇپ، بۇرالدى - دە، دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. لېبېزياتنىكوف ھوشىنى يىغىپ، ئەتراپىغا قاراپ قويدى - دە، ئىتتىك - ئىتتىك چامداپ يولىنى داۋاملاشتۇردى.

راسكولنىكوف ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى. «مەن بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى يېنىپ كەلدىم؟» ئۇ كىرلىشىپ ۋە سارغىيىپ قالغان تام قەغەزلىرىگە، ئۆيدىكى چاڭ - توپىغا ۋە دىۋانغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى... ھويلىدىن نېمىنىدۇر قاققان ناھايىتى يېقىمسىز ئاۋاز توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى،

قارىغاندا كىمدۇر بىرسى مىختەك بىرنېمىنى قېقىۋاتسا كېرەك... ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ ھويلىغا خېلى ئۇزاققىچە دىققەت بىلەن قارىدى. لېكىن، ھويلىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، تاقىلدىتىۋاتقان ئادەمنى كۆرگىلى بولمىدى. ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۆيلەردىن بەزىلىرىنىڭ دېرىزىلىرى ئوچۇق تۇراتتى. دېرىزىلەرنىڭ تەكچىلىرىدە بىرنەچچە تەشتەك شالاڭ ئۆسكەن سېسىقىيار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېرىزىنىڭ نېرىسىدا كىر يېيىپ قويۇلغانىدى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇ ھېچقاچان، ھېچقاچان بۇنداق قورقۇنچلۇق يالغۇزلۇقنى ھېس قىلىپ باقمىغانىدى!

شۇنداق ئۇ يەنە بىر قېتىم: سونيەنى ھەقىقەتەن ئۆچ كۆرۈپ قالسام كېرەك، يەنە كېلىپ ھازىر، ئۆزۈم ئۇنى تېخىمۇ بەختسىز قىلىپ قويغان بىر چاغدا، دەپ ئويلىدى. «مەن ئۇنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ باردىم، كۆز يېشىنى كۆرگىلىمۇ؟ ئۇ قىزنىڭ تۇرمۇشىغا چاڭگال سېلىش ماڭا زادى نېمە ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ ئاھ، بۇ نەقەدەر پەسكەشلىك!»

— ئۆزۈم يالغۇز بېرىۋېرەي، — دېدى ئۇ تۇساتتىن قەتئىيلىك بىلەن، — ئۇنىڭ تۇرمىگە كىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئارىدىن بەش مىنۇتچە ئۆتكەندە، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، غەلىتە بىر ھالەتتە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر غەلىتە پىكىر كەلدى: «بەلكىم تۇرمىگە كەتكىنىم ھەقىقەتەن ياخشىراقتۇر.»

ئۇ كاللىسىغا كىرىۋالغان مۇجمەل پىكىرلەر بىلەن بەند بولۇپ، ئۆيدە قانچە ئۇزاق ئولتۇرغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى. كۈتمىگەندە ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە ئاۋدوتيە رومانوۋنا كىرىپ كەلدى، دەسلەپتە ئۇ بايا سونيەگە قانداق قارىغان بولسا، سىڭلىسىمۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا خۇددى

شۇنداق قارىدى. ئاندىن ئۇ ئۆيگە كىرىپ، راسكولنىكوفنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا، تۈنۈگۈن ئۆزى ئولتۇرغان جايدا ئولتۇردى. راسكولنىكوف سىڭلىسىغا ئۈن ـ تىنسىز، سەل ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى.

ــ ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن، ئاكا، مەن ئازراقلا ئولتۇرىمەن، ــ دېدى دونيە. ئۇنىڭ چىرايى ئويچان كۆرۈنەتتى، لېكىن جىددىي ئەمەس ئىدى. قاراشلىرى روشەن ۋە مۇلايىم ئىدى. راسكولنىكوف سىڭلىسىنىڭمۇ بۇ يەرگە مېھىر ـ مۇھەببەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

ــ ئاكا، مەن ھازىر ھەممىنى ئۇقتۇم، ھەممىنى ئۇقتۇم. دمىترىي پروكوفۇچ ماڭا ھەممىنى دەپ بەردى، ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويدى. ئەخمىقانە، پەسكەش گۇمان سەۋەبىدىن، ئۇلار ساڭا زىيانكەشلىك قىلىۋېتىپتۇ، سېنى قىيناۋېتىپتۇ. ... دمىترىي پروكوفۇچ ماڭا دېدى. ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەر يوق ئىكەن. سەن بۇ ئىشتىن ئۇنچىۋالا چۆچۈپ كەتمىسەڭمۇ بولىدىكەن. مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، سېنىڭ قانچىلىك غەزەپلەنگەنلىكىڭنى تامامەن چۈشىنىمەن، بۇنداق غەزەپنىڭ ئىزلىرى ۋۇجۇدۇڭدا مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. مەن ئەنە شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. بىزنى تاشلاپ كەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن، مەن سېنى ئەيىبلىمەيمەن، ئەيىبلەشكە جۈرئەتمۇ قىلالمايمەن. ئۆتكەندە مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئەيىبلىگەنلىكىمنى كەچۈرگىن. مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا تۇرۇپ ئويلاپ باقتىم. مېنىڭچە، ئەگەر شۇنچە زور دەرد ـ ئەلەم مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بولسا، مەنمۇ ھەممىلا ئادەمنى تاشلاپ كەتكەن بولاتتىم. بۇ ئىشنى ئانامغا ھەرگىز دېمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىكىدەكلا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ تۇرىمەن، ئۇنىڭغا سېنىڭ نامىڭدا، سېنى پات ئارىدا يېنىپ كېلىدىكەن دەيمەن. ئانامدىن غەم يېمە، ئۇنى دەپ ئۆزۈڭنى قىينىما؛ ئۇنىڭغا مەن تەسەللىي بېرىپ تۇرىمەن؛ لېكىن سەنمۇ ئۇنى بەكلا قىيناۋەتمە ــ ھېچبولمىغاندا بىر قېتىم بېرىپ كۆرۈپ كەل؛

نېمىلا بولسۇن ئۇ بىزنىڭ ئانىمىز! مەن ساڭا شۇنىلا دەپ قويغىلى كەلگەن، — دونيە ئورنىدىن تۇردى، — ئەگەر قاچانكى ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە ياكى ساڭا... پۈتكۈل ھاياتىم كېرەك بولسا، ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسە كېرەك بولسا... مېنى چاقىرساڭلار يېتىپ كېلىمەن. خەير ـ خوش!

دونيە ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— دونيە! — راسكولنىكوف ئۇنى چاقىرىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، — رازۇمىخىن، دمىترىي پروكوفۆچ ناھايىتى ياخشى ئادەم.

دونيەنىڭ يۈزى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىزاردى.

— شۇنداقمۇ! — سورىدى ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ.

— ئۇ ئىشنى ئەستايىدىل قىلىدىغان، جاپادىن قاچمايدىغان، سەمىمىي، ساپ دىل، يەنە كېلىپ قىزغىن سۆيۈشنى بىلىدىغان ئادەم... خەير ـ خوش، دونيە.

دونيە خىجىل بولغىنىدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، كېيىن بىردىنلا ھولۇقۇپ قالدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئاكا؟ ماڭا... ۋەسىيەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان خوشلىشىش سۆزلىرىنى قىلىۋاتىسەنغۇ، خۇددى ئىككىمىزچى كۆرۈشەلمەيدىغاندەك؟

— بەرىبىر ئوخشاش... خەير ـ خوش.

راسكولنىكوف بۇرۇلۇپ، دونيەدىن يىراقلاپ دېرىزە ئالدىغا كەتتى. دونيە بىئارام بولۇپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە، قاتتىق قايغۇ ئىچىدە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ياق، راسكولنىكوف سىڭلىسىغا سوغۇقلۇق قىلمىدى، شۇنداق بىر دەقىقىدە (ئاخىرقى دەقىقىدە) ئۇنىڭ سىڭلىسىنى چىڭ قۇچاقلىغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقۇسى ھەتتا ئۇنىڭغا دەپ قويغۇسى كەلدى. لېكىن، ئۇ سىڭلىسىغا ھەتتا قولىنى بېرىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

«ئۇ مېنىڭ ھازىر باغرىمغا باسقانلىقىمنى كېيىنرەك ئەسلەپ قالسا، بەلكىم شۇركۇنۇپ كېتەر، تېخى مېنى سۆيدۇرگىنىنى قارىمامدىغان، دەپمۇ يۈرەر.»

«ئۇ چىدىيالارمۇ؟ — ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى ئۇ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن، — ياق، ئۇ چىدىيالمايدۇ؛ ئۇنىڭغا ئوخشاشلار چىدىيالمايدۇ! بۇنداق ئادەملەر مەڭگۈ چىدىيالمايدۇ...»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سونيەنى ئەسلىدى.

دېرىزىدىن سالقىن شامال كىردى. تالادا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ بىردىنلا قالپىقىنى ئېلىپ تالاغا قاراپ ماڭدى.

ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ئولتۇرمايتتى، كۆڭۈل بۆلگۈسىمۇ يوق ئىدى. لېكىن، تۆپە - تۆپىلەپ كېلىۋەرگەن دەردىسەرلەر ۋە ئىچكى ۋەھىمە ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايمۇ قالمايتتى. ئەگەر ئۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان تۇرۇقلۇق يېتىپ قالمىدى، دېيىلسە، ئېھتىمال ئۇنى ئەنە شۇنداق پۈتمەس - تۈگىمەس ئىچكى ئەندىشە ئۆرە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇ يېتىپ قالماي، ھوشىنى يوقاتماي يۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمما، بۇ غەيرىي تەبىئىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىتلىق ئىدى.

ئۇ ھېچقانداق نىشانسىز كېتىۋەردى. كۈن غەربكە ئېغىپ كەتكەنىدى. يېقىندىن بۇيان، ئۇ قانداقتۇر ئالاھىدە ئېچىنىشلىق ھالەتنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق تۇيغۇ كىشىنى تولىمۇ تاقەتسىزلەندۈرۈپ ئازابلىمايتتى. لېكىن، بۇ ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىۋېرىدىغانلىقىنى، يىللارنىڭ سوغۇق ئىمتاسچىلىقتا ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەمدى ئۆمرىنى «ئالىقانچىلىك بىر ئارشىن[1] يەر»دە جاپادا ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئالدىن سېزەتتى. ھەر كۈنى كەچ كىرىشى بىلەن مۇنداق تۇيغۇ ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك قىيناشقا باشلايتتى.

---

① رۇسىيەنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى، بىر ئارشىن 0.711 مېتىرغا توغرا كېلىدۇ.

— كوْن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا كېلىدىغان مۇنداق تولىمۇ ئەخمىقانە، پۇتۇنلەي جىسمانىي كېسەللىككە گىرىپتار بولسام، بىرەر ئەخمىقانە ئىشنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايمەن! سونيەنىڭ ئالدىغىلا ئەمەس، دونيەنىڭ ئالدىغىمۇ بېرىشىم مۇمكىن، — دېدى ئۇ نەپرەت بىلەن غودۇڭشىپ.

كىمدۇر بىرسى ئۇنى چاقىردى. ئۇ كەينىگە قارىدى؛ لېبېزياتنىكوف ئۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— قارىمامسىز، مەن سىزنى ئىزدەپ ئۆيىڭىزگە بېرىپ كەلدىم. قارىمامسىز، ئۇ دېگىنىدەك قىلىپ، بالىلارنى ئېلىپ كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ. سوفيە سېمىيونوۋنا ئىككىمىز ئۇلارنى مىڭ تەستە تاپتۇق. ئۇ ئۆزى تاۋىنى داراڭلىتىپ، بالىلارنى ئۇسسۇل ئويناشقا زورلاۋاتىدۇ. بالىلار يىغلاۋاتىدۇ، ئۇلار تۆت كوچىلاردا، دۇكانلارنىڭ ئالدىلىرىدا توختاپ تاماشا كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەخمەق ئادەملەر ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. بىز تېزرەك بارايلى!

— سونيەچۇ؟... — تاقەتسىزلىنىپ سورىدى راسكولنىكوف لېبېزياتنىكوفنىڭ كەينىدىن ئالدىراپ كېتىۋېتىپ.

— ئۇ قىپقىزىل ساراڭلا بوپتۇ. سوفيە سېمىيونوۋنانى ئەمەس، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى دەۋاتىمەن. ھەر راست، سوفيە سېمىيونوۋنامۇ ساراڭ بولايلا دەپتۇ. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بولسا، پۈتۈنلەي ساراڭ بوپتۇ. سىزگە ئېيتسام، ئۇ تەلتۆكۈس ساراڭ بوپتۇ. ئۇلارنى ساقچى ئىدارىسى تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى، ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز... ئۇلار ھازىر B كۆۋرۈكىگە يېقىن قانالنىڭ بويىدا، سوفيە سېمىيونوۋنانىڭ ئۆيىگە يېقىنلا يەردە، يىراق ئەمەس. كۆۋرۈككە يېقىن قانالنىڭ بويىدا، سونيە تۇرۇۋاتقان بىنادىن ئىككى بىنا بېرىدا بىرمۇنچە ئادەم توپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوغۇل بالىلار بىلەن قىزلار ئىدى. كۆۋرۈكتىلا كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ خىرقىراپ قالغان بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ

تۇراتتى. دەرۋەقە، بۇ ئاجايىپ مەنزىرىنىڭ كوچىدىكى ئۆتكۈنچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇچىلىكى بار ئىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇچىسىغا كونا كۆڭلەك كىيىپ، باش ياغلىقىنى ئارتىپ، بېشىغا تولىمۇ سەتلىشىپ كەتكەن چىخ شىلەپىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ كىيىۋالغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ساراڭ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھېرىپ كەتكەچكە، ھاسىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇرغان، ئۆپكە سىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا خاس چىرايىدىن ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. (ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆپكە سىلىگە گىرىپتار بولغانلار كوچىدا، ئوچۇق ھاۋادا ئۆيدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك ئاغرىق چىراي، تېخىمۇ سەترەك كۆرۈنىدۇ)؛ لېكىن ئۇنىڭ ھاياجىنى تېخى بېسىلمىغانىدى. خاپىخانىلىقى بولسا، تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى، ئۇ بالىلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ھېلى ئۇلارنى تىللىسا، ھېلى ياخشى گەپلەرنى قىلىپ بەزلەيتتى. ئادەملەرنىڭ ئالدىدىلا ئۇسسۇلنى قانداق ئويناشنى، ناخشىنى قانداق ئېيتىشنى ئۆگىتەتتى ۋە نېمىشقا شۇنداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرەتتى، ئىنكاسى ئاستىراق بولۇپ قېلىپ دەرھاللا چۈشىنەلمىسە، ئاچچىقلىنىپ بالىلارنى ئۇراتتى... ئاندىن گېپىنى تۈگەتمەيلا، يەنە ئېتىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. ناۋادا تۈزۈكرەك كىيىنگەن بىرەر ئادەمنىڭ توختاپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالسا، دەرھاللا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، «ئالىيجاناب ھەتتا ئاقسۆڭەك دېيىشكىمۇ بولىدىغان ئائىلە» پەرزەنتلىرىنىڭ مانا مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلايتتى. ناۋادا ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن كۈلكە ئاۋازىنى ياكى ئۆزىنى مازاق قىلغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغۇدەك بولسا، دەرھاللا ئاشۇ ئەدەپسىز ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ كېتەتتى. بەزىلەر راستلا كۈلۈشەتتى، بەزىلەر بولسا، باشلىرىنى چايقىشاتتى. ئومۇمەن، ھەممىلا ئادەم

بۇ ساراڭ خوتۇن بىلەن قورقۇپ كەتكەن باللارغا قىزىقىپ قارىشاتتى. لىبېزياتنىكوف ئىپىتقان تاۋا كۆرۈنمەيتتى، ھېچبولمىغاندا راسكولنىكوفنىڭ كۆزىگە چېلىقمىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا پولېچكانى ناخشا ئېيتىشقا، لېونيە بىلەن كولىيەنى ئۇسسۇل ئويناشقا زورلاپ، تاۋۇسنى چالمىسىمۇ، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان قوللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ چاۋاك چالاتتى؛ ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ ناخشىغا جور بولۇپ كېتەتتى. لېكىن، ناخشىنى باشلا ـ باشلىمايلا قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كېتىپ، ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆزىنىڭ يۆتىلىنى تىللاپ كېتەتتى، ھەتتا يىغلاپ كېتەتتى. ھەممىدىن بەكرەك لېونيە بىلەن كولىيەنىڭ يىغىسى ۋە قورقۇنچاقلىقى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى. دەرۋەقە، ئۇ باللارنى خۇددى كوچا ناخشىچىلىرىدەك قىلىپ كىيىندۈرمەكچىدى. ئوغلىنى تۈركلەرگە ئوخشىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بېشىغا نېمىدىندۇر تەييارلانغان قىزىل بىلەن ئاق ئارىلاش سەللە يۆگەپ قويغانىدى. لېونيەگە كىيدۈرگۇدەك كىيىم تېپىلمىدى بولغاي، ئۇنىڭغا مەرھۇم سېمىيون زاخارىچنىڭ قىزىل يىپتىن توقۇلغان شاپاق دوپپىسى (ياكى توغرىراقى قالپىقى) كىيدۈرۈپ قويۇلغان، قالپاقتا بولسا، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ مومىسىدىن قالغان ۋە ھازىرغىچە تەۋەررۇك سۈپىتىدە ساندۇقتا ساقلاپ كېلىنگەن تۆگە قۇشىنىڭ ئاق پېيى قاداپ قويۇلغانىدى. پولېچكا ئادەتتە ئۆيدە كىيىدىغان كىيىمى بىلەن ئىدى. ئۇ قورقۇش ۋە بىئاراملىق ئىچىدە ئانىسىغا قاراپ، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ، ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى، ئۇ ئانىسىنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئاز ـ تولا سېزىپ، ئارامسىزلىنىپ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارايتتى. كوچا ۋە ئادەملەر ئۇنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتكەنىدى. سونيە كاتېرىنا ئىۋانوۋنادىن بىر قەدەممۇ كېيىن قالماي ئۇنىڭ كەينىدە يۈرەتتى، يىغلايتتى. ئۇنى ئۆيگە كېتىشكە ئۈندەيتتى. لېكىن، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئۇنىڭ سۆزىگە

زادىلا قۇلاق سالمايتتى.

— بولدى قىل، سونيە، بولدى قىل! — ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئىتتىك سۆزلەپ، ھاسىراپ ۋە يۆتىلىپ، — نېمىنى ئىلتىماس قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەيسەن، خۇددى كىچىك بالىدەك! ساڭا دېدىمغۇ، ئۇ ھاراقكەش نېمىس خوتۇننىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى ئاياغ باسمايمەن دەپ. ئۆمۈربويى سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان، ھەتتا ئىش ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتتى دېيىشمۇ بولىدىغان بىر ئالىيجاناب ئادەمدىن قالغان يېتىم بالىلارنىڭ كوچىلاردا قانداق تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممە ئادەم، پۈتۈن پېتېربۇرگ كۆرۈپ قويسۇن (كاتېرىنا ئىۋانوۋنا بۇ قۇرۇق ھېكايىنى ئۆزى توقۇپ چىقىپ، كېيىن ئۇنىڭغا راستەك ئىشىنىپ قالغانىدى). ئاشۇ خۇمپەر گېنېرالمۇ كۆرۈپ قويسۇن. ساراڭ ئىكەنسەن سونيە، ئېيتقىنا، بىز ئەمدى نېمە يەيمىز؟ بىز سېنى يەتكۈچە قىيىندۇق، سېنى يەنە ئاۋارە قىلغۇم يوق! ھە، رودىئون رومانوۋىچ، سىزمىدىڭىز! — ۋارقىرىۋەتتى ئۇ راسكولنىكوفنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ، — سىز مۇنۇ ئەخمەق قىزغا دەپ قويۇڭچۇ، بىزنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئامالىمىز يوق! شارمانكا چالىدىغانلارمۇ جېنىنى بېقىشىدۇغۇ. لېكىن، خالايىق بىزنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىمىزنى پات ئارىدا بىلىپ قالىدۇ. بىز دېگەن يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەمنىڭ يوقسۇزلۇقتا دىۋانە بولۇپ قالغان تۇل خوتۇن - يېتىم بالىلىرى، ھېلىقى خۇمپەر گېنېرال مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىدىن مەھرۇم بولىدۇ، كېيىن كۆرۈپ قالىسىلەر! بىز ھەر كۈنى ئۇنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىغا بارىمىز. پادىشاھ ئۆتۈپ قالسا، ئالدىدا تىز چۆكۈپ، مۇنۇ بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويىمەن، ئۇلارنى كۆرسىتىپ: «ئاتا، ئۇلارنى ھىمايە قىل!» دەيمەن. ئۇ يېتىملەرنىڭ ئاتىسى، رەھىمدىل، ئۇ بىزنى ھىمايە قىلىدۇ، كېيىن كۆرۈپ قالىسىلەر، ھېلىقى

خۇمپەر گېنېرال... ليونيه ! تۇز تۆر، كوليه. سەن هازىر يەنە ئۇسسۇل ئوينىشىڭ كېرەك. نېمىشقا يىغلايسەن مىچىلداپ؟ ئۇنىڭ يەنە يىغلاۋاتقىنىنى ! ئەخمەق، نېمىدىن قورقىسەن، نېمىدىن ! يا پەرۋەردىگار ! ئۇنى قانداق قىلسام بولار، رودىئون رومانوۋىچ ! سىز بىلمەيسىز، ئۇلار ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ ! مۇشۇنداق باللار بىلەن قانداقمۇ بىر ئىش قىلارمەن؟...

ئۇ يىغلاپ تۇرغان باللارنى راسكولنىكوفقا كۆرسىتىپ، ئۆزىمۇ يىغلىغۇدەتكىلى قىل ـ قىل قالدى، لېكىن بۇ ئۇنىڭ ئاغزى بېسىقماي سۆزلىشىگە دەخلى قىلمىدى. راسكولنىكوف ئۇنى غۇرۇرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيگە قايتۇرماقچى بولۇپ، سىز شارمانكىچىلاردەك كوچىلاردا كېزىپ يۈرسىڭىز ئۇيات بولىدۇ، چۈنكى سىز پات ئارىدا ياتاقلىق ئاقسۆڭەك قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولىسىز، دەپمۇ باقتى.

— ياتاقلىق مەكتەپ ! ها ـ ها ـ ها... ئۇ دېگەن ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسى ! — دېدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ۋارقىراپ، كۆلكىدىن كېيىن ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، — ياق، رودىئون رومانوۋىچ، خام خىياللار بەربات بولدى ! بىزنى ھەممە ئادەم تاشلىۋەتتى ! ... ھېلىقى خۇمپەر گېنېرال... بىلمەمسىز، رودىئون رومانوۋىچ، مەن ئۇنىڭغا بىر سىياھ قۇتىسى ئاتتىم، — خىزمەتچىلەر ئىشخانىسىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە، ئىمزا قويىدىغان قەغەزنىڭ يېنىدا بىر سىياھ قۇتىسى تۇرۇپتىكەن. مەنمۇ ئىمزا قويدۇم①، ئاندىن سىياھ قۇتىسىنى ئۇنىڭغا ئېتىپلا قېچىپ كەتتىم. ئاھ، ئەبلەخلەر، ئەبلەخلەر، قۇرۇپ كەتسۇن: بۇ باللارنى ئەمدى ئۆزۈم باقىمەن، ھېچكىمگە يالۋۇرمايمەن ! ئۇ

---

① رۇسىيەدە چوڭ ئەمەلدارلار ۋە ئاقسۆڭەكلەر ئائىلىلىرى بايرام كۈنلىرى ئالدىنقى زالغا ياكى چاكارلار ئۆيىگە بىر ۋاراق قەغەز قويۇپ قوياتتى. ئىچكىرىگە كىرىش سالاھىيىتى يوق، لېكىن ئۆي ئىگىسى بىلەن مەلۇم ئالاقىسى بار زىيارەتچىلەر ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، شۇ قەغەزگە ئىمزا قويۇپ قوياتتى.

بىزنى دەپ يەتكۈچە دەرد تارتتى، — ئۇ سونيەنى كۆرسەتتى، — پولىپچكا قانچىلىك پۇل يىغدىڭ، قېنى كۆرسەتكىنە. نىمە، ئاران ئىككى كوپىيىكمۇ؟ ھۇ ئىپلاسلار! ئۇلار ھېچنېمە بەرمەيدۇ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كەينىمىزدىن يۈگۈرگىنى يۈگۈرگەن. قاراڭ، ئاۋۇ ئەبلەخ نېمىشقا كۈلىدۇ؟ — ئۇ ئادەملەر ئارىسىدىكى بىر ئادەمنى كۆرسەتتى، — ھەممە گەپ كولكانىڭ كالامپايلىقىدا، ئادەمنى بەك تىت ـ تىت قىلىۋېتىدۇ! سەن نېمە دەيسەن، پولىپچكا؟ مەن بىلەن فىرانسۇزچە سۆزلەش. ماڭا فىرانسۇزچە دەپ بەر. مەن ساڭا ئۆگەتكەنغۇ، بىرنەچچە ئىبغىز بىلەتتىڭغۇ!... بولمىسا سىلەرنىڭ ئالىيجاناب ئائىلىدە ياخشى تەربىيە كۆرگەن باللار ئىكەنلىكىڭلارنى؛ شارمانكىچىلارغا ھەرگىز ئوخشىمايدىغانلىقىڭلارنى قانداقمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ؛ بىز كوچىلاردا ياغاچ قورچاق ئوينايدىغانلاردىن ئەمەس، بىز نەپىس لىرىك ناخشىلارنى ئېيتىمىز... ھە، راست! نېمىنى ئېيتساق بولار؟ سىلەر دائىم مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈۋېتىسىلەر، لېكىن بىز... بىلەمسىز، رودىئون رومانوۋىچ، بىز بۇ يەردە توختىغاندىكىن بىرەر ناخشا ئېيتايلى، كولىيە رىتىمگە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىسۇن... چۈنكى سىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز، بىزنىڭ قىلچە تەييارلىقىمىز يوق؛ ئاۋۋال مەسلىھەتلىشىپ، ھەممىنى رېپېتىتسىيە قىلىۋېلىپ، ئاندىن نېۋا كوچىسىغا بارىمىز، ئۇ يەردە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بۇ يەردىكىدىن كۆپرەك، ئۇلار بىزگە دەرھال دىققەت قىلىدۇ: لىيونيە «دېھقانلار ناخشىسى»نى ئېيتالايدۇ... لېكىن ھەدېسىلا «دېھقانلار ناخشىسى»، «دېھقانلار ناخشىسى» دەپ ئېيتىۋەرسەك، ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتىدۇ! بىز ئۇنىڭدىنمۇ نەپىسرەك ناخشىلارنى ئېيتايلى... ھە، پولىيە، سەن بىرەر نەرسىنى ئويلاپ تاپتىڭمۇ؟ ھېچبولمىسا ماڭا ياردەم قىلساڭ بولاتتى! مېنىڭ خاتىرەم، مېنىڭ خاتىرەم بەكلا ناچارلىشىپ كەتتى. بولمىسا

ئېسىمگە كېلەتتى! بىز «قىلىچ تۇتقان چەۋەنداز»[1]نى ئېيتساق بولمايدۇ ـ دە! ھە راست، بىز «بەش تىيىن»نى فىرانسۇزچە ئېيتايلى! مەن سىلەرگە ئۆگەتكەنغۇ، ئۆگەتكەنغۇ. ئاساسلىقى بۇ ناخشا فىرانسۇز تىلىدا ئېيتىلىدۇ، شۇڭا كىشىلەر سىلەرنىڭ ئاقسۆڭەكنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىڭلارنى دەرھاللا ئۇقۇپ، تېخىمۇ تەسىرلىنىدۇ... ھەتتا «مالبورو ئاتلاندى ئۇزۇن سەپەرگە»نى ئېيتساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ پۈتۈنلەي بالىلار ناخشىسى ھەمدە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە ئۇنى ئەللەي ناخشىسى قاتارىدا ئېيتىدۇ.

مالبورو ئاتلاندى ئۇزۇن سەپەرگە،
بىلمەيدۇ ھېچ كىشى ئۇ كېلەر قاچان...

ئۇ ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى...

— ياق، ياخشىسى «بەش تىيىن»نى ئېيتايلى! ھەي، كولىيە، قوللىرىڭنى بىقىنىڭغا ئال، تېز بول، ليونيە، سەنمۇ باشقا تەرەپكە بۇرال. پولېچكا ئىككىمىز جور بولۇپ، چاۋاك چېلىپ بېرىمىز!

بەش تىيىن، بەش تىيىن شۇ بىلەن تىكلەندى ئىگىلىكىمىز...

— ئۆھۆ، ئۆھۆ، ئۆھۆ! — ئۇنى قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ كەتتى، — كىيىملىرىڭنى تۈزەشتۈر، پولېچكا، يەلكەڭدىكى تاسما چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ يۆتىلىپ تۇرۇپ نەپىسىنى رۇستىلاپ، — سىلەر ئەمدى قاتتىق دىققەت قىلىڭلار، ھەرىكىتىڭلار سۆلكەتلىك، سىپايە بولسۇن. سىلەرنىڭ ئاقسۆڭەكنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىڭلارنى ھەممە ئادەم كۆرسۇن. شۇ چاغدىلا دېگەنغۇ مەن، باغىرداقنى ئۇزۇنراق كېسىپ، ئىككى

---

① بۇ، رۇس شائىرى باتيۇشكوف (1878 — 1855)نىڭ «جۇدالىق» ناملىق شېئىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ ئىشلەنگەن ناخشا.

قاتلاپ تىكىش كېرەك ئىدى دەپ. سونىيە، بۇ سېنىڭ قىلغىنىڭ. دائىملا «قىسقىراق بولسۇن، قىسقىراق» دەيسەن. سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپتىكەن، قارا، بالىلارغا زادىلا ياراشماپتۇ... نېمە بولدۇڭلار، يەنە يىغلىغىلى تۇردۇڭلارغۇ! بۇ نېمە قىلغىنىڭلار. ئەخمەقلەر! قېنى، كولىيە، ئۇسسۇلنى باشلا، بولە، تېز بول، — هەي، بۇ بالازە، هېچنېمىنى قاملاشتۇرالمايدۇ...!

cinq sous, cinq sous ...

يەنە بىر ئەسكەر كېلىۋاتىدۇ! هەي، سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار؟

دېگەندەك بىر ساقچى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، دەل شۇ چاغدا يېشى ئەللىكلەرگە بېرىپ قالغان، ئۈچىسىغا مۇلكىي ئەمەلدارلىق كىيىمى بىلەن شىنىل كىيگەن، بوينىغا ئوردېن ئاسقان بىر جانابمۇ كېلىپ قالدى (ئۇنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى، شۇنداقلا ئۇ ساقچىغىمۇ ئازراق تەسىر كۆرسەتتى). ئۇ يېقىن كېلىپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن كاتېرىنا ئىۋانوۋناغا ئۈچ رۇبلىلىق يېشىل قەغەز پۇلدىن بىرنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن هەقىقەتەن هېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەكەللۇپ هەم ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلدى.

— رەهمەت سىزگە، مۆهتەرەم جاناب، — دېدى ئۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن، — بىزنى مۇشۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويغان سەۋەبلەر... پولېچكا، پۇلنى ئال، كۆرۈپ قوي، بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئاقسۆڭەك خوتۇنغا ياردەم بېرىشنى خالايدىغان ئالىيجاناب، سېخىي ئادەملەر يەنىلا بار، قارىڭ، مۆهتەرەم جاناب، مانا بۇلار ئاقسۆڭەك ئادەمنىڭ پەرزەنتلىرى، ئۇلارنى هەتتا ئەڭ ئالىيجاناب ئائىلىلەر بىلەن تۇغقان كېلىدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ... هېلىقى خومپەر گېنېرال ئولتۇرۇپ كەرىقۇر يەۋېتىپتىكەن... ئاۋارە قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا قاراپ يەرنى تېپىشلاپ كەتتى... «جانابىي ئالىيلىرى، — دېدىم ئۇنىڭغا، — سىز مەرھۇم سېمىيون

زاخارىچ بىلەن يېقىن تونۇش، ئۇنىڭ يېتىم بالىلىرىنى ھىمايە قىلىڭ، چۈنكى ئۇ ئۆلگەن كۈنى ئەڭ پەسكەش بىر تۆھمەتخور ئۇنىڭ قىزىغا تۆھمەت قىلدى...» ئاۋۇ ئەسكەر يەنە كەلدى. بىزنى ھىمايە قىلىڭ! — ۋارقىرىدى ئۇ ھېلىقى ئەمەلدارغا قاراپ، — بۇ ئەسكەر نېمىشقا مېنى ئاۋارە قىلىۋېرىدۇ؟ بىز ھېلىلا بىر ئەسكەرنىڭ قولىدىن قېچىپ چىققان... ھەي، سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ، خۇمپەر!

— چۈنكى كوچىلاردا ناخشا ئېيتىش چەكلەنگەن. بۇ يەرنى قالايمىقان قىلماڭ.

— قالايمىقان قىلىۋاتقان ئۆزۈڭ. مەنمۇ شارمانكىچىلارغا ئوخشاشلىقىمۇ. سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

— شارمانكا چېلىش ئۈچۈن كىنىشكا ئېلىش كېرەك. لېكىن، سىز ئۆز بىلگىنىڭىزچە مۇشۇنداق ئۇسۇلدا بىرمۇنچە ئادەمنى يىغىۋاپسىز. ئۆيىڭىز نەدە؟

— نېمە، كىنىشكا؟ — ۋارقىرىۋەتتى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، — مەن بۈگۈن ئېرىمنى كۆمۈپ قويدۇم. نەدىكى كىنىشكا ئىكەن ئۇ!

— خانىم، خانىم، تىنچلىنىڭ، — دېدى ھېلىقى ئەمەلدار، — يۈرۈڭ، سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي... بۇ يەرگە ئادەم يىغىلىپ كەتتى، يامان تەسىر بېرىپ قويىدۇ... سالامەتلىكىڭىزمۇ ياخشى ئەمەس ئىكەن...

— مۆھتەرەم جاناب، مۆھتەرەم جاناب، سىز ھېچنېمىنى بىلمەيسىز، — ۋارقىرىدى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا، — بىز نېۋا كوچىسىغا بارماقچى، سونيە، سونيە! ئۇ نەگە كەتتى؟ ھەي، ئۇمۇ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ! سىلەرگە نېمە بولدى؟ كوليە، ليونيە، قېنى سىلەر؟ — ئۇ بىردىنلا ھولۇقۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى، — ھەي ئەخمەق باللارەي! كوليە، ليونيە، ئۇلار نەگە كېتىۋاتىدىغاندۇ...

ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىدى: كوچىدا يىغىلىپ كەتكەن ئادەملەردىن ۋە ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان ئانىسىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىدىن قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتكەن كوليە بىلەن

لىيونىيە ساقچىنىڭ ئۆزلىرىنى تۇتۇپ، نەگىدۇر ئاپارماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە پارتىدە قاچقانىدى. بىچارە كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. ئۇنىڭ زار ـ زار يىغلاپ، ئاران ـ ئاران نەپەس ئېلىپ، بالىلىرىنى قوغلىغان چاغدىكى تۇرقى شۇ قەدەر كۆرۈمسىز، شۇ قەدەر بىچارە ئىدى. سونىيە بىلەن پولېچكا ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

— ئۇلارنى كەينىگە ياندۇر، سونىيە، كەينىگە ياندۇر! ھەي، ياخشى ـ ياماننى بىلمەيدىغان ئەخمەق باللار!... پولىيە! ئۇلارنى تۇتۇۋال... مەنمۇ سىلەرنى دەپ...

ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.

— ۋاي، قاتتىق يىقىلدى، قان چىقىۋاتىدۇ! ئاھ، پەرۋەردىگار! — ۋارقىرىدى سونىيە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ.

ھەممە ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنى ئورىۋالدى. راسكولنىكوف بىلەن لېبېزياتنىكوف ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىشتى، ھېلىقى ئەمەلدارمۇ يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن «ئەستا!» دەپ غۇدۇرىغىنىچە ساقچى كەلدى، ئۇ ئەمدى ئىشنىڭ چىگىچلەشكەنلىكىنى سېزىپ، قولىنى شىلتىپ قويدى.

— قېچىڭلار! قېچىڭلار! — دېدى ئۇ ئەتراپىنى ئورىۋالغان ئادەملەرنى قوغلاپ.

— ئۇ ئۆلگىلىۋاتىدۇ! ... — ۋارقىرىدى كىمدۇر بىرسى.

— ئۇ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ! — دېدى يەنە بىرسى.

— ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن! — دېدى بىر ئايال چوقۇنۇپ، — ھېلىقى قىز بىلەن ئوغۇل بالىنى تۇتۇۋالالىغانمىدۇ؟ ھە، ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، ھېلىقى چوڭ قىز تۇتۇۋاپتۇ... قاراڭ، نېمىدېگەن ئۆز بېشىمچى باللاردۇ بۇ!

ئۇلار كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى،

ئۇنىڭ سونيە ئۆيلىگىنىدەك تاشقا يېقىلىپ يارىلانمىغانلىقىنى بايقىدى. يولغا چاچرىغان قان ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن ئېتىلىپ چىققانىكەن.

— بۇنى مەن بىلىمەن، ئىلگىرىمۇ كۆرگەن، — دېدى ھېلىقى ئەمەلدار راسكولنىكوف بىلەن لېبېزاياتنىكوفقا پىچىرلاپ، — بۇ سىل كېسىلى، مۇشۇنداق قان قۇسسا، بىمار بوغۇلۇپ قالىدۇ. تېخى يېقىندىلا، مېنىڭ بىر تۇغقىنىم مۇشۇنداق بولغان... مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن... بىر يېرىم ئىستاكانچە قان قۇسۇپ... بىردىن... ئۇ ھازىرلا جان ئۈزىدۇ، قانداق قىلساق بولار؟

— بۇياققا ئەكېلىڭلار، بۇياققا، مېنىڭكىگە ! — دېدى سونيە يالۋۇرۇپ، — مەن مۇشۇ يەردە تۇرىمەن !... مانا مۇشۇ بىنادا، ئىككىنچى بىنا... مېنىڭكىگە ئاپىرىڭلار، تېز بولۇڭلار. تېز !... — دەيتتى ئۇ بۇنىڭ يېنىدىن ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ، — دوختۇرغا ئادەم ئەۋەتىڭلار ! ئاھ پەرۋەردىگار !

ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ كۈچىشى بىلەن، بۇ ئىش ئاخىر ئىشقا ئاشتى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانى كۆتۈرۈشكە ھېلىقى ساقچىمۇ ياردەملەشتى. ئۇنى ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالەتتە سونيەنىڭكىگە ئەكىرىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇشتى. ئۇ ھېلىمۇ قان قۇسماقتا، لېكىن ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كەلمەكتە ئىدى. ئۆيگە سونيەدىن باشقا يەنە راسكولنىكوف، لېبېزياتنىكوف، بايىقى ئەمەلدار بىلەن ساقچى كىردى. ساقچى ئىشىك ئالدىغىچە سوگدىشىپ كەلگەن ئادەملەرنى قوغلىۋەتتى. پولېچكا تىترەپ ۋە يىغلاپ تۇرغان كولىيە بىلەن لېونيەنى قولىدىن يېتىلەپ ئۆيگە ئەكىردى. كاپېرنا ئۇموف ئائىلىسىدىكىلەرمۇ كېلىشتى: كاپېرنا ئۇموفنىڭ ئۆزى يەكچەشمە، توكۇر، چاچ ـ ساقاللىرى يىرىكلىكىدىن خۇددى چوتكىنىڭ قىلللىرىدەك دىك ـ دىك تۇرىدىغان، چىرايىمۇ غەلىتىلا بىر ئادەم ئىدى؛ ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ چىرايىدىن پۈتۈن ئۆمرىنى قورقۇنچ ئىچىدە

ئۆتكۈزگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى؛ بالىلىرى ھەممە نىمىگە ھەيران قالغاچقا، ئاغزىلىرى يوغان ئېچىلىپ، يۈزلىرى قېتىپ قالغانىدى. شۇ ئارىلىقتا، كۈتمىگەندە ئادەملەر ئارىسىدا سۋىدرىگايلوف پەيدا بولۇپ قالدى. راسكولنىكوف ئۇنىڭ نەدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ئۇنى ئادەملەر ئارىسىدا كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنىمۇ ئەسلىيەلمەي، ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قويدى.

ھەممە ئادەم دوختۇر بىلەن پوپ توغرۇلۇق گەپلەشتى. بايىقى ئەمەلدار راسكولنىكوفقا قارىغاندا دوختۇر چاقىرىش ئارتۇقچە، دەپ پىچىرلىغان بولسىمۇ، يەنىلا دوختۇر چاقىرىشنى تاپشۇردى. دوختۇرغا كاپېرنا ئۆموف ئۆزى كەتتى.

شۇ ئارىلىقتا كاتېرىنا ئىۋانوۋنا نەپەسىنى سەل ـ پەل ئوڭشىۋالدى، قانمۇ ۋاقىتىنچە توختىدى. ئۇ ئاغرىق چىقىپ تۇرغان، لېكىن ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن سونىيەگە قارىدى. چىرايى تاتىرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ تۇرغان سونىيە قول ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنى سەل يۆلەپ قويۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىككى تەرىپىدىن يۆلەپ، كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى.

— بالىلار قېنى؟ — سورىدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا، — پولىيە، ئۇلارنى ئەكەلدىڭمۇ؟ ھەي ئەخمەق بالىلار!... نېمىشقا قاچىسىلەر؟... ۋايجان!

ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان لەۋلىرىدە يەنە قان پەيدا بولدى. ئۇ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى:

— سونىيە، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېتىپسەن ـ دە! مەن بۇ يەرگە بىر قېتىممۇ كېلىپ باقماپتىمەن... بۇنى قارىمامدىغان...

ئۇ ئەلەم بىلەن سونىيەگە قارىدى.

— بىز قېنىڭنى شوراپ بولدۇق، سونىيە... پولىيە، لىيونىيە، كولىيە، بۇ ياققا كېلىڭلار... قارا، ئۇلار مانا، سونىيە، ھەممىسى مانا، ئۇلارنى ئالغىن... ئۇلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ساڭا

تاپشۇردۇم... مەن يەتكۈچە تارتتىم ! ئويۇنىمۇ ئويناپ بولدۇم ! ھەي ! ... مېنى چۈشۈرۈڭلار، مېنى تىنچىقىنا ئۆلگىلى قويۇڭلار...

ئۇنى يەنە ياستۇققا ياتقۇزۇشتى.

— نېمە؟ پوپنى چاقىرىمىز؟ ھاجىتى يوق... سىلەردە نەدىكى ئۇنداق ئارتۇقچە پۇل... مەن گۇناھ قىلمىدىم... پوپ بولمىسىمۇ، مېنى خۇدايىم ئۆزى كەچۈرىدۇ... مېنىڭ نېمە دەردلەرنى تارتقانلىقىمنى ئۇ ئۆزى كۆرۈپ تۇرغاندۇ !... كەچۈرگۈسى كەلمىسە مەيلى، كەچۈرمىسۇن !...

ئۇ بارغانسېرى تىنچسىز بىھوشلۇق ھالىتىگە ئۆتمەكتە ئىدى. بەزىدە ئۇ تىترەپ كېتەتتى. ئەتراپىغا نەزەر سېلىپ چىقاتتى، ھەممە ئادەمنى تونۇيتتى، لېكىن بۇ پەقەت بىردەملىككلا ئىدى. كېيىن يەنە ھوشىدىن كېتەتتى. ئۇ خىرقىراپ ئاران - ئاران نەپەس ئالاتتى. بوغۇزىدا خۇددى بىرنېمە خارقىراۋاتقاندەكلا قىلاتتى.

— مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم: «جانابىي ئالىيلىرى»، — ۋارقىرىدى ئۇ، ھەربىر سۆزىدىن كېيىن بىر نەپەس ئېلىپ، — ھېلىقى ئامالىيە لىۋدۇۋىگوۋنا... ئاھ ! لىونيە، كولىيە ! قولۇڭلارنى بىقىنىڭلارغا ئېلىڭلار، تېز بولۇڭلار، تېز، قەدىمىڭنى باسقىلاردەك، سىيرىلدۇرۇپ، سىيرىلدۇرۇپ! پۇتلىرىڭنى تاقىلدات، ھەرىكىتىڭ گۈزەل بولسۇن بالام...

سېنىڭدە بار ئالماس بىلەن دۇر.

ئاخىرى قانداق ئىدى؟ ھە راست...

ئۆزۈڭدە تۇرسا بىر جۈپ گۈزەل كۆز

يەنە نېمىنى ئىستەيسەن ئەي قىز؟

توغرىغۇ، نەرى توغرا ئەمەس! ئەخمەقنىڭ ئويلاپ تاپقان گېپىنى قارىمامدىغان !... ھە راست، يەنە بار:

كۆن قىزىغان چۆش پەيتىدە، داغىستاننىڭ سايلىرىدا[1]...

ئاھ، بۇ لىرىك ناخشىغا مەن شۇنداق ئامراق، شۇنداق ئامراق، پولېچكا !... بىلەمسەن، داداڭ مەن بىلەن توي قىلمىغان چاغلىرىدا مۇشۇ ناخشىنى دائىم ئېيتىدىغان... ئاھ، نىمىدېگەن بەختىيار كۈنلەر !... بىز مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىساق بولاتتى ! قانداق ئىدى، قانداق ئىدى... ئۇنتۇپ قاپتىمەن... ئېسىمگە سېلىپ قويغىنا، قانداق ئىدى؟ — ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ، ئولتۇرۇشقا تىرىشتى. ئاخىرىدا ئۇ بوغۇق، قورقۇنچلۇق، خىرقىرىغان ئاۋازدا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ھەربىر سۆزىنى ئېيتىپ بولۇپ بىرپەس ھاسىرايتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى قورقۇش ئالامىتى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى:

كۆن قىزىغان چۆش پەيتىدە !... داغىستاننىڭ...
سايلىرىدا ! كۆكرىكىمدىن يېدى بىر ئوق !...

— جانابىي ئالىيلىرى، — كۆتمىگەندە ئادەمنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتكۈدەك نالە قىلىپ يىغلاپ كەتتى، — مۇنۇ يېتىملەرنى ھىمايە قىلىڭ ! مەرھۇم سېمىيون زاخارىچ مېھماندوست ئىدى. بۇنى بىلىسىز ! ... بۇلارنى ئاقسۆڭەكنىڭ پەرزەنتلىرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ !... ھەي ! — ئۇ قاتتىق سىلكىنىپ، بىردىنلا ھوشىغا كەلدى، قورقۇش ئىچىدە ھەممىگە كۆز يۈگۈرتتى، لېكىن سونيەنى دەرھاللا تونۇدى، — سونيە، سونيە ! — دېدى ئۇ ئەركىلەپ، مۇلايىملىق بىلەن خۇددى

---

[1] بۇ لېرمونتوفنىڭ «چۆش» ناملىق شېئىرىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن مەشھۇر لىرىك ناخشا.

سونيەنىڭمۇ شۇ يەردىلىكىدىن ھەيران قالغانىدەك، — سونيە، جېنىم، سەنمۇ مۇشۇ يەردىمىدىڭ؟

ئۇنى يەنە يۆلەپ قويۇشتى.

— بولدى بەس ! ... ۋاقىت يەتتى !... ئەلۋىدا، بىچارە قىز !... قىرچاڭغۇ ئاتنى كۆتۈرەم قىلىۋەتتى !... يىقىتتى ! — ئۇ ئۆمىدسىزلىنىپ ۋە نەپرەتلىنىپ ۋارقىرىغىنىچە بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى.

ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى، لېكىن بىر دەمدىلا ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭ قان قالمىغان سارغۇچ، ياداڭغۇ يۈزى ئارقىغا تارتىلىپ، ئاغزى يوغان ئېچىلدى، تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزدى. ئۇ نەپەسىنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئىچىگە تارتىپ جان ئۈزدى.

سونيە ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ قۇچاقلىدى، بېشىنى ئۇنىڭ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان كۆكرىكىگە قويدى ۋە شۇ دەم ياتقىنىچە مىدىر - سىدىر قىلمىدى. پولېچكا ئانىسىنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ، پۇتلىرىنى سۆيۈپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. كولىيە بىلەن لېونيە نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ئىش بولغانلىقىنى سېزىپ، بىر - بىرىنىڭ بىلەكلىرىدىن چىڭ تۇتۇۋالدى، بىر - بىرىگە تېكىلىپ قاراشتى - دە، تەڭلا ئاغزىلىرىنى ئېچىپ، ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تېخىچە بايىقى كىيىمى بىلەن ئىدى؛ بىرسى بېشىغا سەللە يۆگىگەن، يەنە بىرسى تۆگە قۇشىنىڭ پېيى قادالغان قالپاق كىيگەنىدى.

ھېلىقى «تەقدىرنامە» يەنە قانداقلارچە كارىۋاتتا — كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدىكىن، ئۇ ياستۇقنىڭ ئۇستىدە ياتاتتى. راسكولنىكوف ئۇنى كۆرۈپ تۇراتتى.

راسكولنىكوف دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىشىغا، لېبېزياتنىكوف ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ئۆلدى ! — دېدى لېبېزياتنىكوف.

— رودئون رومانوۋىچ، سىزگە ئىككى ئېغىز مۇھىم گېپىم بار ئىدى، — دېدى سۋىدرىگايلوف ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ. لېبېزياتنىكوف دەرھال ئورۇن بوشىتىپ، ئەدەپ يۈزىسىدىن نېرىراق كەتتى. سۋىدرىگايلوف ھەيران بولۇپ تۇرغان راسكولنىكوفنى تېخىمۇ يىراقراق بۇلۇڭ تەرەپكە باشلىدى.

— ئۇنىڭ ھەممە ئاخىرەتلىك ئىشىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي دەيمەن، مەسىلەن دەپنە قىلىش دېگەندەك، بىلەمسىز، بۇنىڭغا پۇل كېرەك، مەن سىزگە دېگەن، مېنىڭ ئارتۇق پۇللىرىم بار. مەن مۇنۇ ئىككى كىچىك بىلەن پولېچكانى تۈزۈكرەك دارىلئېتامغا جايلاشتۇرۇپ قويىمەن، ئۇلارنىڭ قۇرامىغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىكى تۇرمۇش پۇلى ئۈچۈن، ھەربىرىگە بىر مىڭ بەش يۈز رۇبلىدىن پۇل بېرىمەن. دېمەك، سوفيە سېمېيونوۋنا بۇ جەھەتتىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ دوزاخ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىمەن، چۈنكى ئۇ ياخشى قىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۇڭلاشقا ئاۋدوتيە رومانوۋناغا ئېيتىپ قويىسىڭىز، ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئون مىڭ رۇبلىنى مەن مانا مۇشۇنىڭغا خەجلىمەكچى.

— سىزنىڭ مۇنچىۋالا خەير - ئېھسان قىلىشتىكى غەرىزىڭىز زادى نېمە؟ — سورىدى راسكولنىكوف.

— ھەي، سىز تولىمۇ گۇمانخور ئادەم ئىكەنسىز! — دېدى سۋىدرىگايلوف كۈلۈپ كېتىپ، — مەن سىزگە دېگەن، ئۇ پۇل ماڭا ئارتۇقچە. ئەجەبا سىز مېنىڭ بۇنى پەقەت ياخشى نىيەت بىلەن قىلىۋاتقانلىقىمغا ئىشەنمەمسىز؟ بىلەمسىز، ئۇ «پىت» ئەمەس، — ئۇ جەسەت ياتقان بۇلۇڭنى كۆرسەتتى، — ئاللىقانداق جازانىخور موماي ئەمەس. ماقۇل دەڭ، «زادى لۇژىنى تىرىك قېلىپ ئەسكىلىكنى قىلىۋەرسۇنمۇ ياكى ئۇ ئۆلسۇنمۇ؟» ئەگەر ئۇلارغا مەن ياردەم قىلمىسام، «پولېچكامۇ، مەسىلەن ئالايلى، ئوخشاشلا شۇ يولدا ماڭىدۇ...»

مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا ئۇ راسكولنىكوفقا كۆز ئۇزمەي

تىكىلىپ تۇرۇپ، ئاللىقانداقتۇر شوخلۇق ۋە قۇۋلۇق بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ ـ قىسىپ قويدى. راسكولنىكوف ئۆزىنىڭ سونيەگە دېگەن گەپلىرىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ ئىختىيارسىز تاتىرىپ، شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك ئارقىسىغا بىر قەدەم داجىپ، سۋىدرىگايلوفقا چەكچىيىپ قاراپلا قالدى.

— سىز نەدىن... بىلىسىز؟ — پىچىرلىدى ئۇ ئاران ـ ئاران نەپەس ئېلىپ.

— بىلەمسىز، مەن مۇشۇ يەردە رېسسلىخ خانىمغا قاراشلىق ئارىتام ئۆيدە تۇرىمەن. مانا بۇ كاپېرنا ئۇموفنىڭ ئۆيى، ئاۋۇ رېسسلىخ خانىمنىڭ ئۆيى، ئۇ مېنىڭ ئەڭ سادىق، قەدىناس دوستۇم، مەن ئۇنىڭ قوشنىسى.

— سىز؟

— ھەئە، مەن، — سۆزىنى داۋام قىلدى سۋىدرىگايلوف تېلىقىپ كۈلۈپ، — مەن سىزگە ۋەدە بېرىمەن، ئەڭ قەدىردان رودىئون رومانوۋىچ، سىز مېنى ئىنتايىن قىزىقتۇردىڭىز. مەن سىزگە بۇرۇنلا ئېيتقانىغۇ، ئىككىمىز دوست بولۇپ قالىمىز دەپ. بۇ گەپنى مەن سىزگە ئالدىنئالا دېگەن. قاراڭ، مانا دوست بولۇپ قالدۇقغۇ، ئۆزىڭىز كۆرۈپ قالىسىز، مەن بىر چىقىشقاق ئادەم، ئۆزىڭىز بىلىپ قالىسىز، بىز ئوبدان چىقىشىپ كېتىمىز...

# ئالتىنچى قىسىم

# 1

راسكولنىكوف ئۈچۈن غەلىتە بىر مەزگىل باشلاندى. گويا كۆز ئالدىنى بىردىنلا تۇمان قاپلىۋېلىپ، ئۇنى قۇتۇلغۇسىز ئېغىر يالغۇزلۇققا گىرىپتار قىلىپ قويغاندەكلا بىلىندى. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن ئەنە شۇ مەزگىلنى ئەسلىگەن چېغىدا، ئۇ ئاندىن ئۆز ئەقىل ـ ھوشىنىڭ بەزى چاغلاردا خىرەلىشىپ قالغانلىقىنى، ئارىلىقتىكى ئازراققىنا ئاراملىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇنداق ھالەتنىڭ تاكى ئاخىرقى ئاپەت يېتىپ كەلگۈچە داۋام قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ شۇ چاغدا نۇرغۇن ئىشلارنى، مەسىلەن ئالايلى، بەزىبىر ۋەقەلەرنىڭ مۇددىتىنى ۋە يۈز بەرگەن ۋاقتىنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىغا كامىل ئىشەندى. ھېچبولمىغاندا، ئۇ كېيىنرەك ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلىگەن ھەمدە ئەسلىيەلىگەنلىرىنى ئۆزى ئېنىقراق چۈشىنىۋېلىشقا ئۇرۇنغان چاغلىرىدا، ئۆزىنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلىرىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئەھۋاللار ئارقىلىقلا ئېنىقلىيالىمىدى. مەسىلەن، ئۇ بىر ئىشنى باشقا بىر ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ يەنە باشقا بىر ئىشنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت بولغان بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، دەپ ئويلاپ قاپتۇ؛ بەزىدە ئۇ قانداقتۇر كېسەللىك ھالىتىدىكى ئەنسىزلىكنىڭ ئازابىنى تارتىپ يۈرۈپتۇ، مۇنداق ئەنسىزلىك ھەتتا ئۇنى قورقۇتۇپ يۈرەكئالدى قىلىۋېتىپتۇ، ئەمما شۇ نەرسە ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدىكى، بەزى چاغلاردا ھەتتا بىرنەچچە كۈنگىچە، ئۇ ھەممىگە پۈتۈنلەي پەرۋاسىز قارىدى، ئالدىنقى چاغلاردىكى قورقۇش ھالىتىنىڭ ئەكسىچە بولغان مۇنداق ھالەت ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەردىلا بولىدىغان كېسەللىك ھالىتىدىكى ئېتىبارسىزلىققا بەكمۇ

ئوخشاپ كېتەتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى تولۇق ۋە ئېنىق بىلىۋېلىشتىن ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى؛ دەرھاللا ئېنىق بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بەزىبىر چوڭ - چوڭ پاكىتلار ئۇنىڭ بېشىنى تېخىمۇ بەكرەك قاتۇرۇۋەتتى؛ ئۇنىڭ شۇ تەشۋىشلەردىن بەكمۇ قۇتۇلغۇسى ۋە ئۆزىنى چەتكە ئالغۇسى كېلەتتى. لېكىن، ئۇ شۇ ئەھۋالدا تۇرۇپ، شۇ تەشۋىشلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويالىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ مۇقەررەر، ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولغان بولاتتى.

بولۇپمۇ سۋىدرىگايلوف ئۇنى تەمتىرىتىپلا قويدى، ھەتتا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى سۋىدرىگايلوف بىلەن بەند بولۇپ قالدى، دېيىشكىمۇ بولاتتى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنا جان ئۈزگەن پەيتتە، سۋىدرىگايلوف سونيەنىڭ ئۆيىدە كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك شۇنداق ئېنىق گەپلەرنى قىلدىكى، راسكولنىكوفنىڭ نورمال پىكىر - خىيالى شۇنىڭدىن تارتىپ چېچىلىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى ئامىل ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلسىمۇ، نېمىشقىدۇر بۇ ئىشنى ئېنىقلاشقا ئالدىرىمىدى. بەزىدە ئۇ شەھەرنىڭ چەت ۋە خالىي يېرىدىكى ئاللىقانداقتۇر بىر غېرىبانە ئاشخانىدا ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇ بىردىنلا سۋىدرىگايلوفنى يادىغا ئالاتتى، ئۇ بىردىنلا بۇ ئادەم بىلەن مۇمكىنقەدەر تېزرەك چۈشىنىش ھاسىل قىلىش كېرەكلىكىنى، شۇنداق بولغاندا ھېلىقى ئىشنى ئۇزۇل - كېسىل ئاياغلاشتۇرۇش مۇمكىنلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق، لېكىن خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ھېس قىلدى، بىر كۈنى ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ ھەتتا ئۆزىنى شۇ يەردە سۋىدرىگايلوفنى كۈتۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغاندەك تەسەۋۋۇر قىلدى. يەنە بىر قېتىم ئۇ تاڭ ئالدىدا ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ

يەردە، چاتقاللارنىڭ ئارىسىدا ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە قانداقلارچە بېرىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. ئېشقىلىپ، كاتېرىنا ئىۋانوۋنا ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە، ئۇ سۋىدرىگايلوف بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. ھەر ئىككىلا قېتىم سونيەنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشتى، راسكولنىكوف ئۇ يەرگە مەقسەتسىزلا بېرىپ، ناھايىتى بىردەملا ئولتۇرۇپ قايتقانىدى. ھەر ئىككىلا قېتىمدا ئۇلار ھېلىقى ئىشنى ۋاقتىنچە تىلغا ئالماي تۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىۋالغاندەك ئاددىيلا بىرنەچچە ئېغىز گەپلىشىپ، بىرەر قېتىممۇ مۇھىم تېمىدىن ئېغىز ئاچمىدى. كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ جەسىتى تېخىچە جەسەت ساندۇقىدا ئىدى. سۋىدرىگايلوف ئاخىرەتلىك ئىشلارنى بېجىرىۋاتاتتى. سونيەمۇ ئىنتايىن ئالدىراش ئىدى. كېيىنكى ئۇچراشقان چېغىدا، سۋىدرىگايلوف راسكولنىكوفقا كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى؛ ئۆزىنىڭ بەزىبىر تونۇش ـ بىلىشلىرى ئارقىلىق بىرنەچچە ئادەمنى تاپقانلىقىنى، شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن، ئۈچ يېتىم بالىنى ئىنتايىن ئوبدان دارىلئېيتامغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نامىدا بېرىلگەن پۇلنىڭ ناھايىتى زور رول ئوينىغانلىقىنى، چۈنكى مەبلىغى بار بالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش يوقسۇللارنىڭ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارىغاندا خېلىلا ئاسان چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سونيە ھەققىدىمۇ گەپ قىلدى ھەمدە بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە راسكولنىكوف بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدە قىلدى. «ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشنى بەكمۇ خالايدىغانلىقىنى، بەزى ئىشلار توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى...» تىلغا ئالدى. بۇ گەپلەرنى ئۇ پەلەمپەينىڭ ئالدىدىكى دەھلىزدە تۇرۇپ دېگەنىدى. سۋىدرىگايلوف راسكولنىكوفنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، بىردىنلا ئاۋازىنى پەسەيتىپ

سوراپ قالدى:

— سىزگە نېمە بولدى، رودىئون رومانوۋىچ، كۆڭلىڭىزنىڭ ئارامى يوقتەك قىلىدۇغۇ؟ راست دەيمەن! كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسقا سېلىۋاتقاندەك قىلىسىز. روھلۇقراق بولۇڭ. ئىككىمىز ئوبدان گەپلەشسەك بولاتتى. ئەپسۇسكى ئىشلىرىم كۆپىيىپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرىم، ئاندىن خەقنىڭ ئىشلىرى... ۋاي، رودىئون رومانوۋىچ، — كۇتمىگەندە قوشۇپ قويدى ئۇ، — ھەممە ئادەمگە ھاۋا كېرەك، ھاۋا، ھاۋا... ئالدى بىلەن ھاۋا كېرەك①.

ئۇ كۇتمىگەندە بىر چەتكە ئۆتۈپ، پەلەمپەيدىن چىقىپ كېلىۋاتقان پوپ بىلەن قىرائەتخانىغا يول بەردى. ئۇلار مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغىلى كەلگەنىدى. سۋىدرىگايلوفنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، ئۇلار ھەر كۇنى ئىككى قېتىم ئۆز ۋاقتىدا كېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. سۋىدرىگايلوف ئىشى بولغاچقا ئاۋۋالراق ماڭدى. راسكولنىكوف شۇ يەردە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن پوپنىڭ كەينىدىن سونيەنىڭ ئۆيىگە كىردى.

ئۇ ئىشىك ئالدىدىلا توختىدى. دۇئا ـ تىلاۋەت تىپتىنچ، ھەيۋەتلىك، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك بىر ھالەتتە باشلاندى. بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا، ئۇ ئۆلۈمنى ۋە ئۆلۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئويلىسىلا سىقىلىش ھېس قىلاتتى ـ دە، قەلبىنى قانداقتۇر سىرلىق ۋەھىمە قاپلىۋالاتتى؛ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ مېيىت ئۇزىتىش يۇزىسىدىن قىلىنىدىغان دۇئا ـ تىلاۋەتنى ئاڭلاپ باقمىغىنىغا ئۇزاق زامانلار بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە

---

① كېيىنكى بابتا پورفىرىيمۇ راسكولنىكوفقا ئۇچ قېتىم: «سىزگە ھاۋا كېرەك، ھاۋا!» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ راسكولنىكوفقا: «ئۆزىڭىزنى تونجۇقتۇرۇۋاتقان پىكىرلىرىڭىزدىن ۋە نەزەرىيەڭىزدىن، شۇنداقلا جىنايەتنىڭ ئېغىر بېسىمىدىن قۇتۇلۇپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ» دېمەكچى بولىدۇ. سۋىدرىگايلوف بۇ يەردە دەۋاتقان ھاۋانىڭ مەنىسى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇ باشقا نەرسىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

باشقىچە، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ بالىلارغا قارىدى. ئۇلار جەسەت ساندۇقىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى، پولىچكا يىغلاۋاتاتتى. سونىيە ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتاتتى ۋە قورققاندەك بوشقىنا يىغلاۋاتاتتى. «كېيىنكى ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىدى، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى» ئويلاپ قالدى راسكولنىكوف. كۈن نۇرى ئۆينى يوپيورۇق يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىسرىقداندىن چىقىۋاتقان ئىس تولغىنىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. پوپ «ئى خۇدا، ئۇنى رەھمىتىڭگە يار قىلغايسەن»نى تىلاۋەت قىلماقتا ئىدى. راسكولنىكوف تاكى دۇئا ـ تىلاۋەت ئاياغلاشقۇچە شۇ يەردە تۇردى. ھەممە ئادەمگە بەخت تىلەش ۋە خوشلىشىش ۋاقتىدا، ھېلىقى پوپ غەلىتە بىر ھالەتتە ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ قويدى. دۇئا ـ تىلاۋەت ئاياغلىشىشىغا راسكولنىكوف سونىيەنىڭ ئالدىغا باردى. سونىيە بىردىنلا ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ، بېشىنى مۈرىسىگە قويدى. مۇنداق يېقىنچىلىق راسكولنىكوفنى تەمتىرىتىپ قويدى، ھەتتا قاتتىق ئەجەبلەندۈردى؛ نېمە؟ مېنىڭدىن قىلچە نەپرەتلەنمەپتۇ ـ دە، قىلچە يىرگەنمەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ قوللىرى ئازراقمۇ تىترەپ قويمايدۇ. بۇ قانداقتۇر ئۆزىنى چەكسىز خورلاش. ھېچبولمىغاندا راسكولنىكوف شۇنداق چۈشەندى. سونىيە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. راسكولنىكوف ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئازابلاندى. ئەگەر شۇ تاپتا ئۇ بىرەر جايغا قېچىپ كېتەلىگەن بولسا ئىدى، پۈتۈن ئۆمرىنى يالغۇزلۇقتا ئۆتكۈزسىمۇ، ئۆزىنى يەنىلا بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتى. لېكىن، گەپ شۇنىڭدا ئىدىكى، يېقىندىن بۇيان كۆپىنچە ئۆزى يالغۇز يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۆزىنى ھېچقاچان يالغۇز يۈرگەندەك ھېس قىلالمايتتى. بەزىدە ئۇ شەھەردىن چىقىپ، ئۇدۇل چوڭ يولغا قاراپ ماڭاتتى، ھەتتا بىر قېتىم بىر دەرەخلىككە بېرىپ قالدى. لېكىن، ئۇ قانچىكى

چەت ـ خىلۋەت جايغا بارسا، كىمدۇر بىرسى ئۆزىنى تەقىپ قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، شۇنچىكى بىئارام بولۇپ كېتەتتى. بۇ ئۇنى قورقۇتالمايتتى، بەلكى نېمىشقىدۇر ئۇنى بەكلا دىلخەستە قىلىۋېتەتتى، شۇڭلاشقا ئۇ دەرھاللا شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى، ئۇششاق ئاشخانىلارغا ياكى قاۋاقخانىلارغا كىرەتتى. كونا ماللار بازىرىغا ياكى ئوت ـ چۆپ بازىرىغا باراتتى، شۇ يەرلەردە ئۆزىنى ئەركىنرەك، خىلۋەتتە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى بىر كىچىك ئاشخانىدا بىرسى ناخشا ئېيتىۋاتاتتى: ئۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ توپتوغرا بىر سائەت ناخشا ئاڭلىدى. ھېلىمۇ ئېسىدە، بۇ شۇ چاغدا ھەتتا ئۇنىڭغا ناھايىتى خۇشياقاندى. لېكىن، ئاخىرىغا بېرىپ ئۇ يەنە ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى؛ ۋىجداننىڭ ئەيىبلىشى يەنە بىردىنلا ئۇنى ئازابلاۋاتقاندەك قىلىپ قالدى. «مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ناخشا ئاڭلاۋاتىمەن، ئەجەبا مۇشۇ قىلغىنىم توغرىمۇ !» ئۇ خۇددى شۇنداقراق ئويلىغاندەك قىلدى. لېكىن، ئۇ شۇ ئانلا يەنە بۇنىڭ ئۆزىنى بىئارام قىلىۋاتقان بىردىنبىر سەۋەب ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. تېزدىن ھەل قىلىۋېتىشكە تېگىشلىك بىر ئىش باردەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە ئىشلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەيتتى. تىل بىلەن ئىپادىلەپمۇ بېرەلمەيتتى. ئىش ھەقىقەتەن چىگىچلىشىپ كەتكەنىدى. «ياق، بۇنىڭدىن كۆرە يەنە بىر قېتىم تۇتۇشۇپ بېقىش كېرەك ! مەيلى پورفىرىي بىلەن بولامدۇ... ياكى سۋىدرىگايلوف بىلەن بولامدۇ، يەنە بىر... ئۇلار يەنە بىر قېتىم جەڭ ئېلان قىلسا بولاتتى، يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلسا بولاتتى. توغرا، توغرا !» دەپ ئويلىدى ئۇ. راسكولنىكوف كىچىك ئاشخانىدىن چىقىپ، يۈگۈرگەندەك ئىتتىك ـ ئىتتىك ماڭدى. ئۇ دونيە بىلەن ئانىسىنى ئەسلىگىنىدە، نېمىشقىدۇر بىردىنلا يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى. شۇ كۈنى كېچىسى ئۇ تېخى تاڭ ئاتمايلا، كىرىستوف ئارىلىدىكى چاتقاللارنىڭ ئارىسىدا ئويغاندى.

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپ، تاڭ سەھەردە ئاران يېتىپ كەلدى. بىرنەچچە سائەت ئۇخلىغاندىن كېيىن، قىزىتمىسى ياندى. ئۇ ئويغانغان چاغدا چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ كاتېرىنىنا ئىۋانوۋنانىڭ بۈگۈن يەرلىككە قويۇلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇراسىمغا قاتنىشالماي قالغانلىقىدىن خۇشال بولدى. ناستاسىيە ئۇنىڭغا ئازراق تاماق ئەكىرىپ بېرىۋىدى، ئۇ تاماقنى ھوزۇرلىنىپ، ئىشتىھا بىلەن يېدى. كېيىنكى ئۈچ كۈندىكىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ كاللىسى بىر ئاز سەگەكلىشىپ، كۆڭلىمۇ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. بىردەمدىلا ئۆزىنىڭ نېمىشقا شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدى. ئىشىك ئېچىلىپ، رازۇمىخىن كىرىپ كەلدى.

— ئاھا ! ئۇ تاماق يەۋېتىپتۇ. دېمەك، ئاغرىق ئەمەس ئىكەن، — دېدى رازۇمىخىن، ئۇ ئورۇندۇقتىن بىرنى ئېلىپ، راسكولنىكوفنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بەكلا تىت ـ تىت بولۇپ تۇراتتى. لېكىن، بۇنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن دىققەت قىلمۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ ئالدىراپمۇ كەتمەي، ئاۋازىنى بەكلا كۆتۈرۈپمۇۋەتمەي گەپ قىلدى. قارىغاندا ئۇنىڭ كاللىسىدا قانداقتۇر بىر ئالاھىدە ھەتتا ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىرەر نىيىتى باردەك قىلاتتى، — ماڭا قارا، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، — سىلەر قانداق قىلساڭلار ئىختىيارىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، لېكىن مەن ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان، ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدىن زادى ھېچنېمە چۈشىنەلمىدىم؛ ئىلتىماسىم، مېنى سوراق قىلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپمۇ قالما، ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق ! مېنىڭ ھېچنېمىنى بىلگۈم يوق. سەن شۇ تاپتا جىمىكى سىرىڭنى دەپ

بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئاڭلىشىم ناتايىن. تۇكۇرۇۋېتىپ بولۇمغا كىتىۋېرىمەن. مەن بۇ يەرگە پەقەت شۇنى ئۇقۇۋالغىلى كەلدىم: ئالدى بىلەن سەن راستىلا ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، قانداق؟ بىلەمسەن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە سېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ ياكى پات ئارىدا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، دېگەن قاراش مەۋجۇت. يوشۇرمايمەن، ئالدى بىلەن سېنىڭ ئاشۇ ئەخمىقانە، قىسمەن رەزىل (يەنە كېلىپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان) قىلىقلىرىڭغا، ئاندىن قالسا، سېنىڭ تېخى يېقىندىلا ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭغا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭگە قاراپ، مەن ئۆزۈممۇ شۇنداق قاراشنى بەكلا قۇۋۋەتلەيمەن. ئەگەر ساراڭ بولمىساڭ، ئۇلارغا پەقەت مۇتتەھەم ۋە بۇزۇق ئادەملا ساڭا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ؛ شۇنىڭغا قارىغاندا، سەن چوقۇم ساراڭ بولۇپ قالدىڭ...

— سەن ئۇلارنى كۆرگىلى ئۇزاق بولدىمۇ؟

— ھازىرلا كۆردۈم. سەن ھېلىقى كۈنىدىن بۇيان ئۇلارنى كۆرمىگەنسەن؟ قېنى دەپ باققىنا، نەلەردە لاغايلاپ يۈردۈڭ، مەن سېنى ئىزدەپ ئۈچ قېتىم كەلدىم. تۈنۈگۈندىن بېرى ئاناڭ قاتتىق ئاغرىق، ئۇ سېنىڭ ئالدىڭغا كەلمەكچى بولۇۋىدى، ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئۇنى توسۇپ باقتى، لېكىن ئۇ گەپكە كىرمىدى. «ئەگەر ئۇ ئاغرىق بولسا، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان بولسا، ئۇنىڭغا ئانىسىدىن باشقا كىم قارىيالايدۇ؟» دەپ تۇرۇۋالدى. بىز بۇ يەرگە بىللە كەلدۇق، چۈنكى ئۇنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويالمايمىز ـ دە، بىز تاكى ئىشىكىڭ ئالدىغىچە ئۇنىڭغا خاتىرجەم بولۇڭ، دەپ تەسەللى بېرىپ كەلدۇق. بىز كىرسەك، سەن يوق ئىكەنسەن؛ ئۇ مانا مۇشۇ يەردە ئولتۇردى. ئون مىنۇت ئولتۇردى. بىز گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنىڭ يېنىدا تۇردۇق. كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، «ئۇ تالا ـ تۈزگە چىققۇدەك بولغاندىكىن، دېمەك ساق ئىكەن. ئۇ ئانىسىنى ئۇنتۇپتۇ. بىر ئانا بولغۇچىنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ خۇددى قەلەندەردەك بالىسىنىڭ مۇھەببىتىنى تىلىشى مۇناسىپ ئەمەس، ئۇ يات»

دېدى. ياتاققا يېنىپ بېرىپلا يېتىپ قالدى. ھازىر قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى. «كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى ئۇ، — سۆيگەن قىزىنى يوقلىغىلى ۋاقىت چىقىرالايدىكەن.» ئۇ سۆيگەن قىزى دەپ سوفيە سېمىيونوۋنانى دەيدۇ. سوفيە سېمىيونوۋنا لايىقىڭمۇ ياكى ئاشناڭمۇ، ئۇنى ئۇقمىدىم. شۇنىڭ بىلەن دەرھال سوفيە سېمىيونوۋنانىڭ ئۆيىگە باردىم. چۈنكى، بۇرادەر، ھەممىنى ئۇقۇپ باققۇم كەلدى. بېرىپ قارىسام، ئۇ يەردە بىر جەسەت ساندۇقتى تۇرۇپتۇ، باللار يىغلاۋېتىپتۇ، سەن يوق ئىكەنسەن. بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئۆزرە ئېيتىپ كېتىپ قالدىم. ياتاققا قايتىپ بېرىپ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاۋدوتيە رومانوۋناغا سۆزلەپ بەردىم. قارىغاندا بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇتامى يوق گەپلەر ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ سۆيگەن قىزىمۇ يوق ئىكەن. قارىغاندا ساراڭ بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، دېدىم. لېكىن، سەن بۇ يەردە خۇددى ئۈچ كۈن ئاچ قالغاندەك، كالا گۆشىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ ئولتۇرۇپسەن. دۇرۇس، ساراڭلارمۇ تاماق يەيدۇ دېسەكمۇ، سەن ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلمىغان بولساڭمۇ، قەسەم ئىچەلەيمەنكى، سەن... سەن ساراڭ ئەمەس! ئالدى بىلەن سەن ساراڭ ئەمەس. نېمە قىلىمىز دېسەڭلار ئىختىيارىڭلار، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق؛ چۈنكى بۇ يەردە چوقۇم بىر سىر بار، نېمىنىدۇر يوشۇرۇۋاتىسىلەر. مېنىڭ سىرىڭلارنى ئۇقۇۋېلىش ئۈچۈن كاللامنى قاتۇرۇپ يۈرگۈم يوق. مەن بۇ يەرگە سېنى تۆت ئېغىز تىللىۋالغىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالغىلى كەلدىم. ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.

— سەن ھازىر نېمە قىلماقچى؟

— مېنىڭ نېمە قىلىشىم بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

— ئېھتىيات قىل، سەن بېرىپ بولۇشىچە ھاراق ئىچمەكچى.

— بۇنى قانداق... قانداق بىلىۋالدىڭ؟

— ئوھو، ئەلۋەتتە بىلىمەن ـ دە!

رازۇمىخىن بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى.
— سەن بۇرۇندىنلا ئەقىللىك، سەن ھېچقاچان، ھېچقاچان سارالڭ بولۇپ باقمىدىڭ، — دېدى ئۇ بىردىنلا قىزغىنلىق بىلەن، — سەن توغرا دېدىڭ، مەن بېرىپ ھاراق ئىچمەكچى! خەير - خوش! — ئۇ كەتمەكچى بولۇپ قوزغالدى.
— ئالدىنقى كۈنى بولسا كېرەك، مەن سىڭلىمغا سېنىڭ گېپىڭنى قىلدىم، رازۇمىخىن.
— سېنىڭ گېپىڭنى؟ لېكىن... ئالدىنقى كۈنى سەن ئۇنى نەدە كۆردۈڭ؟ — دېدى رازۇمىخىن شاققىدا توختاپ، ئۇنىڭ چىرايى سەل - پەل تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ كۈچلۈك سوقۇشقا باشلىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.
— ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلدى. ئۆزى يالغۇز كەلدى. مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، مەن بىلەن سۆزلەشتى.
— ئۆزى دېدىڭما؟
— ھەئە ئۆزى.
— ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېدىڭ؟... مەن توغرۇلۇق دەيمەن.
— ئۇنىڭغا سېنى ناھايىتى ئوبدان، ساپ دىل، ئەمگەكچان ئادەم، دېدىم. ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى دەپ يۈرمىدىم. چۈنكى، ئۇ ئۆزىمۇ بىلىدۇ.
— ئۆزىمۇ بىلىدۇ؟
— ھە، ئەلۋەتتە بىلىدۇ! بۇنىڭدىن كېيىن مەن مەيلى قەيەرگە كېتەي، مەيلى قانداقلا ئىشقا يولۇقاي، سەن يەنىلا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بىر ئىلاھ بولۇپ قالغىن. مەن... نېمە دېسەم بولىدىكىن، ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم. رازۇمىخىن، بۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى، سېنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى تازا ئوبدان بىلىمەن، ئاندىن قەلبىڭنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنىمەن. بىلىمەن، ئۇمۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئېھتىمال سېنى ياخشى كۆرۈپمۇ قالغاندۇ. قالغىنىنى ئۆزۈڭ بەلگىلە، زادى قانداق قىلغىنىڭ ياخشىراق، ھاراق

ئىچىشىڭ كېرەكمۇ ـ يوق؟

ـــ رودكا... بىلەمسەن... ئۇ... ھەي... شەيتان! لېكىن، سەن نەگە بارماقچى؟ بىلەمسەن، بۇ ئەگەر سىر بولسا، بوپتۇ مەيلى! لېكىن مەن... بۇ سىرىڭنى چوقۇم بىلىۋالىمەن... ئىشىنىمەنكى، ئۇ جەزمەن بىمەنە ۋە قورقۇنچلۇق، تېلىغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان بىر ئىش، ھەممىسى ئۆزۈڭ ئويلاپ تاپقان نەرسىلەر. لېكىن، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، سەن ئىنتايىن ياخشى ئادەم! ئىنتايىن ئېسىل ئادەم!

ـــ ساڭا دېمەكچى بولۇپ تۇراتتىم. ئۆزۈڭ گېپىمنى بۆلۈۋەتتىڭ، سەن ھازىر ئۇ سىرلىرىڭنى ۋە خۇسۇسىي ئىشلىرىڭنى سۈرۈشتۈرگۈم يوق دېدىڭ، بۇ ئىنتايىن توغرا. ھازىرچە كارىڭ بولمىسۇن، ئالدىراپمۇ كەتمە. ۋاقتى يەتكەندە، يەنى سەن بىلىشكە تېگىشلىك چاغدا، ھەممىنى بىلىۋالىسەن. تۈنۈگۈن بىر ئادەم ماڭا: ئادەمگە ھاۋا كېرەك، ھاۋا، ھاۋا! دېگەنىدى. مەن ھازىرلا شۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى سوراپ باقماقچى.

رازۇمىخىن ئويچانلىق بىلەن ۋە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، نېمىلەرنىدۇر كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

«ئۇ بىر سىياسىي سۇيىقەستچى! چوقۇم شۇنداق. ئۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قەدەمنى باسماقچى، چوقۇم شۇنداق! باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە... ئۇنىڭ ئۇستىگە دونيەمۇ بىلىدۇ...» ئويلاپ قالدى ئۇ ئىچىدە.

ـــ ئۇنداقتا، ئاۋدوتيە رومانوۋنا سېنى كۆرگىلى پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىكەن ـ دە، ـــ دېدى رازۇمىخىن ھەربىر سۆزىنى دانە ـ دانە قىلىپ، ـــ سەن بولساڭ، كۆپرەك ھاۋا كېرەك ھاۋا، دېگەن ئادەمنىڭ يېنىغا بارماقچى، ئۇنىڭ ئۇستىگە... دېمەك، ھېلىقى خەتمۇ... شۇ ئىش بىلەن ئالاقىدار ئوخشايدۇ، ـــ دېدى ئۇ ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپىنى ئۆزىگە ئۆزى دەۋاتقاندەك قىلىپ.

— نېمە خەت؟
— ئاۋدوتيە رومانوۋنا بۈگۈن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خەت ئۇنى بەكلا بىئارام قىلىۋەتتى. بەكلا، ئىنتايىن بىئارام قىلىۋەتتى. مەن سەن توغرۇلۇق گەپ باشلىۋىدىم، ئۇ ئۆتۈنۈپ قالاي، بولدى قىلىڭ، دېدى. ئاندى... ئاندىن ئۇ ئېھتىمال بىز پات ئارىدا ئايرىلىپ كەتسەك كېرەك، دېدى... ئاندىن ئۇ نېمە ئىش ئۈچۈندۇر تولىمۇ كۆچەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ خانىسىغا كىرىپ كېتىپ، ئىشىكنى يېپىۋالدى.
— ئۇ خەت تاپشۇرۇۋالدىمۇ؟ — سورىدى راسكولنىكوف ئويچانلىق بىلەن.
— ھەئە، بىر خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ھىم...
ھەر ئىككىلىسى جىم بولۇپ قېلىشتى.
— خوش ئەمىسە، رودىئون. بىر مەزگىل... بۇرادەر، مەن... لېكىن، خەير - خوش، بىلەمسەن، بىر مەزگىل... ئۇ... خەير - خوش! مەنمۇ كېتىشىم كېرەك. ھاراق ئىچكىلى بارمايمەن، ئەمدى زۆرۈرىيىتى قالمىدى... گېپىڭ توغرا چىقمىدى!
ئۇ ئالدىراپ - سالدىراپ ماڭدى. لېكىن، تالاغا چىقىپ، ئىشىكنى يېپىپ بولۇپ، يەنە ئاچتى - دە، باشقا بىر جايغا قاراپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى:
— مۇنداقلا سوراپ باقاي! ھېلىقى قاتىللىق دېلوسى ئېسىڭدىمۇ، پورفىري بېجىرىۋاتقان دېلوچۇ، ھېلىقى موماينىڭ؟ ساڭا دەپ بېرەي، قاتىل تېپىلىپتۇ. ئۆز ئاغزى بىلەن ئىقرار قىپتۇ، دەلىل - ئىسپاتلارنىمۇ تاپشۇرۇپتۇ، ھېلىقى ئىككى ئىشچىنىڭ بىرسى ئىكەن. ھېلىقى ئىككى سىرچىچۇ. ئويلاپ باق، مەن مۇشۇ يەردە ئۇلارنى تازا ھىمايە قىلىۋىدىمغۇ، ئېسىڭدىمۇ؟ ئىشىنەمسەن، دەرۋازىۋەن بىلەن ھېلىقى ئىككى گۇۋاھچى پەلەمپەي بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ ھەمراھى بىلەن بىللە پەلەمپەيدە يومداقلىشىپ، قاقاھلاپ كۈلۈپتىكەنغۇ، بۇنى ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى چالغىتىش ئۈچۈن ئەتەي

قىپتىكەن. ئۇ ئىتتىنىڭ بالىسى شۇنچىلىك ھىيلىگەر، شۇنچىلىك ئۆزىنى تۇتۇۋالغان نېمىكەن دېسە، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ؛ لېكىن ئۇ ئۆزى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ، ھەممىنى بويىنىغا ئاپتۇ. مەن ئالدىنىپتىمەن! ئوھۇ، مېنىڭچە بولسا، ئۇ قۇرۇق ھەيۋە قىلىشتا، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشتە، قانۇنىنىڭ چەكلىشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتا تالانتلىق ئادەم بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق! ئەجەبا شۇنداق ئادەملەر يوقمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلمەي، ھەممىنى بويىنىغا ئالغانلىقى مېنى تېخىمۇ بەكرەك ئىشەندۈرۈۋەتتى، تېخىمۇ ئىشەنچلىكرەك... شۇ چاغدا مەن ئالدىنىپتىمەن! ئۇنى دەپ ئاچچىقىمدا ساراڭ بولايلا دەپتىمەن!

— قېنى دېگىنە، بۇلارنى سەن نەدىن ئاڭلىدىڭ، بۇ ئىشقا نېمىشقا مۇنچىۋالا قىزىقىپ قالدىڭ؟ — سورىدى راسكولنىكوف ئېنىقلا ھاياجانلىنىپ.

— گېپىڭنى قارا! نېمىشقا قىزىقىپ قالدىڭ، دېگىنىڭنى! مەندىن سوراۋاتقىنىڭنى!... مەن پورفىرىيدىن ئاڭلىدىم، باشقىلاردىنمۇ ئاڭلىغان... لېكىن ئۇنىڭدىن پۈتۈن ئەھۋالنى دېگۈدەك ئۇقۇۋالدىم.

— پورفىرىيدىن؟

— ھەئە، پورفىرىيدىن.

— ئۇ... ئۇ نېمىلەرنى دېدى؟ — سورىدى راسكولنىكوف ساراسىمىگە چۈشۈپ.

— ئۇ ماڭا بۇ ئىشنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويدى. ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە پىسخولوگىيە جەھەتتىن چۈشەندۈردى.

— ئۇ چۈشەندۈرۈپ قويدىمۇ؟ شەخسەن ئۆزى چۈشەندۈرۈپ قويدى؟

— شەخسەن ئۆزى، شەخسەن ئۆزى. خەير - خوش! تەپسىلاتىنى ساڭا كېيىن دەپ بېرەي، ھازىر ئىشىم بار. بىر... بىر مەزگىل، مەن تېخى... بولدىلا؛ كېيىن سۆزلىشەيلى!... ئەمدى

بىرىپ هاراق ئىچىپ نېمە قىلىمەن. سەن مېنى هاراق ئىچۈرمەيلا مەست قىلىپ قويدۇڭ. مەن مەست بولۇپ قالدىم، رودكا ! مەن هازىر هاراق ئىچمەيلا مەست بولۇپ قالدىم. بوپتۇ، خەير ـ خوش، مەن بىردەمدىن كېيىن يەنە كېلىمەن.

ئۇ چىقىپ كەتتى.

«ئۇ سىياسىي سۈيىقەستچى، چوقۇم شۇنداق، چوقۇم شۇنداق ! ـــ پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىدە بىر قارارغا كەلدى رازۇمىخىن، ـــ يەنە كېلىپ سىڭلىسىنىمۇ بۇ ئىشقا چېتىۋالدى؛ ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن، بەك يېقىن. ئۇلار ئۇچرىشىپتۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇمۇ ماڭا بېشارەت بەرگەن... ئۇنىڭ نۇرغۇن گەپلىرىدىن... نۇرغۇن سۆز ـ ئىبارىلىرىدىن... بەرگەن بېشارەتلىرىدىن قارىغاندا، ھەممە ئىش دەل شۇنداق بولسا كېرەك ! ئۇنداق بولمىسا، بۇ مالىماتاڭ ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟... ھىم، يا پەرۋەردىگار، مەن تېخى نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم ـ ھە ! شۇ ئەمەسمۇ، كاللام تازا ئېلىشىپ كېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن ! ھېلىقى كۈنى دەھلىزدىكى چىراغنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆزى كاللامنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى، تۇفى ! شۇنداق پەسكەش؛ شۇنداق يۈزە، شۇنداق ئېپلاس ئويلارنى ئويلاپ كېتىپتىمەن دېسە ! نىكولاي ئوغۇل بالا ئىكەن، ئىقرار قىپتۇ... ئۆتكەنكى ھەممە ئىش مانا ئەمدى يەنە نەقەدەر ئېنىق بولۇپ كەتتى ـ ھە ! ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى كېسىلى، جىمىكى غەلىتە قىلىقلىرى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى، ئالىي مەكتەپتە قاپاق ئاچماي، دائىم خاپىخان يۈرۈشلىرى شۇنىڭدىن ئىكەن ـ دە... لېكىن ھېلىقى خەت نېمە گەپ ئۆزى؟ ئېھتىمال بۇنىڭدا بىر گەپ بولسا كېرەك. بۇ خەتنى كىم يازغاندۇ؟ گۇمانىمچە... ھىم... ياق، مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇقۇۋېلىشىم كېرەك.»

ئۇ دونيە ھەققىدىكى ھەممە ئىشنى ئەسلەپ خىيالىدىن

ئۆتكۈزۈپ بېقىۋىدى، يۈرىكى گويا ئۇرۇشتىن توختاپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن قوزغىلىپ يۈگۈردى.

رازۇمىخىن چىقىپ كېتىشىگە، راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزە تەرەپكە بۇرالدى، ئۆيىنىڭ تارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، بۇ بۇلۇڭدىن ئۇ بۇلۇڭغا باردى. ئاندىن... يەنە دىۋانغا بېرىپ ئولتۇردى، ئۇ خۇددى باشقىدىن تۇغۇلغاندەكلا بولۇپ قالغانىدى؛ ئۇلار بىلەن يەنە بىر تۇتۇشۇپ بېقىش كېرەك — دېمەك، ئۇ چىقىش يولىنى تاپتى.

شۇنداق. دېمەك، چىقىش يولى تېپىلدى! ئۇنداق بولمىغاندا، ھەممىنى ئىچىگە يۇتىۋېرىپ، ئىچى تىتىلداپ قىينىلىپ كەتكەن بولاتتى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا بېشى قېيىۋەرگەن بولاتتى. ئۇ مىكولكانى پورفىرىينىڭ ئالدىدا كۆرگەندىن تارتىپ ئۆزىنى نەگە قويۇشىنى بىلمەيلا قالغان. چىقىش يولى قالمىغاندەك ھېس قىلىپ، تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مىكولكانى كۆرۈپ بولۇپ شۇ كۈنىلا، سونيەنىڭ ئۆيىدە ھېلىقى ئويۇننى ئوينىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قىلىقلىرى ۋە ئاخىرىدا دېگەن گەپلىرى ئۇنىڭ ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك بولماي چىقتى... شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرپەستىلا زەئىپلىشىپ كەتتى! بىردىنلا تۈگىشىپ كەتتى! شۇ چاغدا ئۇ سونيەنىڭ پىكرىگە قوشۇلغانىدى. قوشۇلغاندىمۇ ئۆزى قوشۇلدى. چىن دىلىدىن قوشۇلدى؛ ئۇ بۇ ئىشنى ئىچىگە يۇتۇپ، يالغۇز ـ يېگانە ئۆتىۋەرسە بولمايتتى. ئۇنداقتا سۋىدرىگايلوفچۇ؟ سۋىدرىگايلوف بىر سىر بولۇپ قالدى... سۋىدرىگايلوف ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلىۋەتتى. بۇ راست، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنى ھېلىقى جەھەتتىن بىئارام قىلالمىدى. ئۇ بەلكىم سۋىدرىگايلوف بىلەن بىر تۇتۇشۇپ بېقىشى مۇمكىن. سۋىدرىگايلوف بىلەن تۇتۇشۇش ئېھتىمال ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋېلىشىنىڭ بىر يولىدۇر. پورفىرىيغا كەلسەك، بۇ باشقا گەپ.

«دېمەك، پورفىرىي رازۇمىخىنغا شەخسەن ئۆزى چۈشەندۈرۈپ

قويۇپتۇ، پسخولوگىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۇ لەنىتى پسخولوگىيەسىنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ! پورفىري ـ ھە؟ لېكىن مىكولكا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇلار يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ گەپلەشكەن. بۇنىڭ پەقەت بىرلا توغرا ئىزاھاتىنى تېپىش مۇمكىن، ئاشۇ ئويۇنلار ئوينالغاندىن كېيىن، پورفىرىينىڭ نىكولاي جىنايەتچى دېگەنگە ھەتتا بىر دەملىككە بولسىمۇ ئىشىنىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ (ئاشۇ كۈنلەردە راسكولنىكوف پورفىري بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدىكى ئىشلاردىن بەزىلىرىنى بىرنەچچە قېتىم كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ھەممىنى تولۇق ئەسلەشكە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.) شۇ چاغدا ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنداق سۆزلەرنى دېيىشتىكى، شۇنداق ھەرىكەتلەر ۋە ئىشارەتلەرنى قىلىشتىكى، بىر ـ بىرىگە شۇنداق نەزەرلەرنى تاشلاشتىكى، شۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشتىكى، گەپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، پورفىرىينىڭ كۆزقارىشىنى تۈپتىن تەۋرىتىش ھەرگىزمۇ مىكولكانىڭ قولىدىن كەلمەيتتى (پورفىري مىكولكانىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ بىرىنچى ئېغىز سۆزىدىن ۋە بىرىنچى ھالىتىدىنلا ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنىدى).

«نېمە گەپ ئۆزى! ھەتتا رازۇمىخىنمۇ گۇمانلىنىشقا باشلىغان ئەمەسمىدى! دەھلىزدىكى چىراغ ئاستىدا بولۇنغان گەپلەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ بەرمەيمۇ قالمىغانىدى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى پورفىرىينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ... لېكىن، پورفىري نېمە ۋەجىدىن ئۇنى شۇنداق ئالدىدى؟ ئۇ رازۇمىخىننىڭ دىققىتىنى مىكولكاغا بۇرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزى نېمە؟ ئۇ كۆڭلىدە بىرنەرسىنى ئويلاپ قويغان بولسا كېرەك. ئۇ چوقۇم بىرنېمىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى زادى نېمە؟ دەرۋەقە، شۇ كۈنى ئەتىگەندىن بېرى، ناھايىتى ئۇزۇن، بەك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، لېكىن پورفىري توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ ـ سۆز بولۇنمىدى. راست،

بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس...» راسكولنىكوف شىلەپىسىنى ئېلىپ، خىيال سۈرگىنىچە ئۆيدىن چىقتى. ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ھېچبولمىغاندا كاللىسىنى سەگەك تۇتۇشى ئىدى. «سۋىدرىگايلوف بىلەن بولغان مەسىلىنى چوقۇم ھەل قىلىۋېتىشىم كېرەك، — ئويلىدى ئۇ، — قانداقلا بولمىسۇن ھەل قىلىۋېتىشىم كېرەك، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ ئالدىغا بېرىشىمنى كۈتۈۋاتقاندۇ.» دەل شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ھارغىن قەلبىدە شۇ قەدەر كۈچلۈك قىساس ئويغاندىكى، ئۇ ئۇلاردىن بىرسىنى — پورفىرىينى ياكى سۋىدرىگايلوفنى — ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمۇ ئېھتىمال ئىدى. ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭغا ھازىرنىڭ ئۆزىدە قول سالمىغان تەقدىردىمۇ، كېيىنچە شۇنداق قىلىدىغاندەك سېزىلدى. «قېنى كۆرەرمىز. قېنى كۆرەرمىز» ئويلىدى ئۇ ئىچىدە يېنىش - يېنىشلاپ.

لېكىن، ئۇ دەھلىزنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىغا، كۈتمىگەندە ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن پورفىرىي بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. راسكولنىكوف بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ پورفىرىينىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالمىدى، ئۇنچىلىك قورقۇپمۇ كەتمىدى، ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى. لېكىن، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. «بەلكىم يىغىشتۇرۇشنىڭ ۋاقتى يەتكەندۇ! لېكىن، ئۇ قانداق قىلىپ، مۈشۈكتەك تۇيدۇرماي يېقىنلاشتىكىن؟ مەن ئەجەب ھېچقانداق شەپىنى ئاڭلىماي قاپتىمەن دېسە؟ ئۇ ئوغرىلىقچە قۇلاق سېلىۋاتقانمىدۇ يا؟»

— مېھمان كېلىشىنى كۈتمىگەن بولغىيدىڭىز، روديئون رومانوۋىچ؟ — دېدى پورفىرىي كۈلۈپ، — ئۇزاق بولغان، سىزنى يوقلاپ كېلەرمەن دەپ ئويلىغىلى، بۈگۈن بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن سىز بىلەن كۆرۈشكەچ بەش مىنۇت ئولتۇرۇپ چىقسام بولمامدۇ، دەپ كىرىشىم. سىرتقا

چىقماقچىمىدىڭىز؟ مەن ئانچە ئۇزاق ئولتۇرمايمەن، ناھايىتى بىر تال تاماكا چېكىپ بولغۇچىلىكلا ئولتۇرىمەن. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز.

— ئولتۇرۇڭ، پورفىرىي پېترووۋىچ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى راسكولنىكوف مېھماننى تولىمۇ دوستانىلىك بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىپادىسىنى كۆرەلىگەن بولسا ئىدى، چوقۇم ھەيران قالغان بولاتتى. ئىشقىلىپ دۇمباق يېرىلدى، ئەمدى باشقا كەلگىنىنى كۆرگۈلۈك! بەزىدە ئادەم قاراقچىغا يولۇقۇپ قالسا، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم ۋەھىمىسىگىمۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە چىدايدۇ. ئاخىر بېرىپ پىچاق بويىنىغا تىرەلگەن چاغدا بولسا، قورقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. راسكولنىكوف پورفىرىينىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ كۆزلىرىنى چىپىقلاتماستىن ئۇنىڭغا تىكىلدى. پورفىرىي كۆزلىرىنى قىسىۋېلىپ، تاماكا تۇتاشتۇردى.

«خوش قېنى، گېپىڭنى قىلە، سۆزلە، — بۇ سۆز گويا راسكولنىكوفنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققاندەكلا قىلدى، — ھە، نېمىشقا، نېمىشقا، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟»

## 2

— ھەي، مۇشۇ تاماكا دېگەن نەرسىمىغۇ! — پورفىرىي پېترووۋىچ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، بىرنەچچىنى شورىۋالغاندىن كېيىن، ئاخىر گەپ باشلىدى، — زىيانلىق، پۈتۈنلەي زىيانلىق، شۇنداقتىمۇ تاشلىيالمىدىم! يۆتىلىمەن، گېلىم قىچىشىدۇ، دېمىم سىقىلىدۇ. بىلەمسىز، مەن بەك قورقۇنچاق. يېقىندا كۆرۈنۈپ باقاي، دەپ دوختۇرنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدىم، ئۇ ھەربىر ئادەمنى كەم دېگەندە يېرىم سائەت تەكشۈردى؛ ئۇ مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى؛ چېكىپ باقتى، تىڭشاپ باقتى،

ئاندىن مۇنداقلا دەپ قوياي، تاماكا سىزگە زىيان قىلىدۇ، ئۆپكىڭىز كېڭىيىپ كېتىپتۇ، دېدى. لېكىن، تاماكىنى قانداق تاشلايمەن؟ تاشلىغاندىن كېيىن ئورنىنى نېمە بىلەن تولدۇرىمەن؟ چاتاق يېرى، هاراق ئىچمەيمەن، هى ـ هى ـ هى... هاراق ئىچمەيدىغىنىم چاتاق ! هەممە ئىش نىسپىي بولىدۇ، رودئون رومانوۋىچ، هەممە ئىش نىسپىي بولىدۇ !

«بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى، ئېهتىمال ئۇ ئىلگىرىكى ئويۇنىنى يەنە ئويناۋاتسا كېرەك !» ئويلىدى راسكولنىكوف بىزار بولۇپ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن تېخى يېقىندىلا ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقان چېغىدىكى هەممە ئەهۋال بىردىنلا يادىغا كەلدى ـ دە، شۇ چاغدىكى تۇيغۇلار يەنە خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كېلىپ ئۇنى غەرق قىلىۋەتتى.

— ئالدىنقى كۈنى ئاخشام سىزنى ئىزدەپ كەلگەن، خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟ — دېدى پورفىرىي ئۆينىڭ ئىچىنى كۆزدىن كەچۈرگەچ، — مۇشۇ ئۆيگە كىرگەن، نەق مۇشۇ ئۆيگە، خۇددى بۈگۈنكىدەك بۇ يەردىن ئۆتۈپ قېلىۋىدىم — سىزنى جاۋابەن زىيارەت قىلىپ قوياي دەپ ئويلىغان، يۇقىرىغا چىقسام، ئۆيىڭىزنىڭ ئىشىكى داغدام ئوچۇق تۇرۇپتۇ؛ ئەتراپقا قاراپ باقتىم، بىردەم ساقلاپ باقتىم. خىزمەتچى ئايالغىمۇ دەپ قويماي قايتىپ كەتتىم. سىز ئىشىككە قۇلۇپ سالمامسىز؟

راسكولنىكوفنىڭ چىرايى بارغانسېرى تۇتۇلماقتا ئىدى، پورفىرىي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئۇققاندەك قىلدى.

— مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويغىلى كەلگەن، قەدىرلىك رودئون رومانوۋىچ، چۈشەندۈرۈپ قويغىلى ! سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك ھەم شەرت، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، ئۇ ھەتتا ئالىقىنى بىلەن راسكولنىكوفنىڭ تىزىغا بوش ئۇرۇپ قويدى. لېكىن، دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە دېگۈدەك ئۇنىڭ چىرايىدا بىردىنلا جىددىيلىك ۋە ئەندىشە ئالامىتىمۇ پەيدا بولدى. شۇ نەرسە راسكولنىكوفنى هەيران قالدۇردى، ئۇنىڭ چىرايىنى

قايغۇ ـ ھەسرەت قاپلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. راسكولنىكوف ئۇنىڭ چىرايىدا ئىلگىرى مۇنداق ئالامەتنى كۆرۈپ باقمىغان، كۆرەرمەن دەپ خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى، — رودىئون رومانوۋىچ، يېقىندا ئۇچراشقان چېغىمىزدا، ئوتتۇرىمىزدا غەلىتە بىر ۋەقە بولدى. ئېھتىمال، بىز تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندىمۇ شۇنداق غەلىتە ۋەقە يۈز بەرگەندۇ؛ لېكىن شۇ چاغدا... راست، مانا ئەمدى بىرسى يەنە بىرسىگە توغرا كېلىپ قالدى! مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئېھتىمال ئالدىڭىزدا ئەيىبلىكتۇرمەن؛ بۇنى ئۆزۈممۇ سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئېسىڭىزدىمۇ، ئۆتكەندە بىر ـ بىرىمىز بىلەن قانداق خوشلاشقانلىقىمىز، نېرۋىلىرىڭىز جىددىيلىشىپ، تىزلىرىڭىز تىترەپ كەتكەن؛ مېنىڭ نېرۋىلىرىممۇ جىددىيلىشىپ، تىزلىرىم تىترەپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىلەمسىز، شۇ چاغدا ھەر ئىككىمىزنىڭ مۇئامىلىمىز ياخشى بولمىغان، ئالىيجانابلىق قىلالمىغانىدۇق. لېكىن، بىز ھەرھالدا يۈكسەك ئەخلاقلىق ئادەملەر ئىدۇق؛ يەنى مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىز ئالدى بىلەن يۈكسەك ئەخلاقلىق ئادەملەردىن بولۇشىمىز كېرەك ئىدى؛ بۇنى چۈشىنىش كېرەك. ئىشنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكى ھەرھالدا ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك... ھەتتا تولىمۇ سەت ئىش بولدى.

«بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنى، ئۇ مېنى نېمە چاغلاۋاتىدۇ؟» ئۆز ـ ئۆزىدىن سورىدى راسكولنىكوف ھەيران بولۇپ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ پورفىرىيغا قارىدى.

— مېنىڭچە ھازىر ئىككىمىز ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلەشكىنىمىز ياخشى، — داۋام قىلدى پورفىرىي، ئۇ گويا ئۆزىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىر ئادەمنى تەڭلىكتە قويغۇسى يوقتەك، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئۇسۇللىرىنى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئەمدى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس كەينىگە تارتىپ، قاپاقلىرىنى پەسكە ساڭگىلاتتى، — شۇنداق، مۇنداق گۇمانسىراشلارنى ۋە مۇنداق ھالەتنى ئۇزاققىچە

داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. مىكولكا ئارىمىزنى ئىچىپ قويىدى. بولمىسا، بىلمىدىم ئارىمىزدىكى ئىش قەيەرگىچە بېرىپ يېتەتتىكىن. ھېلىقى مۇتتەھەم ھۈنەرۋەن شۇ چاغدا مېنىڭ خانامغا ئارىتام ئۆيدە ئىدى. بۇنى تەسەۋۋۇر قىلالامسىز؟ ئەلۋەتتە ھازىر سىز بۇ ئىشنى بىلىسىز؛ كېيىن ئۇنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن خەۋىرىم بار؛ لېكىن، سىز شۇ چاغدا قىياس قىلغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مەن ھېچكىمنى ئىزدەپ بارمىغان، ھېچقانداق ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ قويمىغان. سىز نېمىشقا ئورۇنلاشتۇرمىغان دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. مەن سىزگە نېمە دېسەم بولىدىكىن. ماڭا شۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدا ماڭا بەئەينى بىر توقماق بولۇپ تەگكەندى، ھەتتا دەرۋازىۋەنلەرنىمۇ مىڭ مۇشەققەتتە تاپتۇرۇپ كېلىۋىدىم (چىقىپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا، ئىككى دەرۋازىۋەننى كۆرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن). شۇ چاغدا كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال كەلگەن. بىلەمسىز، رودىئون رومانوۋىچ، شۇ چاغدا مەن بۇ ئىشقا قاتتىق ئىشىنەتتىم. مەيلى دەپ ئويلىدىم. بۇ ئىشنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇراي، لېكىن باشقا بىر ئىشنى چىڭ تۇتىمەن — ھېچبولمىغاندا ماڭا زۆرۈر ئادەمنى يېنىمدىن ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن. رودىئون رومانوۋىچ، سىز بەكمۇ ئاسان ھاياجانلىنىدىغان بولۇپ قاپسىز، بۇ سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە ۋە باشقا ئىچكى سۈپەتلىرىڭىزگە ماس كەلمەيدۇ. سىزنىڭ ئۇ سۈپەتلىرىڭىزنى نېمىلا دېگەنبىلەن مەن ئاز ـ تولا بىلىمەن. ئەلۋەتتە، شۇنداق بولسىمۇ، شۇ چاغدا مەنمۇ ئويلىغان، بىر ئادەمنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىچ ـ باغرىدىكى ھەممە نېمىنى تۆكۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلغىلى بولمايدۇ، مۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر سىز بىر ئادەمنى چىدىغۇسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويسىڭىز، مۇشۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، مۇنداق ئەھۋال كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا مېنىڭ ئەقلىم يېتىدۇ. ياق، مېنىڭچە،

ماڭا ئازراقىنا ئاساس بولسىلا بولىدۇ، كىچىككىنە بولسىمۇ مەيلى، پىسخولوگىيە جەھەتتىكى نەرسىلەر بولماي، كۆرگىلى، تۇتقىلى بولىدىغان نەرسە بولسىلا بولاتتى. چۈنكى، مېنىڭچە، ئەگەر بىرەر ئادەم جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنتايىن مۇھىم بىرەر نەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ ھەتتا كۈتۈلمىگەن نەتىجىگە ئېرىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزدىن ئۈمىد كۈتۈۋىدىم، رودىئون رومانوۋىچ، ئاساسلىقى تەبىئىتىڭىزدىن! شۇ چاغدا مەن سىزدىن زور ئۈمىد كۈتكەن.

— سىز... سىز ئەمدىلىكتە ماڭا نېمىدەپ بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ — دېدى ئاخىر راسكولنىكوف غودۇڭشىپ، ئۆزىنىڭ شۇ سوئالى بىلەن زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەي. «ئۇ نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ؟ — ئويلىدى راسكولنىكوف پىكرى چېچىلىپ، — ئەجەبا ئۇ مېنى راستىلا گۇناھسىز دەپ قاراۋاتامدىغاندۇ؟»

— نېمىدەپ بۇ گەپلەرنى دەپ يۈرىسىز؟ ئۇقۇشماسلىقنى ئىزاھلاپ قوياي دەپ دەۋاتىمەن. شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ مېنىڭ مۇقەددەس بۇرچۇم. جىمىكى جەريانىنى، جىمىكى ئۇقۇشماسلىقنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قوياي دەيمەن. رودىئون رومانوۋىچ، سىزنى قاتتىق ئازابلىدىم. مەن مۇتتەھەم ئەمەس. ئۆزى مەيۇس، لېكىن مەغرۇر، باشقىلارغا بۇيرۇق بېرىپ ئۆگىنىپ قالغان، ئالدىراڭغۇ، بولۇپمۇ ئالدىراڭغۇ بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسە قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىمەن! مەيلى قانداقلا بولسۇن، مەن سىزنى ئىنتايىن ئالىيجاناب ئادەم دەپ بىلىمەن، گەرچە مەن سىزنىڭ بەزىبىر ئەقىدىلىرىڭىزگە قوشۇلالمىساممۇ، سىز خېلىلا قولى ئوچۇق ئادەم؛ سىزگە مانا شۇنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن، ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن ئالدىنئالا ئېيتىپ قوياي، ئۆزۈمنىڭ مەجبۇرىيىتىم دەپ

قارايمەن. چۈنكى، مەن سىزنى ئالداشنى خالىمايمەن. تونۇشقان چېغىمىزدىلا سىز ماڭا ئىنتايىن يېقىملىق تۇيۇلغانىدىڭىز. مۇنداق دېسەم كۈلۈشىڭىز مۇمكىن. سىز كۈلۈشكە ھەقلىق. بىلىمەن، سىز مېنى باشتىلا يامان كۆرۈپ قالدىڭىز، ئەمەلىيەتتە مېنى يامان كۆرۈپ قىلىشىڭىزمۇ ئورۇنلۇق. ماڭا قانداق قارىغۇڭىز كەلسە، شۇنداق قاراۋېرىڭ. لېكىن، مەن ئۆز جەھەتىمدىن ئېيتقاندا، شۇنداق تەسىراتنى بارلىق چارىلەر بىلەن تۈگىتىۋېتىشنى ھەمدە سىزگە مېنىڭمۇ ھېسسىياتلىق، ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ھەقىقىي يۈرەك سۆزۈم.

پورفىرىي پېترووۋىچ سالاپەت بىلەن بىردەم جىم تۇرۇۋالدى. راسكولنىكوفنىڭ كۆڭلىگە يەنە ۋەھىمە چۈشتى. ئۇ پورفىرىينىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز دەپ قارىشىدىن بىردىنلا قورقۇپ قالدى.

— بۇنىڭ شۇ چاغدا قانداق قىلىپ كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەنلىكىنى بىر باشتىن سۆزلەپ ئولتۇرۇش بىھاجەت بولسا كېرەك، — داۋام قىلدى پورفىرىي پېترووۋىچ، — مېنىڭچە مۇنداق قىلىش ئارتۇقچە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشىممۇ ناتايىن. چۈنكى، بۇنى قانداق قىلىپ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولسۇن؟ دەسلەپتە بەزىبىر مىش - مىش گەپلەر چىقىپ قالدى. ئۇ مىش - مىش گەپلەر زادى نېمە، ئۇ گەپلەر كىمدىن ۋە قاچان چىقتى... شۇنداقلا بۇ مىش - مىش گەپلەر قانداقلارچە سىزگە بېرىپ تاقىلىپ قالدى. مېنىڭچە، بۇلارنى دەپ ئولتۇرۇشمۇ ئارتۇقچە. مېنىڭ گۇمانىم بىر تاسادىپىي ئىشتىن باشلاندى. پۈتۈنلەي تاسادىپىي بىر ئىشتىن باشلاندى. كۈتۈلمىگەن ئۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىمۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن، يۈز بەرمەسلىكىمۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن. نېمە ئىش؟ ھىم، مېنىڭچە بۇنىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى، ئاشۇ پىتنە - پاساتلار ۋە ھېلىقى

كۆتۈلمىگەن ئىش كاللامدا بىر پىكىر تۇغدۇردى. مەن ئۇچـۇق ـ يورۇق تەن ئالـىمەن. چۈنكى، ئۇچۇق ـ يـورۇق بولۇش ئۈچـۈن، ئەڭ ياخشىسى ھەممـە ئىشنـى ئۇچۇق ـ يورۇق دېيىش كېـرەك. شـۇ چاغدا مەن بـىرىنچـى بولۇپ سـىزنى يادىمـغا كەلـتـۈردۈم. ھېلىقـى موماي گۆرۈگـە قويۇلغـان نەرسىلـەرگە بەلگـە قىلـىپ قويۇپتىكەن ۋەھاكازا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى يوق گـەپ. بۇنداق بىرنېمىلەرنى يۇزلـەپ تېپىـش مۇمكىـن. مەن شۇ چاغـدا ساقچى ئىدارىـسىنىـڭ ئىشخـانىسـىدا يۈز بەرگـەن ئىشنىـڭ تەپسىلاتىنى تاسادىپىي ئاڭلاپ قالدىم. لـېكىن، تـوغرا كەلگـەن ئادەمدىن يول ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە، ئىنتايىن مۇھىم بىر ئادەمدىـن ئاڭلىـدىم. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمـاستىن شـۇ چاغدىكى ئەھۋالنى ئېسىدە ناھايىتى ئېنىق ساقلاپ قاپتىكەن، قەدىرلىك رودىئون رومانوۋىچ، بىلەمسىز، ئىشـلار مانا شۇنـداق بىر يەرگـە جۇغلىنىپ قالدى، مانا شۇنـداق بىر يەرگـە جۇغلىـنىپ قالـدى! شۇنداق ئەھۋالدا پىكرىمنىڭ بىر ياققا ئاغماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ خۇددى ئىنگلىزلارنىڭ بىر ماقالىدا دېيىلگىنىدەك، يۈز توشقـان يىغىلىپ بىر ئات بولالمايدۇ. يۈز گـۇمان يىغىلىپ بىر پاكىـت بولالمايدۇ. بۇ ناھايىتى ئاقىلانە گەپ خالاس. لـېكىن، كاللىسى قىزىپ كەتسە، كاللىسى قىزىپ كەتسە، ئادەم ئۆزىنى كونتـرول قىلالماي قالىدۇ، چۈنكى تەرگەۋچىمۇ ئادەم ـ دە. شۇ چاغدا مـەن يەنە سىزنىڭ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىزنى ئەسلەپ قالدىم، ئېسىڭىزدىمۇ؟ سىز مېنى بىرىنچى قېتىم ئىزدەپ كەلگىنىڭىزدە، بىـز شـۇ ماقالـە تـوغرۇلـۇق تـەپسىلـىي سـۆزلەشكەنىدۇق. مېنىـڭ شۇ چاغـدا ئـۇ ماقالىـنى زاڭلىـق قىلىشىم سىزدىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. مـەن يەنە بىـر قېتىم دەي، رودىئون رومانوۋىچ، سىز بەكلا ئالدىراڭغۇ، بىتاقەت ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتتىق ئاغرىق ئىدىڭىز. سىز يۈرەكلىك، مەغرۇر، ئەستايىدىل، ئۇنىڭ ئۈستىگـە... ئۇنىڭ ئـۈستىگە تەسىراتلىرىڭىزمۇ كۆپ، مەن بۇلارنى ئاللىبۇرۇنلا بىلمۇالغان.

مەن سىزنىڭ شۇنداق تەسىراتلىرىڭىزنى بىلىدىغان بولغاچقا، ماقالىڭىزنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇ ماڭا ناھايىتى تونۇشتەك تۇيۇلدى. ئۇ ماقالە تالاي ــ تالاي ئۇيقۇسىز كېچىلەردە، قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بىر ھالەتتە، بىر تال يۇرەك گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان ۋە قايناق قىزغىنلىق بېسىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا پىكىر قىلىنىپ پىشۇرۇپ چىقىلغان. ياشلارنىڭ تەكەببۇرانە، بېسىلىپ تۇرۇۋاتقان قىزغىنلىقى نەقەدەر خەتەرلىك ــ ھە! شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ زېنىڭىزغا تېگىمۇ بىلدىم. لېكىن، ھازىر سىزگە شۇنى ئېيتىپ قوياي، بىر ھەۋەسكار بولۇش سۈپىتىم بىلەن، قەلەمنى دەسلەپ قولغا ئالغان چاغدىكى مۇنداق جۇشقۇنلۇقنى، قىزغىنلىقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. بۇنىڭدىن ئىس ــ تۈتەك، تۇمان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تۇمان ئىچىدە بولسا سازنىڭ ئاۋازى جاراڭلايدۇ. ماقالىڭىزدا بىمەنە، ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر نەرسىلەر يېزىلغان ــ يۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن سەممىيلىك چاقناپ تۇرىدۇ. ياشلارنىڭ تەھدىت ئالدىدىمۇ سۇنمايدىغان تەكەببۇرلۇقى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ ــ يۇ، ئۇنىڭدا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىكى باتۇرلۇقمۇ بار، ماقالىڭىزدىن ئۈمىدسىزلىك چىقىپ تۇرىدۇ ــ يۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى ياخشى يېزىلغان. مەن ئۇ ماقالىڭىزنى ئوقۇپ بولۇپ، بىر چەتكە قويۇپ قويدۇم... شۇ چاغدا، مەن ئۇنى بىر چەتكە قويۇۋېتىپ «دۇرۇس، بۇ ئادەم بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ!» دەپ ئويلىدىم. خوش، ئەمدى ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭچۇ، مانا شۇنداق باشلىنىشتىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ ئاخىرىغا قىزىقماي قالالايتتىممۇ؟ يا پەرۋەردىگار، مەن ھازىر بىرنېمە دېدىممۇ؟ ھازىر مەن بىرەر نەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتىمەنمۇ؟ مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئىشقا دىققەت قىلىپ قالغان، خالاس. مېنىڭ ئويلىغىنىم، ئۇ بىر كارامەت ئىشمىدى؟ ئۇ كارامەت ئىش ئەمەس. ھەرگىز كارامەت ئىش ئەمەس. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئەجەبلەنگۈچىلىكىمۇ يوقتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تەرگەۋچى بولۇپ تۇرۇقلۇق، مۇشۇنداق خىياللارغا مەپتۇن بولۇپ يۈرۈشنىڭ

ئۆزىمۇ بەك سەت. ھازىر مىكولكا مېنىڭ ئالدىمدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بويىنىغا ئالدى ــ مەيلى قانداقلا ئويلىمايلى، ئىشقىلىپ دەلىل ـ ئىسپاتلار تولۇق! ئۇمۇ ئۆزىنىڭ پسىخولوگىيەلىك ئاساسلىرىنى تولۇق دېدى؛ ئۇنىڭ ئىشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك؛ چۈنكى بۇ ھايات ـ ماماتلىق مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. مەن شۇ تاپتا بۇلارنى سىزگە نېمە ئۈچۈن چۈشەندۈرۈۋاتىمەن؟ مەقسىتىم، سىزنى بىلىپ قالسىكەن، شۇ چاغدا يامان مۇئامىلە قىلغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەقلىي جەھەتتىن، ھېسسىيات جەھەتتىن ئەيىبلىمىسىكەن، دەيمەن. مەن سىزگە يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلىۋاتىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ يامان نىيىتىم يوق ئىدى. ھى ـ ھى! سىز نېمە دەپ ئويلايسىز: شۇ چاغدا مەن ئۆيىڭىزگە كېلىپ، ئۆيىنى ئاختۇرۇپ باقمىغاندىمەنمۇ؟ ياق، كەلدۇق. ئاختۇرۇپ باقتۇق. ھى ـ ھى! مەن كەلسەم سىز مۇشۇ كارىۋاتتا ئاغرىپ يېتىپتىكەنسىز. رەسمىي يوسۇندا، ئۆزۈمنىڭ ئەسلىي قىياپىتىمدە بولمىسىمۇ، بۇ يەرگە كەلدىم. گۇمانلىق ئالامەت بايقالغان ھامان، ئۆيىڭىزنى ھەتتا بىرەر تال چاچىنىمۇ قويماي ئاختۇرۇپ چىقتىم؛ لېكىن، بىھۇدە ئاۋارە بولدۇم. مەن: ئەمدى ئۇ ئادەم مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ، ئۇ ئۆزى كېلىدۇ، پات ئارىدا كېلىدۇ، ئەگەر ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، چوقۇم كېلىدۇ. باشقا ئادەم بولسا كەلمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن ئۇ كېلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. جانابىي رازۇمىخىننىڭ سىز بىلەن سۆزلەشكەن چېغىدا، مۇشۇ مەسىلىنى قانداق ئاشكارىلاپ قويغانلىقى ئېسىڭىزدىمۇ؟ بۇنى بىز ئورۇنلاشتۇرغان، مەقسىتىمىز سىزنى ھاياجانلاندۇرۇش ئىدى، شۇڭلاشقا بىز قەستەن پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، بۇ پىتنە ـ ئىغۋالارنى رازۇمىخىن ئارقىلىق سىزگە يەتكۈزدۇق. چۈنكى، جانابىي رازۇمىخىن ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتالمايدىغان ئادەم. سىزنىڭ غەزەپكە كەلگەنلىكىڭىزنى ۋە ھېچنېمىدىن يانماس بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى بىرىنچى بولۇپ زامېتوف بايقاپ

قاپتۇ. راست ـ دە، كىچىككىنە ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ، قانداقسىغا خۇددى تامدىن تارشا چۈشكەندەك: «مەن ئۆلتۈردۈم !» دېگىلى بولسۇن؟ بۇ بەكمۇ دادىللىق، بەكمۇ قارامىلىققۇ ! مەن ئەگەر ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ھالدا چوقۇم قورقۇنچلۇق رەقىب ئىكەن ـ دە، دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا راست شۇنداق دەپ ئويلىغان. مەن سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتتۈم ! سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتتۈم، لېكىن سىز شۇ قېتىمدا زامېتوفنى مجىپ تاشلىدىڭىز، لېكىن... بىلەمسىز، گەپ شۇنىڭدىكى، لەنتى پسخولوگىيەنى ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ ! راست. سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى داۋاملىق كۈتتۈم. قارىسام، خۇدايىم سىزنى راستلا ئالدىمغا ئېلىپ كەلدى. سىز كەلدىڭىز، يۈرىكىم گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى. ياپىر ! خوش، شۇ چاغدا سىز نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟ ئاندىن كۈلدىڭىز، ئىشىكتىن كىرگۈچە قانداق كۈلۈپ كىرگەنلىكىڭىز ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ چاغدا مەن سىزنى خۇددى ئەينەكتىن كۆرۈپ تۇرغاندەك ئېنىق كۆرۈپ تۇردۇم. لېكىن، مەن ئاتايىتەن سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرمىغان بولسام، سىزنىڭ كۈلكىڭىزدىن ھېچنېمىنى سەزمىگەن بولاتتىم. قاراڭ، شۇنداق بىر روھىي ھالەتتە تۇرغاندا قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ ـ ھە ! جانابىي رازۇمىخىنغا كەلسەك، شۇ چاغدا ـــ ئاھ ! تاشچۇ، تاش، ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ، تاش، نەرسە ـ كېرەكلەر تېگىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان تاشچۇ؟ ماڭا گويا شۇ تاش كۆكتاتلىقنىڭ بىر يېرىدە كۆرۈنۈپ تۇرغاندەكلا زاھىر بولدى ـــ سىز زامېتوفقا دەپتىكەنسىزغۇ. كۆكتاتلىقتىمىدى، كېيىن مېنىڭ ئالدىمدىمۇ بىر قېتىم دېدىڭىز. شۇنداقمۇ؟ بىز شۇ چاغدا سىزنىڭ ھېلىقى ماقالىڭىزنى تەھلىل قىلىشقا باشلىدۇق، سىزمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتتىڭىز ـــ لېكىن سىزنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىڭىزنى قوش مەنىلىك دەپ قاراشقا بولاتتى. گېپىڭىزنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلاتتى ! مانا شۇ ۋەجدىن رودىئون رومانوۋىچ، مەن خالتا كوچىغا كىرىپ قالدىم، بۇرنۇمغا

يېگەندە، ئاندىن ھوشۇمنى تاپتىم. ياق، دېدىم مەن، مېنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىم! سىز خالىسىڭىزلا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، مېنىڭچە، تاكى ئەڭ ئىنچىكە يەرلىرىگىچە باشقىچە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، يەنە كېلىپ تېخىمۇ تەبىئىيرەك چىقىدۇ. بەئەينى دوزاخ ئازابىغۇ بۇ! «ياق، — دەپ ئويلىدىم، — بۇنىڭدىن كۆرە كىچىككىنە بولسىمۇ پاكىت تاپقىنىم تۈزۈك!...» شۇڭلاشقا قوڭغۇراقنىڭ ئىشىنى ئاڭلىغىنىمدا، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم، ھەتتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. «ھەببەللى، — دەپ ئويلىدىم، — ماڭا كېرەكلىك كىچىككىنە پاكىت مۇشۇ! نەق مۇشۇ!» شۇ چاغدا ئۇنى ئويلىشىپمۇ باقمىدىم. ئويلىشىپ باققۇمۇ كەلمىدى. ئەگەر شۇ چاغدا بىرەرى ھېلىقى ھۈنەرۋەن سىزگە توغرىدىن ـ توغرا «قاتىل» دېگەن، يەنە يۈز قەدەم يەرگىچە سىز بىلەن يانمۇيان ماڭغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز گەپ سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانلىقىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈمگە ئىمكان يارىتالىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۆز يېنىمدىن مىڭ رۇبلى چىقىرىپ بەرگەن بولاتتىم. راست، يولۇنىڭىزنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئۆزىڭىز ئاغرىق ۋە ئەس ـ ھوشىڭىزنى يوقاتقان تۇرۇقلۇق ئىشىك قوڭغۇرىقىنى چالغانلىقىڭىزنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك! شۇنىڭ ئۈچۈن، رودىئون رومانوۋىچ، مەن شۇ چاغدا سىزگە شۇنداق چاقچاقلارنى قىلدىم، سىز مۇشۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ ئەجەبلەنمىدىڭىز! دەل شۇ چاغدا سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىز كەلدىڭىز؟ راست دەيمەن. خۇددى بىرسى سىزنى شۇنداق قىلىشقا زورلىغاندەك! ئەگەر مىكولكا كېلىپ ئارىمىزنى ئېچىپ قويمىغان بولسا، ئېھتىمال... شۇ چاغدا مىكولكا ئېسىڭىزدىمىدى؟ ئۇ ئېنىق ئېسىڭىزدىمىدى؟ ئۇ بىر چاقماق، بۇلۇتلار ئارىسىدا چاققان چاقماق، بەئەينى چاقماق بولدى! لېكىن، مەن ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلدىم؟ مەن بۇ چاقماققا زادىلا ئىشەنمىدىم. بۇنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز!

مەن قانداق ئىشىنەي؟ ھەتتا سىز كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بەزى سوئاللارغا يول - يولىدا جاۋاب بەردى. مەن ھەتتا ھەيران قالدىم. كېيىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ بىرسىگىمۇ ئىشەنمىدىم! بۇنى جاھىللىق دېيىشكە بولار. «ياق، — دەپ ئويلىدىم مەن، — ھەممىسى يالغان! مىكولكانىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە ئالاقىسى!»

— رازۇمىخىن ھېلىلا ماڭا سىزنىڭ ھازىر نىكولاينى گۇناھكار دەپ قارايدىغانلىقىڭىزنى، ئۆزىنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرگەنلىكىڭىزنى دەپ بەرگەن...

راسكولنىكوف نەپسى بوغۇلۇپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تۈگىتەلمىدى. ئۇ تىل يەتكۈسىز ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنى شۇ قەدەر مۇكەممەل بىلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ مانا ئەمدى ئۆز ھۆكمىدىن قانداق ۋاز كەچكەنلىكىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئۇ ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدى ۋە ئىشەنمىدى. ئۇ يەنىلا ئېنىقسىز - مۇجمەل سۆزلەر ئىچىدىن بىرقەدەر ئېنىقراق ۋە مۇئەييەنرەك نەرسىلەرنى تەشنالىق بىلەن ئىزدەيتتى.

— جانابىي رازۇمىخىنما! — ۋارقىرىۋەتتى پورفىرىي پېترووۋىچ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرغان راسكولنىكوفنىڭ سوئال سورىغىنىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەندەك، — ھى - ھى - ھى... لېكىن، مېنىڭ جانابىي رازۇمىخىننى بىر چەتكە قايرىپ قويماي ئىلاجىم يوق. «ئىككى كىشى ئۇلپەت، ئۈچىنچىسى كۆلپەت» دەپتىكەن. جانابىي رازۇمىخىننىڭ بۇ ئىش بىلەن ئالاقىسى يوق، ئۇ دېگەن سىرتتىكى ئادەم، تامدەك تاتىرىپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلگىنىنى دېمەمسىز تېخى... بولدىلا، ئۇنىڭغا خۇدا ئۆزى رەھمەت قىلسۇن، ئۇنى چېتىۋېلىپ نېمە قىلىمىز! يەنە شۇ مىكولكانىڭ ئۆزىگە كېلەيلى، مىكولكانىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگۈڭىز كېلەمدۇ؟ مەن چۈشەنگەن مىكولكانى دەيمەن؟ ئالدى بىلەن ئۇ تېخى ئاغزىدىن سۈتىنىڭ ھىدى كەتمىگەن بالا، لېكىن قورقۇنچاق ئەمەس، بەلكى بەئەينى بىر

سەنئەتكارغا ئوخشايدۇ. راست دەيمەن، ئۇنى شۇنداق تەرىپلىگىنىمگە كۈلمەڭ. ئۆزى تولىمۇ ساددا، ئاسانلا تەسىرلىنىدىغان بالا، ھېسسىياتچان ۋە خىيالپەرەس، ئۇ ناخشا ئېيتالايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، ھېكايە دېگەننى شۇنداق ئېيتىۋېتىدىكىن، خەقلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا كىشىلەر باشقا يەرلەردىن كېلىپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلايدىكەن. ئۇ مەكتەپتىمۇ ئوقۇۋېتىدىكەن، باشقىلار بارمىقى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ قويسا، ئۇ شۇنىڭغىمۇ كۈلۈپ تېلىقىپ قالىدىكەن. بەزىدە خۇدىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىدە مەست بولۇپمۇ قالىدىكەن، لېكىن ئۇ چۈشكۈنلەشكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئىچۈرۈپ قويسا، باللىق قىلىپ شۇنىڭ پەرقىگە يېتەلمىگەنلىكىدىن شۇنداق قىلىدىكەن. مەسىلەن، شۇ قېتىمدا ئۇ ئوغرىلىق قىپتۇ - يۇ، لېكىن شۇنىڭ ئوغرىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئۇ: «يەردىن تېپىۋالسىمۇ ئوغرىلىق بولامدۇ؟» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۆلۈنگۈچىلەر مەزھىپىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇ بۆلۈنگۈچىلەر مەزھىپىدىن بولغاندىمۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئەسەبىي مۇرىتلىرىدىن ئىكەن؛ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن بەزىلەر «جاھانكەزدى» راھىبلاردىن ئىكەن. تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر مويسىپىتقا شاگىرت بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا توپتوغرا ئىككى يىل تۇرغانىكەن. بۇ ئەھۋاللارنى مەن مىكولكا بىلەن ئۇنىڭ زارايسكىيلىق ئاغىنىلىرىدىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ نەگە بارغۇسى بارلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ سەھراغىلا قېچىپ كەتكۈسى بار ئىكەن! خۇدانى يادىدا تۇتۇپ، كېچىلىرى دۇئا قىلىپ چىقىدىكەن، قەدىمىي كىتابلارنى، «ھەقىقىي» كىتابلارنى① ئوقۇيدىكەن، ئوقۇغاندىمۇ بېرىلىپ ئوقۇيدىكەن.

① بۇ يەردە «ئەۋلىيالار تەرجىمىھالى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئەۋلىيالارنىڭ خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى تارقىتىش يولىدا قانداق جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

ئۇنىڭغا پېتېربۇرگ قاتتىق تەسىر قىلغان، بولۇپمۇ خوتۇن خەق بىلەن هاراق ـ شاراب، ئۇ تولىمۇ ئاسان تەسىرگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، مويسىپىت ۋەهاكازالارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ئاڭلىشىمچە، مۇشۇ يەردە بىر رەسسام ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىكەنتۇق، ئاقىۋەت بۇ ئىش يۈز بېرىپتۇ! شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورقۇپ كېتىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ، قېچىپ كەتمەكچىمۇ بوپتۇ. يۇقىرالارنىڭ ئېلىمىز قانۇنشۇناسلىقىغا بولغان چۈشەنچىسى مانا شۇنداق. بۇنىڭغا نېمە ئىلاج! بەزى ئادەملەر «سوت قىلغۇدەك» دېگەن سۆزنى ئاڭلىسىلا قورقۇپ كېتىدۇ. بۇ كىمنىڭ سەۋەنلىكى؟ كەلگۈسىدىكى يېڭى سوتلار بۇنىڭ چارىسىنى چوقۇم تاپىدۇ. ئاھ، شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزگەي ئىلاھىم! مانا شۇنداق؛ ئۇ تۈرمىدە يېتىپ ھېلىقى مويسىپىتنى يەنە ئەسلەپ قالغان بولسا كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن «ئىنجىل» يەنە پەيدا بوپتۇ. رودىئون رومانوۋىچ، «رىيازەت چېكىش» دېگەن سۆزنىڭ تۈرمىدىكى بەزى ئادەملەرگە نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار بۇنى بىرەر ئادەمنى دەپ قىلمايدۇ، بەلكى «ئادەم رىيازەت چېكىشى كېرەك» دەپ ئويلىشىدۇ، يەنى ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن رىيازەت چېكىشىدۇ، ئەگەر ئۇ رىيازەتلەر ھۆكۈمەت تەرەپتىن كەلسە، تېخىمۇ ئوبدان بولغىنى، ئۆز ۋاقتىدا تولىمۇ مۆمىن بىر مەھبۇس بولىدىغان، ئۇ توپتوغرا بىر يىل تۈرمىدە ياتتى. ھەر كۈنى كېچىدە مەشىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ «ئىنجىل»نى ئوقۇيتتى، كېيىن ئوقۇۋېرىپ ـ ئوقۇۋېرىپ بىلەمسىز، پۈتۈنلەي گوموش بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ خىشتىن بىرنى قومۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا خىرامان تۇرغان تۈرمە باشلىقىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ، ئاتقاندىمۇ قانداق ئېتىپتۇ دېمەمسىز، تۈرمە باشلىقىنى يارىلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، خىشنى ئەتەي ئۇنىڭ يان تەرىپىگە بىر ئارشىنچە نېرىغا ئېتىپتۇ. تۈرمە باشلىقىغا

قورالـلـىق ھۇجـۇم قـىلغـان مـەھبۇسـنـىڭ قانـداق ئـاقىۋەتـكـە قالـدىغـانلـىقـىنى بـىـز تازا ئوبدان بـىلـمـىـز. شۇنـىـڭ بىلەن ئـۇ «رىيازەت چەكتى». شۇڭلاشقا مەن مىكولكانىمۇ شۇنداق «رىيازەت چـېـكىش» خـىـيالـىغـا كېلـىـپ قالارمـىـكـىن ياكـى شـۇنىڭغا ئوخـشاشراق بـىـرەر ئىشنـى قىلـىـپ قويارمـىـكـىن، دەپ گـۇمـان قىلـىـمـەن، بۇنـىـڭغـا ئـىـشەنچـىـم كامـىـل، ھـەتتـا دەلـىـل - ئىسپاتلىرىممۇ بار، لېكىن بۇ ئىشنى ئۇ ئۆزى بىلمەيدۇ، مانا مەن بىلىمەن. نېمە، سىز مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەر ئارىسىدىن شۇنداق خىيالپـەرەسلەرنـىـڭ چىقىـدىغانلـىقـىنى ئـىنكـار قىلماقچىمۇ؟ ئۇنداقلار كۆپ! ھېلىقى مويسىپىت ھازىر ئۇنـىـڭغا يـەنە تەسـىـر كۆرسىتىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ ئـۇ ئېسـىـلـىـپ ئۆلـۈۋالماقچـى بـولـغانـدىـن كـېـيـىـن مـويسـىپـىت ئۇنـىـڭ خىـيالـىدىن بىـرى كەتـمەيدىغـان بولۇپ قالـغان. لېكـىن، ئۇ ئۆزى كـېلـىدۇ، ئـۆزى كېلـىـپ ھەممىنى ماڭا دەپ بېرىدۇ. سىزنىڭچـە، ئۇ ئاخـىـرىغىچـە چىڭ تۇرارمۇ؟ سىز قاراپ تـۇرۇڭ. ئۇ دېلو ئـاغدۇرۇۋېلـىدۇ! مـەن مىكولكا دېگەننى ياقتۇرۇپ قـالدىم. ئۇنـى ئـىنچـىكـىلـەپ تەتقىق قىلـىـۋاتىمەن. سـىـزنىڭچە قانداق - ھـە؟ ھى - ھى! ئـۇ بـەزى سوئاللىرىمغا ناھايىتى يولىدا جاۋاب بەردى. قارىغاندا تېگىشلىك ئەھۋاللارنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇستىلىق بىلەن تـەييارلـىق قىلـىـپ قويغان ئوخشايدۇ؛ لېكىن باشقا سوئاللارنى سورىسام، ئۇ توسۇلۇپ قالدى. ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەن، ئۇ ھەتتا خەۋىرى يوقلۇقىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقماپتۇ! ياق، رودىئون رومانوۋىچ ئۇكا، بـۇ ئـىشنىـڭ مـىـكولكـا بىلەن ھـېچقانـداق ئالاقـىـسى يوق! بۇ بـىـر غەلىتە، سىرلىق ۋەقە. زامانـىمىزغـا خاس ۋەقە، پەقـەت بىزنـىـڭ دەۋرىمىزدىلا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان بىر ئىش. بـىـزنـىـڭ بـۇ دەۋرىمىزدە ئادەملەرنىڭ نىيەت - ئىقبالـى بۇزۇلغان. كـىشلـەر قـان ئـادەمـنـى «روھلانـدۇرىـدۇ» دېـگـەن سـۆزنـى ئـاغـىـزىـدىـن چۈشۈرمەيدۇ؛ راھەت - پاراغەت كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى دېگەننـى تەشۋىـق قـىلـىـشـىدۇ، بۇنـىـڭدا كـىـتـابلاردىـكى خـام

خىياللارمۇ بار. نەزەرىيەۋى جەھەتتىن بۇزۇلغان كۆڭۈللەرمۇ بار؛ بۇنىڭدىن بىرىنچى قەدىمى بېسىلغان ئىرادىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئالاھىدە ئىرادە — ئۇ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىش ئىرادىسىگە كەلگەن چېغىدا، خۇددى تاغدىن تېيىلىپ كەتكەندەك ياكى قوڭغۇراق مۇنارىسىدىن يىقىلىپ كەتكەندەك، ئىككى پۇتى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە باقماي جىنايەت يولىغا مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئىلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ نەزەرىيەسى بويىچە ئادەم ئۆلتۈردى، ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئادەمنى ئۆلتۈردى - يۇ، لېكىن پۇلنى ئېلىشنى بىلەلمىدى. ئۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر تاشنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. باشقىلار ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ ئىشىكنى جالاقلاتقان، قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقان چاغدا، ئىشىكنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ تارتقان ئازابى ئازلىق قىلغاندەك، ئۇ خۇدىنى بىر بىلىپ بىر بىلمەيدىغان بىر ھالەتتە يەنە شۇ بوش ئۆيگە باردى. قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىشنىڭ تەمىنى ئەسلەپ باقتى، ھېلىقى ئازابىنىڭ تەمىنى يەنە بىر قېتىم تېتىپ باقتى — بوپتۇ، ئۇنى شۇ چاغدا ئاغرىق ئىدى، دەيمۇ تۇرايلى، لېكىن مۇنداق ئىشلارمۇ باردە، ئۇ قاتىللىق قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە ئۆزىنى ۋىجدانلىق ئادەم چاغلىدى، كىشىلەرنى كۆزىگە ئىلمىدى، گۇناھسىز تۇرۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەم بولۇۋالدى — ياق، قەدىرلىك رودىئون رومانوۋىچ، بۇنىڭ مىكولكا بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، ئۇنى قىلغان ئادەم مىكولكا ئەمەس!

دەسلەپكى گەپلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خىياللىرىدىن ۋاز كەچكەندەك قىلىۋىدى، شۇڭلاشقا ئاخىرقى بىرنەچچە ئېغىز گېپى راسكولنىكوفقا ھەقىقەتەن زادىلا كۈتۈلمىگەن گەپلەر بولدى. راسكولنىكوف خۇددى بىرسى پىچاق تىقىۋەتكەندەك غال - غال تىترەپ كەتتى.

— ئۇنداقتا... زادى كىم... ئۆلتۈردى؟ — سورىدى ئۇ ئاخىر

بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ. پورفىرىي پېتروۋىچ خۇددى بۇ كۈتۈلمىگەن سوئالدىن قاتتىق ھەيران قالغاندەك ئۆزىنى دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىدى.

— كىم ئۆلتۈردى دەيسىزغۇ؟... — تەكرارلىدى پورفىرىي خۇددى قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك، — سىز ئۆلتۈردىڭىز. رودئون رومانوۋىچ ! سىز ئۆلتۈردىڭىز... — قوشۇپ قويدى ئۇ پەس ئاۋازدا تولۇق ئىشەنچ بىلەن.

راسكولنىكوف دىۋاندىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بىرنەچچە سېكۇنت ئۆرە تۇرۇپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن يەنە جايىغا ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن يۈزى بىردىنلا بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىكىلداپ كەتتى.

— لەۋلىرىڭىز ھېلىقى كۈندىكىدەك يەنە تىترەۋاتىدۇ، — دېدى پورفىرىي پېتروۋىچ خۇددى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغاندەك، — سىز مېنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەندەك قىلىسىز، رودئون رومانوۋىچ، — داۋام قىلدى ئۇ بىرپەس جىم تۇرۇۋېلىپ، — شۇڭلاشقا سىز شۇنداق چۆچۈپ كەتتىڭىز. مەن ئاتايىتەن سىزگە ھەممىنى دەپ بەرگىلى، سىز بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلەشكىلى كەلگەن.

— ئۇنى ئۆلتۈرگەن مەن ئەمەس، — دېدى راسكولنىكوف خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قولغا چۈشۈپ قېلىپ، چۆچۈپ كەتكەن بالىلاردەك پىچىرلاپ.

— ياق، سىز، رودئون رومانوۋىچ، باشقا ئادەم ئەمەس، سىز، — دېدى پورفىرىي قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

ھەر ئىككىلىسى جىم بولۇپ قېلىشتى، بۇ جىملىق ھەتتا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، ئون مىنۇتچە داۋام قىلدى. راسكولنىكوف جەينەكلىرىنى ئۈستەلگە تىرەپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى چاڭگاللاپ چىگىچلەشتۈرۈۋەتتى. پورفىرىي پېتروۋىچ ئۈن ـ تىنسىز

كۆتمەكتە ئىدى، كۆتمىگەندە راسكولنىكوف پورفىرىيغا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدى.
— پورفىرىي پېتروۋىچ، كونا ئويۇنىڭىزنى يەنە ئوينىغىلى تۇردىڭىز! ۋاستىڭىزمۇ ئوخشاشلا، راست دەيمەن، سىز ئۇنىڭدىن نېمىشقىمۇ زېرىكمەيدىغانسىز؟
— ھىم، بولدىلا، ئەمدى بولغاندا ئۇستاتلىق قىلىپ نېمە قىلاي! ناۋادا گۇۋاھچى مۇشۇ سورۇندا بولسا ئىدى، ئۇنىڭ يولى باشقا ئىدى؛ بۇ يەردە پەقەت ئىككىمىزلا ئايرىم سۆزلىشىۋاتىمىز. ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسىتىم سىزنى خۇددى توشقان قوغلىغاندەك قوغلاپ يۈرۈپ تۇتۇۋېلىش ئەمەس. سىز بويىنىڭىزغا ئېلىڭ ياكى ئالماڭ — بۇ ئەمدى مەن ئۈچۈن بەرىبىر. سىز بويىنىڭىزغا ئالمىغان تەقدىردىمۇ، كۆڭلۈمدە كامىل ئىشەنچ تىكلەپ بولدۇم.
— ئۇنداق بولسا يەنە نېمىدەپ كەلدىڭىز؟ — سورىدى راسكولنىكوف ئاچچىقى كېلىپ، — مەن سىزدىن كونا سوئالنى سوراپ باقاي: ئەگەر سىز مېنى گۇناھكار دەپ قارىسىڭىز، نېمىشقا مېنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە قاماپ قويمايسىز؟
— ئوھوي، بۇ سوئالنى سوراپ ئوبدان قىلدىڭىز! مەن سىزگە بىر باشتىن جاۋاب بېرەي: ئالدى بىلەن، سىزنى توغرىدىن ـ توغرا قولغا ئالسام، بۇنىڭ ماڭا پايدىسى يوق.
— نېمىشقا پايدىسى يوق؟ كۆڭلىڭىزدە كامىل ئىشەنچ تىكلەپ بولغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا...
— ھىم، كامىل ئىشەنچ تىكلەپ بولسام نېمە بوپتۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرچە پەقەت مېنىڭ خىيالىم، خالاس! ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېمىدەپ سىزنى ئۇ يەرگە قاماپ قويۇپ ئارام تاپقۇزغۇدەكمەن؟ ناۋادا ئۆزىڭىزنىڭ كىرگۈڭىز بولسا، ئۇنى ئۆزىڭىز بىلىڭ. مەسىلەن ئالايلى، مەن ئەگەر سىزنى ھېلىقى ھۇنەرۋەن بىلەن يۈزلەشتۈرگەن بولسام، سىز ئۇنىڭغا چوقۇم: «سەن مەستمۇ نېمە؟ سېنىڭ مەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكىڭنى

كىم كۆرۈپتۇ؟ مەن سىزنى بىر مەست ئىكەن دېگەن، سەن مەست ئىكەنسەن» دېگەن بولاتتىڭىز، خوش، شۇ چاغدا مەن سىزگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟ بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ھەقىقەتەن يېقىنراقتەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ دېگەنلىرىدە پسىخولوگىيەلىك تەھلىلدىن باشقا نەرسە يوق — بۇ ھەتتا ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە پەزىلىتىگە ماس كەلمەيدۇ — سىزنىڭ سۆزىڭىز بولسا ئۇنىڭ نەق ئەجەللىك يېرىگە تېگىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەبلەخ هاراقكەشلىكتە داڭق چىقارغان. بۇنىڭ سىرتىدا مەن ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن ئىقرار قىلىپ سىزگە نەچچە قېتىم دېدىم، بۇنداق پسىخولوگىيەلىك تەھلىلنى ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. باشقا بىر جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش ھەتتا تېخىمۇ كۆچلۈكرەك چىقىدۇ. ھەقىقەتكە يېقىنراقتەك تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مانا شۇلاردىن باشقا، ھازىرچە مېنىڭ قولۇمدا سىزگە پايدىسىز ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات يوق. گەرچە مەن سىزنى ھامىنى قاماقچا ئالسامۇ ھەتتا ئۆزۈم كېلىپ (بۇ رەسىم - قائىدىگە پۈتۈنلەي خىلاپ) ھەممىنى ئالدىنئالا دەپ بېرىۋاتقان بولسامۇ، شۇنى سىزگە ئوچۇق دەپ قوياي (بۇمۇ رەسىم - قائىدىگە خىلاپ)، بۇنىڭ ماڭا پايدىسى يوق. ئاندىن قالسا، مېنىڭ سىزنى ئىزدەپ كېلىشىمنىڭ ۋەجى...

— خوش، ئاندىنچۇ؟ — راسكولنىكوفنىڭ يەنىلا نەپىسى قىسىلىپ تۇراتتى.

— بايا مەن سىزگە دېگىنىمدەك، سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇم كېرەك، دەپ قارايمەن. سىزنىڭ مېنى مۇتتەھەم دەپ قاراپ قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزگە نىسبەتەن نىيىتىم دۇرۇس، ئىشىنەمسىز - ئىشەنمەمسىز ئىختىيارىڭىز. ئۈچىنچىدىن، سىزگە توغرىدىن - توغرا، ئوچۇق - ئاشكارا بىر تەكلىپ بەرگىلى ئالدىڭىزغا كەلدىم — ئۆزىڭىز بېرىپ ھەممىنى بويىنىڭىزغا ئېلىڭ. بۇ سىزگە ناھايىتى

پايدىلىق، ماڭىمۇ پايدىلىق ـــ چۈنكى مەسئۇلىيەتتىن ئادا بولىمەن. قانداق دەيسىز، سىزگە قىلغان ئاق كۆڭۈللۈكۈم پېتەرلىك بولغاندۇ؟

راسكولنىكوف بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

ـــ ماڭا قاراڭ، پورفىري پېتروۋىچ، سىز تېخى ھېلىلا ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن: بۇ ناھايىتى پىسخولوگىيەلىك تەھلىل، دېۋىدىڭىز. ئەمدى بولسا ھېساب ـ كىتابقا ئۆتۈپ كەتتىڭىز. ناۋادا سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە خاتا قىلىۋاتقان بولسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

ـــ ياق، رودىئون رومانوۋىچ، مەن خاتا قىلىۋاتقىنىم يوق. مېنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىم بار. مەن شۇ چاغدىلا كىچىككىنە بىر دەلىل ـ ئىسپاتنى تېپىۋالغان. بۇنى ماڭا خۇدايىم ئۆزى يەتكۈزگەن.

ـــ قانداق دەلىل ـ ئىسپات ئۇ؟

ـــ قانداق دەلىل ـ ئىسپاتلىقىنى سىزگە دەپ بېرەلمەيمەن. رودىئون رومانوۋىچ. قانداقلا بولمىسۇن مېنىڭ ئەمدى سوزۇۋېرىشكە ھەققىم يوق. سىزنى قاماپ قويۇشۇم كېرەك. شۇڭلاشقا، ئويلىنىپ بېقىڭ. ماڭا ھازىر بەربىر. مەن پۈتۈنلەي سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەۋاتىمەن. راست دەيمەن، شۇنداق قىلغىنىڭىز ياخشىراق، رودىئون رومانوۋىچ.

راسكولنىكوف غەزەپ بىلەن ھىجايدى.

ـــ بىلەمسىز، بۇ كۈلكىلىك، شۇنداقلا نومۇسسىزلىق. ماقۇل، مەن ئەگەر گۇناھكار بولسام، (مەن جىنايەت ئۆتكۈزدۈك دېگەننى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايمەن)، سىز ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن «تۈرمىدە ئارام ئېلىپ قالىسىز» دەۋاتىسىز، نېمە قىلىمەن ئالدىڭىزغا بېرىپ ھەممىنى ئىقرار قىلىپ؟

ـــ ھەي، رودىئون رومانوۋىچ، مېنىڭ سۆزلىرىمگە ئانچە بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ. بەلكىم تۈرمىدە قىلچە ئارام تاپالماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئۇ ناھايىتى بىر نەزەرىيە، يەنە كېلىپ

ئۇ مېنىڭ نەزەرىيەم. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مېنىڭ قانچىلىك نوپۇزۇم بار؟ ئېھتىمال مەن بەزى ئىشلارنى سىزدىن تا هازىرغىچە يوشۇرۇۋاتقاندىمەن. ھەرھالدا مەن ھەممە نېمىنى سىزگە ئوچۇق ـ ئاشكارا دەپ بېرەلمەيمەن ـ دە ! ھى ـ ھى ! ئاندىن قالسا، نېمە پايدىسى دېگىنىڭىز نېمىسى؟ شۇنداق قىلىسىڭىز جازانىڭ يېنىكلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز ـ بىلمەمسىز؟ ئەگەر سىز ئۆزىڭىز بېرىپ ئىقرار قىلسىڭىز، قانداق پەيتتە بارغان بولىسىز؟ ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ ! باشقا بىر ئادەم گۇناھنى بويىنىغا ئېلىۋېلىپ، پۈتۈن دېلونى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن بىر چاغدا بارىسىز. مەن خۇدانىڭ ئالدىدا قەسەم ئىچىمەنكى، «ئۇ يەردە» ئىشنى شۇنداق توغرىلاپ قويىمەنكى، سىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ گۇناھىڭىزنى بويىنىڭىزغا ئېلىشىڭىز پۈتۈنلەي كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولۇپ چىقىدۇ. بىز بىر يۇرۇش پسىخولوگىيەلىك تەھلىللەرنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلايمىز. مەن سىزگە ئائىت گۇمانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يوق قىلىۋېتىمەن، بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ جىنايىتىڭىز بىردەملىك ئېلىشىپ قېلىش سەۋەبىدىن قىلىنغان بولۇپ چىقىدۇ، چۈنكى ۋىجدانەن گەپ قىلسام، سىز ھەقىقەتەن ئېلىشىپ قالغان. مەن بىر ھەققانىي ئادەم، رودىئون رومانوۋىچ، دېگەن يېرىمدىن چىقمىمەن.

راسكولنىكوف مەيۈسلىنىپ گەپ ـ سۆز قىلماستىن بېشىنى تۆۋەن سالدى؛ ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىر يەنە سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى مۇلايىم، ئەمما ئېچىنىشلىق ئىدى.

ــ ھەي، ھاجىتى يوق ! ــ دېدى ئۇ خۇددى پورفىرىيدىن يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك، ــ ئەرزىمەيدۇ ! مەن جازانى يېنىكلىتىشىڭىزگە خۇشتار ئەمەس.

ــ مانا ـ مانا، مەن دەل شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم ! ــ دېدى پورفىرىي ئىختىيارسىز قىزغىنلىق بىلەن ۋارقىراپ، ــ

سىزنىڭ جازانى يېنىكلىتىشىڭىز ھاجەتسىز دېيىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم.

راسكولنىكوف ئۇنىڭغا ھەسرەت بىلەن مەنىلىك قاراپ قويدى.

— ھەي، ئۆزىڭىزنى مۇنچىۋالا تاشلىۋەتمەڭ، — داۋام قىلدى پورفىري، — ئالدىڭىزدا كۈنلەر تېخى ئۇزۇن. نېمىشقا جازانى يېنىكلىتىش ھاجەتسىز دەيسىز، نېمىشقا؟ تولىمۇ تاقەتسىز ئادەمسىز - دە!

— نېمىنى ئۇزۇن دېدىڭىز؟

— ئالدىڭىزدىكى كۈنلەرنى! سىز بىر ھەممىنى بىلىدىغان ئەۋلىيا ئەمەسقۇ؟ ئىزدىسىڭىز تاپىسىز.① بەلكىم خۇدامۇ سىزنىڭ شۇنداق قىلىشىڭىزنى كۈتۈۋاتقاندۇ. كىشەن بىلەن كويزا ئەبەدىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەرمەيدۇ.

— جازا يېنىكلىتىلىدۇ دەڭ... — كۈلۈپ كەتتى راسكولنىكوف.

— نېمە، سىز بۇرژۇئازىيەنىڭ ئار - نومۇسىدىن قورقۇۋاتامسىز؟ بەلكىم سىز دەل شۇنىڭدىن قورقسىڭىز كېرەك. لېكىن، ئۆزىڭىز ئۇنى ئۇقمايسىز، چۈنكى سىز تېخى ياش! لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، سىز قورقماسلىقىڭىز كېرەك، ئۇ يەرگە بېرىپ ئىقرار قىلىشتىنمۇ نومۇس قىلىپ يۈرمەسلىكىڭىز كېرەك.

— ئەي، پەرۋايىم پەلەك! — يىرگىنچ ۋە نەپرەت بىلەن پىچىرلىدى راسكولنىكوف خۇددى گەپ قىلغۇسى كەلمىگەندەك. ئۇ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئورنىدىن تۇردى. لېكىن، يەنە قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ ئورنىغا ئولتۇردى.

— سىز دەرۋەقە پەرۋا قىلمايسىز! سىز ئىشەنچىڭىزنى يوقاتتىڭىز. سىز مېنى قوپاللىق بىلەن ماڭا خۇشامەت

---

① «ئىنجىل. يېڭى ئەھد. ماتىي پەند - نەسىھەتلىرى»دىن.

قىلمىغۇاتىدۇ، دەپ قىلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىز زادى قانچىلىك ياشىدىڭىز؟ نېمىلەرنى چۈشىنەلىدىڭىز؟ سىز بىر نەزەرىيەنى كەشىپ قىلدىڭىز. ئۇ نەزەرىيەڭىز مەغلۇپ بولۇۋىدى، خىجىل بولۇپ قالدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا قىلچە يېڭىلىق يوق! دەرۋەقە، ئاقىۋەت ناھايىتى رەسۋا، شۇنداقتىمۇ سىز قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان مۇتتەھەم ئەمەس. ھەرگىز ئۇنداق مۇتتەھەم ئەمەس! ھېچبولمىغاندا سىز ئۆزىڭىزنى ئۇزاقتىچە ئالداپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى شۇنداق بىر كۈلكىلىك دەرىجىگە بىردىنلا بېرىپ قالدىڭىز. سىزنى قانداق ئادەم دەپ قارايدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ مەن سىزنى مۇنداق ئادەم دەپ قارايمەن: سىز ئەگەر ئېتىقادىڭىزنى تاپسىڭىز ياكى خۇداغا ئېتىقاد قىلسىڭىز، باشقىلار ئۈچەي - باغرىڭىزنى سۇغۇرۇۋالسىمۇ، تىك تۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى قىينىغان ئادەمگە كۈلۈپ قارايسىز. شۇڭلاشقا، سىز ئېتىقادىڭىزنى ئىزدەپ تېپىۋېلىڭ. تاپالىسىڭىز، يەنە ياشاۋېرىسىز. ئالدى بىلەن، سىز ئاللىبۇرۇنلا ھاۋا ئالماشتۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. رىيازەت چېكىشمۇ ياخشى ئىش. ئۇنداقتا، رىيازەت چېكىڭ. مىكولكانىڭ رىيازەت چېكىشنى ئۈمىد قىلىغانلىقى بەلكىم توغرىدۇر. بىلىمەن، سىز بۇلارغا ئىشەنمەيسىز، لېكىن ئۆزىڭىزنى بەكمۇ ئەقىللىك چاغلاپ كەتمەڭ. قىلچە ئىككىلەنمەي ھاياتنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىڭ. ھايات سىزنى توپتوغرا قىرغاققا چىقىرىپ قويىدۇ. پۇتىڭىزنى دەسسىتىپ قويىدۇ. قايسى قىرغاققا دەمسىز؟ ئۇنى مەن نەدىن بىلەي؟ شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئالدىڭىزدىكى كۈنلەر تېخى ئۇزۇن. بىلىمەن، سىز شۇ تاپتا مېنىڭ گەپلىرىمنى كونا گەپلەر دەپ قاراۋاتىسىز. لېكىن، كېيىنرەك مۇشۇ گەپلىرىمنى ئەسلەپ قالسىڭىز پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن؛ مېنىڭ بۇ گەپلەرنى دېيىشتىكى مەقسىتىم مانا شۇ. ھېلىمۇ ياخشى، سىز پەقەت بىر موماينىلا ئۆلتۈردىڭىز. ناۋادا كاللىڭىزغا باشقا بىر نەزەرىيە كېلىپ قالغان بولسا، بەلكىم

بۇنىڭدىن يۈز مىلليون ھەسسە يامانراق ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن ئىدى ! ئېھتىمال شۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا شۈكۈر قىلىشىڭىز كېرەكتۇ. سىز نەدىن بىلىسىز، بەلكىم پەرۋەردىگار مانا شۇ ۋەجىدىن سىزنى قۇتقۇزۇۋاتقاندۇ. قەلبىڭىز ئالىيجاناب بولۇشى كېرەك. ھەرگىز قورقماڭ. سىز پات ئارىدا بولىدىغان زور ھۆكۈمدىن قورقۇۋاتامسىز؟ ياق، قورقۇشنىڭ ئۆزى نومۇس. مۇشۇنداق بىر ئىشنى قىلغانىكەنسىز، مەيدىڭىزنى كېرىپ چىقىشىڭىز كېرەك. بۇ ئادالەتنى كېڭەيتىش مەسىلىسى. ئادالەت نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى قىلىڭ. بىلىمەن، سىز بۇلارغا ئىشەنمەيسىز. لېكىن، راست دەيمەن، ھايات سىزنى قىرغاققا چىقىرىپ قويىدۇ. غۇرۇرىڭىزنى كېيىنچە يەنە تېپىۋالىسىز، ھازىر سىزگە ھاۋا كېرەك، ھاۋا، ھاۋا !

راسكولنىكوف شۈركىنىپ كەتتى.

— سىز نېمە ئىدىڭىز شۇنچە؟ — ۋارقىرىدى ئۇ، — ئەجەب پەيغەمبەرلىك قىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ سىز قايسىبىر تەنتەنىلىك، جىمجىت ئېگىزلىكتە تۇرۇپ ماڭا مۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىسىز؟

— مەن نېمە بولاتتىم؟ ناھايىتى ئىستىقبالى يوق بىر ئادەم، پەقەت شۇلا. ئېھتىمال مەن بىرنېمىلەرنى ھېس قىلىدىغاندۇرمەن. ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغاندۇرمەن. ئېھتىمال ئانچە - مۇنچە بىرنېمىلەرنى بىلىدىغاندۇرمەن، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئىستىقبالىم قالمىدى. لېكىن، سىز بولسىڭىز باشقا گەپ: خۇدا ئاتا قىلغان تۇرمۇش سىزنى ئالدىڭىزدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، كىم بىلىدۇ، بەلكىم سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزمۇ تۈتۈندەك تارقىلىپ كېتەر، ھېچنېمىسى قالماس. ئەگەر سىز باشقا بىر خىلدىكى ئادەملەرنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ كەتسىڭىز، ئۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ سىز شۇ تەبىئىتىڭىز بىلەن راھەت - پاراغەتنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمەيسىز. بەلكىم ئۇزاق

ۋاقىتلارغىچە سىزنى ھېچكىم كۆرمەس، ئۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ گەپ ۋاقىتتا ئەمەس، گەپ سىزنىڭ ئۆزىڭىزدە. سىز قۇياش بولسىڭىز، ھەممە ئادەم سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. قۇياش ھەممىدىن ئاۋۋال قۇياش بولۇشى كېرەك. سىز يەنە نېمىشقا كۈلۈۋاتىسىز: مېنى شىللېرنى[1] دوراۋاتىدۇ، دەپ كۈلۈۋاتامسىز؟ بەسلىشىمەنكى، شۇ تاپتا سىز مېنى تىلياغلىمىلىق قىلىپ مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتىسىز! بەلكىم راستىلا شۇنداق قىلىۋاتقاندۇرمەن، خوش، شۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ، ھى - ھى - ھى... رودىئون رومانوۋىچ، ئۇمۇ توغرا، مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىپ كەتمەڭ، ھەتتا ئەبەدىلئەبەد پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كەتمەڭ. ئۆزۈممۇ ئىقرار، مەن تۇغۇلۇشۇمدىلا مۇشۇنداق بىر ئادەم؛ لېكىن، مەن بىر ئېغىز گەپنى قوشۇپ قوياي: مېنىڭ پەسكەشلىكتە قايىسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىمنى ياكى ھالاللىقتا قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىمنى سىز ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ يېتەلەيدىغاندەك قىلىسىز؟

— سىز مېنى قاچان قولغا ئالماقچى؟

— ئەركىن - ئازادە ھەرىكەت قىلىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن يەنە بىر - ئىككى كۈن ۋاقىت بېرىشىم مۇمكىن. ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ، قەدىرلىكىم، خۇداغا ئىلتىجا قىلىڭ. بۇ سىزگە تېخىمۇ پايدىلىق. راست دەيمەن، سىزگە تېخىمۇ پايدىلىق.

— ئەگەر قېچىپ كەتسەم قانداق قىلىسىز؟ — سورىدى راسكولنىكوف نېمىشقىدۇر غەلىتە كۈلۈپ.

— ياق، سىز قېچىپ كەتمەيسىز. بىرسى، سەھرالىقلار قېچىپ كېتىدۇ، يەنە بىرسى مودا بىدئەتلەر قېچىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار باشقىلارنىڭ كاللىسىدا تۇغۇلغان پىكىرلەرنىڭ قۇلى. ئۇلارغا پەقەت بارمىقىڭىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرسىتىپ

[1] شىللېر (1759 — 1805) — گېرمانىيەلىك داڭلىق شائىر ۋە دىراماتورگ.

قويسىڭىز كۇپايە، ئۇلار خۇددى مىچمان دېركادەك①، سىز ئىشىنىشنى بۇيرۇغان ھەرقانداق نەرسىگە ئۆمۈربويى ئىشىنىپ يۈرىۋېرىدۇ. سىز بولسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ نەزەرىيەڭىزگە ئەمدى ئىشەنمەس بولۇپ قالدىڭىز — سىز نېمىدەپ قاچىسىز؟ قېچىپ نېمە قىلىسىز؟ قاچاقنىڭ تۇرمۇشى يىرگىنچلىك ۋە جاپالىق، سىز بولسىڭىز ئالدى بىلەن ياشىشىڭىز كېرەك. ئېنىق ئورنىڭىز بولۇشى كېرەك. سىزگە مۇۋاپىق كەيپىيات كېرەك. لېكىن، ئاشۇنداق كەيپىيات سىزگە مۇۋاپىق كېلەمدۇ؟ ناۋادا سىز قېچىپ كەتسىڭىز، ئۆزىڭىز يېنىپ كېلىسىز. سىز بىزسىز ياشيالمايسىز. ئەگەر مەن سىزنى تۇرمىگە قاماپ قويسام — سىز ئۇ يەردە بىر ئاي ئولتۇرىسىز ياكى ئىككى ئاي ئولتۇرىسىز، ياكى ئۈچ ئاي ئولتۇرىسىز، ئاندىن بىردىنلا مېنىڭ ئۆزىڭىزگە دېگەن گەپلىرىمنى ئېسىڭىزگە ئالىسىز. ئۆزلۈكىڭىزدىن كېلىپ ئىقرار قىلىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېھتىمال بۇ ئۆزىڭىزگىمۇ كۈتۈلمىگەن ئىشتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، بىر سائەتتىن كېيىن ھەممىنى بويىنىڭىزغا ئالىدىغانلىقىڭىزنى ھەتتا ئۆزىڭىزمۇ بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ھەتتا شۇنىڭغىمۇ ئىشەنچىم كامىلكى، سىز «رىيازەت چېكىش قارارىغا كەپسىز». ھازىرغۇ مېنىڭ گەپلىرىمگە ئىشەنمەيۋاتىسىز، لېكىن سىز ئۆزىڭىزمۇ بەرىبىر شۇ خۇلاسىگە كېلىسىز. چۈنكى، رودىئون رومانوۋىچ، رىيازەت چېكىش ئۇلۇغ ئىش؛ سىز مېنىڭ سەمرىپ كەتكەنلىكىمگە قارىماڭ. بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئىشقىلىپ مەن بىلىمەن، بۇ ئىشتىن كۈلمەڭ، رىيازەت چېكىشتە غايە بولىدۇ. مىكولكا توغرا قىلدى. ياق، سىز قېچىپ كەتمەيسىز، رودىئون رومانوۋىچ.

راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇپ، شلەپىسىنى قولىغا ئالدى. پورفىرىي پېتروۋىچمۇ ئورنىدىن تۇردى.

① بۇ يەردە دوستويېۋسكىي گوگولنىڭ «ئۆيلىنىش» ناملىق درامىسىدىكى كۈلكىلىك مىچمان پىتۇخوفنى دېركا دەپ ئاتاپ خاتا قىلغان.

— سەيلە قىلىپ كېلەي دەۋاتامسىز؟ كەچنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ، پەقەت گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغمىسىلا. لېكىن، يامغۇر ياغسا ھاۋا تازىلىنىپ قالىدۇ. بۇ تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ...

ئۇمۇ شلەپىسىنى قولىغا ئالدى.

— پورفىرىي پېترووۋىچ، مېنى بۈگۈن ئالدىمدا ئىقرار قىلدى، دەپ ئويلاپ قالماڭ، — دېدى راسكولنىكوف تەرىنى تۈرۈپ تەرسالىق بىلەن، — سىز غەلىتە بىر ئادەم. مەن نوقۇل قىزىقىش نۇقتىسىدىنلا گېپىڭىزنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. لېكىن، مەن ھېچنېمىنى بويىنۇمغا ئالمىدىم... سىز مانا شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ.

— بىلىمەن، ئېسىمدە تۇتىمەن — پاھ، ئۇنىڭ تىترىشىنى قارىمامدىغان تەشۋىشلىنىدىكەنىمەن، سىزنىڭ خاھىشىڭىزچە بولسۇن. بىرپەس سەيلە قىلىۋىڭىزمۇ تۈزۈك؛ لېكىن، بەك ئۇزاق ھايال بولۇپمۇ كەتمەڭ. ھەر ئېھتىمالغا قارشى سىزدىن كىچىككىنە بىر ئىشنى ئىلتىماس قىلغۇم بار، — ئاۋازىنى پەسەيتىپ قوشۇپ قويدى ئۇ، — بۇ ئىلتىماسىم ئاسانلا ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ناھايىتى مۇھىم: ئەگەر ھەر ئېھتىمالغا قارشى دەۋاتىمەن - دە (گەرچە ئۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە ئۆزۈممۇ ئىشەنمىسەممۇ، سىزنىڭمۇ ئۇنداق قىلىشىڭىز مۇمكىن بولمىسىمۇ)، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، مۇشۇ قىرىق سائەتتىن ئەللىك سائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ دېلونى باشقا بىر يول بىلەن، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئۇسۇلدا ئاياغلاشتۇرىمەن دېسىڭىز، يەنى ئۆلۈۋالماقچى بولسىڭىز (بۇ مېنىڭ ئەخمىقانە بىر تەسەۋۋۇرۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ)، ئۇ ھالدا ماڭا قىسقا، لېكىن تەپسىلىي بىرنەرسە يېزىپ قالدۇرۇپ كېتىڭ. ئىككى قۇر، پەقەت قىسقىلا ئىككى قۇر بولسا بولىدۇ. ھېلىقى تاشنىڭ نەدىلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈڭ: ئۇ ھالدا تېخىمۇ ئوچۇق - يورۇق

بولـىدۇ. بوپتـۇ ئـەمىسـە، خـەير ـ خوش... ئـۈمىـدىم، ئـوبدان ئويلىنىڭ، ئىشىڭىز بېشى خەيرلىك بولسۇن !

پـورفىـرىي خـۇددى راسكولـنـىكوفـنىڭ يۈزىـگـە قارىغـۇسـى كـەلمىگەندەك غەلىتـە بىـر ھالەتتە ئىگىشكىنىچە ئۆيدىـن چىقىـپ كـەتتى. راسكولنىكوف دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىـپ تاقەتسىزلىـك بىلەن كۈتۈپ تۇردى. پورفىرىي كـوچىغا چـىقىپ، ئـەمدى خېلـى ئۇزاپ كەتكەندۇ دېگەن ئويغا كـەلگەندە، ئـاندىن ئالـدىراپ ـ تېنـەپ ئۆيدىن چىقتى.

## 3

ئۇ ئالدىـراپ ـ تېنەپ سۋىدرىگايـلوفنى ئىـزدەپ ماڭدى. ئـۇ ئادەمدىن زادى نېمىلـەرگە ئېرىـشمەكچـى، بۇنى ھـەتتا ئۇنىـڭ ئـۆزىمۇ بىـلمەيـتتى. لېـكـىن، ئۇ ئـادەم نـېمىـسـى بىـلـەنـدۇر راسكولنىكوفنى ئۆزىگە قاتتىـق جەلپ قىـلىـپ تـۇراتتى. ۋاقتـى كېلىـپ مانا شۇنى چۈشىنىـپ يەتسە، ئـۇنىڭ كۆڭـلى ئىـككىنچـى ئارام تاپـالمايتـتى، ئۇنىـڭ ئۈستىـگە شۇ تاپـتا ئۇنىـڭ ۋاقتىمـۇ يېتىپ كـەلگەندى.

يولدا كېتىۋاتقىنىـدا بىر سوئـال ئۇنى بەكـرەك تىت ـ تىـت قىلىۋەتتى: سۋىدرىگايلوف پورفىرىينىڭ ئالدىغا بارغانمىدۇ؟

ئۇ ئۆزى ھـۆكـۈم قىلالـىغۇدەك ئەھـۋالـلارغا قاراپ، قـەسـەم ئىچىپ تۇرۇپ: ياق، ئۇ بارمىدى ! دېيەلەيتتى. ئـۇ ئويلا ـ ئويـلا، پورفـىـرىي ئۆزىنـى ئىزدەپ كەلـگەن چاغدىكى ھەممـە ئەھۋالنـى ئەسلىدى ـ دە، ئاخىر ھەممە ئەھۋالـنى چۈشەنـدى: بارمىدى، ئـۇ بارمىدى، ئەلۋەتتە بارمىدى !

لېكىن، ئەگەر ئـۇ ھازىرغىـچە بارمىغان بولسـا، ئۇ ھالدا ئـۇ پورفىرىينىڭ ئالدىغا بارارمۇ؟

شۇ چاغدا ئۇ ھازىرلاتىن بارمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. نېمىشقـا

بارمايدۇ؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ سەۋەبىنى دەپ بېرەلىگەن بولسا ئىدى، شۇ تاپتا بۇ ئىش ئۇچۇن مۇنچىلىك باش قاتۇرۇپمۇ كەتمىگەن بولاتتى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تىت - تىت قىلاتتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا ۋاقتى يەتمەيتتى. شۇنىسى قىزىق، شۇنداقلا ھېچكىم ئىشەنمەسلىكى مۇمكىنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان تەقدىرىدىن شۇ تاپتا ئانچە بەك غەم قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قارايتتى. ئۇنى باشقا بىر ئىش، باشقا بىر خىللا مۇھىم، ئىنتايىن مۇھىم ئىش، پەقەت ئۆزىگىلا مۇناسىۋەتلىك، باشقىلار بىلەن ئالاقىسى يوق باشقا بىر مۇھىم ئىش قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا گەرچە كاللىسى يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىكىگە قارىغاندا بۇگۈن ئەتىگەن خېلى ئوبدان ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن ئادەتتىن تاشقىرى ھارغىن ھېس قىلاتتى.

لېكىن، شۇنچە ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، يېقىندىلا يۈز بەرگەن مۇنداق ئۇششاق - چۈششەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىپ يۈرۈش زۆرۈرمۇ؟ مەسىلەن، سۈيدرىگايلوفنى پورفىرىينىڭ ئالدىغا بارغۇزماسلىق ئۈچۈن، باشنى قاتۇرۇپ بىرەر چارە تېپىش كېرەكمۇ؟ سۈيدرىگايلوفتەك بىر ئادەمنى ئۆگىنىپ بېقىش، چۈشىنىپ بېقىش ئۈچۈن ۋاقتىنى سەرپ قىلسا، ئەرزىمدۇ؟

ئاھ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نەقەدەر زېرىكىشلىك - ھە!

شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئالدىراپ - تېنەپ سۈيدرىگايلوفنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ ئۇنىڭدىن بىرەر يېڭى ئەھۋال ئۇقۇشنى، يوليورۇق ئېلىشنى ئۈمىد قىلامدۇ ياكى چىقىش يولى بېرىشنى ئۈمىد قىلامدۇ؟ گېزى كەلگەندە ئادەملەر ھەتتا بىرەر تال خەستىنىمۇ مەدەت تىلىشىدۇغۇ! تەقدىر ياكى قانداقتۇر بىر تەبىئىي مايىللىق ئۇلارنى بىر - بىرسىگە چېتىپ قويغانمىدۇ؟ ئېھتىمال بۇ ناھايىتى ھارغىنلىق ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ

ئىپادىسىدۇر؛ ئېھتىمال ئۇ سۆيدۈرگايلوفنى ئەمەس، باشقا بىر ئادەمنى ئىزدەيدىغاندۇر، ئۇ سۆيدۈرگايلوفنى تاسادىپىي ئەسلەپ قالغاندۇر؟ سونىيەنى ئىزدىمەكچىمىدۇ؟ ئۇ شۇ تاپتا سونىيەنى ئىزدەپ نېمە قىلىدۇ؟ يەنە ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرمەكچىمۇ؟ ئۇ سونىيەنى ئېسىگە ئېلىشى بىلەنلا قورقۇپ كەتتى. سونىيە ئۇنىڭغا گويا بېكىتىلىپ كەتكەن ھۆكۈمدەك، ئۆگەرتكىلى بولمايدىغان قاراردەك بىلىنەتتى. ھازىر يا سونىيەنىڭ يولىدا، يا ئۆزىنىڭ يولىدا مېڭىش كېرەك ئىدى، بولۇپمۇ مۇشۇ پەيتتە، سونىيەنىڭ ئالدىغا بارسا بولمايتتى. ياق، ئۇنىڭدىن كۆرە سۆيدۈرگايلوفنى چېكىپ باققان ياخشىراق؛ بۇ زادى نېمە گەپكىن؟ مانا شۇ چاغدا راسكولنىكوف مەلۇم ئىش سەۋەبىدىن سۆيدۈرگايلوفقا ئاللىبۇرۇنلا ئېھتىياجى چۈشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى.

لېكىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق بىر ئورتاقلىق بولۇشى مۇمكىن؟ ھەتتا ئۇلارنىڭ قىلغان ئەسكى ئىشلىرىنىڭ ئوخشاش بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ. بۇلا ئەمەس، ئۇ تولىمۇ يېقىمسىز ئادەم، ئوزايدىن تولىمۇ ئېپلاس، ئىنتايىن قۇۋ ۋە ھىيلىگەر ئادەملىكى چىقىپ تۇرىدۇ، ئېھتىمال يەنە بەكلا زەھەرخەندە ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شۇنداق ئىشلىرى توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەر بولۇنغان. توغرا، ئۇ كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ بالىلىرىغا كۆپ غەمخورلۇق قىلدى؛ لېكىن ئۇنىڭ بۇنى نېمە غەرەزدە قىلغانلىقىنى، كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇ ئەزەلدىن يامانلىقنى ئىچىگە يوشۇرۇپ يۈرىدىغان، ھىيلە ـ مىكرى كۆپ ئادەم.

شۇ كۈنلەردە يەنە بىر ئوي راسكولنىكوفنىڭ كاللىسىدىن نېرى كەتمەي، ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى. بۇ ئوي ئۇنى ئازابلايتتى، شۇڭلاشقا ئۇ بۇ ئوينى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشاتتى. بەزىدە ئۇ مۇنداقمۇ ئويلايتتى: سۆيدۈرگايلوف ئەتراپىمدا ئايلىنىپ نېرى كېتەلمەيۋاتىدۇ. تا بۈگۈنگىچە

شۇنداق. سۋېدرىگايلوف سىرىمنى بىلىۋالدى. سۋېدرىگايلوف دونيەگە ئەتەي زىيانكەشلىك قىلغان. ئەگەر ئۇنىڭ ھازىرمۇ شۇنداق قىلىش نىيىتى بولسا، قانداق قىلىش كېرەك؛ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ شۇنداقراق نىيىتى بار. ئۇ سىرىمنى بىلىۋالدى. دېمەك، بۇرۇنمۇدىن چۇلۇك ئۆزگىرىپتۇكىن شۇنداق ئۆتكۈزۈۋالدى، دېگەن گەپ. ئەگەر ئۇ ھازىر شۇ چولۇكتىن دونيەگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ قورالى سۈپىتىدە پايدىلانماقچى بولسا، قانداق قىلىشىم كېرەك؟

مۇنداق ئوي بەزىدە ئۇنى ھەتتا چۈشىدىمۇ قىيناپتتى، لېكىن شۇ تاپتا سۋېدرىگايلوفنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان چېغىدا، بۇ ئوي ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخى بىرىنچى قېتىم شۇنداق روشەن پەيدا بولدى. شۇ ئوي ئېسىگە كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ قەلبىنى غەمكىن ئاچچىق چۇلغىۋالدى. بىرىنچىدىن، بۇ ھەممە نېمىنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەتتى. ئۇنىڭ ئۆز سىرىنى دەرھال دونېچكاغا ئېيتىشى توغرا كېلەتتى. دونېچكاغا بىرەر مالامەت يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بەلكىم ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ گۇناھىنى بوينىغا ئېلىشىمۇ توغرا كېلەر. لېكىن، ھېلىقى خەتچۇ؟ بۈگۈن ئەتىگەندە، دونيە بىر خەت تاپشۇرۇۋاپتىكەنغۇ! پېتېربۇرگتا ئۇنىڭغا كىمدىن خەت كېلىشى مۇمكىن؟ (لۇژىنى يازغان خەتمىدۇ يا؟) دۇرۇس. ئۇ يەردە ئۇنى رازۇمىخىن قوغداۋاتىدۇ؛ لېكىن، رازۇمىخىن ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ ـ دە. بەلكىم ئۇ ھەممە ئەھۋالنى رازۇمىخىنغا ئېنىق دەپ بېرىشى كېرەكتۇ؟ مانا شۇلارنى ئويلىشىغا راسكولنىكوفنىڭ نەپرىتى قوزغىلىپ كەتتى.

ئۇ ئاخىر قانداقلا بولمىسۇن سۋېدرىگايلوف بىلەن ئىلاجىنىڭ بارىچە تېزرەك كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، دېگەن قارارغا كەلدى. خۇداغا شۈكۈر. ئۇ ئىشنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك تەرەپلىرىگە ئەمەس، ماھىيىتىگە تاقابىل تۇرالىسىلا بولدى. لېكىن، ئۇ

شۇنداق قىلالىسىلا، ئەگەر سۋىدرىگايلوف دونيەگە ئالىلىقاندالقتۇر سۈيىقەست ئىشلىتىپ قالسا، ئۇ ھالدا...

راسكولنىكوف ساق بىر ئاي مابەينىدىكى ئىشلار سەۋەبىدىن ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، ھازىرقىدەك مۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگىنىدە پەقەت بىرلا قارارغا كېلەلەيتتى. «ئۇنداقتا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» ئويلىدى ئۇ كۆڭلى سوۋۇپ ۋە ئۈمىدسىزلىنىپ. ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر ئېغىر غەم باستى؛ ئۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، قايسى كوچىدا كېتىۋاتىمەن، قەيەرگە كېلىپ قالدىم، دەپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۇ E كوچىسىغا يېتىپ كەلگەنىدى، ئوت ـ چۆپ بازىرى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ئوتتۇز ـ قىرىق چامدام كېلەتتى. ئۇ تېخى يېڭىلا ئوت ـ چۆپ بازىرىدىن ئۆتتۈپ كەتكەنىدى. سول تەرەپتىكى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتى پۈتۈنلەي بىر كىچىك ئاشخانىغا قارايتتى. دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ئىدى. دېرىزىلەردىن كۆرۈنگەن ئادەملەرنىڭ سايىلىرىدىن قارىغاندا، كىچىك ئاشخانا ئادەم بىلەن لىق تولغاندەك قىلاتتى. ئاشخانىدىن يېقىملىق ناخشا، نەي، ئىسكىرىپكا ۋە تۈركچە داپنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خوتۇنلارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. راسكولنىكوف ئۆزىنىڭ E كوچىسىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئەمدىلا كەينىگە يانماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، كۈتمىگەندە ئاشخانىنىڭ ئەڭ چەتتىكى دېرىزىسىدىن سۋىدرىگايلوفنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى چاي ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا، غاڭزىنى چىشلىگىنىچە ئولتۇراتتى. راسكولنىكوف ھەيران قالدى، ھەتتا چۆچۈپ كەتتى. سۋىدرىگايلوف ئۇنىڭغا ئۈن ـ تىنسىز تىكىلىپ، ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا زەن سېلىپ ئولتۇراتتى. بۇمۇ شۇ ئانلا راسكولنىكوفنى ھەيران قالدۇردى. سۋىدرىگايلوف ئۇ كۆرۈپ قالماستا غىپپىدە كېتىۋېلىشنى ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك

قىلاتتى. راسكولنىكوف شۇ ئانىلا ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، خىيال ئىچىدە باشقا ياققا قارىغان بولۇپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئېتىپ سوقۇپ كەتتى. دېگەندەكلا شۇنداق بولدى. سۋىدرىگايلوف راستىلا بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ غاڭزىسىنى ئاغزىدىن ئېلىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ ئورۇندۇقنى نېرىراق سۈرۈۋېتىپ، بىردىنلا راسكولنىكوفنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھالەت ھېلىقى كۈنى راسكولنىكوف ئۇخلاۋاتقىنىدا، ئۇنىڭكىدە بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان چاغدىكى ھالەتكە ئوخشاپ كېتەتتى. سۋىدرىگايلوفنىڭ چىرايىدا مۇغەممىرانە كۈلكە جىلۋىلەندى. كېيىن بۇ كۈلكە ئۇنىڭ پۈتۈن چىرايىنى قاپلىدى. ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىنى كۆرۈپ ۋە كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتى. ئاخىر سۋىدرىگايلوف قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ھەي، ھەي! قېنى خالىسىڭىز بۇ يەرگە كىرىڭ! مەن مۇشۇ يەردە! — ۋارقىرىدى ئۇ دېرىزىدە تۇرۇپ.

راسكولنىكوف ئاشخانىغا كىردى.

ئۇ سۋىدرىگايلوفنى چوڭ زالغا تۇتاش، بىرلا دېرىزىلىك كىچىككىنە بىر ئۆيدە ئۇچراتتى. چوڭ زالدا سودىگەرلەر، خىزمەتچىلەر ۋە باشقا ھەر خىل ئادەملەر يىگىرمە ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە ناخشىچىنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ ئېيتىۋاتقان خورىنى ئاڭلىغاچ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. قەيەردىندۇر بىلىيارد ساقىلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سۋىدرىگايلوفنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە ئۈستەلدە ئاغزى ئېچىلغان شامپان بىلەن يېرىم ئىستاكان ھاراق تۇراتتى. ھۇجرىدا يەنە گارمون تۇتقان ياش گارمونچى بىلەن ئۇچىسىغا

يول ـ يول پۈرمە يوپكا، بېشىغا لېنتا تاقالغان تىرولچە[1] شىلەپە كىيگەن ناخشىچى قىز بار ئىدى. ئۇ ئۇن سەككىز ياشلاردىكى، يۈزلىرى قىپقىزىل، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن قىز ئىدى. باشقا خاندا بەزىلەر خور ئېيتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ گارمونچى يىگىتنىڭ تەڭكەشلىكىدە، خېلىلا بوغۇق تۆۋەن ئاۋازدا پەسكەش بىر ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى...

— بولدى قىل! — دېدى سۋىدرىگايلوف راسكولنىكوفنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ناخشىدىن توختىتىپ.

قىز ناخشىسىنى دەرھاللا توختىتىپ، ئەدەپ بىلەن بىر تەرەپكە ئۆتۈپ كۈتۈپ تۇردى. ئۇ قاپىيەلىك پەسكەش ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقان چاغدىمۇ چىرايىدىن ئوخشاشلا جىددىيلىك ۋە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام ئالامىتى ئىپادىلەنگەنىدى.

— ھەي، فىلىپ، ئىستاكاندىن بىرنى ئەكەل! — ۋارقىرىدى سۋىدرىگايلوف.

— مېنىڭ هاراق ئىچكۈم يوق، — دېدى راسكولنىكوف.

— ئىختىيارىڭىز، سىزگە دەپ ئەكەلدۈرمىدىم. كاتيە، ئىچە! بولدى، ئەمدى ئېيتمىساڭمۇ بولىدۇ. كېتىۋەر! — سۋىدرىگايلوف ناخشىچى قىزغا ئىستاكاننى لىق تولدۇرۇپ هاراق قۇيۇپ بەردى ۋە سېرىق قەغەز پۇلدىن[2] بىرنى سۇندى. كاتيە باشقا ئاياللارغا ئوخشاش هاراقنى ئۇزمەي يىگىرمە قېتىمچە يۇتۇپ، بىراق ئىچىۋەتتى. ئاندىن پۇلنى ئالدى ـ دە، سۋىدرىگايلوفنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويۇپ (ئۇ قىزنىڭ سۆيۈپ قويۇشى ئۇچۇن قولىنى تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن سۇنغانىدى)، خانىدىن چىقىپ كەتتى. ھېلىقى گارمونچى يىگىتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىككىلىسى كوچىدىن چاقىرىپ كېلىنگەنىدى. سۋىدرىگايلوفنىڭ پېتېربۇرگقا كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نېمە قەدىمىي ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە

---

[1] تىرول — ئاۋستىرىيەنىڭ بىر شەھىرى.

[2] بىر رۇبلىلىق قەغەز پۇلنى دېمەكچى.

ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئاشخانىنىڭ مۇلازىمەتچىسى فىلىپمۇ ئۇنىڭ «تونۇش» ئادىمى، بەكلا خۇشامەت قىلىدىغان كىشىسى بولۇپ قالغانىدى. زالغا چىققىلى بولىدىغان ئىشىك يېپىق ئىدى؛ سۋىدرىگايلوف بۇ خانىدا خۇددى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك تۇرالايتتى، ئۇ ئېھتىمال پۈتۈن كۈنبويى مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك، ئەمما بۇ ئاشخانا تولىمۇ پاسكىنا، ئوسال، ئوتتۇراھال سەۋىيەگىمۇ يېتەلمەيدىغان ئاشخانا ئىدى.

— مەن سىزنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان، — دېدى راسكولنىكوف گەپ باشلاپ، — لېكىن نېمىشقىدۇر ئوت - چۆپ بازىرىدىن ئۆتۈپ 3 كوچىسىغا كىرىپ كېتىپتىمەن. بۇ كوچىدىن زادى ئۆتۈپ باقمىغان، بۇ يەرگىمۇ كىرىپ باقمىغان، مەن بۇرۇن - بۇرۇندىنلا ئوت - چۆپ بازىرىدىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلاتتىم. سىزنىڭ ئۆيىڭىزگىمۇ بۇ كوچا بىلەن بارغىلى بولمايدۇغۇ. نېمىشقىدۇر بۇ كوچىغا كىرىپ قېلىپ، سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم! قىزىق!

— بۇنى نېمىشقا توغرىدىن - توغرا «بىر مۆجىزە» دېمەيسىز؟

— چۈنكى، بۇ بەلكىم تاسادىپىي شۇنداق توغرا كېلىپ قالغاندۇ.

— سىزگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بىر ئىللەت بار! — دېدى سۋىدرىگايلوف قاقاھلاپ كۈلۈپ، — مۆجىزىگە ئىچىدە ئىشەنسىمۇ، ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ! سىز ئۆزىڭىزمۇ ھازىرلا «بەلكىم» تاسادىپەن شۇنداق توغرا كېلىپ قالغاندۇ، دېدىڭىز. سىز ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسىز، رودىئون رومانوۋىچ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئېيتىشتىن شۇنداق ئەيمىنىدۇ! مەن سىزنى دېمىدىم. سىزنىڭ ئۆز قاراشلىرىڭىز بار، باشقىلار نېمە دەپ قالار دەپ قورقۇپمۇ يۈرمەيسىز. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزگە قىزىقىپ قالدىم.

— باشقا سەۋەبلەر يوقمۇ؟

— شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك.

سۋىدرىگايلوف كەيپى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك قىلاتتى، لېكىن خۇددىنى بىلمىگۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ ناھايىتى يېرىم ئىستاكانلا ھاراق ئىچكەنىدى.

— مېنىڭچە، سىز ئۆزىڭىز دېگەندەك مېنىڭ ئۆز قاراشلىرىم بارلىقىنى بىلىشتىن ئىلگىرىلا مەن بىلەن كۆرۈشكەنىدىڭىز، — دېدى راسكولنىكوف.

— ھىم، ئۇ دېگەن باشقا گەپ. ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشى بولىدۇ. مۆجىزىگە كەلسەك، مەن سىزگە شۇنى دېيىشىم كېرەك، كېيىنكى ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇيقۇ بىلەن بولۇپ كېتىپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئوخشايسىز. مەن مۇشۇ ئاشخانىنىڭ نامىنى ئۆز ئاغزىم بىلەن سىزگە دەپ بەرگەن. شۇڭلاشقا توغرا تېپىپ كەپسىز. بۇ ھەرگىزمۇ مۆجىزە ئەمەس، مەن بۇ يەرگە قانداق كەلگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نەگە جايلاشقانلىقىنى، شۇنداقلا قايسى چاغلاردا مۇشۇ يەردە بولىدىغانلىقىمنى سىزگە ئۆز ئاغزىم بىلەن دەپ بەرگەن. ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — جاۋاب بەردى راسكولنىكوف ھەيران بولۇپ.

— گېپىڭىزگە ئىشىنىمەن. مەن سىزگە ئىككى قېتىم دەپ بەرگەن. بۇ يەرنىڭ ئادرېسى مېخانىك ھالدا ئېسىڭىزدە قېلىپ قاپتۇ، سىز ئۆزىڭىزمۇ بىلمەستىن مېخانىك ھالدا مۇشۇ كوچىغا بۇرۇلۇپ، ئادرېس بويىچە بۇ يەرنى خاتاسىز تېپىپ كەپسىز. مەن ئادرېسنى دەسلەپ دەپ بەرگەن چېغىمدىلا، دېگەنلىرىمنى چۈشىنىپ كېتەلىشىڭىزدىن ئۈمىد كۈتمىگەنىدىم. رودىئون رومانوۋىچ، سىز ئۆزىڭىزنى بەكلا ئاشكارىلاپ قويىدىكەنسىز. ئىشەنچىم كامىلكى، پېتېربۇرگتا ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ ماڭىدىغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. بۇ بىر چالا ساراڭلار يىغىلغان شەھەر. ئەگەر ئېلىمىزدە ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلغان بولسا

ئىدى، ئۇ ھالدا دوختۇرلار، ئادۋوكاتلار ۋە پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپلىرى بويىچە پېتېربۇرگتا ناھايىتى قىممەتلىك ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولاتتى. پېتېربۇرگتەك ئادەمنىڭ كۆڭلىگە شۇ قەدەر غەم ـ قايغۇ سېلىپ، شۇ قەدەر كۆچلۈك ۋە غەلىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان جاي كەمدىن ـ كەم تېپىلىدۇ! ئىقلىمىنىڭ ئۆزىلا ئادەمگە نەقەدەر زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ـ ھە! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۈتۈن روسىيەنىڭ مەمۇرىي مەركىزى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەممە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، ھازىر گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، گەپ شۇنىڭدىكى، مەن سىزنى ياندىن بىرنەچچە قېتىم كۆزەتتىم. سىز ئۆيدىن چىققان چېغىڭىزدا بېشىڭىزنى تىك تۇتۇپ ماڭىسىز. لېكىن، يىگىرمە قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن بېشىڭىزنى تۆۋەن سېلىپ، قوللىرىڭىزنى كەينىڭىزدە تۇتۇۋالىسىز. كۆزلىرىڭىز ئوچۇق تۇرغىنى بىلەن ھېچنېمىنى، ئالدىڭىزدىكىنىمۇ، ئىككى تەرىپىڭىزدىكىنىمۇ كۆرمەيسىز. ئاخىرىدا لەۋلىرىڭىز مىدىرلاشقا باشلايدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىز گەپلىشىپ كېتىسىز. بەزىدە بىر قولىڭىزنى كەينىڭىزدىن ئېلىپ، دېكلاماتسىيە ئوقۇشقا باشلايسىز، ئاخىرىدا بىرىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالىسىز، بۇ ياخشى ئەمەس. سىزنى بەلكىم مېنىڭدىن باشقىمۇ كۆزىتىپ يۈرگەنلەر باردۇ. بۇنىڭ سىزگە پايدىسى يوق. ئەسلىدىغۇ بۇنىڭ مەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق، مەن سىزنىڭ بۇ كېسىلىڭىزنىمۇ تۈزىتەلەيمەن. لېكىن، سىز مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

— سىز بەزى ئادەملەرنىڭ مېنى كۆزىتىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى راسكولنىكوف ئۇنىڭغا سىناش نەزەرىدە تىكىلىپ.

— ياق، مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، — جاۋاب بەردى

سۋىدرىگايلوف ھەيران قالغاندەك قىلىپ.

— ھە، ئۇنداقتا مېنى تىنچ قويۇڭ، — غودۇڭشىدى راسكولنىكوف تەرىنى تۈرۈپ.

— بولىدۇ، تىنچ قوياي.

— ياخشىسى ماڭا شۇنى دەپ بېرىڭچۇ، سىز بۇ يەرگە ھاراق ئىچكىلى كېلىپ تۇرىدىكەنسىز. ماڭىمۇ مۇشۇ يەرگە كېلىشنى ئىككى قېتىم ئېيتتىپسىز، ئۇنداقتا بايا مەن كوچىدا تۇرۇپ دېرىزىگە قارىسام، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئالماقچى، غىپپىدە تىكىۋەتمەكچى بولدىڭىز؟ بۇنى مەن ئېنىق كۆردۈم.

— ھى - ھى! ھېلىقى كۈنى ئۆيىڭىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرسام، نېمىشقا سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، ئۇخلىغان بولۇپ دىۋاندا يېتىۋالىسىز؟ شۇ چاغدا سىز ئويغاق ئىدىڭىزغۇ؟ مەنمۇ بۇنى ئېنىق كۆرگەن!

— شۇنداق قىلغان بولسام بەلكىم... سەۋەبى باردۇ... بۇنى سىز بىلىسىز.

— مېنىڭمۇ بەلكىم سەۋەبلىرىم باردۇ. بۇنى سىز بىلمىسىڭىزمۇ.

راسكولنىكوف ئوڭ جەينىكىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئوڭ قولىدا ئېڭىكىنى تىرىدى - دە، پۈتۈن دىققىتى بىلەن سۋىدرىگايلوفقا تىكىلدى. ئۇ سۋىدرىگايلوفنىڭ چىرايىغا بىر مىنۇتچە زەن سېلىپ قارىدى. بۇ چىراي ئۇنى ئىلگىرىمۇ قاتتىق ئەجەبلەندۈرەتتى. نىقابقىلا ئوخشايدىغان بۇ چىراي تولىمۇ غەلىتە ئىدى: ئاپپاق مەڭزلىرىدىن تېشىغا قىزىللىق تېپىپ تۇراتتى. لەۋلىرى چوغدەك قىزىل، بومبۇر ساقىلى بىلەن قويۇق چېچى بولسا ئاچ سېرىق، كۆزلىرى نېمىشقىدۇر ھەددىدىن تاشقىرى كۆك، قاراشلىرىمۇ نېمىشقىدۇر بەكلا مەيۈس، بەكلا ناخۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىي يېشىغا قارىغاندا تولىمۇ ياش كۆرۈنىدىغان، كېلىشكەن چىرايىدىن كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان قانداقتۇر بىر ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. سۋىدرىگايلوف

نىپىز رەختتىن تىكىلگەن يازلىق كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى، بولۇپمۇ كۆڭلىكى بەكلا پۈزۈر ئىدى. ئۇ بارمىقىغا قىممەت باھالىق ياقۇت كۆز قويۇلغان يوغان ئۈزۈك سېلىۋالغانىدى.

— ئەجەبا مەن سىز بىلەن يەنە تارتىشماق ئويىنىشىم كېرەكمۇ؟ — دېدى راسكولنىكوف ئادەتتىن تاشقىرى تاقەتسىزلىك بىلەن گەپنىڭ توغرىسىنىلا ئېيتىپ، — ئەگەر سىز ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز ئەڭ خەتەرلىك ئادەم بولۇشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، مېنىڭ ئەمدى ئۆزۈمنى قىيىنىغۇم يوق. مەن ھازىرلا سىزگە ئۆزۈمنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭىزدەك كۆتمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن. بىلەمسىز، مەن ئالدىڭىزغا شۇنى ئوچۇق - يورۇق دەپ قويغىلى كەلدىم، ئەگەر يەنە ئىلگىرىكىدەك سىڭلىمنىڭ كەينىگە كىرىۋالسىڭىز، ئەگەر سىز ئۆزىڭىز يېقىندا بايىقاپ قالغان ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ مەقسىتىڭىزگە يەتمەكچى بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز مېنى تۈرمىگە كىرگۈزۈۋەتكۈچە سىزنى ئۆجۈقتۇرۇۋېتىمەن. گېپىم گەپ، بىلەمسىز، مەن دېگىنىمنى قىلىمەن. ئاندىن ئەگەر ماڭا دەيدىغان گېپىڭىز بولسا، تېزرەك دەڭ، چۈنكى باياتىن بېرى سېزىپ تۇرۇپتىمەن، سىزنىڭ ماڭا دەيدىغان گېپىڭىز باردەك قىلىدۇ. ۋاقىت ئىنتايىن قىممەتلىك بولغاچقا، ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا بەكلا كېچىكىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— شۇنچە ئالدىراپ نەگە بارماقچىدىڭىز؟ — سورىدى سۋىدرىگايلوف ئۇنىڭغا قىزىقىش بىلەن زەن سېلىپ.

— ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئىشى بولىدۇ، — دېدى راسكولنىكوف قاپىقىنى تۈرۈپ تاقەتسىزلىنىپ.

— ھېلىلا ئۆزىڭىز ئوچۇق - ئاشكارا گەپ قىلىشىمنى تەلەپ قىلىۋىدىڭىز. لېكىن، مانا بىرىنچى سوئالىمغا جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىۋاتىسىز، — دېدى سۋىدرىگايلوف كۈلۈپ، — مەن

سىزگە دائىم بىر مەقسەتنى كۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلىمەن. شۇڭلاشقا دائىم مەندىن گۇمانلىنىپلا يۈرىسىز. ئەلۋەتتە، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدا بۇنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن، مەن سىز بىلەن دوست بولۇپ قېلىشنى خالىسامىمۇ، سىزنى ئىشەنچىڭىزدىن قايتۇرىمەن، دەپ ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمەيمەن. راست، بۇنىڭ پايدىسى يوق. سىز بىلەن ھەرقانداق ئالاھىدە ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشكۈمىمۇ يوق.

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە نېمە ئۈچۈن كېرەك بولۇپ قالدىم؟ ئەجەب سىز مەندىن نېرى كېتەلمەي، ئەتراپىمدا پىرقىراپلا يۈرۈۋېدىڭىزغۇ؟

— مەن سىزنى ناھايىتى قىزىقارلىق كۆزىتىش ئوبيېكتى قىلىۋالدىم، خالاس. سىزنىڭ تولىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم — مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم مانا شۇ! بۇنىڭدىن تاشقىرى، سىز مەن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ھېلىقى كىشىنىڭ ئاكىسى، ئاخىرقى بىر گەپ، ئىلگىرى مەن شۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتىم. شۇڭلاشقا مەن سىزنى ئۇنىڭغا زور تەسىر كۆرسىتەلەيدىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىۋىدىم؛ ئەجەبا مانا مۇشۇلار سىزگە كۇپايە قىلمامدۇ؟ ھى ـ ھى ـ ھى... لېكىن، ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك، سوئالىڭىز ماڭا نىسبەتەن بەكمۇ مۇرەككەپلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىم قىيىن. مەسىلەن ئالايلى، شۇ تاپتا سىز مېنىڭ ئالدىمغا پەقەت ئىشىڭىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىرەر يېڭىلىق ئاڭلاش ئارزۇسىدا كەلدىڭىز. شۇنداققۇ؟ شۇنداققۇ ـ ھە؟ — دېدى سۋىدرىگايلوف توختىماي گەپ قىلىپ ۋە مەككارلىق بىلەن كۈلۈپ، — شۇڭلاشقا سىز تەسەۋۋۇر قىلالامسىز. مەن مۇشۇ يەرگە كېلىۋېتىپ، پويىزدىلا ئۈمىدىمنى سىزگە باغلىۋىدىم، سىزنى ئاز ـ تولا يېڭى گەپلەرنى دەپ بېرەر، ئاز ـ تولا نەپ بېرىپ قالار، دەپ ئۈمىد كۈتۈۋىدىم، قاراڭ، ئىككىمىز نەقەدەر

باي ـ هه !

ـــ سىز مەندىن قانداق نەپ ئالماقچىدىڭىز؟

ـــ سىزگە نېمە دېسەم بولار؟ قانداق نەپ ئېلىشىمنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۆزىڭىز كۆرۈۋاتىسىز. مەن ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە مانا مۇشۇنداق كىچىك ئاشخانىدا ئولتۇرىمەن. مەن شۇنىڭغا رازى. ئەمەلىيەتتە رازى بولمىساممۇ، لېكىن ھامىنى بىرەر جايدا ئولتۇرۇشۇم كېرەكقۇ. خوش، ئاشۇ بىچارە كاتيەنى ئالايلى، سىز ئۇنى كۆردىڭىزمۇ؟... يەنە مىسالەن، ئەگەر مەن بىر تويمىغۇر ئادەم بولسام ياكى دائىم كۇلۇبلارغا بېرىپ تائامنىڭ ئېسىلىنى تاللاپ يەيدىغان ئادەم بولسام، ئۇ چاغدا مەيلى ئىدى. لېكىن، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن مۇشۇنداق نەرسىلەرنى يەۋېرىمەن ! ـــ ئۇ بۇلۇڭدا تۇرغان چاققانىغىنا ئۇستەلنى كۆرسەتتى، ئۇستەلدىكى ئاق تۆمۈر تەخسىدە ئېشىپ قالغان تولىمۇ ناچار كالا سىگىرى بىلەن بەرەڭگى تۇراتتى، ـــ ھەر راست، سىز تاماق يېگەنمىدىڭىز؟ مەن ئازراق بىرنېمە يەۋالدىم. يەنە يېگۈم يوق. يەنە بىر مىسال، مەن زادىلا هاراق ئىچمەيمەن، شامپاندىن باشقا ھېچقانداق ھاراقنى ئىچمەيمەن، ھەتتا شامپاننىمۇ بىر كۈندە بىرلا ئىستاكان ئىچىمەن، شۇمۇ بېشىمنى ئاغرىتىدۇ. ئازراق تېتىكلىشىش ئۈچۈن، ھازىرلا شامپاندىن بىر ئىستاكان ئالدۇرۇۋىدىم، چۈنكى بىر يەرگە بارماقچىدىم. شۇڭلاشقا سىزگە كەيپىياتىم سەل باشقىچىرەك كۆرۈنۈۋاتقان بولسا كېرەك. بايا خۇددى كىچىك بالىدەك سىزدىن يوشۇرۇنماقچى بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبى، سىزنى ماڭا مالال قىلمىغىيدى، دەپ ئويلىغۇدىم. لېكىن، قارىغاندا، ـــ ئۇ سائىتىنى چىقاردى، ـــ سىز بىلەن بىر سائەت بىللە ئولتۇرالىغۇدەكمەن؛ ھازىر سائەت تۆت يېرىم بوپتۇ. ئىشىنەمسىز، مەن راستلا قىلىدىغان بىرەر ئىشىمنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇپ قالدىم؛ مەسىلەن ئالايلى، بىر پومېشچىكمۇ ياكى بىر پوپمۇ، ياكى بىر ئاتلىق ئەسكەرمۇ،

ياكى بىر سۈرەتچىمۇ، ياكى بىر مۇخبىرمۇ... قايسى بولسىمۇ بولىۋېرەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ! بەزىدە شۇنداق زېرىكىپ كېتىمەن. راست دەيمەن. مەن تېخى سىزنى بەزىبىر يېڭىلىقلارنى دەپ بېرەمدىكىن دەپتىكەنمەن.

— سىز زادى نېمە ئادەم؟ بۇ يەرگە زادى نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟

— سىز نېمە ئادەم؟ بىلەمسىز، مەن بىر ئاقسۆڭەك، مەن ئاتلىق قىسىمدا ئىككى يىل خىزمەت قىلغان. كېيىن مۇشۇ پېتېربۇرگتا لاغايلاپ يۈردۈم، كېيىن مارفا پېتروۋناغا ئۆيلىنىپ، يېزىغا بېرىپ تۇردۇم. مېنىڭ قىسقىچە تارىخىم مانا شۇ.

— سىز قىمارۋاز بولسىڭىز كېرەك؟

— ياق، مەن قانداقسىگە قىمارۋاز بولاي؟ يالغان قارتا ئوينىماش قىمارۋازلىق بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا سىز يالغان قارتا ئويناپتىكەنسىز - دە.

— ھەئە، ئوينىغان.

— ئۇنداقتا پات - پات دۇمبا يەپ تۇرامتىڭىز؟

— يەپ تۇراتتىم، يېسەم نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ، ئۇنداقتا ئۇلار بىلەن دۇئېلغا چىقىسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ... شۇنداق قىلىسىڭىز قىزىق بولار ئىدى.

— مېنىڭ سىزگە رەددىيە بەرگۈم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەلسەپىۋى گەپلەرنىمۇ قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيمەن. سىزدىن يوشۇرمايمەن. مەن بۇ يەرگە شۇنداق ئالدىراپ - تېنەپ، ئاساسەن ئاياللارنى دەپ كەلدىم.

— مارفا پېتروۋنانى كۆمۈپ بولۇپلا، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى سۋىدرىگايلوف قانداقتۇر ئۇچۇق - يورۇقلۇق بىلەن كۈلۈپ، — شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئاياللار توغرۇلۇق شۇنداق گەپلەرنى قىلىشىم سىزنىڭچە ياخشى

ئەمەسمۇ؟

— سىز مەندىن بۇنى بۇزۇقچىلىق دەپ قارامسىز، دەپ سورىماقچىمۇ؟

— بۇزۇقچىلىق! سىز گەپنى نەلەرگە ئېلىپ كەتتىڭىز، لېكىن مەن سىزگە بىرمۇبىر جاۋاب بېرەي، ئالدى بىلەن ئومۇمەن ئاياللار توغرىسىدىكى مەسىلىگە كېلەيلى؛ بىلەمسىز، مەن قۇرۇق پاراڭ سېلىشقا بەك ئامراق. قېنى، دەپ بېقىڭچۇ، مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرۇشۇم كېرەك؟ مەن ئاياللارغا ئامراق تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن ئاياللاردىن ۋاز كېچىشىم كېرەك ئىكەن؟ بۇنىڭ بىلەن ھېچبولمىغاندا ۋاقىتنى بولسىمۇ ئۆتكۈزگىلى بولىدۇغۇ.

— ئۇنداقتا سىز بۇ يەرگە بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈمىدىدە كەپتىكەنسىز ـ دە!

— بوپتۇ، بۇزۇقچىلىقمۇ دەيلى، شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ! ئۇلار بۇ سۆزنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ، ھېچبولمىغاندا مەن ئوچۇق ـ ئاشكارا سوئال سوراشنى ياخشى كۆرىمەن. مۇشۇنداق بۇزۇقچىلىقنىڭ ئىچىدە، ھېچبولمىغاندا تەبىئەتنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلغان، خام خىياللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدىغان بىرنەرسە بولىدۇ. ئۇ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەبەدىلئەبەد ئوتتەك يېنىپ تۇرىدۇ، ئۇزاققىچە ئۆچمەيدۇ، ئېھتىمال نۇرغۇن يىللارغىچە ئۆچمەيدىغاندۇ، بۇنىڭغا سىزمۇ قوشۇلىسىز، ئەجەبا بۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر چارىسى ئەمەسمۇ؟

— بۇنىڭ سۆيۈنگۈدەك نېمىسى بار؟ بۇ بىر كېسەللىك، يەنە كېلىپ خەتەرلىك كېسەللىك.

— ئوھو، سىز نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ توغرا ئېيتتىڭىز، بۇ بىر كېسەللىك، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن جىمىكى ئىشلارغا ئوخشاشلا كېسەللىك. مۇنداق ئىشلارنى قىلغان ئادەمنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىشى مۇقەررەر. لېكىن،

بىرىنچىدىن، بىر ئادەم مۇنداق قىلسا، يەنە بىر ئادەم ئۇنداق قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بىلەن بولغىنى ياخشى. بۇ بىر پەسكەشلىك، لېكىن ئۇنىڭغا نېمە ئامال؟ ئەگەر قىلغۇدەك شۇنداق ئىشلار بولمىغان بولسا، ئېھتىمال ئادەملەر ئۆلۈۋېلىشىمۇ مۇمكىن. توغرا ئېيتتىڭىز، ھالال ئادەملەر زېرىكىشلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولۇشىدۇ، لېكىن...

— سىز ئۆلۈۋالارسىزمۇ؟

— ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ ! — دېدى سۋىدرىگايلوف نەپرەت بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەرھەمەت قىلىپ ئۇنى ئاغزىڭىزغا ئالمىسىڭىز، — قوشۇپ قويدى ئۇ. ئەمدى ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا بايىقى ماختانچاقلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى، — مەن ئىقرار، كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئاجىزلىقىم بار. لېكىن، ئۇنىڭغا نېمە ئىلاج؛ مەن ئۆلۈمدىن قورقىمەن، خەقلەرنىڭ ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلىشىنىمۇ ياقتۇرمايمەن. بىلەمسىز، مەن مىستىتسىزىمچىگە ئاز - تولا ئوخشامدىكەنمەن؟

— ئاھا ! مارفا پېتروۋنانىڭ روھى دەڭە ! نېمە، ئۇنىڭ روھى سىزنى ھېلىمۇ ئىزدەپ تۇرۇۋاتامدۇ؟

— قويۇڭە ئۇنى، ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ؛ پېتېربۇرگقا ھازىرغىچە كېلىپ باقمىدى؛ جىن ئۇرسۇن ئۇنى، — ۋارقىرىدى ئۇ خاپا بولۇپ، — ياق، ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا گەپلەرنى... راست... لېكىن... ھىم ! ئەپسۇسكى ۋاقتىم قىسقىراق، سىز بىلەن ئۇزاقراق گەپلىشىپ ئولتۇرالمايدىغان بولدۇم. بولمىسا، سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى !

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى، خوتۇن خەقلەرنىڭ ئىشىمۇ؟

— ھەئە، خوتۇن خەقلەرنىڭ ئىشى، ئويلىمىغان بىر ئىش... ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم ئۇ ئەمەس.

— ئۇنداقتا پۈتكۈل مۇشۇ مۇھىتنىڭ ئىپلاسلىقلىرى

سىزگە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— سىز خىيالىڭىزدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالايمەن، دەپ ئويلامسىز؟ ھى - ھى - ھى... رودىئون رومانوۋىچ، شۇنداق بولۇشىنى ئالدىنئالا بىلسەممۇ، يەنىلا بايا مېنى ھەيران قالدۇردىڭىز. سىز ماڭا بۇزۇقچىلىق توغرۇلۇق، ئېستېتىكا توغرۇلۇق گەپ قىلدىڭىز. سىز شىللېر ئىكەنسىز! سىز خىيالپەرەس ئىكەنسىز! ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولمىغان بولسا غەلىتە ئىش بولغان بولاتتى، لېكىن رېئاللىقتا بۇ ھەرھالدا يەنىلا غەلىتە... ئەپسۇسكى، ۋاقتىم بەكلا قىس. چۈنكى، سىز ئىنتايىن قىزىقارلىق ئادەم! مۇنداقلا سوراپ باقاي، سىز شىللېرنى ياخشى كۆرەمسىز؟ مەن ئۆزۈم شىللېرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.

— سىز راستىلا بەك پوچى ئىكەنسىز! — دېدى راسكولنىكوف بىرئاز بىزار بولۇپ.

— ياقەي، راستىلا مەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس، — جاۋاب بەردى سۋىدرىگايلوف قاقاھلاپ كۈلۈپ، — لېكىن مېنىڭ تالاشقۇممۇ يوق، ماقۇل مەن پوچىمۇ بولاي، ئەگەر بىرەر ئادەمگە زىيىنى تەگمىسە، پو ئاتسام نېمە بولغۇدەك؟ مەن يەتتە يىلنى مارفا پېتروۋنا بىلەن بىللە يېزىدا ئۆتكۈزدۈم. شۇڭا كۈتمىگەندە سىزدەك بىر ئەقىللىق ئادەمگە، ئەقىللىقلا ئەمەس، ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ئادەمگە ئۇچراپ قالغىنىمدا، ئەلۋەتتە سىز بىلەن گەپلەشكۈم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراقتىن يېرىم ئىستاكان ئىچىۋېلىۋىدىم، بىرئاز كەيپ بولۇپ قالدىم. ئاساسلىقى بىر ئىش مېنى بەكلا بىئارام قىلىپ قويىدى. لېكىن، ئۇ ئىشنى... سىزگە... دېگۈم يوق. سىز نەگە بارىسىز؟ — كۈتمىگەندە سورىدى ئۇ چۆچۈپ كېتىپ.

راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. ئۇ يۈرىكى سىقىلىپ، دېمى تۇتۇلۇۋاتقاندەك، ئۆزى بۆلەكچە بولۇۋاتقاندەك

بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئۇ سۋىدرىگايلوفنىڭ دۇنيادا ئەڭ پەس، ھېچكىم ئىگەمزغا ئېلىشنى خالىمايدىغان مۇتتەھەم ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

— ھەي، ھەي ! بىردەم ئولتۇرۇڭ، كەتمەڭ، — دېدى سۋىدرىگايلوف ئۇنى توسۇپ، — ئۇلارغا دەپ ھېچبولمىسا بىر پىيالە چاي ئەكەلدۇرۇڭ. يەنە بىردەم ئولتۇرۇڭ، بولدى، ئىككىنچى ئالىجوقا گەپلەرنى قىلمايمەن. ئۆزۈمنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق دەيمەن. مەن سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، توغرا، مەن سىزگە بىر خانىمنىڭ قانداق قىلىپ، سىزنىڭ سۆزىڭىز بىلەن ئېيتسام، قانداق قىلىپ مېنى «قۇتۇلدۇرغانلىقىنى» سۆزلەپ بېرەي، خالامسىز؟ بۇ ھەتتا سىزنىڭ بىرىنچى سوئالىڭىزغا جاۋاب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، چۇنكى ئۇ خانىم سىزنىڭ سىڭلىڭىز، سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ بەرىبىر ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەكقۇ.

— بوپتۇ سۆزلەپ بېرىڭ، لېكىن ئۈمىدىم...

— ھە، خاتىرجەم بولۇڭ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋدوتيە رومانوۋنا ھەتتا مېنىڭدەك بىر رەسۋا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەمنىڭ قەلبىدىمۇ ئۆزىگە نىسبەتەن يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئېھتىرام تۇيغۇسىنى ئويغاتقان.

## 4

— سىزمۇ بىلسىڭىز كېرەك، ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈم سىزگە دەپ بەرگەن، — دەپ باشلىدى سۋىدرىگايلوف، — مەن بۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردىمۇ تۆلىگۈدەك مال ـ مۈلكۈم بولمىغاچقا قەرزدارلار قاماقخانىسىغا كىرىپ قالدىم. ئەمدى بولغاندا، مارفا پېتروۋنانىڭ مېنى قانداق قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ

ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق؛ خوتۇن خەقلەرنىڭ بەزىدە بىرەر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇ پەقەت تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، سەممىي، ئىنتايىن ئەقىللىك ئايال ئىدى. ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، سەممىي، لېكىن كۈنداشلىقى بەك قاتتىق مانا شۇ ئايال تالاي - تالاي قېتىم قەھر - غەزەپكە ۋە تاپا - تەنىگە دۇچ كېلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا مېنىڭ رايىمغا باقتى، يەنى تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىزدا مەلۇم بىر توختامغا ئاداققىچە ئەمەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مەن بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلدى. گەپ شۇنىڭدىكى، ئۇ مەندىن خېلىلا چوڭ ئىدى، بۇنىڭ سىرتىدا ئاغزىغا قەلەمپۇر سېلىۋېلىپ چايناپلا يۈرەتتى. ۋىجدانىم شۇنداق پەسكەش بولغاچقا، ئاندىن مەندە سەممىيلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرنەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭغا توغرىدىن - توغرىلا مەن ساڭا تامامەن سادىق بولالمايمەن، دەپ جاكارلىدىم. مېنىڭ مۇنداق توغرا سۆزلۈكۈم ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈردى. لېكىن، مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ مېنىڭ مۇنداق قوپال ئوچۇق - يورۇقلۇقۇمنى ياقتۇرۇپ قالغاندەكمۇ قىلدى، ئۇ «باشتىلا شۇنداق جاكارلىغانلىقى ئۇنىڭ مېنى ئالدىغۇسى يوقلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ» دەپ قارىدى. بەكلا ھەسەتخور بىر ئايالغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئەڭ مۇھىم ئىش. ئۇ ئۇزۇنغىچە يىغلاپ يۈردى. بىز ئاغزاكى مۇنداق توختام تۈزۈشتۇق: بىرىنچىدىن، مەن مارفا پېتروۋنانى مەڭگۈ تاشلاپ كەتمەيدىغان، ئەبەدىي ئۇنىڭ ئېرى بولۇپ قالىدىغان بولدۇم؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ھېچ يەرگە بارمايدىغان بولدۇم؛ ئۈچىنچىدىن، مەڭگۈ مۇقىم ئاشنا تۇتمايدىغان بولدۇم؛ تۆتىنچىدىن، شۇ شەرتلەرگە ئەمەل قىلسام، مارفا پېتروۋنا شۇنىڭ بەدىلىگە بەزى - بەزىدە خىزمەتكار ئاياللارغا ئىچ - پەش تارتىشىمغا يول قويىدىغان بولدى. لېكىن، بۇ ئىشنى مەخپىي يوسۇندا ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان بولدۇم؛ بەشىنچىدىن، ئۆز

تەبىقىمىزدىكى خانىملارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىمىزغا مۇتلەق يول قويۇلمايدىغان بولدى؛ ئالتىنچىدىن، مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسام — بۇنىڭغا مۇتلەق يول قويۇلمىسىمۇ — بۇ ئىشتىن مارفا پېترووۋنانى ۋاقىپلاندۇرۇپ قويىدىغان بولدۇم. ئاخىرقى بىر ماددىدىن مارفا پېترووۋنا خېلىلا خاتىرجەم ئىدى. ئۇ ئەقىللىك ئايال بولغاچقا، مېنىڭ بۇزۇقچىلىققا بېرىلىپ كەتكەن زىناخور ئىكەنلىكىمنى، مۇنداق ئادەملەردە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ زادىلا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئەقىللىك ئايال بىلەن كۈنداشلىقى قاتتىق ئايالنىڭ ئىككىسى باشقا - باشقا ئادەم - دە، جىمىكى بالا - قازا مانا شۇنىڭدا ئىدى. لېكىن، بىرەر ئادەمگە لىللا باھا بېرىش ئۈچۈن، بىز ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان بەزىبىر قاراشلىرىمىزدىن ۋە ئۆز ئەتراپىمىزدىكى ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن ئادەتتىكى ئىشلارغا قوللىنىپ كۆنۈپ قالغان چىركىن ئادەتلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك. مەن سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزنى ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن ئىشەنچلىكرەك دەپ قاراشقا ھەقلىق، مارفا پېترووۋنانىڭ نۇرغۇن - نۇرغۇن تېتىقسىز، كۈلكىلىك ئىشلىرىنى سىز بەلكىم ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭ راستىلا ئىنتايىن كۈلكىلىك بەزىبىر ئادەتلىرى بار؛ لېكىن، مەن سىزگە توغرىسىنىلا دەي، مەن ئۇنىڭغا راستىلا نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى سالغانلىقىمغا ئەپسۇسلىنىمەن. يېتەر، مېنىڭچە خوتۇنىغا ئىنتايىن مېھرىبان بىر ئەرنىڭ ئۆزىگە ئىنتايىن مېھرىبان مەرھۇمە خوتۇنىنىڭ ئۆلۈمىگە ئوقۇيدىغان مەرسىيەسىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمىسا كېرەك. ئارىمىزدا ئۇرۇش - تالاش بولۇپ قالغان چاغلاردا مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتىم، ئاچچىقلانمايتتىم. مۇنداق نازاكەتلىك مۇئامىلەم ھەمىشە دېگۈدەك ياخشى ئۈنۈم بېرەتتى. بۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپلا قالماي ھەتتا ئۇنىڭغا بەكلا ياقاتتى. بەزىدە ئۇ ھەتتا مەن بىلەن پەخىرلىنەتتى. لېكىن، ئۇ سىڭلىڭىزغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى، ئۇنداقتا ئۇ

نېمە ئۈچۈن خەۋپكە تەۋەككۇل قىلىپ، شۇنداق بىر گۈزەل قىزنى ئۆز ئۆيىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى؟ مېنىڭچە، مارفا پېتروۋنا تولىمۇ ھېسسىياتچان ئايال بولغانلىقىدىن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. سىڭلىڭىزنى ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ھەي، بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئاۋدوتيە رومانوۋنا ـ دە! مەن ئۇنى كۆرگەن ھامانلا ئىش چاتاق، دەپ ئويلىدىم. قانداق بولدى دېمەمسىز؟ ئۇنىڭغا زادىلا قارىماسلىق قارارىغا كەلدىم. لېكىن، بىرىنچى قەدەمنى ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ ئۆزى باستى ــ ئىشىنەمسىز شۇنىڭغا؟ چۈنكى، مەن سىڭلىڭىزغا زادىلا گەپ قىلمايتتىم، مارفا پېتروۋنانىڭ ئاۋدوتيە رومانوۋنانى ئاغزى بېسىقماي ماختاشلىرىغا تولىمۇ سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتىم، باشتا ئۇ مەندىن ئاچچىقلاپ يۈردى، ئىشىنەمسىز شۇنىڭغا؟ مەن ئۇنىڭ زادى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم! ئەلۋەتتە، مارفا پېتروۋنا مېنىڭ پۈتۈن سىرىمنى ئاۋدوتيە رومانوۋناغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ شورلۇقنىڭ شۇنداق بىر ئاجىزلىقى بار ئىدى، ئائىلىمىزنىڭ جىمىكى سىرىنى كىم ئۇچرىسا شۇنىڭغا دەپ بېرەتتى، ھەممىلا ئادەمگە شىكايەت قىلىپ، مېنى سۆكەتتى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ھەممە سىرىنى بۇ گۈزەل يېڭى دوستىغا دەپ بەرمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ خىيالىمدا ئۇلار مەن توغرۇلۇق گەپلەردىن بۆلەك گەپلەرنى قىلمىسا كېرەك، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئاۋدوتيە رومانوۋنا ماڭا زورمۇزور تېڭىلغان تولىمۇ كۆڭۈلسىز، سىرلىق ئۆسەكلەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر تاپتى... بەسلىشىمەنكى، مۇشۇنداق گەپلەرنى سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ــ ئاڭلىغان، لۇژىنى ھەتتا سىزنى بىر نارەسىدە بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان دەپمۇ ئەيىبلىدى. شۇ راستمۇ؟

ــ خاپا بولمىسىڭىز، مۇشۇنداق چاكىنا پىتنە ـ ئىغۋانى تىلغا ئالمىسىڭىز، ــ دېدى سۋىدرىگايلوف يىرگىنىپ چىرايىنى

تۇرۇپ، — ئەگەر شۇ بىمەنە ئىشلارنى بىلگۈڭىز كەلسە مەن سىزگە كېيىنرەك بىر باشتىن سۆزلەپ بېرەي، لېكىن هازىر...

— يەنە ئاڭلىشىمچە، يېزىدا بىر خىزمەتكارىڭىز بار ئىكەندۇق، ئۇنىڭ جېنىغىمۇ سىز زامىن بوپتىكەنسىز.

— ئېغىر كۆرمىسىڭىز، بولدى قىلىڭ، — دېدى سۋىدرىگايلوف يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئۆلگەندىن كېيىن سىزگە غاڭزا تەييارلاپ بەرمەكچى بولغان خىزمەتكارىڭىز شۇمۇ... بۇنى ماڭا ئۆزىڭىز سۆزلەپ بېرىۋىدىڭىزغۇ؟ — دېدى راسكولنىكوف بارغانسېرى هاياجانلىنىپ.

سۋىدرىگايلوف ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قارىدى. راسكولنىكوفقا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا سۋىدرىگايلوفنىڭ كۆزلىرىدە زەهەرخەندە كۈلكە ۋاللىدە چاقناپ ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. لېكىن، سۋىدرىگايلوف شۇ ئانلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى:

— هەئە شۇ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. بۇ گەپلەر سىزنىمۇ ئىنتايىن قىزىقتۇرغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق پۇرسەت چىقىپ قالسىلا، سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنى بىرمۇبىر قاندۇرۇش مەجبۇرىيىتىم بارلىقىنى هېس قىلىپ قالدىم. جىن ئۇرسۇن! بىلىمەن، مەن بەزى ئادەملەرگە خۇددى رومانلاردىكى قەهرىمانلاردەك كۆرۈنۈپ كەتسەم كېرەك. مانا شۇ ۋەقەدىن مەن توغرۇلۇق شۇنچە نۇرغۇن سىرلىق ۋە قىزىقارلىق ئىشلارنى سىڭلىڭىزغا سۆزلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مارفا پېتروۋنادىن نەقەدەر مىننەتدار بولۇشۇم كېرەكلىكىنى سىز ئۆزىڭىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز، بۇلارنىڭ ئۇنىڭدا قانداق تەسىرات قالدۇرغانلىقى توغرۇلۇق بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ماڭا پايدىلىق ئىدى. ئاۋدوتيە رومانوۋنا ناهايىتى تەبىئىي هالدا مېنى بەك يامان كۆرسىمۇ، مەن دائىم قاپىقىمنى

ئاچماي ئادەمنى يىرگەندۈرگۈدەك بىر ھالەتتە يۈرسەممۇ، ئۇ ئاخىر ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. مېنىڭدەك چۈشكۈنلەشكەن بىر ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىپ قالدى. بىر قىز بالىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتىمۇ، بولدى، شۈبھىسىزكى بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قىزنىڭ ئۇنى «قۇتۇلدۇرغۇسى»، ئويغاتقۇسى، تىرىلدۈرگۈسى، تېخىمۇ ئالىيجاناب نىشانلارغا ئىنتىلدۈرگۈسى، يېڭىباشتىن ئادەم قىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى تۇرمۇش ۋە ئىشنى باشلاتقۇزغۇسى كېلىپ قالىدۇ — قىسقىسى، مۇنداق خام خىياللارنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يېتىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. مەن بۇ قۇشنىڭ تورغا ئۆزى چۈشمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى شۇ ئانلا سەزدىم، شۇڭلاشقا مەنمۇ تەييارلىق قىلىپ قويدۇم. سىز قاپىقىڭىزنى تۈرگەندەك قىلدىڭىز – ھە، رودىئون رومانوۋىچ؟ ھاجىتى يوق، ئۆزىڭىز بىلگەندەك، ئىش ئايىغى چىقماي تۈگىگەنغۇ. ھەي ئۆلگۈرەي، قانچىلىك ھاراق ئىچىۋەتتىم ئۆزى! بىلەمسىز، مەن باشتىن تارتىپلا سىڭلىڭىزنى نېمىشقىمۇ مىلادىيەنىڭ ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئەسىردە كىچىك ئاسىيانىڭ بىرەر ھاكىمىنىڭ ياكى دۆلەتمەن ھۆكۈمدارىنىڭ قەسرىدە ياكى خانزادىلەر سارىيىدا تۇغۇلۇپ قالمىغاندۇ، دەپ ئېچىنىپ كەلدىم. شۈبھىسىزكى، ئۇ كۆپ رىيازەت چەككۈچى ۋە ئۇنىڭغا چىدىغۇچى بولۇپ قالاتتى. خەقلەر چوغدەك قىزىل تامغىنى كۆكرىكىگە باسقىنىدا، ئۇ كۈلۈپ تۇرغان بولاتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئۆزى ئالدىغا بېرىپ شۇنى تەلەپ قىلغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ تۆتىنچى ياكى بەشىنچى ئەسىردە بولغان بولسا، مىسىرنىڭ قۇملۇقلىرىغا چىقىپ كېتىپ، ئوتتۇز يىلغىچە ئوتلارنىڭ يىلتىزلىرىنى يەپ، خۇشاللىق ئىچىدە خىيال سۈرۈپ، ئوتتۇز يىلنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن بولاتتى. ئۇ ھازىرمۇ بىر كىشىنى دەپ رىيازەت چېكىشكە تەشنا بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ناۋادا ئۇ رىيازەت چېكىش مەقسىتىگە يېتەلمىسە، ئۇنىڭ دېرىزىدىن ئۆزىنى تاشلىۋېلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. مەن رازۇمىخىن

دەيدىغان بىر جاناب توغرىسىدىكى بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئەس ـ ھوشى جايىدا، خېلى دۇرۇس يىگىت ئىكەن، ئۇنىڭ فامىلىسىدىنمۇ چىقىپ تۇرۇپتۇ،① ئۇ ئوقۇغۇچى بولسا كېرەك، مەيلى، سىڭلىڭىزنىڭ ھالىدىن شۇ خەۋەر ئالسۇن! قىسقىسى، مەن سىڭلىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن ۋە ئۇنى چۈشىنىدىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. لېكىن، بىلەمسىز، بىر ئادەم يېڭى تونۇشقان چاغلىرىدا نېمىشقىدۇر يەڭگىلتەكرەك ۋە ئەخمەقرەك كېلىدۇ، ئادەمنى خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ، توغرا باھالىيالماي قالىدۇ، جىن ئۇرغۇر، كىم ئۇنى شۇنداق چىرايلىق بولسۇن دەپتۇ! بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس! بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، مەن ئىشنى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان جىنسىي ئىستەكنىڭ قوزغىلىشىدىن باشلىدىم. ئاۋدوتيە رومانوۋنا شەرم ـ ھايالىق، ئېپىپتىنى قاتتىق ساقلايدىغان قىز، ئۇنىڭدەك قىزنى مەن ئاڭلاپمۇ، كۆرۈپمۇ باقمىغان. دىققەت قىلىڭ، سىڭلىڭىز توغرۇلۇق مەن سىزگە دەپ بېرىۋاتقان بۇ گەپ پۈتۈنلەي راست گەپ. ئۇ تولىمۇ ئەقىللىك بولسىمۇ، ئېپىپتىنى قاتتىق ساقلاشتا كېسەللىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭغا زىيانلىق. شۇ چاغدا ئۆيىمىزدە پاراشا ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى. قارا كۆز پاراشانى ئۆي ئىشلىرىغا سېلىش ئۈچۈن تېخى يېقىندىلا باشقا بىر يېزىدىن ئېلىپ كېلىشكەنىدى. مەن ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم — پاراشا ئۆزى بەك چىرايلىق ئىدى. لېكىن، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە دۆت نېمىكەن. ئۇ يىغلاپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپلا كەتتى، پۈتۈن ھويلىنى بېشىغا كىيىپ، چاۋامنى چىتقا يېيىۋەتتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، باغدىكى دەرەخلىك يولدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. ئاۋدوتيە رومانوۋنا ئالايتەن مېنى ئىزدەپ كەلدى. كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، ئۇ مېنىڭ پاراشاغا

---

① رازۇمىخىن — رۇس تىلىدا «ئەقىللىك»، «يەم ـ پاراسەتلىك»، «غەرەز ئۇقىدىغان» دېگەن مەنىدە.

ئىككىنچى چېقىلماسلىقىمنى ئېيتتى. ئىككىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم گەپلەشكىنىمىز شۇ بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشنى شان ـ شەرىپىم دەپ بىلدىم. قاتتىق بىئارام بولغان، ھولۇقۇقان بولۇۋالدىم، قىسقىسى بۇ ئويۇننى ناھايىتى ياخشى ئويناپ چىقتىم. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزئارا مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدۇق. يوشۇرۇن سۆھبەتلەر، پەندى ـ نەسىھەتلەر، تەلىم بېرىشلەر، ياخشىلىقىغا دالالەتلەرگە ئۆتۈنۈشلەر ھەتتا ياش تۆكۈشلەر — ئىشىنەمسىز، ھەتتا ياش تۆكۈشلەر بولدى! قاراڭ. تەشۋىق ـ تەرغىبات قىزغىنلىقى بەزى قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىدا نەقەدەر زور كۈچ ـ قۇۋۋەت ھاسىل قىلالايدۇ ـ ھە! مەنچۇ، ئەلۋەتتە ھەممىسىنى ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىمگە ئارتىپ، ئىلاجىنىڭ بارىچە يورۇقلۇققا تەشنا ئادەم بولۇۋالدىم. ئاخىرىدا بىر ئايالنىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇشنىڭ سىناقلاردىن ئۆتكەن ئەپچىل چارىسىنى ئىشقا سالدىم. بۇ چارە ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق ئادەمنى ئۈمىدسىز قويمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ ھەربىر ئايالغا مۇستەسناسىز ھالدا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ چارە ھەممىگە مەلۇم بولغان ماختاش. دۇنيادا راست گەپنى قىلىشتىن قىيىن ئىش يوق، شۇنداقلا ماختاشتىن ئاسان ئىش يوق. ئەگەر راست گەپنى قىلىۋېتىپ، ئاھاڭدىن تىرناقچىلىك چەتلەپ كەتسىڭىز، شۇ ئانلا ماسلىق بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا رەسۋا بولىسىز. لېكىن، ماختاۋاتقىنىڭىزدا باشتىن ـ ئاخىر يالغان ئېيتسىڭىزمۇ، يەنىلا كىشىنى خۇشال قىلالايسىز، كۆڭلىنى شادلىققا چۈمدۈرەلەيسىز. بۇنداق شادلىق گەرچە قوپال بولسىمۇ، بەرىبىر شادلىق ـ دە. ماختاش سۆزلىرى كىشىنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئەگكۈدەك بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ھېچبولمىغاندا يېرىمى راستتەك تۇيۇلىدۇ. بۇ، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل سەۋىيەدىكى ئادەملەرگە ۋە ھەرقايسى قاتلاملارغا باب كېلىدۇ، ھەتتا ئېپپەتنى قاتتىق ساقلايدىغان بىر قىزنىمۇ ماختاش ئارقىلىق ئىندەككە كەلتۈرۈش مۇمكىن.

ئادەتتىكى ئادەملەرگە كەلسەك، بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئېرىگە ۋە بالىلىرىغا ۋاپادار، پاك بىر خانىمنى قانداق قىلىپ ئىندەككە كەلتۇرۇۋالغانلىقىم ئېسىمگە كېلىپ قالسا، ھازىرمۇ كۈلگۈم كېلىدۇ. ئۇ ئىش شۇنداق كۆڭۈللۈك بولغان، ئۇنىڭغا ھېچقانچە كۈچمۇ كەتمىگەن! ئۇ خانىم ھەقىقەتەن ئاياللار ئەخلاقىغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى، ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ ئۆز ئۇسۇلى بويىچە شۇنداق ئىدى. مېنىڭ پۈتۈن تاكتىكام يېڭىلگەنلىكىمگە ھەر ۋاقىت تەن بېرىپ، ئۇنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى ئالدىدا ئۆزۈمنى يەرگە ئۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولدى. ئۇنى ماختاپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتەتتىم، ناۋادا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ قالسام ياكى ئۇ ماڭا بىرەر قېتىم قاراپ قويسا، ئۆزۈمنى گويا ئۇنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەن مەجبۇر قىلغاندەك، ئۇ بولسا خۇددى قارشىلىق قىلغاندەك، قارشىلىق قىلغاندىمۇ قاتتىق قارشىلىق قىلغاندەك، ئەگەر مەن بىر پەسكەش ئادەم بولمىغان بولسام ئەبەدىي ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدىغاندەك قىلىپ كۆرسىتەتتىم، مېنىڭ گەپلىرىمدىن يەنە ئۇ تولىمۇ پاك بولغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىمنى ئۇقالماي قالغاندەك، شۇڭلاشقا ئۆزىمۇ ئۇقماستىن ماڭا يول قويۇپ سالغاندەك، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغاندەك بىر مەنە چىقاتتى. ۋەھاكازا، ۋەھاكازا! مەن مەقسىتىمگە تولۇق يەتتىم. ھېلىقى خانىم بولسا، مەن گۇناھسىز، پاك، مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتىم ۋە مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىۋاتىمەن، يولدىن ئېزىشىم پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق، دېگەن ئىشەنچتە قېلىۋەردى. ئاخىرىدا مەن ئۇنىڭغا سىزمۇ ماڭا ئوخشاش كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىڭىز. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل دېسەم، ئۇنىڭ قانچىلىك دەرغەزەپكە كەلگەنلىكىنى سىز ئەلۋەتتە بىلمەيسىز! بىچارە مارفا پېتروۋنامۇ ماختاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، ئەگەر مەن خالىسام، ئۇنىڭ ھەممە مال ـ مۈلكىنى ئۇ ھايات چاغدىلا گەپ

يوق ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالالايتتىم. لېكىن، مەن ھاراقنى بەك جىق ئىچىۋەتتىم. گەپنىمۇ جىق قىلىپ كەتتىم. ئەگەر مەن شۇ مىنۇتتا، ئاۋدوتيە رومانوۋنانىمۇ خۇددى شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىشكە باشلىغان دېسەم، ھەرگىز خاپا بولۇپ كەتمەڭ. ئەمما، مەن بەكلا ئەخمەقلىق، بەكلا تاقەتسىزلىك قىلىپ، ھەممە ئىشنى بۇزۇپ قويدۇم. ئاۋدوتيە رومانوۋنا مېنىڭ قاراشلىرىمنى ئىلگىرىلا بىرنەچچە قېتىم (بىر قېتىم بولۇپمۇ بەك قاتتىق) يامان كۆرۈپ قالغان، ئىشىنەمسىز شۇنىڭغا؟ قىسقىسى، ئۇ كۆزلىرىمدە چاقناپ تۇرغان جىنسىي ئىستەك ئوتىدىن بەكلا قورقاتتى. مۇنداق ئوت بارغانسېرى كۈچىيىپ، قىلچە ھېيىقمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى. ئاخىرى بېرىپ ئۇ مەندىن قاتتىق يىرگىنىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ تەپسىلاتلىرىنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىشقىلىپ ھەر ئىككىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭدۇق. مانا شۇ چاغدا مەن يەنە بىر ئەخمەقلىق قىلىپ قويدۇم. ئۇنىڭ جىمىكى تەشۋىق ـ تەرغىباتلىرىنى ۋە پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئىنتايىن قوپاللىق بىلەن مەسخىرە قىلىشقا باشلىدىم؛ يەنە پاراشانىڭ پېيىگە چۈشتۇم، يەنە كېلىپ شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدىم. قىسقىسى، بۇزۇقچىلىق يەنە باشلىنىپ كەتتى. ئاھ، رودىئون رومانوۋىچ، سىزگىمۇ شۇنداق كۆزلىرىنىڭ بەزىدە قانداق چاقناپ كېتىدىغانلىقىنى پۈتۈن ئۆمرىڭىزدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرگەن بولسىڭىز بولاتتى! شۇ تاپتا مەن مەست بولۇپ قالدىم، لىقمۇلىق بىر ئىستاكان ھاراقنى ئىچىۋەتتىم. لېكىن، بۇنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوق. مەن سىزگە راست گەپنى دەۋاتىمەن؛ سىزگە دېسەم، ئۇنىڭ شۇ قاراشلىرى ھەتتا چۈشلىرىمگىمۇ كىرەتتى. ئاخىر بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى ئاڭلىسامىمۇ تاقەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم. راست دەيمەن، مەن تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدىممىكىن دەپمۇ ئويلاپ قالغان. مەن مۇنچىلىك ئەسەبىيلىشىپ كېتەرمەن دەپ

ھەرگىز ئويلىماپتىكەنمەن. قىسقىسى، يارىشىپ قېلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، بۇ ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مانا شۇ چاغدا نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى دېمەمسىز؟ ئادەم ئەسەبىيلەشكەندە ھەرقانداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىۋېرىدىكەن! رودىئون رومانوۋىچ، ئەسەبىيلەشكەن ۋاقتىڭىزدا ھېچقانداق ئىشنى قىلماڭ. مەن ئاۋدوتيە رومانوۋنانىڭ ئەمەلىيەتتە قەلەندەرلىكىنى (ئاھ، كەچۈرۈڭ، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم... لېكىن، ئوخشاش بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، قايسىلا سۆزنى ئىشلەتسە بەرىبىر ئەمەسمۇ)، قىسقىسى، ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ كۆچى بىلەن كۈن كۆرىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئانىسى بىلەن سىزنى باقىدىغانلىقىنى (ھەي، جىن ئۇرسۇن مىنى، سىز يەنە قاپىقىڭىزنى تۈرۈۋاتىسىز...) كۆزدە تۇتۇپ، ھەممە پۇلۇمنى (شۇ چاغدا ئوتتۇز مىڭ رۇبلىغا يېقىن پۇل چىقىرالايتتىم) ئۇنىڭغا بېرىش قارارىغا كەلدىم. ئۇ ناھايىتى مەن بىلەن بىللە مۇشۇ يەرگە — پېتېربۇرگقا قېچىپ كېتىشكە كۆنىسىلا بولاتتى. مەلۇمكى، مەن شۇ ئانلا ئۇنىڭغا مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن، سىزنى ئەبەدىي بەختىيار قىلىمەن، ۋەھاكازا، ۋەھاكازا دەپ ۋەدە بېرەتتىم. ئىشىنەمسىز، مەن شۇ چاغدا ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتىم، ئەگەر ئۇ مارفا پېتروۋنانى ئۆلتۈر ياكى زەھەرلە، دېسىلا، مەن دەرھال ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلاتتىم! لېكىن، ئاقىۋەتتە بىر چوڭ بالا ـ قازا يۈز بەردى. بۇنى سىز ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، مەن مارفا پېتروۋنانىڭ ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىپلاس لۈژىنىنى قەيەردىندۇر تېپىپ كېلىپ، ئاۋدوتيە رومانوۋنانى شۇنىڭغا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان چېغىمدا (ئەمەلىيەتتە بۇ مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشقۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا شۇنداق ئەمەسمۇ؟)، قانچىلىك ئاچچىقىم كەلگەنلىكىنى سىز ئۆزىڭىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. سىز پۈتۈن دىققىتىڭىز بىلەن ئاڭلاۋاتىسىز... راستىلا قىزىق يىگىت ـ دە

سىز...

سۋىدرىگايلوف تاقىتى تاق بولۇپ مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلگە بىرنى ئۇردى. ئۇنىڭ يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەندى. سۋىدرىگايلوفنىڭ ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەيلا بىر ياكى بىر يېرىم ئىستاكان شامپاننى ئاستا ـ ئاستا ئوتلاپ ئىچىۋەتكەنلىكىنى، بۇ ئۇنىڭدا كېسەللىك ھالىتىدىكى ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانلىقىنى راسكولنىكوف ئېنىق كۆرۈپ ئولتۇراتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ مانا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى. سۋىدرىگايلوف ئۇنىڭغا تولىمۇ گۇمانلىقتەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

— راست، مۇشۇ گەپلىرىڭىزدىن كېيىن، پېتېربۇرگقا سىڭلىمنىڭ پېيىگە چۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭىزگە تولۇق ئىشەندىم، — دېدى راسكولنىكوف سۋىدرىگايلوفنىڭ چىشىغا تېخىمۇ بەكرەك تەگمەكچى بولۇپ ئوچۇق گەپ قىلىپ.

— بولدى، قويۇڭە، — دېدى سۋىدرىگايلوف گويا نېمىنىدۇر بىردىنلا ئېسىگە ئالغاندەك، — مەن سىزگە دېگەنغۇ... بۇنىڭدىن تاشقىرى، سىڭلىڭىزنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوق.

— سىزنى كۆرەر كۆزى يوقلۇقىغا ئىشىنىمەن، لېكىن ھازىر گەپ بۇنىڭدا ئەمەس.

— ئۇنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوقلۇقىغا راستىلا ئىشىنەمسىز؟ — سۋىدرىگايلوف كۆزىنى قىستى ۋە مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، — توغرا ئېيتتىڭىز، ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ؛ لېكىن ئەر ـ خوتۇن ياكى ئاشىق ـ مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق ھەرگىزمۇ مەيدىڭىزگە ئۇرۇپ سالماڭ. بۇ يەردە ھامىنى بىر كىچىككىنە بۇلۇڭ بولىدۇ. ئۇ ھېچقاچان سىرتقا ئاشكارىلانمايدۇ، بۇنى ئۇلار ئۆزلىرىلا بىلىشىدۇ. سىز ئاۋدوتيە رومانوۋنانى مېنى ئۆچ كۆرىدۇ دەپ مەيدىڭىزگە ئۇرالامسىز؟

— گەپلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا ئاشكارىلىغان بەزىبىر پارچە ـ پۇرات سۆزلىرىڭىزدىن شۇنى ئۇقۇپ قالدىم، سىز تېخىچە

دونيەنىڭ پېيىدە يۈرۈپسىز. يەنە كېلىپ بەزىبىر ھەرىكەتلەرنى، ئەلۋەتتە پەسكەش ھەرىكەتلەرنى قىلماقچى بولۇۋېتىپسىز.

— نېمە ! مەن شۇنداق پارچە - پۇرات سۆزلەرنى ئاشكارىلىدىمۇ؟ — كۆتمىگەندە ئىنتايىن ساددىلىق بىلەن چۆچۈپ سورىدى سۋىدرىگايلوف، ئۆزىگە قارشى قوللىنىلىش ئالدىدا تۇرغان ھەرىكەتنى دەپ قويۇشۇپ قويۇلغان سۈپەتنى قىلچە چۈشەنمەي.

— مانا ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ شۇنداق مەنەنى ئاشكارىلاۋاتىسىزغۇ، مەسىلەن ئالايلى، سىز نېمىشقا بۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىسىز؟ ھازىر نېمىشقا بىردىنلا مۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىسىز؟

— مەن قورقۇپ كەتتىممۇ؟ سىزدىن قورقۇپ كەتتىممۇ؟ ئەسلىي سىز مەندىن قورقىشىڭىز دۇرۇس بولاتتى، قەدىرلىك دوستۇم، تازىمۇ قىزىق گەپ بولدى - دە بۇ... لېكىن مەن سەل كەيپ بولۇپ قالدىم، بۇنى ئۆزۈممۇ بىلىپ تۇرىۋاتىمەن؛ يەنە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكىلى قىل قالدى. ھاراق دېگەنغۇ ھەقىقەتەن ئەسكى نېمە ! ھەي، ماڭا سۇ ئەكېلىپ بېرىڭلار !

ئۇ ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېلىپ، ئەدەپسىزلىك بىلەن دېرىزىنىڭ تېشىغا تاشلىۋەتتى. فىلىپ سۇ ئەكېلىپ بەردى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى بولمىغۇر گەپلەر ! — دېدى سۋىدرىگايلوف، ئۇ قول ياغلىقىنى ھۆللەپ بېشىغا قويىدى، — مەن ئاغزىڭىزنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا تۇۋاقلاپ قويالايمەن. جىمىكى گۇمانلىرىڭىزنى پاك - پاكىز تۈگىتىۋېتەلەيمەن. مەسىلەن، بىلەمسىز، مەن ئۆيلەنمەكچى بولۇۋاتىمەن.

— بۇ گەپنى ماڭا ئىلگىرىمۇ دېۋىدىڭىز.

— دېگەنمىدىم؟ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. لېكىن، ئۇ چاغدا تېخى تولۇق ئىشەنچىم يوق ئىدى. چۈنكى، لايىقىمنى تېخى كۆرمىگەن؛ پەقەت شۇنداقراق نىيىتىملا بار ئىدى. لېكىن، ھازىر راستىلا لايىقىم بار، يەنە كېلىپ بىز پۈتۈشۈپ بولدۇق. ئەگەر زۆرۈر ئىشىم بولمىغان بولسا، ھازىرلا سىزنى باشلاپ ئاپارغان

بولاتتىم، نېمىشقا دېسىڭىز، سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئېلىش نىيىتىم بار ئىدى. ھەي، شەيتان! ئاران ئون مىنۇتلا ۋاقتىم قاپتۇ! مانا، سائىتىمگە قاراڭ. شۇنداقتىمۇ مەن سىزگە دەپ بېرەي، نېمىشقا دېسىڭىز، مېنىڭ ئۆيلىنىشىم مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ئىش. نەگە بارىسىز؟ يەنە كېتەي دەۋاتامسىز؟

— ياق، ھازىر كەتمەيمەن.

— جەزمەن كەتمەمسىز؟ قېنى كۆرەرمىز! مەن سىزنى ئۇ يەرگە چوقۇم باشلاپ بارىمەن، راست دەيمەن، لايىقىمنى سىزگە كۆرسىتىمەن، لېكىن ھازىر ئەمەس، چۈنكى ھازىر سىز بۇ يەردىن كېتىسىز، سىز ئۇڭغا ماڭىسىز، مەن سولغا. سىز ھېلىقى رېسسلىخ خېنىمنى تونۇمسىز؟ ھېلىقى مەن ھازىر ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان رېسسلىخ خېنىمنى، ئاڭلاۋاتامسىز؟ ياق، خىيالىڭىز نەلەردە يۈرىدىغاندۇ. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، بىر نارەسىدە قىزنى قىش كۈنى سۇغا غەرق قىلىۋەتكەن ھېلىقى خوتۇنچۇ — ھەي، ئاڭلاۋاتامسىز؟ مانا شۇ خوتۇن ماڭا ھەممىنى توغرىلاپ بەردى. ئۇ ماڭا زېرىكىپ قالىسىز، مەلىكە بولغۇدەك بىرنىمە تېپىشىڭىز كېرەك، دېدى. بىلەمسىز، مەن توك قاپاق، مەنىسىز بىر ئادەم. نېمە، سىزنىڭچە مەن غەم يېمەسلەردىنمۇ؟ ياق، مەن قايىقى ئېچىلمايدىغانلاردىن، مەن يامان ئىش قىلمايمەن، پەقەت بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇشنىلا بىلىمەن. بەزىدە ئۈچ كۈنگىچە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايمەن. لېكىن، ھېلىقى رېسسلىخ دېگەن ئەسكى خوتۇننىڭ كۆڭلىگە پۈككەن نىيىتىنى مەن سىزگە دەپ بېرەي. ئۇ مېنى، ئويناپ زېرىكسە، خوتۇننى تاشلاپ قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنى ماڭا قالىدۇ، ئۇنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ باشقا بىرسىگە، يەنى بىزنىڭ تەبىقىمىزدىكى ئۇرنى تېخىمۇ يۇقىرىراق بىرسىگە ساتىمەن، دەپ ئويلاپتىكەن. ئۇنىڭ ماڭا دېيىشىچە، ئۇ قىزنىڭ دادىسى پېنسىيەگە چىققان ئاغرىقچان بوۋاي ئىكەن، پالەچ بولۇپ قالغىنىغا ئىككى يىلدىن

ئېشىپتۇ، كۈن بويى يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قىزنىڭ ئەقىل ـ هوشى جايىدا ئانىسىمۇ بارىمىش. ئۇلارنىڭ ئوغلى چەت بىر ئۆلكىدە ئىشلەيدىكەن، لېكىن ئۆيىدىكىلەرگە قاراشمايدىكەن. بىر قىزى ياتلىق بوپتىكەن، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالمايدىكەن. يەنە ئىككى جىيەنى ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىدىكەن (خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى ئازدەك). قىزلىرىنىڭ كىچىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىكەنتۇق. ئوقۇشىنى تۈگەتمەيلا، مەكتەپتىن چىقىرىۋاپتۇ، يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئۇ ئون ئالتە ياشقا تولىدىكەن. دېمەك، يەنە بىر ئايدىن كېيىن، ئۇنى ياتلىق قىلىشقا بولىدىكەن. مانا شۇ قىزنى ماڭا ياتلىق قىلماقچى. بىز ئۇلارنىڭكىگە باردۇق؛ ئادەمنىڭ كۆلگۈسى كەلگۈدەك ئىشلار دەڭە: مەن ئۆزۈمنى: «پومېشچىك، ئوتتۇرا ياشقا يەتكەندە خوتۇنۇم ئۆلۈپ كەتتى. مۆتىۋەر ئائىلىدىن، دوست ـ يارەنلىرىم كۆپ، مال ـ مۈلكۈم بار» دەپ تونۇشتۇردۇم. مەن ئەللىككە كىرگەن. قىز تېخى ئون ئالتە ياشقىمۇ توشمىغان، لېكىن بۇنىڭ نېمە كارايىتى؟ كىم بۇنىڭ بىلەن هېسابلىشىپ ئولتۇراتتى دەڭە؟ راست، بۇ ئادەمنى قاتتىق زوقلاندۇرىدۇ. شۇنداقمۇ؟ راستىلا قاتتىق زوقلاندۇرىدۇ، ها ـ ها ! ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قانداق سۆزلەشكەنلىكىمنى كۆرگەن بولسىڭىز، تازا پەيزى قىلاتتىڭىز. شۇ چاغدىكى تۇرقۇمنىڭ راستىلا كۆرگۈچىلىكى بار ئىدى، پۇل تۆلەپ كۆرگەن بولسىڭىزمۇ ئەرزىيتتى، قىز كىرىپ، تىز پۈكۈپ سالام قىلدى. سىز تەسەۋۋۇر قىلالايسىز، ئۇ قىسقا كۆڭلەك كىيىپتۇ، خۇددى ئېچىلغىلى ۋاتقان غۇنچە پورەككە ئوخشايدۇ دەڭە ! ئىككى مەڭزى خىجىللىقتىن خۇددى تاڭدىكى شەپەقتەك قىزىرىپ كېتىپتۇ (نېمە ئىشلىقىنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئېيتىشتى ـ دە)، بىلمىدىم سىز خوتۇنلارنىڭ چېھرىگە قانداق قارايسىزكىن، لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە مەيلى ئاشۇ ئون ئالتە ياشنى ئېلىڭ، مەيلى مەسۇمە كۆزلەرنى ئېلىڭ، مەيلى ئاشۇ ئۇياتچانلىقنى، ياشقا تولغان كۆز چاناقلىرىنى

ئېلىك، مېنىڭچە بۇنى بىسىپ چۈشەلىگۈدەك گۈزەللىك يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خۇددى رەسىملەردىكى گۈزەللەردەك ھۆسن ـ جامالدا تازا توشقانىكەن. ئالتۇندەك ساپسېرىق چاچلىرى ئۇششاق تۇرۇملىنىپ، بۇدۇرلىنىپتۇ، كىچىككىنە لەۋلىرى چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرىدۇ، پۇتلىرىنىڭ كىچىكلىكىنى دېمەيسىز تېخى ــ شۇنداق گۈزەل دەڭە !... شۇنداق قىلىپ، بىز يۈز كۆرۈشتۇق، مەن ئۇلارغا ئۆيدىكى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلغىلى ئالدىراپ تۇرۇۋاتىمەن، دېدىم. شۇڭلاشقا ئەتىسى، يەنى ئالدىنقى كۈنى، ئىككىمىز چوڭلارنىڭ رازىلىقىنى ئالدۇق. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلارنىڭكىگە بارسام، ئۇنى تىزىمغا ئېلىۋېلىپ، ماڭغىلى قويمايمەن... راست، ئۇنىڭ مەڭزلىرىنىڭ قىزىللىقى خۇددى تاڭدىكى شەپەققە ئوخشايدۇ. مەن ئۇنى تىنماي سۆيىمەن. ئانىسى ئۇنىڭغا بۇ كىشى سېنىڭ ئېرىڭ بولىدۇ، ئەر بولغاندىكىن شۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئۆگىتىپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، شۇنداق شېرىن دەڭە ! ھازىرقى مۇشۇ ھالەتكە قاراپ، لايىق بولۇش راستلا ئەر بولۇشقا قارىغاندا ياخشىراقمىكىن دەپ قالدىم. تەبىئىيلىك ۋە سەممىيلىك دېگىنىمىز مانا شۇغۇ ! ھا ـ ھا ! مەن ئۇ قىز بىلەن ئىككى قېتىم گەپلىشىپ باقتىم ــ ئۇ ئەخمەقلەردىن ئەمەسكەن. بەزىدە ماڭا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويىدۇ، بۇ بېقىشلارنى ئۇزاققىچە ئۇنتۇيالمايمەن بىلەمسىز، ئۇنىڭ يۈزى رافائىل تەسۋىرلىگەن بۈۋى مەريەمگىلا ئوخشايدۇ. سىكىستىندىكى بۈۋى مەريەمنىڭ① كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك چىرايىدىن غەمكىنلىك، تەقۋادار دىندارغا خاس ئالامەت چىقىپ تۇرىدۇغۇ، دىققەت قىلمىغانمىدىڭىز، ئوھو، ئۇ قىزنىڭ چىرايى مانا شۇ خىلدىكى چىرايلاردىن. بىز رازىلىق ئالغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، مەن بىر مىڭ بەش يۈز رۇبلى

① «سىكىستىندىكى بۈۋى مەريەم» ئىتالىيەنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسسامى رافائىلنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، ئۇ ھازىر گېرمانىيەنىڭ دىرىستون گۈزەل سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

خەجلەپ، ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالام ئېلىپ بەردىم؛ بىرى ئالماستىن، بىرى مەرۋايىتتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇمى ئېلىپ بەردىم، ئاندىن ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى سالىدىغان مانا مۇنداقراق كۈمۈش قۇتىدىن بىرنى ئېلىپ، ئىچىنى ھەر خىل نەرسىلەر بىلەن لىق تولدۇرۇپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ــ ھېلىقى بۇۋى مەريەمنىڭ كىچىككىنە يۈزى خۇشاللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. تۇنۇگۈن ئۇنى تىزىمغا ئېلىپ ئولتۇرغىنىمدا، بەكمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسەم كېرەك، ئۇ خىجىللىقتىن شەلپەردەك قىزىرىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى، لېكىن بۇنى خەقلەرگە كۆرسەتمىدى. پۈتۈن بەدىنى خۇددى ئوتتەك يېنىپ كەتتى. ھەممىسى بىردەملىككە بىزنى خالىي قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئۆيدە ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق، ئۇ بىردىنلا بوينۇمغا ئېسىلىپ (بۇ ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن بىرىنچى قېتىم شۇنداق قىلىشى)، كىچىككىنە قوللىرى بىلەن مېنى قۇچاقلىۋالدى، سۆيدى ۋە: «سىزنىڭ ئىتائەتچان، ۋاپادار، كۆيۈمچان خوتۇنىڭىز بولىمەن، سىزنى بەختىيار قىلىمەن، پۈتۈن ئۆمرۈمنى ــ ئۆمرۈمدىكى ھەربىر مىنۇتنى ــ سىزگە بېغىشلايمەن. بارلىقىمنى، ھەممە نېمەمنى سىز ئۈچۈن قۇربان قىلىمەن. شۇنىڭ بەدىلىگە مېنى پەقەت، پەقەت ھۆرمەت قىلسىڭىزلا كۇپايە» دەپ قەسەم بەردى. ئۇ ماڭا: «بۇنىڭدىن باشقا ماڭا ھېچنېمىنىڭ، ھېچنېمىنىڭ كېرىكى يوق. ھېچقانداق سوۋغاتىڭىزمۇ كېرىكى يوق» دېدى. قوشۇلۇشىڭىز كېرەككى، ئىككىلا ئادەم خالىي قالغاندا، ئون ئالتە ياشلىق بىر پەرىنىڭ (يۈزى قىزلارغا خاس ئۇياتچانلىقنىڭ كۈچىدىن گۈلدەك قىزىرىپ، كۆز چاناقلىرى قايناق ياشقا تولغان بىر قىزنىڭ) ئاغزىدىن مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش، قوشۇلۇشىڭىز كېرەككى، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك ھۇزۇر ئەمەسمۇ؟ ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭچۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھۇزۇر بارمىدۇ؟ بۇ ھەممىگە ئەرزىمەمدۇ ـ ھە؟ ئەرزىيدىغاندۇ دەيمەن ـ ھە؟ خوش... ماڭا

قاراڭ... ئەمىسە، لايىقىمنى كۆرگىلى ئىككىمىز بىللە بارايلى... لېكىن ھازىر ئەمەس.

— قىسقىسى، ئىككىڭلارنىڭ ياش جەھەتتىكى ۋە تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى جەھەتتىكى غايەت زور پەرقىڭلار سىزنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىڭىزنى قوزغىغانلا گەپ. ئەجەبا سىز راستىلا ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچىمۇ؟

— نېمە بولغۇدەك؟ ئۇغۇ جەزمەن. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ غېمىدە بولىدۇ. ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىنى ئالداشقا ئۇستا ئادەم باشقىلارغا قارىغاندا شاد ـ خۇرام ياشىيالايدۇ. ھا ـ ھا! لېكىن، سىز ئەخلاقتا نېمىشقا بۇنچىۋالا ئۆزىڭىزنى ئۇرىدىغانسىز؟ بۇرادەر، ماڭا رەھىم قىلىڭ، مەن دېگەن بىر گۇناھكار بەندە! ھى ـ ھى ـ ھى...

— لېكىن، سىز كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ باللىرىنى ئورۇنلاشتۇردىڭىزغۇ. لېكىن... لېكىن مۇنداق قىلىشىڭىزدا بىر سەۋەب بار... مەن ھەممىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم.

— مەن باللارنى بۇرۇن ـ بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرىمەن، ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، — دېدى سۋىدرىگايلوف قاقاھلاپ كۈلۈپ، — بۇ جەھەتتە مەن ھەتتا سىزگە ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بېرىشىم مۇمكىن. بۇ ئىش تا ھازىرغىچە ئاياغلاشقىنى يوق. مۇشۇ يەرگە كەلگەن كۈنىلا مەن تۈرلۈك ـ تۈمەن پەسكەش سورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە باش تىقىپ چىقتىم. يەتتە يىل كۆرمىگەندىكىن، كېلىپلا شۇنداق يەرلەرگە چاپتىم. سىز دىققەت قىلغاندۇرسىز، مەن ئىلگىرىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىم بىلەن، ئىلگىرىكى دوست ـ يارەنلىرىم بىلەن تېپىشىشقا ئالدىراپ كەتمىدىم؛ ئامال بار ئۇزاقراق ۋاقىتقىچە ئۇلار بىلەن ئۇچراشماي، يالغۇز ـ يېگانە يۈرۈۋالاي دەيمەن. بىلەمسىز، مەن مارفا پېتروۋنا بىلەن بىللە يېزىدا تۇرغان چېغىمدا، شۇ سىرلىق جايلار ۋە سورۇنلار پات ـ پات كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، مېنى قاتتىق خۇمار قىلغانىدى. كۆڭلىنى

قانداق ئېچىشنى بىلىدىغان ئادەم ئۇنداق يەرلەردىن كۆڭلىنى خۇش قىلالايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاپالايدۇ. ھەي جىن ئۇرغۇرەي ! پۇقرالار ھاراق ـ شارابقا بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، تەربىيە كۆرگەن ياشلار قىلىدىغان ئىشى يوق، ئىشقا ئاشمايدىغان شېرىن چۈشلەرگە ۋە خام خىياللارغا بېرىلىپ، ياشلىقىنى ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كالللىسىنى ھەر خىل نەزەرىيەلەر ئېلىشتۇرۇۋەتكەن؛ يەھۇدىيلار قەيەرلەردىندۇر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، پۇللارنى تىقىپ قويۇشۇۋاتىدۇ. قالغانلارنىڭ ھەممىسى كۆنلىرىنى بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مەن بۇ شەھەرگە كەلگەن دەسلەپكى سائەتلەردىن تارتىپلا ئۆزۈمگە تونۇش شۇ پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلغان. مەن بىر ئۇسسۇل كېچىلىكىگە تاسادىپىي قاتنىشىپ قالدىم. ئۇ بىر ئادەمنىڭ قورقۇنۇسى كەلگۈدەك پەسكەش سورۇن ئىكەن (مەنغۇ شۇنداق ئىپلاس ـ شەرمەندە سورۇنلارنى ياخشى كۆرىمەن). بۇ يەردە مەن ئۆز ۋاقتىدا كۆرۈپمۇ، ئاڭلاپمۇ باقمىغان كانكان ئۇسۇلى[①] ئوينىلىدىكەن. شۇنداق، بۇمۇ ئىلگىرىلەشنىڭ بىر خىلى. شۇنداق قارىسام، ناھايىتى چىرايلىق كىيىنگەن، ئون ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قالغان بىر قىز ئىنتايىن ئۇستا كونا ئۇسسۇلچى بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتۇ. ئۇ قىز ئۇ ئادەم بىلەن يۈزمۇيۈز قارىشىپ تۇرۇپتۇ، قىزنىڭ ئانىسى تام تەرەپتىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. كانكان ئۇسسۇلىنىڭ قانداق ئوينىلىدىغانلىقىنى سىز ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ئۇ قىز ئۇيالغىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، ئاخىر ئۇ ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىپ، يىغلاشقا باشلىدى. كونا ئۇسسۇلچى ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ پىرقىراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەر قىسما قىلىقلارنى قىلدى؛ ئەتراپتا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاقاھلاپ كۈلۈشتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ــ شۇنداق پەيتلەردە سىلەرنىڭ

---

① فىرانسىيەنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئوينىلىدىغان بىر خىل پەسكەش ئۇسسۇل.

تاماشىبىنلارنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇلار ھەتتا كانكان ئۇسسۇلىنى كۆرگىلى كەلگەنلەر بولسىمۇ مەيلى. ئۇلار كۇلۇۋېتىپ: «ئۆزىنىڭ شورى، ئۆزىنىڭ شورى! كىچىك بالىنى مۇنداق سورۇنغا ئەكەلمەسلىكى كېرەك ـ دە!» دەپ ۋارقىراشتى. ئۇلارنىڭ شۇنداق يوللار بىلەن كۆڭلىنى خوش قىلىشى مۇۋاپىقمۇ، ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقەممۇ يوق! مەن شۇ ئانلا ئورنۇمنى تاللىۋالدىم ـ دە، قىزنىڭ ئانىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇنىڭغا: «مەنمۇ بۇ يەرگە مۇساپىر، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بەكلا قوپال، ئۇلار ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ» دېدىم ھەمدە ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن پۇلۇم بارلىقىنى ئۇقتۇردۇم. ئۇلارغا ھارۋامدا ئۆيلىرىگىچە ئاپىرىپ قويۇشنى تەكلىپ قىلدىم، ئۇلارنى ئۆيلىرىگىچە ئاپىرىپ قويۇپ، ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم (ئۇلار ئىجارىگە ئېلىنغان بىر ئېغىزلىق كىچىككىنە ئۆيدە تۇرىدىكەن. تېخى يېقىندىلا كۆچۈپ كەپتىكەن)، ئۇلار ماڭا ئانا ـ بالا ئىككىلىمىز سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ ئۆزى بىر شەرەپ دەپ قارايمىز، دېيىشتى. سۈرۈشتۈرسەم، ئۇلار تازا قاق سەنەملەردىن ئىكەن. بۇ يەرگە قانداقتۇر بىر دەۋا ئىشى بىلەن كېلىشىپتۇ. مەن ئۇلارغا پۇل ۋە ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلدىم. ئاڭلىسام، ئۇلار ھېلىقى ئۇسسۇل كېچىلىكىگە بۇ يەردە راستلا ئۇسسۇل ئۆگەتسە كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇقۇشماي كىرىپ قېلىشقانىكەن. مەن يەنە ھېلىقى قىزنىڭ فىرانسۇز تىلى بىلەن ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى ۋە بۇنى شەرەپ دەپ بىلدى. مەن ئۇلار بىلەن تا ھازىرغىچە باردى ـ كەلدى قىلىۋاتىمەن... ئەگەر خالىسىڭىز، ئۇلارنى كۆرگىلى بىللە بارايلى، لېكىن ھازىر ئەمەس.

— بولدىلا! سىز دېگەن بىر بۇزۇق، پەسكەش زىناخور.

ئۇنداق ئىپلاس ھېكايىلىرىڭىزنى ئەمدى بولدى قىلىڭ !
— شىللېرسىز - دە، بىزنىڭ شىللېرىمىز، نەق شىللېر ! گۈزەل ئەخلاق دېگەن نەدە يوق، بىلەمسىز، سىزنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىڭىزنى ئاڭلاش ئۈچۈن، مەن مۇشۇنداق ئىشلارنى سىزگە ئەتەي سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۇزۇر !
— شۇ ئەمەسمۇ، شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ كۈلكىلىك بولۇپ قالماسلىقىمنى نېمىشقا سەزمىگەندىمەن؟ — دېدى راسكولنىكوف غەزەپ بىلەن غودۇڭشىپ.
سۋىدرىگايلوف قاقاھلاپ كۈلۈشكە باشلىدى، كېيىن ئۇ فىلىپنى چاقىردى - دە، پۇلىنى تۆلەپ ئورنىدىن تۇردى.
— مەن راستىلا مەست بولۇپ كېتىپتىمەن. مەمەدانلىقىممۇ يەتكۈچە قىپتىمەن، شۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۇزۇر !
— بۇ سىزگە ھۇزۇر بولماي كىمگە ھۇزۇر بولماقچىدى؟ — ۋارقىرىدى راسكولنىكوف ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — چۈشكۈنلىشىپ چېكىگە يەتكەن، كاللىسى مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللار بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر زىناخورغا شۇنداق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىش ھۇزۇر بولماي قالاتتىمۇ؟ بولۇپمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا، يەنە كېلىپ مېنىڭدەك بىر ئادەمگە سۆزلەپ بەرسە... شەھۋانىي ھەۋەسلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ - دە !
— بولدىلا، ئەگەر شۇنداقلا بولسا، — جاۋاب بەردى سۋىدرىگايلوف راسكولنىكوفقا سەل ھەيرانلىق بىلەن زەن سېلىپ، — ئەگەر شۇنداقلا بولسا، سىز كەم - كوتىسىز جاھاندىن تويغان ئادەم ئىكەنسىز. ھېچبولمىغاندا شەرتىڭىز ھازىرلىنىپتۇ. سىز نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىپ يېتەلەيسىز، نۇرغۇن... نۇرغۇن ئىشلار قولىڭىزدىنمۇ كېلىدۇ، راست. لېكىن، ئەمدى بولدى قىلايلى. مەن سىز بىلەن ناھايىتى كەمدىن - كەم سۆزلەشكىنىمگە چىن دىلىمدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. لېكىن، سىز مېنىڭ ئالدىنىمدىن چىقىپ كېتەلمەيسىز... ئالدىرىماي تۇرۇڭ.
سۋىدرىگايلوف ئاشخانىدىن چىقتى، راسكولنىكوفمۇ ئۇنىڭ

كەينىدىن ماڭدى. لېكىن، سۋىدرىگايلوف ئۇنچىۋالا مەست ئەمەس ئىدى. ناھايىتى بېشى بىر دەملىككە ئايلانغاندەك قىلىپ، مانا ئەمدى ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، تەشۋىش ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە ئويلانماقتا ئىدى. ئوزايىدىن قانداقتۇر بىر ئىشنى ئالدىن سېزىپ تۇرغانلىقىدىن ئارامسىزلىناتتى. كېيىنكى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ راسكولنىكوفقا بولغان مۇئامىلىسى نېمىشقىدۇر بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا بارغانسېرى قوپال، بارغانسېرى تەنىلىك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. راسكولنىكوف بۇنى سەزدى. ئۇمۇ ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇ سۋىدرىگايلوفتىن قاتتىق خۇدۇكلىنىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىش قارارىغا كەلدى.

ئۇلار پىيادىلەر يولىغا چىقىشتى.

— سىز ئوڭ تەرەپكە مېڭىڭ، مەن سول تەرەپكە ماڭاي ياكى بۇنىڭ قارىمۇقارشى تەرىپىگە بولسىمۇ مەيلى. خوش ئەمىسە، قەدىرلىكىم، شاد ـ خۇرام كۆرۈشۈشىمىزنى نېسىپ قىلسۇن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوڭ تەرەپتىكى ئوت ـ چۆپ بازىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

## 5

راسكولنىكوف ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — ۋارقىرىدى سۋىدرىگايلوف كەينىگە بۇرۇلۇپ، — مەن سىزگە دېگەنغۇ...

— بۇ، ئەمدى كەينىڭىزدىن قالمايمەن، دېگىنىم.

— نېمە؟

ھەر ئىككىلىسى توختىدى ـ دە، خۇددى كۈچ سىنىشىۋاتقاندەـ

دەك، بىر ـ بىرىگە بىردەم قاراپ تۇرۇشتى.

— مەن سىزنىڭ چالا مەستلىكتە دېگەن گەپلىرىڭىزدىن، — دېدى راسكولنىكوف قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلماي قاتتىق ـ قاتتىق گەپ قىلىپ، — شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، سىز سىڭلىم توغرىسىدىكى ئەڭ ئىپلاس نىيىتىڭىزدىن ۋاز كېچىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىۋېتىپسىز. ئاڭلىسام، سىڭلىم بۇگۈن ئەتىگەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋاپتۇ. يېقىنقى كۈنلەردە، سىز زادىلا ئولتۇرالماي قالدىڭىز... گەرچە سىز كۈتمىگەندە يېرىم يولدا بىر خوتۇن تېپىۋالغان بولسىڭىزمۇ، بۇنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق. مەن شەخسەن ئۆزۈم ئىسپاتلاپ باقماقچى...

راسكولنىكوف شۇ تاپتا زادى نېمە قىلماقچى، زادى نېمىنى ئىسپاتلاپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى.

— مۇنداق گەپ دەڭ! ئەگەر ھازىرلا ساقچىنى چاقىرسامچۇ؟

— قېنى چاقىرىڭ.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ يەنە بىردەم تۇرۇپ قېلىشتى. ئاخىر سۋىدرىگايلوفنىڭ چىرايى ئۆزگەردى. ئۇ راسكولنىكوفنىڭ تەھدىتتىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە بىردىنلا تولىمۇ قۇۋناق ۋە دوستانە قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— ھەي، سىزمۇزە! قىزىقىش ۋەجىدىن خاتىرجەمسىزلەنگەن بولسامۇ، ھېلىقى ئىشىڭىز توغرۇلۇق ئەتەي ئېغىز ئاچمىدىم. ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش. مەن ئەسلىي ئۇ ئىش توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەرمىز دېۋىدىم. لېكىن، راستىمنى ئېيتسام، سىز ئۆ ـ لۈكنىڭمۇ ئوغىسى قايىنىغۇدەك گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز... بولىـ ـ دۇ ئەمىسە، بىز ماڭايلى. لېكىن، سىزگە ئالدىنئالا ئېيتىپ قو ـ ياي: مەن ھازىر ئۆيگە كىرىپ، پۇل ئېلىۋېلىشىم كېرەك؛ ئاندىن ئۆينى قۇلۇپلاپ، ھارۋا كىرا قىلىپ، ئارالغا بارىمەن، كەچنى شۇ

يەردە ئۆتكۈزىمەن. راست، سىز مەن بىلەن بىللە ماڭامسىز؟
— مەن سىز تۇرۇۋاتقان بىناغا بارىمەن، لېكىن سىزنىڭكىگە ئەمەس. سوفيە سېميونوۋنانىڭكىگە كىرىمەن. مېيىت ئۈزىتىشقا بارالمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايمەن.
— ئەمىسە ئىختىيارىڭىز. لېكىن، سوفيە سېميونوۋنا ئۆيدە يوق. ئۇ ئۈچ بالىنى ئېلىپ، بىر ئېسىلزادە خانىمنىڭكىگە كەتتى. ئۇ خانىمنى مەن بۇرۇندىنلا تونۇيتتۇم. ئۇ بىر يېتىم باللار ئۆيىگە نازارەتچىلىك قىلاتتى، كاتېرىنا ئىۋانوۋنانىڭ ئۈچ بالىسىنى شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، قولىغا بىرئاز پۇل بەردىم. بۇنىڭ سىرتىدا يېتىم باللار ئۆيىگىمۇ پۇل ئىئانە قىلدىم. ئۇ خانىم بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ كەتتى. ئاخىرىدا سوفيە سېميونوۋنانىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەينەن سۆزلەپ بەردىم، ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ يۈرمىدىم. بۇ ئىشىم ھېلىقى خانىمغا تەسىرلەپ بەرگۈسىز تەسىر قىلدى. شۇڭلاشقا، ئۇ خانىم سوفيە سېميونوۋنانىڭ ئۆزى داچىدىن يېنىپ كېلىپ ۋاقىتىنچە تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا بۈگۈن بىر كېلىپ كېتىشنى بۇيرۇغان.
— ھېچقىسى يوق، شۇنداق بولسىمۇ بېرىۋېرىمەن.
— ئىختىيارىڭىز، بۇنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى يوق، ئىشقىلىپ مەن سىز بىلەن بىللە ماڭمايمەن، مانا بىز يېتىپ كەلدۇق، قېنى دەڭا، سىز مېنىڭ مۇشۇنداق تەكەللۇپ قىلىپ، تا ھازىرغىچە بەزىبىر سوئاللار بىلەن بېشىڭىزنى قايدۇرمىغانلىقىم ئۈچۈنلا، مەندىن گۇمان قىلىۋاتامسىز؟ ئىشەنچىم كامىلكى خۇددى شۇنداق... نېمىتىمىنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ بۇنىڭ ئادەتتىكى ئىش ئەمەسلىكىنى سېزىۋاتسىڭىز كېرەك؛ بەسلىشىمەنكى، چوقۇم شۇنداق! شۇ ۋەجدىن، سىزمۇ ئازراق تەكەللۇپ قىلىپ قويسىڭىز بولاتتى!
— ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، يەنە ئوغرىلىقچە ئاڭلارسىز تېخى!

— ھە، سىز شۇ ئىشنى دەۋېتىپسىز - دە! — دېدى سۋىدرىگايلوف كۇلۇپ كېتىپ، — شۇنداق، شۇنچە ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىنمۇ قۇلاقنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەرگەن بولسىڭىز، ھەيران قالغان بولاتتىم. ھا - ھا! شۇ چاغدا سىزنىڭ... ئۇ يەردە... نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزنى ئازدۇر - كۆپتۇر چۈشەنگەن، سوفيە سېمىيونوۋناغا ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن دەپ بەرگەنلىرىڭىز ئانچە - مۇنچە قۇلىقىمغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ زادى نېمە گەپ ئۆزى؟ مەن بەكلا ئارقىدا قېلىپ كەتكەن بولسام كېرەك، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم. خۇدا ھەققى، ئۆزىڭىز چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسىڭىز، ئەزىزىم! ئەڭ يېڭى نەزەرىيەلەر ھەققىدە ئاز - تولا گەپ قىلىپ بەرسىڭىز.

— سىزنىڭ بىرەر نېمىنى ئاڭلىيالىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس، ھەممىسى يالغان.

— ھەي، مەن ئۇ ئىشنى دەۋاتقىنىم يوق، راست. ئۇ ئىشنى دەۋاتقىنىم يوق (گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئانچە - مۇنچە گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ)، ياق، مەن سىزنىڭ ھەمىشە ئاھ ئۇرۇپ خورسىنىپ يۈرۈۋاتقانلىقىڭىزنى دەۋاتىمەن! قەلبىڭىزدىكى شىللېر ھەر ۋاقىت ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سىز ھازىرلا ماڭا يەنە ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ گەپنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىماڭ، دېدىڭىز، ئەگەر شۇنداق بولسا، بېرىپ ساقچىلارغا ئېيتىڭ، شۇنىڭ بىلەن شۇنداق قىلىپ، كۇتۇلمىگەن بىر ئىشقا دۇچ كەلدىم؛ نەزەرىيە جەھەتتە كىچىككىنە خاتالىق يۈز بەردى دەڭ! لېكىن، ئەگەر سىز ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئوغرىلىقچە ئاڭلاشقا بولمايدۇ، ئەمما قولغا چىققانلىكى نەرسە بىلەن مومايلارنى خالىغانچە ئۇجۇقتۇرىۋەرسە بولىۋېرىدۇ، دەپ ئىشەنسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز تېزرەك ئامېرىكىنىڭ بىرەر يېرىگە كېتىۋېلىڭ! قېچىپ كېتىڭ، يىگىت! بەلكىم ھازىرمۇ ئۈلگۈرەرسىز. مەن سىزگە بۇ گەپنى چىن دىلىمدىن ئېيتىۋاتىمەن. پۇلىڭىز يوقمۇ؟ يول خىراجىتىڭىزنى مەن

بىرەي.

— مەن ئۇ ئىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم، — دېدى راسكولنىكوف نەپرەت بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— چۈشىنىمەن، لېكىن سىزمۇ بەكلا ئاۋارە بولۇپ كەتمەڭ. ئەگەر خالىسىڭىز، بوپتۇ، ئارتۇق گەپمۇ قىلماڭ؛ سىزنىڭ قانداق - قانداق مەسىلىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشىنىمەن. ئەخلاق جەھەتتىكى مەسىلىلەر، شۇنداقمۇ؟ پۇقرا ۋە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر، شۇنداقمۇ؟ ئۇ مەسىلىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇڭ؛ هازىر ئۇلارنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ هې - هې! سىز هېلىمۇ بىر ئادەم ۋە پۇقرا بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئارىلاشماڭ، هەممىگە چېپىلىۋالماڭ. راست، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈۋالغىنىڭىز تۈزۈك، ئەجەبا ئۆلۈۋالغۇڭىز يوقمۇ؟

— سىز مېنى كەينىمگە كىرىۋالمىسۇن دېگەننى باهانە قىلىپ، ئەتەي زېتىمغا تېگمۇاتقاندەك قىلىسىز...

— راستىلا قىزىق ئادەم ئىكەنسىز! مانا يېتىپ كەلدۇق. قېنى، يۇقىرىغا چىقىڭ. قاراڭ، ئەنە ئاۋۇ سوفيە سېمىيونوۋنانىڭ ئىشىكى، كۆردىڭىزمۇ، بىرمۇ ئادەم يوق! ئىشەنمەمسىز؟ بولمىسا، كاپېرنا ئۇموفتىن سوراپ بېقىڭ؛ ئۇ دائىم ئاچقۇچىنى شۇلارغا قويۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ كىشى madam ede كاپېرنا ئۇموف هە؟ نېمە؟ (ئۇنىڭ قۇلىقى ئېغىرراق) ئۇ چىقىپ كەتتىمۇ؟ نەگە كەتتى؟ مانا، ئەمدى ئاڭلىغانسىز؟ ئۇ ئۆيدە يوق ئىكەن. يېرىم كېچىدە ئاندىن كېلەلىسە كېرەك. ئەمىسە مېنىڭ خانامغا كىرىڭ، سىز مېنىڭ خانامغىمۇ كىرمەكچى ئەمەسمىدىڭىز؟ مانا، مېنىڭ خانام مۇشۇ. Madam رېسسىلىخ ئۆيىدە يوق. ئۇ بەكلا ئالدىراش بىر خوتۇن، لېكىن ئۆزى ئوبدان خوتۇن. گېپىمگە ئىشىنىڭ... ئەگەر سىز ئازراقلا ئەقلىڭىزنى جورىيالىسىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمدى ئۆزىڭىز قاراپ تۇرۇڭ، مانا ئۈستەلدىن بەش

پىرسەنتلىك زايومدىن بىرنى ئالدىم. كۆردىڭىزمۇ، مېنىڭ يەنە قانچىلىك پۇلۇم بارلىقىنى! بۇنى بۇگۈنلا پۇلغا ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. راست، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈۋاتقانسىز؟ مەن ئەمدى ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلالمايمەن. ئۇستەلنى قولۇپلىدىم. ئۆينى قولۇپلىدىم، مانا، يەنە پەلەمپەيگە كەلدۇق. بىز بىرەر هارۋىنى ياللايلى، قانداق دەيسىز؟ مەن ئاراللار تەرەپكە بارماقچى. هارۋىدا ئولتۇرۇپ بىر ئايلىنىپ كەلمەمسىز؟ مەن مۇنۇ هارۋىنى يالىلاپ ئېلاگىن ئارىلىغا بېرىپ كېلەي، نېمە؟ سىز بارمامسىز؟ چىدىيالماي قالدىڭىزمۇ؟ هېچقىسى يوق، هارۋىدا ئايلىنىپ كېلىمىز! يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلىدۇ. هېچقىسى يوق، هارۋىنىڭ سايىۋىنىنى چۈشۈرۈۋەتسەكلا ئىش پۈتىدۇ...

سۋىدرىگايلوف ئاللىقاچان هارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى. راسكولنىكوف هېچبولمىغاندا هازىرنىڭ ئۆزىدە گۇمان قىلغۇدەك بىرەر ئاساسنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ قالدى ـ دە، بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمەي، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئوت ـ چۆپ بازىرىغا قاراپ ماڭدى. ناۋادا ئۇ كېتىۋېتىپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ باققان بولسا ئىدى، سۋىدرىگايلوفنىڭ هارۋا يۈز قەدەم يەرگە بارا ـ بارمايلا كىرا هەققىنى تۆلەپ، هارۋىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، پىيادىلەر يولىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ باشقا كوچىغا بۇرۇلۇپ كەتكەچكە، ئەمدى هېچنېمىنى كۆرمەيتتى. ئۇ سۋىدرىگايلوفتىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ كەتكەچكە، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمىدى. «مەن نېمىدەپ شۇ قوپال مۇناپىقتىن، ئاشۇ يۈزى قېلىن زىناخوردىن، ئاشۇ ئەبلەختىن ئۈمىد كۈتكەندىمەن، هەتتا بىردەملىك بولسىمۇ دەيمەنا!» ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋەتتى ئۇ. ئەلۋەتتە، راسكولنىكوف بەكمۇ ئالدىراپ، بەكمۇ يەڭگىلتەكلىك بىلەن هۆكۈم قىلىۋەتتى. سۋىدرىگايلوفنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللىقانداقتۇر بىرنەرسە بار ئىدىكى، بۇ ئۇنى ئاللىقانداق سىرلىق قىلىپ كۆرسەتمىگەندىمۇ

ھېچبولمىغاندا ئاز ـ تولا ئالاھىدىرەك قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئەمدى سىڭلىسىغا كەلسەك، راسكولنىكوف سۈيدرىگايلوفنىڭ ئۇنى ھەرگىز تىنچ قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. لېكىن، ھەربىر ئىشنى توختىماستىن ئويلاۋېرىش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر كەلمەكتە ئىدى.

ئۇ ئادىتى بويىچە ئۆزى يالغۇز قېلىپ يىگىرمە قەدەمچە ماڭغا ـ ماڭمايلا چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ توختىدى ـ دە، شادىغا يۆلىنىپ، دەريا سۈيىگە تىكىلدى. دەل شۇ چاغدا ئاۋدوتيە رومانوۋنامۇ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى.

راسكولنىكوف كۆۋرۈككە چىقىپلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانىدى. لېكىن، ئۇ دونيەنى كۆرمەي، ئۇنىڭ يېنىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. ئىلگىرى دونېچكا ئۇنىڭ بىلەن مۇنداق چوڭ كوچىدا زادىلا ئۇچرىشىپ باقمىغانىدى، شۇڭلاشقا ئۇ چۆچۈپ كەتتى. دونيە ئۇنى چاقىرىش ـ چاقىرماسلىقنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. كۇتمىگەندە ئۇ ئوت ـ چۆپ بازىرىدىن ئىتتىك كېلىۋاتقان سۈيدرىگايلوفنى كۆرۈپ قالدى.

لېكىن، ئۇ سىرلىق بىر ھالەتتە، ئېھتىيات بىلەن قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ راسكولنىكوفنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن، كۆۋرۈككە چىقماي، بىر چەتتە، پىيادىلەر يولىدىلا توختىدى. ئۇ دونيەنى ئاللىبۇرۇنلا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا سۈيدرىگايلوف: ئاكىڭىزغا گەپ قىلماڭ، ئۇنى ئاۋارە قىلماڭ، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىڭ، دەپ شەرەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

دونيە ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئالدىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سۈيدرىگايلوفنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ تېزرەك ماڭايلى، ــ دېدى سۈيدرىگايلوف ئۇنىڭغا پىچىرلاپ، ــ ئىككىمىزنىڭ ئۇچراشقانلىقىمىزنى رودىئون رومانوۋىچنىڭ بىلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. مەن ئالدى بىلەن

سىزگە شۇنى دەپ قوياي، مەن ھازىرلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر كىچىك ئاشخانىدا ئولتۇرغان. ئۇ مېنى شۇ يەردە تېپىۋالدى. ئۇنىڭدىن ئاران قۇتۇلدۇم. بىلمىدىم ئۇ سىزگە خەت يازغانلىقىمنى نەدىن ئۇقتىكىن، شۇڭا مەندىن گۇمانلىنىپ قاپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا سىز ئېيتمىغان بولسىڭىز كېرەك؟ ئەگەر سىز ئېيتمىغان بولسىڭىز، ئەمىسە كىم ئېيتقاندۇ؟

— خوش، مانا بىز باشقا كوچىغا بۇرالدۇق، — دېدى دونيە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئاكام ئەمدى بىزنى كۆرەلمەيدۇ. مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، مەن سىز بىلەن بىللە بۇنىڭ نېرىسىغا بارمايمەن. ماڭا دەيدىغان گەپلىرىڭىز بولسا، مۇشۇ يەردىلا دەڭ، گەپلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كوچىدا دەۋەرسىمۇ بولىدىغان گەپلەر ھەرقاچان.

— بىرىنچىدىن، گەپلىرىم ھەرگىزمۇ كوچىدا دەۋەرسە بولىۋېرىدىغان گەپلەر ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، سىز سوفيە سېميونوۋنانىڭ نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىشىڭىز كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، مەن سىزگە بەزىبىر ماددىي ئىسپاتلارنى كۆرسەتمەكچى... ئاخىرىدا ئەگەر سىز مېنىڭ خانامغا بېرىشقا ئۇنىمىسىڭىز، مەن ھېچقانداق ئىزاھات بەرمەي، ھازىرلا كېتىمەن. ئاندىن شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ، جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان ئاكىڭىزنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق سىرى پۈتۈنلەي مېنىڭ ئىلكىمدە.

دونيە ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن سۋىدرىگايلوفقا تىكىلدى.

— نېمىدىن قورقىسىز! — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — شەھەر دېگەن يېزىغا ئوخشىمايدۇ، ھەتتا يېزىدىمۇ مەن سىزگە ئەمەس، بەلكى سىز ماڭا كۆپرەك زىيان سېلىۋىدىڭىز. بۇ يەردە...

— سوفيە سېميونوۋناغا ئۇقتۇرۇپ قويغانمىدىڭىز؟

— ياق، مەن ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم، ئۇ ھازىر

ئۆيدە بارمۇ، يوقمۇ، ئۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن، ئۇ ئۆيدە بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۈگۈن ئۆگەي ئانىسىنى يېڭىلا يەرلىكىگە قويدى. مۇشۇنداق كۈنلەردە، ئۇ تالا ـ تۈزگە چىقىپ كەتمەس. ئۇ ئىشنى ۋاقتى سائىتى يەتمىگۈچە بىرەرسىگە ئېيتىش نىيىتىم يوق ئىدى، ھەتتا سىزگىمۇ ئېيتىمىسام بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلىپ قالدىم. بۇنداق ئىشلاردا سەللا ئېھتىياتسىزلىق قىلىنسا، ئادەم خۇددى چېقىمچىلىق قىلغاندەكلا بولۇپ قالىدۇ. مەن مانا مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن. مانا مۇشۇ بىنادا، مانا يېتىپ كەلدۇق. ئاۋۇ كىشى بىزنىڭ بىنانىڭ دەرۋازىۋىنى، ئۇ مېنى ئوبدان تونۇيدۇ. قاراڭ، ئۇ تەزىم قىلىۋاتىدۇ. ئۇ مېنىڭ بىر ئايىم قىز بىلەن بىللە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆردى. سىزنىڭ چىرايىڭىزنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالدى. ئەگەر مەندىن قاتتىق قورقۇۋاتقان، مەندىن گۇمانلىنىۋاتقان بولسىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە پايدىسى تېگىپ قالىدۇ. كەچۈرۈڭ، بەكلا قوپال گەپ قىلىپ سالدىم. مەن مۇشۇ يەردە بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، سوفىيە سېمىيونوۋنا ماڭا ئارىتام ئۆيدە، ئۇمۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. پۈتۈن بىر قەۋەتنىڭ ھەممىسىدە ئادەم بار. سىز نېمىشقا كىچىك بالىدەك مۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىدىغانسىز؟ ياكى مەن شۇنداق قورقۇنچلۇقمۇ؟

سۋىدرىگايلوف چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۈلگۈسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ، دېمى سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئەتەي ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ گەپ قىلاتتى؛ لېكىن دونيە ئۇنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ھاياجانلىنىشلىرىغا دىققەت قىلىپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كىچىك بالىدەك نېمانچە قورقۇپ كېتىدىغانسىز، مەن شۇنداق قورقۇنچلۇقمۇ، دېگەن گەپلىرى دونيەنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ

قويغانىدى.

— سىزنىڭ... ئىنسانىي پەزىلەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلسەممۇ، سىزدىن قىلچە قورقمايمەن. سىز ئالدىدا مېڭىڭ، — دېدى ئۇ، قارىماققا تەمكىنىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

سۇدرىگايلوف سونيەنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختىدى.

— ئۇ ئۆيدە بارمۇ - يوقمۇ، سوراپ باقاي. يوق ئىكەن. قارىمامدىغان ماۋۇ ئىشنى! لېكىن بىلىمەن، ئۇ پاتلا يېنىپ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ سىرتقا چىققان بولسا، چوقۇم ھېلىقى يېتىم باللارنىڭ ئىشىنى دەپ، بىر خانىم بىلەن كۆرۈشكىلى كەتتى. ئۇلارنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتتى. مەن مۇشۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. سوفيە سېمىيونوۋنا يەنە ئون مىنۇتلارغىچە كەلمىسە، ئەگەر خالىسىڭىز، ئۇنى ئالدىڭىزغا ئەۋەتەي، مانا بۇگۈنلا. مانا ماۋۇ مېنىڭ خانام، ئىككى ئېغىز. مانا بۇ ئىشىكنىڭ كەينىدە مەن تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنى رېسسلىخ خانىم تۇرۇۋاتىدۇ، مانا ئەمدى بۇ يەرگە قاراڭ، مەن سىزگە ئاساسىي ماددىي ئىسپاتلىرىمنى كۆرسىتىپ قوياي: ياتاق ئۆيۈمنىڭ مۇنۇ ئىشىكى ئارقىلىق ئىجارىگە بېرىلىدىغان، ھازىر پۈتۈنلەي بوش تۇرۇۋاتقان ئىككى ئېغىز ئۆيگە چىققىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ ئىككى ئېغىز ئۆي شۇ... بۇ ئۆيلەرگە تەپسىلىيرەك قاراپ چىقىڭ...

سۇدرىگايلوف خېلىلا كەڭتاشا، ئۆي جاھازلىرى بار ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئالغانىدى. دونيېچكا ئەتراپىغا شۈبھە بىلەن قاراپ قويدى. لېكىن، ئۆينىڭ سەرەنجاملاشتۇرۇلۇشى ۋە جاھازلىرىدىن ئۇ ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىكنى بايقىمىدى. بىراق، دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك جەھەتلەر يوقمۇ ئەمەس ئىدى، مەسىلەن سۇدرىگايلوفنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بوش تۇرۇۋاتقان ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆيلەرگە دەھلىزدىن ئۇدۇللا كىرگىلى بولمايتتى،

بەلكى ئۆي ئىگىسىنىڭ بوشلا دېگۈدەك ئىككى ئېغىز ئۆيى ئارقىلىق كىرگىلى بولاتتى. سۋىدرىگايلوف ھۇجرىسىنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىجارىگە بېرىلىدىغان باشقا بىر بوش ئۆينىمۇ دونيېچكا كۆرسەتتى. دونيېچكا ئىشىك ئالدىدىلا توختىدى، ئۇ سۋىدرىگايلوفنىڭ بۇ ئۆينى نېمىشقا ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. سۋىدرىگايلوف ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە ئالدىرىدى:

— كېلىڭ، مانا بۇ يەرگە قاراڭ، مانا ماۋۇ ئىككىنچى چوڭ ئۆيگە قاراڭ. ئەنە ئاۋۇ ئىشىككە دىققەت قىلىڭ. ئۇ قۇلۇپلاقلىق، ئىشىكنىڭ يېنىدا بىر ئورۇندۇق تۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئىككى ئېغىز ئۆيدىكى بىردىنبىر ئورۇندۇق. بۇ ئورۇندۇقنى ئۆزۈمنىڭ خانامدىن ھۆزۈرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلاش ئۈچۈن مەن ئېلىپ چىققان. بۇ ئىشىكنىڭ نېرىقى تەرىپىدە سوفيە سېميونوۋنانىڭ ئۈستىلى بار. ئۇ مانا شۇ ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ رودىئون رومانوۋىچ بىلەن سۆزلەشكەن. مەن مانا مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇدا ئىككى ئاخشام گەپ تىڭشىدىم، ھەر كۈنى ئىككى سائەتتىن — ئەلۋەتتە، بەزىبىر ئىشلارنى ئاڭلىيالمىدىم. سىزنىڭچە قانداقراق؟

— ئوغرىلىقچە ئاڭلاپسىز - دە؟

— ھەئە، ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىم؛ ئەمدى مېنىڭ خانامغا قايتىپ كېتەيلى، بۇ يەردە ئولتۇرغۇدەك ئورۇنمۇ يوق.

ئۇ ئاۋدوتيە رومانوۋنانى ئۆزىنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ چىقىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى ئۈستەلنىڭ نېرىقى چېتىدە، دونيېدىن كەم دېگەندىمۇ بىر سازېن① نېرىدا ئولتۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئىلگىرى دونيېچكانى قورقۇتۇۋەتكەن جىنسىي ئىستەك ئوتى مانا ئەمدى يەنە يېنىشقا باشلىغاندەك قىلىپ قالدى. دونيېچكا چۆچۈپ كەتتى ۋە ئەندىشە ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ قويدى. ئۇ ئىختىيارسىز

① سازېن ئۆلچەم بىرلىكى، بىر سازېن 2.13 مېتىرغا تەڭ.

شۇنداق قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى چاندۇرۇپ قويغۇسى يوق ئىدى، شۇنداقتىمۇ سۆدىرىگايلوف تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆيلەرنىڭ خالىيلىقى ئاخىر ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ھېچبولمىغاندا غوجايىن ئايالنىڭ ئۆيدە بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ باققۇسى كەلدى ـ يۇ، سورىمىدى. غۇرۇرى يول قويمىدى... بۇنىڭ سىرتىدا، ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىشتىنمۇ ئېغىرراق بىر ئازاب ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇماقتا ئىدى. ئۇ چىدىغۇسىز پەرىشانلىق ئىچىدە قالغانىدى.

— مانا بۇ سىزنىڭ خېتىڭىز، — دېدى ئۇ خەتنى ئۈستەلگە قويۇپ، — خېتىڭىزدە يازغان ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ خېتىڭىزدە ئاكامنىڭ قانداقتۇر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپسىز. بېشارىتىڭىز بەكمۇ يالىڭاچ. ئەمدى ئۇ گېپىڭىزدىن تېنىۋالمايدىغانسىز دەيمەن. بىلەمسىز، بۇ ئەخمىقانە ئۆسەكنى مەن سىزدىن بۇرۇنراق ئاڭلاپ بولغان. لېكىن، ئۇنىڭغا قىلچە ئىشەنمەيمەن. بۇنداق گۇمان تولىمۇ قەبىھ ۋە كۈلكىلىك. مەن بۇ ئىشنى بىلىمەن، ئۇنىڭ قانداق توقۇپ چىقىلغانلىقىنى ۋە نېمىشقا توقۇپ چىقىلغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. سىزنىڭ ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپاتىڭىز يوق. سىز ئىسپاتلاپ بېرىمەن، دەپسىز. قېنى دەڭ! لېكىن، مەن سىزگە ئالدىنئالا ئېيتىپ قوياي: گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن! پەقەت ئىشەنمەيمەن!

دونېچكا بۇ گەپلەرنى ئالدىراپ ـ تېنەپ دەپ بولۇپ، بىردىنلا ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، خەۋپكە تەۋەككۈل قىلىپ ئۆيۈمگە نېمىشقا يالغۇز كەلدىڭىز؟ بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭىز؟ پەقەت قىزىقىپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈنلىما؟

— مېنى قىينىماڭ، قېنى دەڭ، دەڭ!

— دەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، سىز باتۇر قىز، راست، مەن سىزنى جانابىي رازۇمىخىننى باشلاپ كېلەرمىكىن دەپ

ئويلىغان. لېكىن، ئۇ سىز بىلەن بىللە كەلمىدى، يېقىن ئەتراپىمۇ ئۇنى ئۇچراتمىدىم، ھەقىقەتەن يوقەكلىك ئىكەنسىز، بۇ سىزنىڭ رودىئون رومانوۋىچنى قۇتقۇزماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، سىزنىڭ ھەممە نېمىڭىز مۇقەددەس... ئاكىڭىزغا كەلسەك، نېمە دېسەم بولار؟ سىز ھازىرلا ئۇنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، قانداقراق ئىكەن؟

— سىزنىڭ بىردىنبىر ئاساسىڭىز مۇشۇلىمۇ؟

— ياق، مېنىڭ ئاساسىم بۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن گېپى. ئۇ ئۇدا ئىككى ئاخشام بۇ يەرگە سوفيە سېميونوۋنانى ئىزدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قەيەردە ئولتۇرغانلىقىنى مەن سىزگە كۆرسىتىپ قويدۇم. ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى سوفيە سېميونوۋناغا تولۇق سۆزلەپ بەردى. ئۇ قاتىل ئىكەن. ئۇ ھېلىقى جازانىخور موماينى — بىر خىزمەتچىنىڭ تۇل خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ نەرسىلىرىنى شۇ مومايغا گۆرۈگە قويۇپتىكەن. ئۇ يەنە ھېلىقى موماينىڭ سىڭلىسىنى — لىزاۋېتا ئىسىملىك سېتىقچى قىزنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاچىسىنى ئۆلتۈرۈۋاتقان چاغدا، ئۇ تۇيۇقسىز كىرىپ قاپتىكەن، ئۇ ئۇلارنى ئۆزى ئالغاچ بارغان پالتا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئۇلارنى مال - مۈلكىنى بۇلاش ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن. ئۇ دەرۋەقە بۇلىغان. ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ۋە بەزىبىر نەرسىلىرىنى ئالغان... ئۇ مانا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى سوفيە سېميونوۋناغا يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئەينەن سۆزلەپ بەردى. سوفيە سېميونوۋنا ئۇنىڭ سىرىنى بىلىدىغان بىردىنبىر كىشى. لېكىن، مەيلى تىل جەھەتتە ياكى ھەرىكەت جەھەتتە بولسۇن، ئۇنىڭ بۇ قاتىللىق دېلوسى بىلەن ئالاقىسى يوق. ئەكسىچە، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش چۆچۈپ كەتتى. خاتىرجەم بولۇڭ، سوفيە سېميونوۋنا ئۇنى سېتىۋەتمەيدۇ.

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دېدى دونېچكا

پىچىرلاپ. ئۇنىڭ لەۋلىرى خۇددى جەسەتنىڭ لەۋلىرىدەك كۆكىرىپ نەپىسى بوغۇلۇپ قالدى، — بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھېچقانداق ھەتتا زىغىرچىلىكمۇ سەۋەب يوق، ھېچقانداق سەۋەب يوق... بۇ يالغان ! يالغان !

— ئۇ بۇلاڭچىلىق قىپتۇ، بارلىق سەۋەب مانا شۇ. ئۇ پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاپتۇ. راست، ئۆزىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ئۇ پۇل ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئىشلەتمەپتۇ، ئۇلارنى بىر تاشنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ نەرسىلەر ھازىرغىچە شۇ يەردە ئىكەن. لېكىن، ئۇ ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالمىغاچقا شۇنداق قىلغان.

— ئۇ قانداقسىگە ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلار؟ بۇ زادى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ شۇنداق ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ — ۋارقىرىدى دونيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — سىز ئۇنى تونۇيسىزغۇ؟ ئۇنى كۆرگەنغۇ؟ ئۇ شۇنداق ئوغرىلىق قىلىدىغان ئادەممۇ؟

ئۇ خۇددى سۇيدىرىگايلوفقا يالۋۇرۇۋاتقان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالدى، ئۇ ئەمدى قورقۇش دېگەننى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇغانىدى.

— ئاۋدوتيە رومانوۋنا، مۇنداق ئىشلار تۈمەن مىڭ خىل بولىدۇ، يەنە كېلىپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئوغرى ئوغرىلىق قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەسكى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ؛ لېكىن ئاڭلىشىمچە، مەرتىۋىلىك بىر ئادەم پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن نەرسىلەرنى بۇلىغان؛ كىم بىلىپتۇ دەيسىز، ئۇ بەلكىم ناھايىتى قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىش قىلدىم، دەپ يۈرگەندۇ! ئەلۋەتتە، ئەگەر مەن باشقا بىرسىدىن ئاڭلىغان بولسام، سىزگە ئوخشاش ئىشەنمەسلىكىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشىنىمەن. ئۇ بارلىق سەۋەبلىرىنى سوفيە سېمىيونوۋناغا چۈشەندۈردى؛ دەسلەپتە ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمىگەنىدى. لېكىن، ئاخىر ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشەندى. ئۇ سونيە سېمىيونوۋناغا ئۆز ئاغزى بىلەن دەپ بەردى ـ دە.

— قانداق... سەۋەبلەر ئىكەن ئۇ !

— دەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن، ئاۋدوتيە رومانوۋنا. مەن سىزگە نېمە دېسەم بولار، ئۇ بىر نەزەرىيەدەك قىلىدۇ. ئۇ مېنىڭ قاراشلىرىم بىلەن ئوپئوخشاش ئىكەن. مەسىلەن ئالايلى، ئاساسىي مەقسەت ياخشى بولسىلا، بىرەر ـ ئىككى ئەسكى ئىشنى قىلىشقا يول قويۇشقا بولىدۇ. بىرەر ئەسكى ئىشنىڭ ھېسابىغا بىرەر يۈز ياخشى ئىش قىلغىلى بولىدۇ ! ئەگەر غۇرۇرى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە ئۆزىگە ئىشەنگەن بىر يىگىت ئۈچ مىڭ رۇبلى پۇلى بولسىلا، تۇرمۇشتا مەقسەت قىلغان جىمىكى ئىشنى، پۈتكۈل ئىستىقبالىنى پۈتۈنلەي باشقا بىر يولغا سېلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلسە، لېكىن ئۇنىڭ ئۇنچىلىك پۇلى بولمىسا، بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا بەك ئەلەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزى ئاچ، ئۆيى تار، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل تۇرسا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ، شۇنداقلا ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوساللىقىنى ئېنىق سېزىپ تۇرسا، مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ زەردىسىنى قايناتماي قالارمۇ، بولۇپمۇ شۆھرەتپەرەسلىكچۇ تېخى، مەنمەنلىكى ۋە شۆھرەتپەرەسلىكى، ئۇنى بىر دېمەڭ، ئاندىن كىم بىلىدۇ، ئۇ بەلكىم بەزىبىر ياخشى نىيەتلەرنىمۇ كۆڭلىگە پۈككەندۇر... مەن ئۇنى ئەيىبلەۋاتقىنىم يوق؛ ھەرگىز ئۇنداق ئويلاپ قالماڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇ ئىشقا قول تىقالمايمەن. ئۇنىڭ يەنە بىر نەزەرىيەسى بار ئىكەن (ئادەتتىكى بىر نەزەرىيە)، مانا شۇ نەزەرىيەگە ئاساسەن بىلەمسىز، ئادەملەرنى ئادەتتىكى ماتېرىياللار ۋە ئالاھىدە ئادەملەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدىكەن، يەنى شۇنداق ئادەملەر بولىدىكەنكى، ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلار قانۇننى كۆزگە ئىلمايدىكەن، ئەكسىچە ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقىلار ئۈچۈن، يەنى ئادەتتىكى ماتېرىياللار — ئەخلەت ـ چاۋالار ئۈچۈن قانۇن تۈزۈپ چىقىدىكەن. بۇ نەزەرىيەغۇ ھېچقانچە ئەمەس، ئادەتتىكى نەزەرىيە ئىكەن. نەزەرىيەمۇ باشقا

ھەرقانداق شەيئى بىلەن ئوخشاش. ئۇ ناپولېئونغا بەكلا مەپتۇن بولۇپ كېتىپتۇ، يەنى ئۇ نۇرغۇنلىغان تالانتلىق شەخسلەرنىڭ بىر ـ ئىككى ئەسكى ئىشقا پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ھەممىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدىغانلىقىغا بەكرەك مەپتۇن بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تالانت ئىگىسى دەپ ھېسابلىسا كېرەك، يەنى بىر مەزگىل مانا شۇنىڭغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشەنگەن بولسا كېرەك. بىر نەزەرىيەنى كەشىپ قىلالىغان بولسىمۇ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمىگىنىگە قارىغاندا، ئۇنى ھازىرچە تېخى تالانتلىق شەخس دېگىلى بولمايدۇ. ئىلگىرى مانا شۇ نەرسە ھەربىر ئېسىگە كەلگەندە ئۇنى قاتتىق قىينىغان، ھازىرمۇ قىيناۋېتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بىر يىگىتكە بۇ بەكلا ھار كېلىدۇ، بولۇپمۇ بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزدە...

— ئۇنداقتا ۋىجدان ئازابىچۇ؟ دېمەك، سىز ئۇنىڭ ئەخلاقىي ھېسسىياتىنى ئىنكار قىلىدىكەنسىز ـ دە؟ ئەجەبا ئۇ شۇنداق ئادەممۇ؟

— ھەي، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، ھازىر ھەممە ئىش قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتىغۇ تەرتىپ ئىلگىرىمۇ ھېچقاچان روشەن بولۇپ باقمىغان. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، رۇس كىشىلىرىنىڭ پىكرى ئوچۇق، خۇددى دۆلەت زېمىنىدەك بىپايان، بولۇپمۇ ئۇلار خىيالپەرەس، تەرتىپسىز نەرسىلەرگە ئامراق. لېكىن، پىكرى ئوچۇق بولۇپ، ئالاھىدە تالانتى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئىش چاتاق. ئېسىڭىزدىمۇ، ئىلگىرى ھەر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىز باغدىكى شىپاڭدا ئولتۇرۇپ، مۇشۇ خىلدىكى مەسىلىلەر توغرۇلۇق ۋە ئوخشاش بىر تېمىدا نۇرغۇن قېتىم سۆزلىشىۋىدۇق. سىز مېنىڭ دەل مۇشۇنداق پىكرىمنىڭ ئوچۇقلۇقىنى ئەيىبلىگەنىدىڭىز. كىم بىلىدۇ، بىز ئۇ يەردە سۆزلىشىۋاتقان چېغىمىزدا، ئېھتىمال ئۇ

بۇ يەردە يېتىپ ئۆزىنىڭ ئاشۇ بىرنېمىلىرى توغرۇلۇق خىيال سۈرگەندۇ. بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز دائىرىسى ئىچىدە، ھېچقانداق ئالاھىدە مۇقەددەس ئەنئەنىۋى ئەقىدە يوق، ئاۋدوتيە رومانوۋنا، بەزىلەر كىتابلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن بەزىبىر نەرسىلەرنى توقۇپ چىقىۋاتىدۇ... ياكى يىلنامىلەردىن بىرنېمىلەرنى تېپىپ ئېلىشىۋاتىدۇ. لېكىن، شۇ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى ئالىملار، يەنە كېلىپ مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھەممىسى كىتاب مەستانىلىرى، شۇڭلاشقا يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بەكمۇ قىلىقسىزلىق بولىدۇ. يەنە ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، مېنىڭ قاراشلىرىمنى سىز ئومۇمەن بىلىسىز؛ مەن ھەرقانداق ئادەمنى ھەرگىزمۇ ئەيىبلىمەيمەن. مەن ئۆزۈم بىكار تەلەپ ئادەم، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق ئۆتمۈۋېرىمەن. بۇ توغرۇلۇق بىز نۇرغۇن قېتىم سۆزلەشكەن. مەن ھەتتا قاراشلىرىمنى بايان قىلىش شەرىپىگىمۇ ئېرىشكەن... چىرايىڭىز بەكلا تاتىرىپ كەتتىغۇ، ئاۋدوتيە رومانوۋنا!

— ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيەسىدىن خەۋىرىم بار. مەن ئۇنىڭ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىنى ئوقۇغان، خىيالىغا كەلگىنىنى قىلسا بولىۋېرىدىغان ئادەملەر ئۈستىدە توختىلىپتىكەن... ماڭا رازۇمىخىن ئەكېلىپ بەرگەن...

— جانابىي رازۇمىخىنمۇ؟ ئاكىڭىزنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغانمىكەن؟ شۇنداق ماقالە بارمىكەن؟ مېنىڭ خەۋىرىم يوق ئىكەن. ناھايىتى قىزىقارلىق بولسا كېرەك. ھە، نەگە بارىسىز، ئاۋدوتيە رومانوۋنا؟

— سوفيە سېمىيونوۋنا بىلەن كۆرۈشمەن، — دېدى دونېچكا زەئىپ ئاۋاز بىلەن، — ئۇنىڭكىگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ ئۇ يېنىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؛ ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ. ئۇنىڭغا...

ئاۋدوتيە رومانوۋنا گېپىنى تۈگىتەلمىدى. ئۇنىڭ نەپسى

بوغۇلۇپلا قالدى.

— سوفيه سېميونوۋنا يېرىم كېچە بولمىغۇچە يېنىپ كەلمەيدۇ. مېنىڭچە شۇنداق. ئۇ تېزلا يېنىپ كېلىشى كېرەك ئىدى، ناۋادا كەلمىگەن بولسا، ناھايىتى كەچ كېلىدۇ...

— ھە، سىز مېنى ئالداپتىكەنسىز ـ دە! ئەمدى بىلدىم... سىز مېنى ئالداپسىز... ھازىرمۇ ئالداۋاتىسىز... مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن! ئىشەنمەيمەن! — ۋارقىرىدى دونېچكا ئاچچىق دەستىدىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقىتىپ.

ئۇ ھوشىدىن كەتكەندەك بولۇپ، سۋىدرىگايلوف ئالمان ـ تالمان سۇنۇپ بەرگەن ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى.

— ئاۋدوتيه رومانوۋنا، نېمە بولدىڭىز، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! مانا سۇ، بىر يۇتۇم ئىچىڭ...

سۋىدرىگايلوف ئۇنىڭ بېشىغا ئازراق سۇ چاچتى، دونېچكا بىر سىلكىنىپ ھوشىغا كەلدى.

— بەك قاتتىق تەسىر قىپتۇ! — سۋىدرىگايلوف قاپىقىنى تۈرۈپ ئۆزىچە غۇدۇرىدى، — ئاۋدوتيه رومانوۋنا، خاتىرجەم بولۇڭ! بىلەمسىز، ئۇنىڭ نۇرغۇن دوستلىرى بار. بىز ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىمىز، قۇتقۇزۇپ قالىمىز. مەن ئۇنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتسەم ئۇنامسىز؟ مېنىڭ پۇلۇم بار؛ ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا پاراخوت بېلىتىدىن بىرنى تېپىپ بېرەلەيمەن. ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە كەلسەك، ئۇ مۇشۇنىڭ بەدىلىگە يەنە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلالايدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ بەلكىم ئۇلۇغ ئادەم بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ھە، نېمە بولدىڭىز؟ بىئارام بولۇۋاتامسىز؟

— ئەبلەخ! مېنى زاڭلىق قىلىۋاتقىنىنى، مېنى قويۇۋېتىڭ...

— نەگە بارىسىز؟ نەگە باراي دەيسىز؟

— ئۇنى ئىزدەيمەن؟ ئۇ نەدە؟ بىلەمسىز؟ بۇ ئىشىكتە قۇلۇپ تۇرىدۇغۇ؟ بايا بىز مۇشۇ ئىشىكتىن كىرىۋىدۇق. ئەمدى

قولۇپلىنىپ قاپتۇ. ئۇنى قاچانلاردا قولۇپلاپ قويدىڭىز؟
— بىزنىڭ بۇ يەردە دېيىشكەنلىرىمىزنى قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىسا بولماس، مېنىڭ سىزنى زاڭلىق قىلىش نىيىتىم يوق. مېنىڭ مۇشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشقا ئۆگۈنۈم كەلمىدى. لېكىن، مۇشۇ ئەھۋالىڭىز بىلەن نەگە بارىسىز؟ ئۇنى سېتىۋېتىش نىيىتىڭىز يوقتۇ؟ سىز ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويىسىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بېرىدۇ. بىلەمسىز، ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ، ئۇنى كۆزىتىپ يۈرۈۋاتقانلار بار. سىز مۇنداق قىلسىڭىز، ئۇنى ئاشكارىلاپ قويىسىز. بىردەم سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ. مەن بايىلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن؛ ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ. بىردەم سەۋر قىلىڭ. ئاۋۋال ئولتۇرۇڭ، ئىككىمىز بىللە ئويلىنىپ باقايلى. مەن سىزنى شۇ ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى چاقىرغان، ئوبدانراق ئويلىنىپ باقايلى، قېنى ئولتۇرۇڭ.
— سىز ئۇنى قانداق قۇتقۇزالايسىز؟ ئۇنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسى تېپىلارمۇ؟
دونيە ئولتۇردى، سۋىدرىگايلوف ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.
— بۇ پۈتۈنلەي سىزگە باغلىق، سىزگە، يالغۇز سىزگىلا باغلىق، — دېدى سۋىدرىگايلوف كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، خۇددى ئۇنىڭ قولىقىغا گەپ قىلىۋاتقاندەك پىچىرلاپ ۋە دۇدۇقلاپ، ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن گېپىنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرەلمىدى.
— سىز... بىر ئېغىز گەپ قىلسىڭىزلا، ئۇ قۇتۇلۇپ قالىدۇ! ئۇنى مەن... مەن قۇتقۇزۇۋالىمەن. مېنىڭ پۇلۇم بار، دوستلىرىم بار. مەن ئۇنى ھازىرلا يولغا سېلىپ قويالايمەن. مەن بىر پاسپورت، ياق، ئىككى پاسپورت تاپالايمەن، بىرسىنى ئۇنىڭغا، بىرسىنى ئۆزۈمگە، مېنىڭ دوستلىرىم بار، ھەممىسى قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار... رازى بولامسىز؟ مەن سىزگىمۇ بىر پاسپورت تېپىپ بېرەلەيمەن... ئانىڭىزغىمۇ پاسپورت تېپىپ

بىرەلەيمەن... رازۇمىخىنىنىڭ سىزگە نېمە ھاجىتى؟ مەنمۇ ئوخشاشلا سىزنى ياخشى كۆرىمەن... مەن سىزنى چەكسىز ياخشى كۆرىمەن. ئېتەكلىرىڭىزنى سۆيۈپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ، رۇخسەت قىلىڭ! رۇخسەت قىلىڭ! كۆڭلەڭلىرىڭىزنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى ئاڭلىسامىمۇ چىداپ تۇرالمايمەن. ماڭا نېمە قىل دېسىڭىز شۇنى قىلاي! ھەممىنى سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك قىلاي. قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنىمۇ مەن قىلالايمەن. سىز نېمىگە ئىشەنسىڭىز، مەنمۇ شۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ھەرقانداق ئىشنى، ھەرقانداق ئىشنى دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن! ماڭا مۇنداق قارىماڭ، مۇنداق قارىماڭ! بىلەمسىز، سىز مېنى قاتتىق قىيىنىۋەتتىڭىز...

ئۇ ئاغزىغا كەلگەننى دېگىلى تۇردى... گويا تۇيۇقسىزلا بىرنېمە بولغاندەك، بىردىنلا ئېلىشىپ قالدى. دونيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ! ئىشىكنى ئېچىڭ! — بىرەر كىشى كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئىشىكتىن تالاغا قاراپ ۋارقىرىدى دونيە قوللىرى بىلەن ھەدەپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ، — ئىشىكنى ئېچىڭلار! تاشقىرىدا بىرمۇ ئادەم يوقمىدۇ؟

سۋىدرىگايلوف ئورنىدىن تۇردى، ھوشىنى يىغىۋالدى، ھېلىمۇ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىدە ئاستا ـ ئاستا مەسخىرىلىك كۈلكە پەيدا بولدى.

— تاشقىرىدا بىرمۇ ئادەم يوق، — دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئالدىرىماي گەپ قىلىپ، — ئۆينىڭ غوجايىنى سىرتقا چىقىپ كەتكەن، مۇنداق ۋارقىرىغىنىڭىزنىڭ پايدىسى يوق، ئاچچىقلىغىنىڭىز بىلەنمۇ بىكار.

— ئاچقۇچ قېنى؟ ھازىرلا ئىشىكنى ئاچ، ھازىرلا! ھۇ پەسكەش!

— ئاچقۇچنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، تاپالمايۋاتىمەن.

— نېمە؟ سىز ماڭا باسقۇنچىلىق قىلماقچىمۇ؟ — ۋارقىرىدى

دونيە، ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى، ئۇ دەرھال بۇلۇڭغا قېچىپ بېرىپ، كىچىككىنە بىر ئۇستەلنى تارتىپ ئالدىنى توستى. ئۇ ئەمدى ۋارقىرىمىدى. ئۆزىنى قىيناۋاتقان ئادەمگە تىكىلىپ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتتى. سۋىدرىگايلوف ئۆيىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە مىدىر ـ سىدىر قىلماي دونيەگە قارىغان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئۇ ناھايىتى تەمكىن ئىدى. ھېچبولمىغاندا قارىماققا شۇنداقتەك كۆرۈنەتتى، لېكىن چىرايى ئىنتايىن تاتىراڭغۇ ئىدى. بايىقى مەسخىرىلىك كۈلكە ئۇنىڭ چىرايىدىن تېخىچە يوقالمىغانىدى.

— ئاۋدوتيە رومانوۋنا، سىز ھازىر «باسقۇنچىلىق قىلماقچىمۇ» دېدىڭىز. ئەگەر راستىلا باسقۇنچىلىق قىلىش نىيىتىم بولسا، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، ئاللىبۇرۇنلا ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولاتتىم. سوفيە سېمىيونوۋنا ئۆيدە يوق، كاپېرنا ئۇموفلارنىڭ ئۆيى خېلى يىراقتا، ئارىلىقتا قۇلۇپلاقلىق بەش ئېغىز ئۆي بار. ئەمدى مەن سىزدىن ھېچبولمىغاندا بىر ھەسسە كۈچلۈك، شۇنىڭدەك مېنىڭ قورققۇدەك ھېچ يېرىم يوق. چۈنكى، كېيىن سىز مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرزمۇ قىلالمايسىز. سىز ھەرھالدا ئاكىڭىزنى سېتىۋېتىشنى خالىمايسىزغۇ دەيمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنىڭ گېپىڭىزگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ: ياپياشلا بىر قىز بويتاق ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئۆزى يالغۇز نېمىدەپ باردۇ، دېمەمدۇ؟ شۇڭلاشقا، سىز ئاكىڭىزنى قۇربان قىلغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمىنى ئىسپاتلىيالمايسىز؛ باسقۇنچىلىقنى ئىسپاتلاش ناھايىتى تەس، ئاۋدوتيە رومانوۋنا.

— ئىپلاس! — دېدى دونيە پەس ئاۋازدا ئەلەم بىلەن.

— نېمە دەپ تىللىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىڭكى، مېنىڭ دېگەنلىرىم ناھايىتى بىر پەرەز. مېنىڭ قارىشىمچىمۇ، دېگەنلىرىڭىز تامامەن توغرا؛ باسقۇنچىلىق قەبىھلىك، مەن سىزگە شۇنىلا دەپ قوياي؛ ئەگەر... ئەگەر سىز ئۆز ئىختىيارىڭىز بويىچە مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىپ،

ئاكىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قالسىڭىز، ۋىجدانىڭىز ئالدىدا ھەرگىزمۇ يەرگە قاراپ قالمايسىز. پەقەت شارائىتقا، توغرىسىنى ئېيتقاندا زوراۋانلىققا بويسۇنغان بولىسىز، ئەگەر شۇ سۆزنى ئىشلەتمەي ئامال يوق دېسەك، ئويلاپ بېقىڭ: ئاكىڭىز بىلەن ئانىڭىزنىڭ تەقدىرى سىزنىڭ قولىڭىزدا. مەن بولسام سىزنىڭ قولىڭىز... ئۆمۈرلۈك قولىڭىز بولىمەن... مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن...

سۋىدرىگايلوف دونيەدىن سەككىز قەدەمچە نېرىدىكى دېۋانىدا ئولتۇردى. مانا ئەمدى دونيەگە ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىدىن گۇمان قىلغۇدەك ھېچقانداق ئورۇن قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇ ئادەمنى تازا ئوبدان بىلەتتى.

كۇتمىگەندە دونيە يانچۇقىدىن ئالتە ئاتار تاپانچىنى چىقىرىپ، تەپكىسىنى تۇتتى ـ دە، تاپانچا تۇتقان قولىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى. سۋىدرىگايلوف دىۋاندىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

ــ ھە ! مۇنداق گەپ دەڭ ! ــ چىرقىرىدى ئۇ ھەيران بولۇپ، لېكىن چىرايىدا بايىقىدەك مەسخىرىلىك كۈلكە يەنە پەيدا بولدى، ــ ياخشى، مانا بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى ! ئاۋدوتيە رومانوۋنا، ئىشنى سىز ئۆزىڭىز زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇردىڭىز ! لېكىن، بۇ تاپانچىنى نەدىن ئالدىڭىز؟ جانابىي رازۇمىخىن تېپىپ بەردىمۇ يا؟ ھە ! بۇ مېنىڭ تاپانچامغۇ ! ۋاي قەدىناس ! ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى شۇنچە ئىزدەپ كېتىپتىمەن !... قارىغاندا، يېزىدا سىزگە قارىغا ئېتىشنى ئۆگەتكەنلىرىم ھەرھالدا زايە كەتمىگەن ئوخشايدۇ !

ــ بۇ سېنىڭ تاپانچاڭ ئەمەس، بەلكى سەن مارفا پېتروۋنانى ئۆلتۈرگەن تاپانچا ! ئۇنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەردىن بىرسىمۇ سېنىڭ ئەمەس. سېنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغانلىقىڭغا كۆزۈم يېتىشكە باشلىغاندا، مەن بۇ تاپانچىنى ئېلىۋالغان. ئەگەر ئالدىڭغا بىر قەدەم چامدىساڭ، قەسەم ئىچىمەنكى، سېنى ئېتىۋېتىمەن !

دونيه ئاچچىقىدا ھوشىنى يوقىتايلا دەپ قالغانىدى. ئۇ قولىدا تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— بوپتۇ، ئۇنداقتا ئاكىڭىزنى قانداق قىلىسىز؟ قىزنىش يۈزىسىدىن ئانچىكىم سوراپ قويۇۋاتىمەن، — دېدى سۆيدرىگايلوف. ئۇ ھېلىمۇ شۇ ئورنىدا تۇراتتى.

— ئەگەر خالىساڭ، بېرىپ چېقىۋەر! قوزغالما! بۇ ياققا ئۆتمە! ھېلى بىكار ئېتىۋېتىمەن! سەن خوتۇنۇڭنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردۈڭ. بۇنى مەن بىلىمەن. سەن ئۆزۈڭ قاتىل!...

— مېنى مارفا پېتروۋنانى زەھەرلەپ ئۆلتۈردۈڭ دېيىشكە ئاساسىڭىز بارمۇ؟

— سەن ئۆلتۈردۈڭ! ماڭا سەن ئۆزۈڭ شۇنداق بېشارەت بەرگەن؛ زەھەرنىڭ گېپىنى ماڭا سەن ئۆزۈڭ قىلغان... مەن بىلىمەن، سەن زەھەر سېتىۋالغىلى بارغان... سەن تەييارلىق قىلىپ قويغان... ئۇنى چوقۇم سەن قىلدىڭ... ئىپلاس!

— ئەگەر شۇنى راست دېگەندىمۇ سىزنى دەپ شۇنداق قىلدىم... ئاپەتنىڭ يىلتىزى يەنىلا سىز.

— يالغان! مەن سېنى بۇرۇن - بۇرۇندىن يامان كۆرەتتىم. ساڭا ئۆچ ئىدىم...

— ھەي، ئاۋدوتيە رومانوۋنا! ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز، تەشۋىقات ئازا قىزىغان چاغلاردا سىز تەۋرىنىپ قالغان، ئېرىشكە باشلىغان... مەن بۇنى كۆزلىرىڭىزدىن ئۇققان؛ ھېلىقى ئايدىڭ كېچە، بۇلبۇل سايراپ تۇرغان چاغ ھېلىمۇ يادىڭىزدىمۇ؟

— يالغان! — دونيەنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى چاقناپ كەتتى، — يالغان! تۆھمەت قىلىۋاتىسەن!

— يالغان؟ بوپتۇ، مەن يالغان ئېيتقانمۇ بولاي، يالغان ئېيتقانمۇ بولاي. خوتۇن كىشىگە مۇنداق ئىشلارنى دېمەسلىك كېرەك، — ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويدى، — بىلىمەن، سەن ساھىبجامال يىرتقۇچ ئېتىۋېتىسەن. بوپتۇ، قېنى ئاتقىن!

دونيە تاپانچىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ

كەتكەندى، قانسىز ئاستىنقى لېۋى تىترەيتتى، ئوت چاقناپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى سۆيدىرىگايلوفقا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بولۇپ، ئارىلىقنى مۆلچەرلەپ، سۆيدىرىگايلوفنىڭ بىرىنچى ھەرىكىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. سۆيدىرىگايلوف ئۇنى ھېچقاچان مۇنداق چىرايلىق ھالەتتە كۆرمىگەنىدى. تاپانچىنى كۆتۈرگەن ئاشۇ دەمدە دونيەنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئوت خۇددى سۆيدىرىگايلوفنى كۆيدۈرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاتتىق سىرقىرىتىۋەتتى. ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىشىغا ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوق ئۇنىڭ چاچلىرىنى يالاپ ئۆتۈپ، كەينىدىكى تامغا تەگدى. ئۇ توختاپ، ئاستاغىنا كۈلۈپ قويدى.

— مېنى ھەرە چېقىۋالدى! ئۇ مېنىڭ كاللامنى قارىغا ئاپتىكەن ـ دە... بۇ نېمە؟ قان! — ئۇنىڭ ئوڭ چېكىسىدىن ئازراق قان ئېقىپ چۈشتى، قاننى سۈرتۈۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ يانچۇقىدىن ياغلىقىنى ئالدى. ئوق ئۇنىڭ باش تېرىسىنى جىجاپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. دونيە تاپانچىنى چۈشۈردى. ئۇ قورقۇپ ئەمەس، بەلكى قاتتىق ھەيران بولۇپ سۆيدىرىگايلوفقا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ نېمە قىلغانلىقىنى، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى تېخىچە ئاڭقىرالمىغاندەك قىلاتتى.

— ھەي، تەگكۈزەلمىدىڭىز! يەنە بىر پاي ئېتىڭ، مەن ساقلاپ تۇرىمەن، — دېدى سۆيدىرىگايلوف ئاستا گەپ قىلىپ، لېكىن يەنىلا سوغۇق كۈلۈپ، چىرايى سەل تۇتۇلغاندەك بولۇپ قالدى، — بولمىسا، سىز تەپكىنى باسقۇچە، مەن سىزنى تۇتۇۋالىمەن.

دونېچكا تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك تەپكىنى قايرىپ، تاپانچىنى يەنە كۆتۈردى.

— نېرى كەت! — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن، — قەسەم ئىچىمەنكى، يەنە ئوق چىقىرىمەن. مەن... سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— بولىدۇ... ئارىلىق ئۈچلا چامدام. مېنى ئېتىپ

ئۆلتۈرەلەيسىز. لېكىن، ناۋادا ئۆلمەي قالسام... ئۇ چاغدا... — ئۇ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ئالدىغا يەنە ئىككى قەدەم چامدىدى.

دونېچكا تەپكىنى باستى، ئەمما تاپانچا ئېتىلمىدى.

— ئوقنى ئوبدان سالماپسىز. ھېچقىسى يوق! ھېچقىسى يوق! تاپانچىڭىزدا يەنە بىر تال پىستان بار. ئوڭشىۋېلىڭ، ساقلاپ تۇرىمەن.

سۋىدرىگايلوف دونيەدىن ناھايىتى ئىككىلا چامدام نېرىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ھومىيىپ قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدە كۈچلۈك جىنسىي ھەۋەس ئوتى يانماقتا ئىدى. ئۇ دونيەگە ئىشنى باشلىغاندىكىن ئاخىرىغا يەتكۈزۈشنى كۈتۈپ تىكىلىپ تۇراتتى. دونيە ئۇنىڭ تاكى ئۆلمىگۈچە ئۆزىنى قويۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. «ئۇنىڭ ئۈستىگە... ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئارىلىق ناھايىتى ئىككىلا چامدام. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرەلەيدۇ!...»

كۈتمىگەندە، دونيە تاپانچىنى تاشلىۋەتتى.

— تاشلىۋەتتى - ھە! — دېدى سۋىدرىگايلوف ھەيران بولۇپ، ئارقىدىن ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ئاللىقانداقتۇر بىرنەرسە ئېلىپ تاشلانغاندەك بولۇپ قالغانىدى. ئېھتىمال بۇ پەقەت ئۆلۈمدىن قورقۇشلا بولمىسا كېرەك؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇشمۇ ناتايىن ئىدى. ئۇ پەقەت ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئازابلىق ۋە ئېغىر باشقا بىر ھېسسىياتتىن قۇتۇلۇپ چىققانىدى، ئۇ زادى قانداق ھېسسىيات، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى.

ئۇ دونيەنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئاستاغىنا بېلىدىن قۇچاقلىدى. دونيە قارشىلىق قىلمىدى، پەقەت يوپۇرماقتەك تىترەپ، سۋىدرىگايلوفقا يالۋۇرۇش نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى. سۋىدرىگايلوف نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن لېۋى بىر تەرەپكە تارتىلىپ، گەپ قىلالمىدى.

— مېنى قويۇۋەتكىن، — دېدى دونيه يالۋۇرۇپ.

سۆيدرىگايلوف تىترەپ كەتتى. چۈنكى، قىزنىڭ ھازىرقى سەنلىشى بايىقى سەنلىشىگە ئوخشىمايدىغاندەك تۇيۇلدى.

— دېمەك، مېنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن - دە؟ — بوشقىنا سورىدى سۆيدرىگايلوف.

دونيه ئىنكار قىلىپ بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە... قاچانلا بولسۇن... ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئېھتىمالىڭمۇ يوقمۇ؟ — سورىدى سۆيدرىگايلوف ئۈمىدسىزلىك بىلەن پىچىرلاپ.

— ھېچقاچان ياخشى كۆرەلمەيمەن! — دېدى دونيه ئاۋازىنى پەسەيتىپ.

سۆيدرىگايلوف ئىچىدە بىرپەس دەھشەتلىك، ئاۋازسىز جەڭ قىلدى. ئۇ ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات بىلەن دونيەگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا قولىنى بوشىتىپ، كەينىگە بۇرالدى - دە، ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ دېرىزە ئالدىغا بېرىپ توختىدى.

يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى.

— ئاچقۇچ مانا! — ئۇ پەلتوسىنىڭ سول تەرەپ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، دونيەگە قاراپمۇ قويماي، كەينىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى، — ئېلىڭ، تېزرەك كېتىڭلار!...

ئۇ تېخىچە دېرىزىدىن تاشقىرىغا قاراپ تۇراتتى.

دونيه ئاچقۇچنى ئالغىلى ئۈستەلنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بولۇڭ، تېز بولۇڭ! — تەكرارلىدى سۆيدرىگايلوف يەنىلا كەينىگە قارىماي ۋە مىدىر - سىدىر قىلماي. لېكىن، ئۇنىڭ «تېز بولۇڭ» دېگەن سۆزىدە قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك مەنە بار ئىدى.

دونيه ئەنە شۇ مەنىنى چۈشەندى، ئۇ ئاچقۇچنى ئېلىپلا ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى. ئالمان - تالمان ئىشىكنى ئاچتى - دە، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ

خوددى خودىنى يوقاتقاندەك يوگورۈپ قانال بويىغا باردى ــ دە، B كۆۋرۈكى تەرەپكە يوگورۈپ كەتتى.

سۋىدرىگايلوف دېرىزە ئالدىدا يەنە ئۈچ مىنۇتچە تۇردى؛ ئاخىر ئاستا ــ ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، ئالىقىنى بىلەن پېشانىسىنى ئاستا سىلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا غەلىتە كۈلكە پەيدا بولدى. بۇ بىچارىلىك، مەيۈسلۈك، ئىلاجسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك كۈلكىسى ئىدى. قېتىشاي دەپ قالغان قان ئۇنىڭ ئالىقىنىغا يۇقتى. ئۇ قان يۇقىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن قاراپ قويدى، ئاندىن لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ، چېكىسىدىكى قاننى سۈرتتى. دونيە تاشلىۋەتكەن تاپانچا ئىشىك ئالدىغا چۈشكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ تاپانچىغا كۆزى چۈشتى ــ دە، تاپانچىنى ئېلىپ تەكشۈرۈپ باقتى، بۇ ئۈچ ئوقلۇق كونىچە يانچۇق تاپانچىسى ئىدى. ئىچىدە ئىككى تال ئوق بىلەن بىر پىستان بار ئىدى. ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئاتقىلى بولاتتى. ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلىنىپ، تاپانچىنى يانچۇقىغا سالدى ــ دە، شىلەپىسىنى ئېلىپ، چىقىپ كەتتى.

## 6

شۇ كۈنى ئاخشىمى سۋىدرىگايلوف تاكى سائەت ئونغىچە ھەر خىل پەسكەش كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ۋە ئۇششاق قاۋاقخانىلارنىڭ بىرسىدىن چىقىپ يەنە بىرسىگە كىرىپ كېزىپ يۈردى. ئۇ قەيەرلەردىندۇر كاتيەنى تېپىۋالدى، ئۇ باشقا بىر پەسكەش ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى.

بىر «مۇناپىق بىلەن زالىم»
سۆيۈشكە باشلىدى كاتيەنى

سۈيدىرىگايلوف كاتيەگە ھاراق ئىچۈردى. شارماكچىغىمۇ ئىچۈردى. ناخشىچىلارغىمۇ، مۇلازىملارغىمۇ ئىچۈردى، ئاندىن ئىسمى نامەلۇم ئىككى كۆچۈرگۈچىگىمۇ ئىچۈردى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى كۆچۈرگۈچى بىلەن دوست بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بۇرنى قىڭغىر ئىدى، بىرسىنىڭ بۇرنى ئوڭغا، يەنە بىرسىنىڭ بۇرنى سولغا قىڭغىر كەتكەنىدى. سۈيدىرىگايلوف بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالدى. ئاخىرىدا ئۇلار سۈيدىرىگايلوفنى ئۇستى ئوچۇق راھەتباغقا باشلاپ باردى. ئۇلارغا باغقا كىرىش بېلىتىنى سۈيدىرىگايلوف ئېلىپ بەردى. بۇ باغدا ناھايىتى ئېگىز ئۆسكەن بىر تۈپ ئىنچىكە ئاق شەمشاد بىلەن ئۈچ چاتقال بار ئىدى، بۇنىڭ سىرتىدا يەنە بىر «كۆكۈل ئېچىش زالى» سېلىنغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ قوشۇمچە چاي سېتىلىدىغان قاۋاقخانا ئىدى. ئەتراپىقا يېشىل سىرلانغان بىرنەچچە ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. تولىمۇ ناباپ بىرنەچچە ناخشىچى بىلەن مەسخىرىۋازلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئۆزى غەرق مەست، بۇرنى قىزىل، نېمىشقىدۇر بېشى چۈشۈپ كەتكەن مىيۇنخېنلىق بىر نېمىس ئۇلارنى خۇشال قىلدى. ئىككى كۆچۈرگۈچى باشقا كۆچۈرگۈچىلەر بىلەن تالىشىپ قېلىپ، مۇشتلىشىپ كەتكىلى قىل قېلىشتى. ئۇلار سۈيدىرىگايلوفنى ئۆزلىرىگە قازىلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشتى. سۈيدىرىگايلوف چارەك سائەتچە ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى، لېكىن ئۇلار شۇنچىلىك ۋار ـ ۋۇر، جار ـ جۇر قىلىشتىكى، بىرەر ئېغىز گەپنىمۇ ئۇققىلى بولمىدى. شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، ئۇلاردىن بىرسى نېمىنىدۇر ئوغرىلاۋاپتۇ، ھەتتا ئۇنى شۇ يەردىلا ئۇچراپ قالغان بىر يەھۇدىيغا سېتىۋېتىپتۇ. لېكىن، پۇلنى شېرىكلىرىگە بۆلۈپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. ئېنىقلىنىشىچە، سېتىۋېتىلگەن نەرسە كۆكۈل ئېچىش زالىغا تېگىشلىك چاي قوشۇقى ئىكەن. ناۋادا كۆكۈل ئېچىش زالى قوشۇقنىڭ يوقالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئىزدەپ قالسا، ئىش يامىنىغا ئۆرۈلەتتى. سۈيدىرىگايلوف ئۇلارنىڭ

ئورنىدا قوشۇقنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆڭۈل ئېچىش زالىدىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا سائەت ئون بولاي دەپ قالغانىدى. شۇنىڭغىچە ئۇ ئۆزى بىر ەر يۇتۇمۇ ھاراق ئىچمىدى، كۆڭۈل ئېچىش زالىدا بىر ئىستاكان چاي ئەكەلدۈردى، لېكىن ئۇنىمۇ كۆپرەك ئەدەپ يۈزىسىدىن شۇنداق قىلدى. ھاۋا تۇتۇق ۋە دىمىق ئىدى، سائەت ئون ئەتراپىدا ھاۋانى دەھشەتلىك قارا بۇلۇت قاپلىدى؛ ئارقىدىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ياغقاندىمۇ چېلەكلەپ تۆككەندەك ياغقىلى تۇردى. ئارىلاپ چاقماق چاقاتتى. سۆيدرىگايلوف ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ، ئۈستەل تارتمىسىنى ئاچتى ـ دە، ھەممە پۇلىنى ئالدى. ئىككى ـ ئۈچ پارچە ھۆججەتنى يىرتىپ تاشلىدى. ئارقىدىن پۇللىرىنى يانچۇقىغا سالدى، ئۇ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرماقچى بولدى ـ يۇ، دېرىزىدىن تاشقىرىغا قاراپ ۋە گۈلدۈرماما بىلەن يامغۇر ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ بېقىپ، قولىنى شىلتىدى ـ دە، شلەپىسىنى ئېلىپ، ئىشىككە قۇلۇپمۇ سالماي چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل سونيەنىڭ ئۆيىگە باردى. سونيە ئۆيدە ئىدى.

سونيە ئۆيدە يالغۇز ئەمەس ئىدى. كاپېرنا ئۇموفنىڭ تۆت بالىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. سوفيە سېمىيونوۋنا ئۇلارغا چاي ئىچۈرۈۋاتاتتى. ئۇ سۆيدرىگايلوفنى كۆرۈپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى، لېكىن ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ سۆيدرىگايلوفنىڭ ئۈستىبېشىنىڭ چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدى ـ يۇ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. باللار شۇ ئان قاتتىق قورقۇپ كەتكىنىدىن قېچىپ كېتىشتى.

سۆيدرىگايلوف ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. سونيەنىڭمۇ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىنى ئېيتتى. سونيە قورۇنۇپراق بولسىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مەن... سونيە سېميونوۋنا... ئامېرىكىغا مېڭىپ كېتىشىم مۇمكىن، — دېدى سۋىدرىگايلوف، — بۇ بەلكىم سىز بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈشۈم بولۇپ قالار، شۇڭلاشقا بەزىبىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىلى كېلىشىم. ھە راست، بۈگۈن ھېلىقى خانىم بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ سىزگە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلىمەن، ماڭا دەپ ئولتۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — سونيە ئازراقلا قىمىرلاپ قويدى ۋە ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى، — ئۇنداق ئادەملەرنىڭ مىجەزى دائىم شۇنداق بولىدۇ. سىڭىللىرىڭىز بىلەن ئۇكىلىرىڭىزغا كەلسەك، ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئۇلارغا تېگىشلىك پۇللارنى ئىشەنچلىك ئادەملەرگە بىرمۇبىر تاپشۇرۇپ بېرىپ، قولىلىرىدىن ھۆججەت ئېلىۋالدىم، شۇنداقتىمۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى بۇ ھۆججەتلەرنى سىز ساقلاپ قويۇڭ. مانا، ئېلىڭ! خوش، مانا بۇ ئىش پۈتتى. ئەمدى مانا بۇ بەش پىرسەنتلىك ئۈچ پارچە زايوم، جەمئىي ئۈچ مىڭ رۇبلى. بۇنىمۇ ئېلىڭ، بۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە، بۇ پەقەت ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا قالسۇن، كېيىنچە مەيلى قانداقلىكى خەۋەر ئاڭلىماڭ، بۇ ئىشنى ھېچقانداق ئادەمگە تىنماڭ. بۇ پۇل سىزگە ئەسقېتىپ قالىدۇ، نېمىشقا دېسىڭىز، سوفىيە سېميونوۋنا، يەنە ئىلگىرىكىدەك ياشاۋېرىش يىرگىنچلىك، يەنە كېلىپ، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ياشاۋېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

— سىز ماڭا، باللارغا، مەرھۇم ئۆگەي ئانامغا جىق ياخشىلىق قىلدىڭىز، — دېدى سونيە ئالدىراپ، — ئەگەر ھازىرغىچە، سىزگە لايىقىدا تەشەككۇر بىلدۈرەلمىگەن بولسام، ئۇنداقتا... سىز ھەرگىز...

— ھە، بولدى... بولدى...

— مۇنۇ پۇللارغا كەلسەك، ئاركادىي ئىۋانوۋىچ، مەن سىزدىن ئىنتايىن مىننەتدار. لېكىن، ماڭا ئەمدى پۇلنىڭ لازىمى يوق. ئۆزۈم يالغۇز قالدىم، ئۆزۈمنى ھەرقانداق قىلىپ بېقىپ

كېتەلەيمەن. ئىززەتلىگەننى بىلمەيدىكەن دەپ قالماڭ. نىيىتىڭىز شۇنداق ياخشى بولغاندىن كېيىن، ئەمىسە بۇ پۇللارنى...

— بۇ سىزگە بەرگىنىم، سىزگە. سوفيە سېمىونوۋنا، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەمدى ئارتۇقچە گەپلەرنى قىلماڭ. چۈنكى، مېنىڭ ۋاقتىم قىس. بۇ پۇللارغا ھامىنى ھاجىتىڭىز چۈشۈپ قالىدۇ. رودىئون رومانوۋىچنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار: يا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش، يا سىبىرىيەگە بېرىش، — سونيە چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى ۋە تىترەپ كەتتى، — ئەنسىرەپ كەتمەڭ. مەن ھەممىنى بىلىمەن. ماڭا ئۇ ئۆزى دەپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان ئادەملەردىنمۇ ئەمەس؛ ھېچقانداق ئادەمگە دەپ قويمايمەن. شۇ چاغدا سىز ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىڭ، دەپ ناھايىتى توغرا قىلدىڭىز. شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ ئۇنىڭغا خېلىلا پايدىلىق بولغان بولاتتى. ھە راست، ئەگەر ئۇ سىبىرىيەگە بارىدىغان بولۇپ قالسا — ئۇغۇ بارىدۇ، سىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن بارىسىزغۇ دەيمەن؛ شۇنداقمۇ؟ شۇنداقمۇ؟ خوش. شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل لازىم بولىدۇ، ئۇنى دەپ، پۇلغا ھاجەتمەن بولۇپ قالىسىز، چۈشىنىۋاتامسىز؟ مېنىڭ سىزگە بەرگىنىم ئۇنىڭغا بەرگىنىم، بۇنىڭ سىرتىدا، سىز يەنە ئامالىيە ئىۋانوۋنانىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ بېرىمەن، دەپ ۋەدە بېرىپ قويدىڭىز. مەن شۇنداق دېگەنلىرىڭىزنى ئاڭلىغان. سوفيە سېمىونوۋنا، سىز نېمىدەپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۇ قەرزلەرنى ئۈستىڭىزگە ئېلىۋالىسىز؟ شۇ نېمىس خوتۇنغا سىز ئەمەس، بەلكى كاتېرىنا ئىۋانوۋنا قەرزدار تۇرسا! ئۇ نېمىس خوتۇن بىلەن سىزنىڭ كارىڭىز بولمىسۇن. ئۇنداق قىلىۋەرسىڭىز، بۇ دۇنيادا ياشاش مۇمكىن ئەمەس! خوش، ئەگەر بىرەرى مەن توغرۇلۇق ياكى ماڭا ئائىت ئىشلار توغرۇلۇق سوراپ قالسا (بەزىلەر ئەتە ـ ئۆگۈن چوقۇم سورايدۇ)، مېنىڭ مانا مۇشۇ تاپتا سىزنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى ھەرگىز

دېمەك، بۇ پۇللارنىمۇ ھەرگىز كۆرسەتمەك. مېنىڭ پۇل بەرگەنلىكىمنىمۇ دېمەك، ھېچكىمگە دېمەك. خوش، ئامان بولۇڭ، — ئۇ ئورنىدىن تۇردى، — رودىئون رومانوۋىچقا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ. ھەر راست، پۇلنى ۋاقتىنچە جانابىي رازۇمىخىنغا بېرىپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ. جانابىي رازۇمىخىننى تونۇمسىز؟ ئۇنى ئەلۋەتتە تونۇيسىز. ئۇ يامان ئەمەس يىگىت. ئەتە ياكى... بىر پەيتى كەلگەندە ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىڭ. شۇنىڭغىچە پۇلنى ئوبدان يوشۇرۇپ قويۇڭ.

سونىيەمۇ ئورۇندۇقتىن چاچراپ تۇرۇپ، قورقۇنچ ئىچىدە سۋىدرىگايلوفقا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنىدۇر بەكمۇ دېگۈسى، بىرنەچچە ئېغىز گەپ سورىغۇسى بار ئىدى. لېكىن، پېتىنالمىدى، گەپنى نەدىن باشلىشىنىمۇ بىلەلمىدى.

— سىز قانداقمۇ... قانداقمۇ چىقارسىز، شۇنچە قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتسا؟

— نېمە، ئامېرىكىغا بارىمەن دەۋاتقان ئادەم يامغۇردىن قورقامدىكەن؟ ھى - ھى - ھى... خەير - خوش، سوفىيە سېمىيونوۋنا. قەدىرلىكىم! ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ. سىز باشقىلارغا كېرەك. ھەر راست... جانابىي رازۇمىخىنغا مېنى سالام ئېيتتى، دەپ قويۇڭ. ئۇنىڭغا: ئاركادىي ئىۋانوۋىچ سۋىدرىگايلوف سالام ئېيتتى، دەڭ. سالىمىنى چوقۇم يەتكۈزۈڭ.

ئۇ سونىيەنى ھەيرانلىق ۋە قورقۇش ھالىتىدە، قانداقتۇر نائېنىق، لېكىن ئازابلىق تەشۋىش ئىچىدە قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ كۈنى كېچە سائەت ئون بىردىن ئاشقاندا، ئۇ تولىمۇ غەلىتە، كۈتۈلمىگەن بىر ھالەتتە يەنە بىر ئائىلىنى زىيارەت قىپتۇ. ئۇ چاغدا يامغۇر تېخى توختىمىغان، ئون بىردىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ئۈستىبېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن سۋىدرىگايلوف ۋاسىلېيېف ئارىلىدىكى تار كوچىنىڭ 3 - تارمىقىدا لايىقىنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇرۇۋاتقان

كىچىككىنە ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەلگەن. ئىشىكنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇرۇپ ئاران ئاچۇرالىغان؛ باشتا ئۇنىڭ كىرىپ كېلىشى ئۆي ئىگىلىرىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان؛ لېكىن ئاركادىي ئىۋانوۋىچ شۇنداق ئادەم ئىدىكى، خۇشى تۇتۇپ قالسىلا، كىشىنىڭ ئىنتايىن مەستلىكى كەلگۈدەك قىياپەتكە كىرىۋالالايتتى. ئۇنىڭ قېيىنئاتا ـ قېيىنئانىسى زېرەك ئادەملەر بولغاچقا، باشتا ئاركادىي ئىۋانوۋىچ بىرەر يەردە ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، مەستلىكىدە نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك، دەپ قىياس قىلىشتى (نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلارنىڭ قىياسى ئورۇنلۇق ئىدى). لېكىن، سۋىدرىگايلوفنىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك قىياپىتىنى كۆرگىنىدە، ئۇلارنىڭ بۇ قىياسى دەرھاللا يوققا چىقتى. كۆڭلى بەكلا يۇمشاق ۋە ئەقىللىك قېيىنئانىسى زەئىپلىشىپ كەتكەن ئېرىنى تۇتقۇچلۇق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاركادىي ئىۋانوۋىچ بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئېلىپ چىقتى. ئارقىدىن ئادەتتىكى بويىچە ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى. (بۇ ئايال سورىماقچى بولغان سوئالنى توغرىدىن ـ توغرا سورىمايتتى، بەلكى دائىم كۈلۈپ تۇرۇپ قولىلىرىنى ئىشقىلايتتى. بىرەر ئىشنى سورىمىسا بولمايدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندە، مەسىلەن ئالايلى، ئاركادىي ئىۋانوۋىچنىڭ توينى قاچان قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سوراشقا توغرا كەلگەندە، يەنىلا ئاۋۋال تولىمۇ قىزىقىش ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن پارىژ توغرۇلۇق، ئوردىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى توغرۇلۇق سوئاللارنى سوراپ، ئاندىن گەپنى ئاستا ئەگىتىپ 3 ـ كوچىغا ئېلىپ كېلەتتى). باشقا چاغدا بولسىغۇ، بۇلار ئەلۋەتتە سۋىدرىگايلوفنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغار ئىدى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ بەكلا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى. كىرگەندىلا ئۇنىڭغا لايىقىڭىز ئۇخلاپ قالدى دېيىشكەن بولسىمۇ، ئۇ لايىقىم بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. ئەلۋەتتە، لايىقى ئاخىر چىقتى. ئاركادىي

ئۇئانوۋىچ تـوغرىدىن ـ تـوغرا ئۇنـىڭغا بەزىـبىر مۇھـىم ئىشـلار سەۋەبىدىن ۋاقتىنچە پېتېربۇرگتىن كېتىدىغانلىقىنـى، شۇنـىڭ ئۈچـۈن ئـۇنـىڭغـا ئون بـەش مـىڭ كۈمـۈش رۇبلـى ئېلـىپ كەلگەنلىكىنى، سەۋەبى ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇنلا مۇشۇ ئـازراقىنـا سوۋغىنى تويدىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭغا بېـرىش نىيـىتىگـە كېلـىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ پۇللارنى سوۋغا سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈندى. ئەلۋەتتە، مەيلى قانداقلىكى چۈشەندۈرسۈن سوۋغا، دەرھاللا مېڭىپ كېتىش دېگەنلەر بىلـەن، مۇشۇنـچىلىك ئىشنى دەپ شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي تەڭ كېچىدە كـېلىشىنىڭ ئـالاھىدە مەنـتىقىي مۇناسـىۋىتىنـى كۆرگىلـى بولمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق پۈتـتى، ھەتتـا مـۇنـداق چـاغـلاردا بـولـۇپ تـۇرىـدىغـان ئـاھ ـ ۋاھـلار، سۇرۇشتـۇرۇشلەر ۋە ھەيـران قېلىـشلار نىمـىشقىـدۇر ئادەتتىـن تاشقىـرى كەم كۆرۈلـدى؛ لېكىـن ئەڭ قىزغىـن مىنـنەتدارلـىق بىلـدۈردى، ھەتتا ھـېلىقـى ئەقىللىك ئانـا كۆز يېشـى قىلىـپ، مۇنداق مـىننەتـدارلىقنـى يەنـمۇ چوڭقـۇرلاشـتۇردى. ئاركـادىي ئىۋانـوۋىچ ئورنىـدىن تۇرۇپ، كۈلـگىنـىچە لايىـقىنى سـۆيـۈپ، كـىچىككىنە يۈزىـنى سـىلاپ قـويدى، ئۇنـىڭغا تېـزلا يېنىـپ كېلىمەن، دەپ ۋەدە قىلدى. ئۇ لايىقىنىـڭ كۆزلىرىـدە باللارچە قىزىقىشنى، قانداقتۇر جىددىيلىكنى ۋە ئۈنسىز سـوئـال ئالامىتىنى كۆرۈپ، بىرپەس ئويلىنىپ قالدى. لايىقىنى يەنە سۆيۈپ قويدى. مانا شۇ چاغدا ئۇ ھېلىقى سوۋغىسىنىڭ شۇ ئان ئەڭ ئەقىللىك ئانىنىڭ ساندۇقىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىختىيارسىز تىت ـ تىت بولدى. ئۇ شۇ ئۆيدىكىلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىق ھالىتىدە قالدۇرۇپ، ھەممەيلەن بىلەن خوشلاشتى ـ دە، چىقىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ دىلى يۇمشاق مېھرىبان ئانا ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئىتتىك ـ ئىتتىك بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىرنەچچە گۇمانىنى يېشىۋەتتى. ئۇنىڭ گېپىچە، ئاركادىي

ئىۋانوۋىچ كاتتا كىشى ئىكەن، كاتتا ـ كاتتا ئىشلارنى قىلىدىغان، كۈچ ـ قۇدرىتى بار، دۆلەتمەن كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن، ئىشقىلىپ كۆڭلىگە نېمە كەلسە، شۇنى قىلىدىكەن. بىرەر جايغا بارغۇسى كەلسە، بارىدىكەن. بىرەرىگە پۇل بەرگۈسى كەلسە بېرىدىكەن. شۇڭا، بۇنىڭ ئەجەبلەنگۇدەك ھېچ يېرى يوق ئىكەن. ئەلۋەتتە، چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىشى بىرئاز غەلىتىرەك ئىكەن. لېكىن، ئىنگلىزلارنى ئالساق، ئۇلار بۇنىڭدىنمۇ غەلىتە كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى باشقىلارنىڭ نېمىلەرنى دېيىشى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىكەن، ئەدەپ ـ قائىدىلەرگىمۇ ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچكىمدىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ يەرگە ئەتەي شۇنداق ھالەتتە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. مۇھىمى، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماسلىق كېرەك ئىكەن. چۈنكى، كېيىنچە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كېتىشىنى كىم بىلىدۇ، پۇلنى بولسا تېزرەك تىقىۋېتىش كېرەك ئىكەن. ھېلىمۇ ياخشى فېدوسيە ئاشخانىدىن چىقماپتۇ، ئەڭ مۇھىمى، بۇ ئىشنى ھېلىقى ھېيلىسى كۆپ رېسسىلىخقا ھەرگىز، ھەرگىز چاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك ئىكەن، ۋەھاكازا، ۋەھاكازا. ئۇلار تاكى سائەت ئىككىلەرگىچە مانا شۇنداق پىچىرلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھە راست، بىرئاز ئەجەبلەنگەن ۋە مەيۈسلەنگەن قىز ئۇلاردىن خېلىلا بۇرۇن ئۇخلىغىلى كىرىپ كەتكەنىدى.

يېرىم كېچىدە سۆيدىرىگايلوف T كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل پېتېربۇرگ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى. يامغۇر توختىغان، لېكىن شامال ھېلىمۇ گۇركىرىمەكتە ئىدى. ئۇ تىترەشكە باشلىدى. ئۇ ھەتتا كىچىك نېۋا دەرياسىنىڭ قارىيىپ كۆرۈنگەن سۈيىگە ئالاھىدە قىزىقىش ۋە گۇمان بىلەن بىردەم قاراپ تۇردى. لېكىن، سۇنىڭ بويىدا تۇرۇپ قاتتىق توڭلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇرۇلۇپ B كوچىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئايىغىغا يەتكىلى

بولمايدىغان B كوچىسىدا ناھايىتى ئۇزاق — ئالاھەزەل يېرىم سائەتچە ماڭدى. ئۇ قاراڭغۇدا پىيادىلەر يولىغا ياتقۇزۇلغان تاختايلارغا پۇتلىشىپ نەچچە قېتىم يىقىلىپ كەتسىمۇ، كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نېمىنىدۇر قىزىقىش بىلەن ئىزدەيتتى. تېخى يىقىلمىدىلا ئۇ مۇشۇ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ياغاچتىن ياسالغان بىر مېھمانخانىنى كۆرگەندەك، مېھمانخانا خېلى كەڭتاشادەك قىلىۋىدى. ئىسمىمۇ «ئادرىئانوپول» دېگەندەك بىر ئىسىم ئىدى. ئۇ خاتا قىلمىغانىدى. مۇشۇنداق خىلۋەت بىر جايدا بۇ مېھمانخانا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئۇنى ھەتتا قاراڭغۇدىمۇ بىمالال تاپقىلى بولاتتى. بۇ قارىداپ كەتكەن، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ياغاچ بىنا ئىدى. شۇ تاپتا يېرىم كېچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بىنادا تېخىچە چىراغلار يېنىپ تۇراتتى. ئادەملەر ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. ئۇ بىناغا كىردى. دەھلىزدىلا ئۇزىگە ئۇچرىغان جۇل - جۇل كىيىملىك مۇلازىمدىن ياتاق سورىدى. مۇلازىم سۋىدرىگايلوفقا باشتىن - ئاخىر قاراپ، ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئۇنى شۇ ئان ئەڭ ئىچكىرىدىكى بىر خانىغا باشلاپ باردى. بۇ دەھلىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى پەلەمپەينىڭ ئاستىغا توغرا كېلىدىغان تار ۋە دىمىق بىر خانا ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا خانا يوق، ھەممىسىدە ئادەم بار ئىكەن. ھېلىقى جۇل - جۇل كىيىملىك مۇلازىم ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ تۇراتتى.

— چاي بارمۇ؟ — سورىدى سۋىدرىگايلوف.

— بار، ئەپەندى.

— يەنە نېمىلەر بار؟

— موزاي گۆشى، ۋوتكا، زاكۇسكا بار.

— موزاي گۆشى بىلەن چاي ئەكەل.

— باشقا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەسمۇ؟ — سورىدى مۇلازىم سەل ئىككىلەنگەندەك.

— ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، كېرەك ئەمەس.

جۇل ـ جۇل كىيىملىك مۇلازىم قاتتىق ئۇمىدسىزلىنىپ چىقىپ كەتتى.

«بۇ يەر يامان ئەمەستەك قىلىدۇ، — ئويلىدى سۋىدرىگايلوف، — ئىلگىرى نېمىشقىمۇ ئۇقماي قالغاندىمەن؟ ئېھتىمال شۇ تاپتا بىرەر كېچىلىك مەيخانىدىن يېنىپ كەلگەن، لېكىن يولدا بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەن ئادەمگە ئوخشاپ قالسام كېرەك. شۇنى بىلسەم بولاتتى، بۇ يەردە قانداق ئادەملەر تۇنەپ قالىدىكىن؟»

ئۇ شامنى ياندۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقتى. بۇ ئۆي شۇنچىلىك پاكار ئىدىكى، سۋىدرىگايلوفنىڭ بېشى تورۇسقا تېگىپ قالايلا دېگەنىدى. ئۆيگە پەقەت بىرلا دېرىزە قويۇلغانىدى؛ ئورۇن ـ كۆرپىسى بەكلا كىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئاددىيلا سىرلاپ قويۇلغان بىر ئۈستەل بىلەن بىر ئورۇندۇق خانىنىڭ بوش يېرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىگىلىگەنىدى. تاملىرى بىرنەچچە تال تاختايدىن مىخلاپ قويۇلغاندەكلا قىلاتتى. كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن تام قەغەزلىرى ساڭگىلاپ قالغان ۋە چاڭ ـ توپا بېسىپ كەتكەنىدى. تام قەغەزلىرىنىڭ ئەسلىدە سېرىق رەڭلىك ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولسىمۇ، قەغەزگە قانداق گۇل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۆينىڭ بىر تەرەپ تېمى بىلەن تورۇسنىڭ بىر قىسمى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەچكە، ئۆي بالىخانىغا ئوخشاپ قالغانىدى. لېكىن، بۇ ئۆينىڭ ئۈستىدە پەلەمپەي بار ئىدى. سۋىدرىگايلوف شامنى قويۇپ قويۇپ، كارىۋاتقا ئولتۇردى ـ دە، خىيالغا چۆمۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بىر ئىش ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ قالدى، ئارىتام ئۆيدىن غەلىتە، ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن پىچىرلىشىشلار ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇنداق پىچىر ـ پىچىرلار ئۇ خانىغا كىرگەندىن تا ھازىرغىچە ئۈزۈلۈپ باقمىدى. پىچىرلىشىۋاتقانلار بەزىدە ۋارقىرىشىپمۇ كېتەتتى. ئۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ باقتى: كىمدۇر بىرسى يىغلايتتى، يىغلاۋاتقاندەك

بىر ئاۋازدا باشقا بىرسىنى ئەيىبلەيتتى. سۆدرىگايلوف بىر ئادەمنىڭلا ئاۋازىنى ئاڭلىيالىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر قولى بىلەن شامنىڭ يورۇقىنى توسۇۋىدى، شۇ ئانلا تامنىڭ يوچۇقىدىن يورۇق كۆرۈندى؛ ئۇ يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيدىن سەللا چوڭراق ئارىتام ئۆيدە ئىككى ئادەم بار ئىكەن. ئۇلاردىن چېچى تولىمۇ پاخپىيىپ، يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن، ئۆزى قاتتىق هاياجانلانغان بىرسى چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن چاترىقىنى كېرىپ، خۇددى ناتىقلاردەك بىر قىياپەتتە ئۆرە تۇراتتى، ئۇ قولى بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ، يەنە بىرسىنى سەن ناهايىتى بىر قەلەندەر ئىدىڭ، هېچقانداق ئەمەلىڭمۇ يوق ئىدى. سېنى پاتقاقتىن مانا مەن قۇتقۇزۇۋالغان، مەن سېنى خالىغان چاغدا قوغلىۋېتەلەيمەن، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ هەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى، دەپ غەزەپ بىلەن ئەيىبلىمەكتە ئىدى. تىل ئاڭلاۋاتقان ئادەم ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن قىياپىتى بەكلا چۈشكۈرگۈسى كېلىۋاتقان، لېكىن زادىلا چۈشكۈرەلمەيۋاتقان ئادەمنىڭ قىياپىتىگىلا ئوخشايتتى. بەزىدە ئۇ سۆزلەۋاتقان ئادەمگە خۇددى قويلاردەك گاڭگىرىغان نەزەردە قاراپ قوياتتى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى قىلچە چۈشەنمەيۋاتقاندەك، هەتتا ئۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۈستەلدىكى بىر تال شام يېنىپ بولاي دەپ قالغانىدى. ئۈستەلدە يەنە تېگىدە ئازراقلا هاراق قېلىپ قالغان بوتۇلكا، رومكا، بولكا، ئەينەك ئىستاكان، تەرخەمەك ۋە ئاللىبۇرۇن ئىچىپ بولۇنغان چاي قاچىلىرى تۇراتتى. سۆدرىگايلوف ئەنە شۇ مەنزىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، تامنىڭ تۆۋىدىن ئېرەنسىزلا نېرى كەتتى ـ دە، كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى.

جۇل ـ جۇل كىيىملىك مۇلازىم چاي بىلەن موزاي گۆشىنى ئەكېلىپ، ئىختىيارسىز يەنە: «باشقا هېچ نەرسە كېرەك ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. لېكىن، يەنە ئىنكار جاۋابىنى

ئاڭلىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى ـ دە، ئىككىنچىلەپ يېنىپ كىرمىدى. سۆيدرىگايلوف دەرھال بىر ئىستاكان چاي ئىچىپ بەدىنىنى ئىسسىتتى. لېكىن، بىر چىشلەممۇ بىرنېمە يېمىدى. ئۇنىڭ تاماققا زادىلا ئىشتىھاسى يوق ئىدى. ئۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى ـ دە، پەلتوسى بىلەن چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، يوتقانغا يۆگىنىپ، كارىۋاتتا ياتتى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولاتتى: «مۇشۇ قېتىم ئاغرىپ قالمىسام بولاتتى» ئويلىدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ. ئۆينىڭ ئىچى دىمىق ئىدى. شامنىڭ يورۇقى ئۆينى خىرە ـ شىرە يورۇتۇپ تۇراتتى، تاشقىرىدىن شامالنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىناتتى، بىر بۇلۇڭدا بىر چاشقان نېمىلەرنىدۇر تىرنىشتاتتى. ئۆيدىن چاشقان بىلەن تېرىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، ئۇ ياتقان پېتى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خىيالغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى بىر ئىشقا مەركەزلەشتۈرگۈسى كېلەتتى. «دېرىزىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە باغ بولسا كېرەك، ــ ئويلىدى ئۇ، ــ دەرەخ يوپۇرماقلىرى شالدىرلاۋاتىدۇ. جۇدۇن بولۇۋاتقان تۈن قاراڭغۇ كېچىدە يوپۇرماقلارنىڭ شالدىرلىشىنى بەكمۇ يامان كۆرىمەن. ئاڭلىساملا ئىچىم ئېلىشىپ كېتىدۇ!» شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىلا پېتروف بېغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ھەتتا شۇنداق ئاۋاز يادىغا كېلىشىگە يىرگىنىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا ئۇ T كۆۋرۈكى بىلەن كىچىك نېۋا دەرياسىنى يادىغا ئېلىۋىدى، خۇددى ھېلىلا دەريانىڭ بويىدا تۇرغان چېغىدىكىدەك يەنە تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. «ئۆمرۈم بويى سۇنى ياخشى كۆرۈپ باقمىدىم، ھەتتا مەنزىرە رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن سۇنىمۇ ياقتۇرمايمەن، ــ ئويلىدى ئۇ. ئاندىن كۈتمىگەندە خىيالىغا غەلىتە بىر ئوي كېلىپ كۈلۈپ قويدى، ــ شۇنى دەيمەن. ئەمدى بولغاندا ئېستېتىكا مەسىلىلىرىنىڭ ۋە راھەت ـ پاراغەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە مۇشۇنداق بىر چاغدا

قۇسۇر تاپقىلى ئامراق بولۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان، خۇددى مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىگە مۇۋاپىقراق جاي تاللايدىغان ياۋا ھايۋانلاردەك... بايا پېتروف بېغىغا كىرسەم بوپتىكەن! بەك قاراڭغۇ، بەك سوغۇق دېسەم كىرەك، ھى - ھى - ھى... خۇددى مەن ھۇزۇر - ھالاۋەتكە موھتاجدەك!... ھە راست، نېمىشقا شامنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەندىمەن؟ — ئۇ شامنى پۈۋلەپ ئۆچۈرۈۋەتتى، — ئارىتام ئۆيدىكى ھېلىقى ئىككىسىمۇ ئۇخلاپ قاپتۇ - دە، — ئويلىدى ئۇ بايىلا تامنىڭ يىرىقىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقنىڭ ئۆچكەنلىكىنى كۆرۈپ، — خوش، مارفا پېتروۋنا، مانا ئەمدى كېلىڭ، ئۆي شۇنداق قاراڭغۇ، جايمۇ تازا مۇۋاپىق، پەيتمۇ بەكلا ئۆزگىچە، لېكىن سىز قېرىشقاندەك كەلمەيۋاتىسىز...»

ئۇ نېمىشقىدۇر تېخى ھېلىلا دونېچكا ھەققىدىكى پىلانىنى ئىجرا قىلىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى، راسكولنىكوفقا ئۇنى رازۇمىخىنىنىڭ ھامىيلىقىغا تاپشۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى. «خۇددى راسكولنىكوفنىڭ قىياس قىلغىنىدەك، شۇ چاغدا ئاساسلىقى ئۆزۈمنى تەڭلىكتە قالدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دېۋىدىم. لېكىن، بۇ راسكولنىكوف راستلا ئالدامچى ئىكەن! ئۇ نۇرغۇن ئىشنى بېشىدىن كەچۈردى. ۋاقتى كېلىپ ئۇنىڭ ھېلىقى سەپسەتىلىرى ئىشقا ئېشىپ قالسا، ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە چوڭ ئالدامچىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ بەكلا ياشىغۇسى بار! مانا شۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئادەملەر پەسكەش كېلىدۇ. مەيلىلا، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلمامدۇ، مېنىڭ نېمە كارىم.»

ئۇ زايلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاستا - ئاستا دونېچكانىڭ بايىقى قىياپىتى گەۋدىلەندى. بىردىنلا ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. «ياق، ئەمدى ئۇنى ئويلىماي، — ئويلىدى ئۇ سەگەكلىشىپ، — باشقا بىرەر ئىش توغرۇلۇق ئويلاي، غەلىتە ۋە كۈلكىلىك ئىش، مەن ھېچقاچان، ھېچكىمنى يامان

كۆرۈپ باقمىۋىدىم، ھەتتا قىساس ئالمىسام بولمايدۇ دەيدىغان نىيىتىممۇ يوق ئىدى. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس! مەن بىر ەرى بىلەن تاكاللىشىشنى ياقتۇرمايمەن. ئالدىراپمۇ كەتمەيمەن، بۇمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىلا ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ۋەدە بەردىم، ھەي، لەنىتى! ئېھتىمال ئۇ بىرەر ئامال تېپىپ مىنى يېڭى بىر ئادەم قىلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى...»

ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ يەنە جىم بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا دونېچكانىڭ سىيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە گەۋدىلەندى. مانا، دونېچكا بىرىنچى پاي ئوقنى ئېتىپ بولۇپ، ئۆزى قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، تاپانچىسىنى پەسكە چۈشۈردى ـ دە، تامدەك تاتىرىپ، ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ دونېچكانى ئىككى قېتىم تۇتۇۋالسا تۇتۇۋالالايتتى. ئەگەر ئۆزى ئەسكەرتمىگەن بولسا، دونېچكا ھەتتا قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى ھىمايە قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولاتتى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا دونېچكاغا ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى، كۆڭلىدە قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى يادىغا ئالدى... «ھەي، لەنىتى! يەنە شۇ ئىشلارنى ئويلاپ كەتكىنىمنى. بولدى قىلاي! ئەمدى بولدى قىلاي!»

ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ كۆزى ئىلىنغاندەك تۇغۇلاپ تىترەشلىرىمۇ بارا ـ بارا توختىدى. كۈتمىگەندە، يوتقاننىڭ ئىچىدە نېمىدۇر بىرنېمە بىلىنگەندەك ۋە پۇتىنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلدى. ئۇ سەسكىنىپ كەتتى. «ھەي، لەنىتى چاشقان ئوخشايدۇ! — ئويلىدى ئۇ، — مۇزاي گۆشىنى ئۈستەلدە قويۇپ قويۇۋىدىم...» ئۇنىڭ زادىلا يوتقاننى ئېچىپ سوغۇققا چىلىققۇسى كەلمىدى. لېكىن، كۈتمىگەندە يەنە نېمىدۇر پۇتىنىڭ ئۈستىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يوتقاننى ئېچىپ، شامنى ياقتى. تىترەپ تۇرۇپ ئېڭىشىپ، ئورۇن ـ كۆرپىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى، ھېچنېمە يوق؛ ئۇ يوتقاننى ئېلىپ

سىلكىۋىدى، كۆتمىگەندە بىر چاشقان كىرلىك ئۈستىگە چۈشتى. سۋىدرىگايلوف تۇتماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. لېكىن، چاشقان كارىۋاتتىن چۈشۈپ كەتمەي، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا قاچتى. ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن، قولىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى؛ ئاخىر بېرىپ كۆتمىگەندە ياستۇقنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى؛ سۋىدرىگايلوف ياستۇقنى پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى. لېكىن، بىردىنلا ئۇنىڭ ئىچىگە بىرنېمە كىرىۋالغاندەك بولۇپ كەتتى. كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە پۈتۈن بەدىنىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، كېيىن دۈمبىسىگە چىقىۋالغاندەك قىلدى. ئۇ ئەسەبىيلەرچە تىترەپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۆزى يەنىلا بايىقىدەك كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ياتاتتى. تاشقىرىدا شامال گۈركىرىمەكتە ئىدى. «نېمىدېگەن يىرگىنچلىك!» ئويلىدى كۆڭلى غەش بولۇپ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتنىڭ بىر چېتىدە دېرىزىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇردى. «ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇخلىمىغىنىم ياخشى ئىكەن» قەتئىي نىيەتكە كەلدى ئۇ. دېرىزىدىن سوغۇق، نەم ھاۋا كىرىۋاتاتتى؛ ئۇ ئورنىدىن تۇرماي، يوتقاننى تارتىپ ئورۇنۇۋالدى. ئۇ شامنى ياقمىدى. ھېچنېمىنى ئويلىمىدى، ئويلىغۇسىمۇ كەلمەيتتى؛ لېكىن خىلمۇخىل خىياللار ۋە پارچە - پۇرات پىكىرلەر كاللىسىدا غىل - پاللا پەيدا بولۇپ يەنە غايىب بولاتتى. ئۇنى ئۇيقۇ يېڭىپ، كۆزى يەنە ئىلىنىپ كەتكەندەك قىلدى. ئېھتىمال سوغۇق، ئېھتىمال قاراڭغۇلۇق، ئېھتىمال نەملىك، ئېھتىمال تالادا گۈركىرەپ سوقۇپ، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئىرغاڭلىتىۋاتقان شامال ئۇنىڭدا خام خىياللارغا كۈچلۈك ئىنتىلىش، ئىستەكلەرنى ئويغاتقاندۇ. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھەدەپ گۈل - گىياھلار پەيدا بولاتتى. مانا، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرە پەيدا بولدى. ئوچۇق، ئىللىق ھەتتا ئىسسىق بىر كۈن، بايرام كۈنى — ترويتسا كۈنى ئىمىش. مانا، ئىنگلىز ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ھەشەمەتلىك،

چىرايلىق يېزا داچىسى. ھەممىلا يەرگە تەشتەكلىك گۈللەر قويۇلۇپتۇ، ھەممىلا يەردە خۇش پۇراق گۈللەر ئۆسۈپ تۇرۇپتۇ. گۈل ـ گىياھ پۈتكۈل بىنانى پۇركەپ تۇرىدۇ. ۋىستېنىيە پىلىكى چۇمكىگەن پېشايۋانغا تەشتەكلەردە ئۆستۇرۇلگەن ئەتىر گۈللەر قاتار ـ قاتار تىزىپ قويۇلۇپتۇ. يورۇق، سالقىن پەلەمپەيگە قىممەت باھالىق پايانداز سېلىنغان، ئىككى تەرىپىگە بولسا، چىنە تەشتەكلەردە ئۆستۇرۇلگەن ئەتىۋارلىق گۈللەر تىزىپ قويۇلغان. دېرىزە تەكچىلىرىگە قويۇلغان تەشتەكلەردىكى يوغان ۋە ئۇزۇن يېشىل يوپۇرماقلاردەك ئېسىلىپ تۇرغان، يۇمران، خۇش ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئاق نەركەس گۈللىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بەكرەك جەلپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ نەركەس گۈللىرىنىڭ ئالدىدىن نېرى كەتكۈسى كەلمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ پەلەمپەيي بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ، كەڭتاشا ۋە ئېگىز زالغا كىردى. بۇ زالنىڭمۇ ھەممە يېرى گۈلگە پۇركەلگەن، دېرىزە تەكچىلىرىگە، لەمپىلەرنىڭ ئۇچۇق ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋە لەمپىلەرگە گۈللەر قويۇلغانىدى. پولغا يېڭىلا ئورۇپ كېلىنگەن خۇشبۇي ئوت چېچىلغانىدى. ئۇلۇغ ئوچۇق دېرىزىلەردىن زالغا راھەتبەخش سالقىن شامال كىرىپ تۇراتتى. دېرىزىلەرنىڭ تېشىدا قۇشلار توختىماي سايرىشاتتى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاپپاق شايا يېپىلغان ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە جەسەت ساندۇقى تۇراتتى. ساندۇقنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان ئاق تاۋارنىڭ چەتلىرىگە ئاق پۈرمىلىك جىيەك تۇتۇلغان. ئەتراپىغا بولسا، گۈلچەمبىرەكلەر قويۇلغانىدى. گۈللەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا نېپىز ئاق كۆڭلەك كىيگەن قىزچاق ياتاتتى. ئۇنىڭ خۇددى مەرمەردىن ئويۇلغاندەك قوللىرى كۆكرىكىدە قوۋۇشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ چۇۋۇق سېرىق چاچلىرى ھۆل؛ بېشىغا ئەتىر گۈلدىن تىزىلغان گۈلچەمبىرەك كىيدۇرۇلگەنىدى، جىددىي، قېتىپ قالغان چېھرىمۇ قارىماققا مەرمەردىن ئويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىدە

قېتىپ قالغان تەبەسسۇم بالىلارنىڭ تەبەسسۇملىرىغا ئوخشىمايتتى، بەلكى بۇ تەبەسسۇمغا چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەت، غايەت زور ئاغرىنىش سىڭگەنىدى. سۇيدرىگايلوف بۇ قىزچاقنى تونۇيتتى. جەسەت ساندۇقنىڭ يېنىدا مەبۇدلەرمۇ، ياندۇرۇلغان شاملارمۇ يوق، تىلاۋەت ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. بۇ قىزچاق ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغانىدى. ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن بۇ قىزنىڭ قەلبى پارە ـ پارە قىلىنىۋېتىلگەنىدى. ھاقارەتلەنگەن ئەنە شۇ قەلب ئۆزىنى ھالاك قىلدى. قىزچاق ئۇچرىغان ھاقارەت ئۇنىڭ نارەسىدە قەلبىنى ئېزىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئار ـ نومۇس پەرىشتىلەرنىڭكىدەك پاك روھىنى بۇلغىدى. ئۇ نائىلاج ئاخىرقى قېتىم پەرياد ئۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ پەريادىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. بۇ شەرمەندە ھاقارەت دەستىدىن ئۇرۇلغان ئاھۇپەرياد نەم، سوغۇق، قاراڭغۇ كېچىدە يىغىلىپ قالغان قار ئېرىپ بولغان تالادا تېخىچە شامال گۇركىرەپ تۇرغان چاغدا قىلىنغان نالە ئىدى...

سۇيدرىگايلوف ئويغاندى. ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ سىلاشتۇرۇپ ئىلغۇچنى تاپتى ـ دە، دېرىزىنى ئاچتى. شامال ئۇنىڭ تارغىنا ھۇجرىسىغا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كىردى. ئۇنىڭ يۈزىگە ۋە پەقەت كۆڭلەكلا دالدا بولۇپ تۇرغان كۆكرىكىگە مۇزدەك سوغۇق قىروۋ چاپلاشقاندەك بىلىندى. دېرىزىنىڭ نېرىقى تەرىپى راستىلا باغدەك بىر جاي ــ قارىماققا ئىستىراھەت بېغى بولسا كېرەك؛ كۈندۈزلىرى بۇ يەردە ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىپ، چايخورلار ئۈستەللەردە چاي ئىچىشسە كېرەك. لېكىن، شۇ تاپتا دەرەخلەردىن ۋە چاتقاللاردىن چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرى دېرىزىدىن توختىماي كىرىپ تۇراتتى. ئەتراپ خۇددى گەمىدەك قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭلاشقا نەرسىلەرنىڭ سايىسىنى ئاران ـ ئاران پەرق ئەتكىلى بولاتتى. سۇيدرىگايلوف ئېڭىشىپ بىلەكلىرىنى دېرىزە تەكچىسىگە تىرىگىنىچە، قاراڭغۇلۇققا تويپتوغرا بەش مىنۇت تىكىلىپ قاراپ

تۇردى. شۇ ئارىلىقتا كۆتمىگەندە ئاشۇ زۇلمەت كېچىدە زەمبىرەكنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا زەمبىرەك يەنە بىر قېتىم گۈمبۈرلىدى.

«هە، ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ! سۇ ئۇلغىيىپ كەتكەن بولسا كېرەك، — ئويلىدى ئۇ، — تاڭ ئاتقۇچە كوچىلارنىڭ ئويمان يەرلىرىنى، يەر ئاستى ئۆيلىرىنى، گەمىلەرنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ، يەر ئاستى ئۆيلىرىدىكى چاشقانلار سۇ يۈزىگە ئۈزۈپ چىقىشىدۇ. ئادەملەر شامال بىلەن يامغۇرغا قارىماي، يامغۇردا چۆپ - چۆپ بولۇشۇپ، بىر - بىرىنى تىللىشىپ، ئەسكى - تۈسكىلىرىنى يۆتكىرىقى قەۋەتلەرگە توشۇشقا باشلايدۇ. لېكىن، شۇ تاپتا سائەت نەچچە بولغاندۇ؟ — ئۇ ئەنە شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشىغا، يېقىنلا بىر يەردىن تام سائىتىنىڭ ئالدىرىغاندەك ئۈچ قېتىم داڭ ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — هە! يەنە بىر سائەتتىن كېيىن تاڭ يورۇغۇدەك! يەنە نېمىنى ساقلايمەن. هازىرلا پېتروف بېغىغا بېرىشىم كېرەك. شۇ يەردە يامغۇرغا تازا چىلاشقان ئېگىز چاتقالدىن بىرنى تاللاپ، مۇرەم بىلەن ئاررىاق سىلكىپ قويسىملا، مىليونلىغان يامغۇر تامچىسى بېشىمغا تۆكۈلىدۇ...» ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، دېرىزىنى يېپىپ قويۇپ، شامنى ياقتى. پەلتوسىنى، شلەپىسىنى كىيىپ، شامنى ئېلىپ دەھلىزگە چىقتى. ئۇ هېلىقى جۇل - جۇل كىيىملىك ئادەمنى (ئۇ ئادەم كىچىككىنە ۋەيرانە ئۆيدە شاملارنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن هەر خىل ئەخلەتلەرنىڭ ئىچىدە ياتاتتى) تېپىپ، ياتاقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، مېھمانخانىدىن كەتمەكچىدى. «بۇ ئەڭ ياخشى پەيت، بۇنىڭدىنمۇ ياخشى پەتنى تاپقىلى بولمايدۇ!»

ئۇ ئۇزۇن، تار دەھلىزدە خېلى ماڭدى، لېكىن هېچكىمنى تاپالمىدى. ئۇ ۋارقىرىماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، قاراڭغۇ بۇلۇڭدا، كونا ئىشكاپ بىلەن ئىشىكنىڭ ئارىلىقىدا غەلىتىلا بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ تىرىك نەرسىدەك قىلاتتى. ئۇ ئېڭىشىپ، شامنىڭ يورۇقىدا بىر بالىنى — كۆپ بولغاندىمۇ بەش ياشلارغا

كىرگەن قىز بالىنى كۆردى. قىزچاق لاغىلداپ تىترىگىنىچە يىغلىماقتا ئىدى. ئۇستىبېشى يېڭىلا سۇغا چىلانغان پول سۇرتكۈچتەك چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ سۆيدرىگايلوفنى كۆرۈپ، قورققاندەكمۇ قىلمىدى. ھاڭۋاقتىلىق ۋە ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ قاراپىلا قالدى. ئۇ خۇددى تولىمۇ ئۇزۇن يىغلاپ يىغىدىن توختىغان، ھەتتا خېلىلا تەسەللى تاپقان، لېكىن بەزى ـ بەزىدە ئىختىيارسىز ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ قويىدىغان باللاردەك بىرە ـ بىرە ئۆكسۈپ قوياتتى. قىزچاقنىڭ رەڭگى تولىمۇ تاتىراڭغۇ ئىدى، ئۆزى بەكمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. سوغۇقتا توڭلاپ قېتىپ قالاي دېگەنىدى. لېكىن «ئۇ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندۇ؟ مۇشۇ يەرگە مۆكۈۋېلىپ، كېچىچە ئۇخلىمىغان بولسا كېرەك.» سۆيدرىگايلوف قىزچاقتىن گەپ سوراشقا باشلىدى. قىزچاق بىردىنلا جانلىنىپ، باللارغا خاس كەمتۈك تىل بىلەن ئىتتىك ـ ئىتتىك سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ ئانىسىنى تىلغا ئالدى، بىر چىنىنى سۇندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئانىسىنىڭ ئۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. قىزچاق ئاغزى بېسىقماي سۆزلىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سۆيدرىگايلوف ئاز ـ تولا بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك قىلدى: قىزچاققا ئىچ ئاغرىتقۇدەك ھېچكىم يوق ئىكەن. ئاپىسى ھەمىشە مەست يۈرىدىغان ئاشپەز خوتۇن بولسا كېرەك. ئۇ مۇشۇ مېھمانخانىدا ئىشلەيدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ قىزچاقنى ئۇرىدىكەن، قورقۇتىدىكەن. قىزچاق ئاپىسىنىڭ بىر چىنىسىنى سۇندۇرۇپ قويۇپ، قورقۇپ كېتىپ، ئاخشاملا ئۆيىدىن قېچىپ چىققان ئوخشايدۇ. يامغۇردا ئۇزۇنغىچە قەيەردىدۇر مۆكۈپ يېتىپ، ئاخىر بولالماي مۇشۇ يەرگە كىرىپ، ئىشكاپنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالغان، كىيىملىرىنىڭ ھۆللۈكى، قاراڭغۇ ۋە ئاپىسىنىڭ مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن دۇمبالىشىدىن قورققانلىقى سەۋەبىدىن كېچىچە مۇشۇ بۇلۇڭدا جاقىلداپ تىترەپ، يىغلاپ چىققان بولسا كېرەك. سۆيدرىگايلوف قىزچاقنى

كۆتۈرۈپ، ياتىقىغا يېنىپ كەلدى. ئۇنى كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. قىزچاقنىڭ يۇتىدىكى كونا ئايىغى خۇددى كۆلچەككە بىر كېچە چىلاپ قويغاندەك مىچىلداپ كەتكەنىدى. سۇدرىگايلوف قىزچاقنى يېشىندۇرۇپ بولۇپ، ئۇنى كارىۋاتقا ئالدى، ھەتتا بېشىنىمۇ قوشۇپ يوتقانغا چىڭ چۇمكىدى. قىزچاق شۇ ئانلا ئۇخلاپ قالدى. سۇدرىگايلوف ئەنە شۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ، قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە خىيالغا چۆكۈپ كەتتى.

«مۇشۇنداق ئۇششاق ئىشلاردىن نېمىشقىمۇ قول ئۈزەلمەيدىغاندىمەن! — ئويلىدى ئۇ ئازابلىنىپ ۋە دەرغەزەپ بولۇپ، — نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق! — ئۇ ھېلىقى جۇل - جۇل كىيىملىك ئادەمنى قانداقلا بولمىسۇن تېپىپ، پاتراق بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن، پەرىشانلىق ئىچىدە شامنى قولىغا ئالدى، — ئاھ، قىزچاق!» ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ بولۇپ، قىزچاقنىڭ ئۇخلىغان - ئۇخلىمىغانلىقىنى، قانداقراق ئۇخلىغانلىقىنى كۆرۈپ باققىلى كەينىگە ياندى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن يوتقاننى ئاچتى. قىزچاق قاتتىق ۋە شېرىن ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ يوتقاندا ئوبدانلا ئىسسىپ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغىمۇ ئەمدى قىزىللىق يۇگۇرگەنىدى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق بالىلارنىڭ يۈزىدە بولىدىغان ئادەتتىكى قىزىللىقتا قارىغاندا يەنىمۇ ئوچۇق، يەنىمۇ قويۇقتەك قىلاتتى. «بۇ قىزىتمىنىڭ قىزىللىقى» ئويلىدى سۇدرىگايلوف. ئادەمنىڭ يۈزى ھاراق ئىچكەندىن كېيىن مانا شۇنداق قىزىراتتى. شۇڭا قىزچاقتا بىرسى لىق بىر ئىستاكان ھاراق ئىچۈرۈپ قويغانغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرى خۇددى يېنىۋاتقاندەك، يالقۇن چىچىۋاتقاندەكلا قىلاتتى، بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ كۈتمىگەندە سۇدرىگايلوفقا ئۇ قاپقارا ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى تىترىتىۋاتقاندەك، قىپقىۋاتقاندەك، خۇددى ھازىرلا كۆتۈرىدىغاندەك، ھىيلىگەر، ئۆتكۈر، بالىلىقنىڭ ئەسىرىنىمۇ

تاپقىلى بولمايدىغان، جەلپكار شەھلا كۆزلىرى كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدىن ماراپ تۇرغاندەك، ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ، تېخىچە ئويغاق ياتقاندەك بىلىندى. راست، دەرۋەقە شۇنداق ئىدى: ئۇ لەۋلىرىنى ئېچىپ، كۈلۈمسىرىدى، گويا ئۆزىنى زورمۇزور تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، جاۋىغايلىرى تىترىمەكتە ئىدى. لېكىن، مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ كۈلمەكتە، ئېنىقلا كۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بالىلارنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان چىرايىدا كىشىنى ئۇياتسىزلارچە ئويناتقاندەك بىر خىل ئىپادە جىلۋىلىنەتتى. بۇ، بۇزۇق، پاھىشە ئاياللارنىڭ چىرايى، تېنىنى ساتىدىغان فىرانسۇز سەتەڭلىرىنىڭ نومۇسسىز چىرايى ئىدى. قاراڭ، مانا ئۇ ھېچنېمىنى يوشۇرماي، ئىككى كۆزىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى. تەپ تارتماستىن ئۇنىڭغا ئوتلۇق نەزەر تاشلىدى. تەبەسسۇم بىلەن ئۇنى قىزىقتۇردى... ئاشۇ كۈلۈشلەردە، ئاشۇ كۆزلەردە، قىزچاقنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن جىمىكى پەسكەش ئىپادىلەردە، تولىمۇ يىرگىنچلىك، ئادەمگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان بىرنەرسە بار ئىدى. «نېمە ! بەش ياش تۇرۇپلا شۇنداق بولۇپ كەتكەنمىدۇ !» دېدى سۋىدرىگايلوف ئىختىيارسىز داڭ قېتىپ پىچىرلاپ. «بۇ... نېمە گەپ زادى؟» لېكىن مانا ئەمدى قىزچاق كىچىككىنە نازلىق يۈزىنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا قارىتىپ، قوللىرىنى ئۇنىڭغا سوزدى... «ھەي، لەنىتى !» قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى سۋىدرىگايلوف، ئۇ قىزچاقنى ئۇرماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردى... لېكىن دەل شۇ چاغدا ئۇ ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ ھېلىمۇ شۇ كارىۋاتتا، شۇ يوتقاننىڭ ئىچىدە ياتاتتى؛ شام يېقىلمىغانىدى، تالادا تاڭ يورۇغانىدى.

«كېچىچە قارا بېسىپ چىققىنىنى قارىمىدىغان !» ئۇ قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، لېكىن پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىماقتا ئىدى. تاشقىرىدا قويۇق تۇمان چۈشكەچكە، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شۇ تاپتا سائەت بەش بولاي دەپ قالغانىدى: ئۇ ئۇخلاپ

قاپتۇ ـ دە ! ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تېخىچە ھۆل كىيىمىنى، پەلتوسىنى كىيدى. يانچۇقىدىن تاپانچىنى ئالدى ـ دە، ئىچىدىكى ئوقنى توغرىلاپ قويدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ، يانچۇقىدىن خاتىرە دەپتىرىنى ئالدى. بىرىنچى بەتنىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يېرىگە يوغان ـ يوغان قىلىپ بىرنەچچە قۇر خەت يازدى. يازغانلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرىدى ـ دە، خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. تاپانچا بىلەن خاتىرە دەپتەر قولىنىڭ يېنىدىلا تۇراتتى. ئۈستەلدىكى ئېغىز تېگىلمىگەن موزاي گۆشىگە بىرنەچچە تال چىۋىن كېلىپ قوندى. ئۇ چىۋىنلەرگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇپ، كېيىن بوش تۇرغان ئوڭ قولى بىلەن چىۋىن تۇتقىلى تۇردى. لېكىن، ئۇ ماغدۇرىدىن كەتكەچكە ئۇزاق ھەپىلىشىپمۇ بىرەر چىۋىننى تۇتالمىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، ھوشىنى يىغدى ـ دە، سەسكىنىپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ كوچىغا چىقىپمۇ بولدى.

پۈتۈن شەھەرنى سۈتتەك ئاپپاق، قويۇق تۇمان قاپلىغانىدى. سۋىدرىگايلوف پاسكىنىلىشىپ كەتكەن تاختايلار ياتقۇزۇلغان تېيىلغاق كوچا بىلەن كىچىك نېۋا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزىگە گويا كىچىك نېۋانىڭ سۈيى بىر كېچىدىلا ئۆلغىيىپ، پېتروۋ ئارىلىنى سۇ بېسىپ كەتكەندەك، يوللار، ئوت ـ چۆپلەر، دەرەخلەر، ئاخىرىدا بىر توپ چاتقال سۇغا چىلىشىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ باشقا بىرەر نەرسىنى ئويلىماقچى بولۇپ، غەشلىك ئىچىدە بىنالارغا كۆز تاشلىدى. كوچىدا نە بىرەر ھارۋا، نە بىرەر ئادەم كۆرۈنمەيتتى. سارغىيىپ كەتكەن ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ھەممە يېپىق دېرىزىلىرى كىشىگە كىرلىشىپ كەتكەندەك سۆرۈن كۆرۈنەتتى. سوغۇق ۋە نەملىك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تەسىر قىلىپ، ئۇنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ بىرە ـ بىرە ئۇچراپ قالغان

دۆكانلارنىڭ ۋە كۆكتات يايمىلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ چىقاتتى. تاختاي ياتقۇزۇلغان يول ئاخىرلاشتى. مانا ئۇ تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان كاتتا بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى. پەلتو كىيگەن بىر مەست پىيادىلەر يولىدا دۈم ياتاتتى، سۆىدرىگايلوف ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى. كۆتمىگەندە ئۇ كوچىنىڭ سول تەرىپىدە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئېگىز كۆزىتىش مۇنارىسىنى كۆرۈپ قالدى. «پاھ! — ئويلىدى ئۇ، — بۇ تازا بەلەن جاي ئىكەن. پېتروف ئارىلىغا بېرىشىمنىڭ نېمە هاجىتى؟ هېچبولمىغاندا هۆكۈمەت گۇۋاهچىسىدىن بىرسى بار ئىكەن...» ئۇ كاللىسىغا كەلگەن بۇ يېڭى پىكىردىن خۇش بولۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، C كوچىسى تەرەپكە بۇرالدى. كۆزىتىش مۇنارىسى بار كاتتا بىنا شۇ كوچىدا ئىدى. ھىم يېپىق چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا پاكار بىر كىشى مۈرىسى بىلەن دەرۋازىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. كۈل رەڭ پەلتوغا پۈركىنىۋالغان بۇ ئادەم بېشىغا ئاخىللېسچە[1] مىس قالپاق كىيىۋالغانىدى. ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان سۆىدرىگايلوفقا ئۇيقۇچان كۆزلىرىدە سوغۇققىنا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەڭگۈلۈك ئاغرىنىشتىن تۇغۇلغان قايغۇ ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا چىرايىدا مۇستەسناسىز ھالدا مانا شۇنداق ئاغرىنىشنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى — سۆىدرىگايلوف بىلەن ئاخىللېس — خېلى ۋاقىتچە ئۈن ـ تىنسىز بىر ـ بىرسىگە قاراپ تۇرۇشتى. ئاخىر ئاخىللېسقا مەست بولمىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ناھايىتى ئۈچ قەدەم نېرىدا زوۋان سۈرمەي تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشى سەل غەلىتىرەك تۇيۇلدى.

— ھەي، سەن بۇ يەردە نېمە قىلماقچى؟ — سورىدى ئۇ

[1] ئاخىللېس — ھومېرنىڭ «ئىلىيادا» داستانىدىكى بىر قەھرىمان.

قىمىر قىلماي ۋە ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي.
— ھېچنېمە، بۇرادەر، تىنچلىقمۇ، — جاۋاب بەردى سۆيدرىگايلوف.
— بۇ يەردە تۇرۇشقا بولمايدۇ.
— بۇرادەر، مەن چەت ئەلگە بارماقچى.
— چەت ئەلگە؟
— ئامېرىكىغا.
— ئامېرىكىغا؟
سۆيدرىگايلوف تاپانچىسىنى چىقىرىپ، تەپكىنى ئاچتى. ئاخىللېس قاشلىرىنى ئۈچۈردى.
— ھەي، ھەي، نېمە قىلاي دەيسەن، مۇنداق چاقچاقلارنى بۇ يەردە قىلىشقا بولمايدۇ.
— نېمىشقا بولمىغۇدەك؟
— بولمايدۇ دېدىم بولمايدۇ.
— ئاھ، بۇرادەر، ئىشقىلىپ بەربىر. بۇ تازا بەلەن يەر ئىكەن. بىرەرسى سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا: ئۇ ئامېرىكىغا كەتتى، دەپ قوي.
ئۇ تاپانچىنى ئوڭ چېكىسىگە تىرىدى.
— بۇ يەردە بولمايدۇ، بۇ يەردە بولمايدۇ! — تىپىرلىدى چۆچۈپ كەتكەن ئاخىللېس كۆزلىرىنى بارغانسېرى چەكچەيتىپ.
سۆيدرىگايلوف تەپكىنى باستى.

## 7

شۇ كۈنى كەچ سائەت ئالتىدىن ئاشقاندا، راسكولنىكوف ئانىسى بىلەن سىڭلىسى تۇرۇۋاتقان جايغا — باكالېيېۋ ياتاق بىناسىدىن رازۇمىخىن تېپىپ بەرگەن ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە

كېتىۋاتاتتى. بىنانىڭ پەلەمپىيى ئۇدۇل كوچىغا قارايتتى. راسكولنىكوف كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ دېگەندەك قەدىمىنى تولىمۇ ئاستا باساتتى. لېكىن، ئۇ ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى؛ قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ئەمدى كەينىگە يانمايتتى. «ھېچقىسى يوق، بەربىر ئۇلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، — ئويلىدى ئۇ، — ئۇلار مېنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىمغا كۆنۈپمۇ قالدى...» ئۇنىڭ ئۇستىبېشى قارىغۇسىز ھالەتكە يەتكەن؛ كېچىچە يامغۇردا ھۆل بولۇپ، كىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىرتىلىپ كەتكەنىدى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنلىكى، بوران ـ يامغۇردا قالغانلىقى، ماغدۇرىدىن كەتكەنلىكى ۋە كېچىچە دېگۈدەك ئۆزى بىلەن ئۆزى ئېلىشىپ چىققانلىقى ۋەجىدىن، ئۇنىڭ چىرايى باشقىچە بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بىر كېچىنى ئۆزى يالغۇز نەلەردە ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەرھالدا بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى.

ئۇ ئىشىكنى چەكتى، ئىشىكنى ئانىسى ئاچتى. دونېچكا ئۆيدە يوق ئىدى، خىزمەتكار ئايالمۇ شۇ پەيتتە ئۆيدە يوق ئىدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا باشتا چۆچۈپ ۋە خۇش بولۇپ، گەپمۇ قىلالماي قالدى. كېيىن ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئۆيگە ئەكىردى.

— ئاھ، ئاخىر كەپسەن ـ دە! — دېدى خۇشاللىقىدا كېكەچلەپ، — روديە، مۇشۇنداق ياشلىرىمنى تۆكۈپ ئەخمىقانە كۈتۈۋالغانلىقىمدىن رەنجىمە. مەن يىغلىمىدىم، كۈلۈۋاتىمەن. سەن مېنى يىغلاۋاتىدۇ، دەۋاتامسەن؟ ياق، خۇشال بولۇۋاتىمەن. مېنىڭ مۇشۇنداق ساراڭدەك مىجەزىم بار: يېشىم تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ. داداڭ تۆگىگەندىن بۇيان، مۇشۇنداق ھەدېسىلا يىغلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئولتۇر، قوزام، قارىسام ھېرىپ كەتكەندەك قىلىسەن. ۋاي خۇدايىم، ئۇستىبېشىڭ نېمانداق بۇلغىنىپ كەتكەندۇ!

— ئانا، ئاخشام يامغۇردا قالدىم... — دېدى راسكولنىكوف.

— ھە، بولدى، بولدى! — دېدى پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا

شۇ ئانلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مېنى يەنە ئىلگىرىكىدەك ئەزمىسىنى ئېزىپ، هازىرلا سوراق قىلغىلى تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ خاتىرجەم بول، چۈشەندىم، ھەممىنى چۈشەندىم. هازىر ئەمدى بۇ يەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بىلىۋالدىم. راست دېيمەن، قارىسام بۇ يەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ياخشى ئىكەن. هازىر چۈشىنىپ يەتتىم، مەن سىېنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىڭنى قانداقمۇ چۈشىنىپ بولاي، قانداقمۇ سەندىن دەپ بېرىشنى تەلەپ قىلاي؟ كۆڭلۈڭدە نېمە ئىشلارنىڭ، نېمە پىلانلارنىڭ بارلىقىنى ياكى قانداق ئويلارغا كەلگەنلىكىڭنى بەلكىم پەرۋەردىگار ئۆزى بىلىدىغاندۇ؛ مەن ساڭا ھەمىشە كاشىلا قىلىپ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭنى سوراۋەرسەم قانداق بولىدۇ، ۋاي خۇدايىم! قارىغىنا مەن... نېمىشقا خۇددى ساراڭدەك چېپىپىلا يۈرىدىغاندىمەن؟... روديە، ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالەڭنى ئۈچىنچى قېتىم ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇنى ماڭا دمىترىي پروكوۋىچ ئەكېلىپ بەرگەن. ماقالەڭنى كۆرۈپلا ۋارقىراپ كېتىپتىمەن، مەن راستىلا ساراڭ ئىكەنمەن. ئۇ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن بەند ئىكەن ـ دە، ھەممە سىر مۇشۇ يەردە ئىكەن ـ دە! شۇ چاغدا ئۇ كاللىسىغا كەلگەن يېڭى ـ يېڭى ئويلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان بولسا، مەن ئۇنى ئاۋارە قىپتىمەن ـ دە، ئۇنىڭغا كاشىلا قىپتىمەن ـ دە، دەپ ئويلاپ قالدىم. ماقالەڭنى ئوقۇدۇم، بالام. ئەلۋەتتە، نۇرغۇن يەرلىرىنى چۈشىنەلمىدىم؛ دېمىسىمۇ مەن ئۇنى قانداقمۇ چۈشىنەي؟

— قېنى مەن كۆرۈپ باقايچۇ، ئانا.

راسكولنىكوف ژۇرنالنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھېلىقى ماقالىسىگە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى ۋە كەيپىياتىغا ئانچە ماس كەلمىسىمۇ، ھەرقانداق ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىدىكىدەك، ئۇمۇ ئاجايىپ ئاچچىق ۋە شېرىن بىر تۇيغۇغا چۆمدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغدا ئۇ تېخى يىگىرمە ئۈچ ياشتا

ئىدى ـ دە. مۇنداق تۇيغۇ ناھايىتى بىردەملا داۋام قىلدى. ئۇ بىرنەچچە قۇرنى ئوقۇپ بولۇپلا قاپىقىنى تۈردى. يۈرىكى قورقۇنچلۇق ئەلەم ئىچىدە سىقىلدى. كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتىگەن ئىشلار بىردىنلا يادىغا يەتتى. ئۇ ئاچچىق ۋە يىرگىنچ بىلەن ماقالىنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويدى.

— لېكىن، روديە، مەن ھەرقانچە دۆت بولساممۇ، يەنىلا شۇنىڭغا كۆزۈم يەتتى. سەن پات ئارىدا ئېلىممىزدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە بارماق بىلەن سانىغۇدەكلەرنىڭ بىرسى بولالمىساڭمۇ، ئەڭ مۇنەۋۋەرلەردىن بولۇپ قالغۇدەكسەن، ئۇلار سېنى ساراڭ بولۇپ قالدى دەپ يۈرۈشمىدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا! سەن بىلمەيسەن، ئۇلار راستلا شۇنداق دەپ ئويلاپ يۈرۈشىدۇ. ۋاي، بۇ ئىپلاس چاكىنىلارنى قارىمامدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان دانا پىكىرلىك ئادەملەرنى قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن! لېكىن، دونيېچكامۇ بۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكىلى قىل قالدى — تــوۋا دەيمىنا! مەرھۇم داداڭمۇ ژۇرناللارغا ئىككى قېتىم ماقالە ئەۋەتكەن. دەسلەپ بىر شېئىر ئەۋەتتى، قولىيازمىسىنى ھازىرغىچە ساقلاۋاتىمەن. ساڭا كېيىن كۆرسىتىمەن. كېيىن پۈتۈن بىر پوۋېستىنى ئەۋەتتى، ئۇنى مەن كۆچۈرۈپ بەرگەن، شۇ چاغدا ئىككىمىز بېسىلسا ئىدى ئىلاھىم، دەپ خۇداغا كۆپ ئىلتىجا قىلغۇدۇق، ئەپسۇس، بېسىلمىدى! روديە، ئالتە ـ يەتتە كۈننىڭ ئالدىدا، سېنىڭ ئۈستىبېشىڭنى، تۇرمۇشۇڭنى، نېمە يەپ، نېمە كىيىۋاتقانلىقىڭنى كۆرگىنىمدە، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولۇۋىدى، لېكىن مانا ئەمدى ئۇقتۇم، مەن يەنىلا دۆت ئىكەنمەن، چۈنكى سەن ئەقىل ـ پاراسىتىڭ بىلەن نېمىگە ئېرىشمەن دېسەڭ، شۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىكەنسەن. قارىسام، ھازىرچە ئۇنىڭغا خۇشتار ئەمەستەك قىلىسەن، چۈنكى سەن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپسەن...

— دونيە ئۆيدە يوقمۇ، ئانا؟

— يوق، روديە، ئۇ ئۆيدە تولا ئولتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى.

مېنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى دمىترىي پروكوفيېۋىچ پات ـ پات كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ، دائىم سەن توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ سېنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن. ھۆرمەت قىلىدىكەن، بالام. سىڭلىڭ ماڭا كۆيۈنمەيدۇ، دېگىنىم ئەمەس. مەن ئۇنىڭدىن رازى. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا خۇي ـ مىجەزى بار، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە يارىشا خۇي ـ مىجەزىم بار؛ ئۇ مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇپ يۈرگەندەك قىلىدۇ؛ لېكىن، مەن ئۇنىڭدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمىدىم. ئەلۋەتتە، دونيەنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق قىز ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىمۇ، سېنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ... شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. روديە، مېنى كۆرگىلى كەپتىكەنسەن، بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدۇم، لېكىن ئۇ ئويىنغىلى چىقىپ كېتىپ، سەن بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان بولدى. ئۇ كەلگەندە ئۇنىڭغا: سەن يوق چاغدا ئاكاڭ كېلىپ كەتتى، سەن نەلەردە يۈردۈڭ؟ دەيمەن. روديە، مېنىڭ رايىمغا بېقىپمۇ كەتمە. كېلەلىسەڭ كېلىپ تۇرارسەن. كېلەلمىسەڭ نېمە ئىلاجىم، ساقلاپ ئولتۇرارمەن. نېمىلا بولسۇن، سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى ئۇقتۇم، مەن شۇنىڭغىمۇ رازى. سېنىڭ ھېلىقى ماقالەڭنى ئوقۇيمەن، خەقلەرنىڭ سەن توغرۇلۇق دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلايمەن، ئارىلىقلاردا، ئۆزۈڭمۇ كۆرگىلى كېلىپ تۇرارسەن. ماڭا شۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ ! مانا، ماڭا تەسەللى بەرگىلى ئۆزۈڭ كەلدىڭغۇ، بىلىمەن...

شۇلارنى دەۋېتىپ پۇلخېرىيە ئالېكساندروۋنا بىردىنلا يىغلىۋەتتى.

ـــ يەنە يىغلاپ كەتتىم ! مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مەن دېگەن بىر ئەخمەق ! ۋاي، خۇدايىم، ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى، ـــ بىردىنلا ۋارقىرىدى ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ـــ ئۆيدە قەھۋە بار ئىدى. سېنى كۈتمەي ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن دېسە !

ئادەم قىرىغاندا ئۆزىدىن بۆلەكنى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن! مانا ھازىرلا ئەكىلىمەن، ھازىرلا.

— جېنىم ئانا، ئاۋارە بولما، مەن ھازىرلا كېتىمەن. مەن قەھۋە ئىچكىلى كەلمىدىم. بىرنەچچە ئېغىز گېپىم بار ئىدى، قۇلاق سالغىن.

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا قورقۇش ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— جېنىم ئانا، مەيلى قانداقلىكى ئىش يۈز بەرسۇن، مەن توغرۇلۇق مەيلى قانداقلىكى خەۋەر تارقالسۇن، خەقلەر مەن توغرۇلۇق ساڭا مەيلى نېمىلەرنى دېسۇن، يەنىلا مېنى ھازىرقىدەك ياخشى كۆرەمسەن؟ — كۆتمىگەندە سورىدى ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن. ئۇ ئۆزىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپمۇ، دەڭسەپمۇ باقمىغاندەك قىلاتتى.

— روديە، روديە، نېمە بولدۇڭ؟ مەندىن مۇنداق سوئالنى سورىغىنىڭ نېمىسى؟ سەن توغرۇلۇق كىم بىرنېمە دېمەكچىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەيلى كىملا كېلىپ نېمىلا دېسۇن، ئۇنىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ئۇنداق ئادەمنى توغرىدىن - توغرا قوغلاپ چىقىرىۋېتىمەن.

— مەن سىزنى باشتىن - ئاخىر ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، مەن سىزگە مانا شۇنى دەپ قويغىلى كەلگەن. شۇ تاپتا ئىككىمىزدىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ ھەتتا دونيېچكانىڭمۇ يوقلۇقىغا ئىنتايىن خۇشالمەن، — دېدى ئۇ يەنىلا ھاياجان بىلەن، — مەن سىزگە شۇنى ئوچۇق - يورۇق ئېيتىپ قويغىلى كەلدىم، ئالدىمىزدا بەختسىزلىككە ئۇچرىسىڭىزمۇ، شۇنىڭغا كامىل ئىشىنىڭكى، ئوغلىڭىز ئەمدى سىزنى ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر ئىلگىرى مېنى رەھىمسىز، باغرى تاش، مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلىغان بولسىڭىز، پۈتۈنلەي خاتا ئويلىغان بولىسىز. مەن سىزنى ئەبەدىي ياخشى كۆرۈپ ئۆتىمەن. خوش، ئەمدى بولدى قىلايلى، مېنىڭچە شۇنداق قىلغىنىمىز، شۇنداق

باشلىغىنىمىز تۇزۇك...

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئوغلىنى ئۇن - تىنسىز قۇچاقلاپ، باغرىغا چىڭ بېسىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ساڭا زادى نېمە بولدى، روديە، مەن ھېچ بىلەلمىدىم، — دېدى ئۇ ئاخىر، — بىز كەلگەندىن بۇيان بەكلا چىشىڭغا تېگىپ كەتتۇقمىكىن، دەپ ئويلاپ كېلىۋىدىم. لېكىن، بىر بالا - قازاغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىدا يۈرگەنلىكىڭنى مانا ئەمدى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇڭا شۇنداق مەيۈس يۈرۈپتىكەنسەن - دە. روديە، بۇنى ئاللىبۇرۇنلا يۈرىكىم تۇيغان. بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقانلىقىم ئۈچۈن، مېنى كەچۈرگىن؛ مانا شۇ ئىشنى ئويلاپ كېچىلىرى ئۇخلىيالمايمەن. تۈنۈگۈن سىڭلىڭ كېچىچە جۆيلۈپ، سېنىڭلا گېپىڭنى قىلىپ چىقتى. بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ئېنىق ئاڭلىسام، لېكىن بىر ئېغىز گېپىنىمۇ چۈشىنەلمىدىم. ئەتىگەندە خۇددى كېسىم كېسىلىش ئالدىدا، نېمىنىدۇر كۈتۈپ تۇرغان ئادەمدەكلا بولۇپ قالدىم. قانداقتۇر بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەكلا زاھىر بولۇۋىدى، مانا ئاخىر شۇنداق بولدى! روديە، روديە، سەن نەگە بارماقچى؟ بۇ يەردىن باشقا بىر ياققا كەتمەكچىمۇ؟

— شۇنداق؟

— ئاللىبۇرۇنلا يۈرىكىم تۇيغان! بىلەمسەن، ئەگەر زۆرۈر بولسا، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە كېتىمەن. دونيەمۇ سەن بىلەن بىللە كېتىدۇ؛ ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر زۆرۈر دېسەڭ، سونيە سېميونوۋنامۇ بىز بىلەن بىللە بارسۇن، بىلەمسەن، ئۇنى قىزىم قاتارىدا كۆرۈشكە جېنىم بىلەن رازى... دمىترىي پروكوفۇچ بىزگە يولنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىپ بېرىدۇ... لېكىن... سەن... نەگە بارماقچى؟

— ئەلۋىدا، جېنىم ئانا.

— نېمە! بۈگۈنلا ماڭامسەن؟ — ۋارقىرىۋەتتى ئۇ خۇددى ئوغلىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك.

— ئەمدى يەنە كىچىكسەم بولمايدۇ. مەن ماڭاي، كەتمىسەم بولمايدۇ...

— مەن سەن بىلەن بىللە بارسام بولمامدۇ؟

— بولمايدۇ، سىز تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ئورنۇمدا خۇداغا ئىلتىجا قىلىڭ. سىزنىڭ ئىلتىجايىڭىز ئىجابەت بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— كەل، سېنى ئۆزۈم چوقۇندۇرۇپ قوياي، خۇدايىم ئۆزى پاناھىدا ساقلىغاي! شۇنداق، شۇنداق، مانا ئەمدى دۇرۇس بولدى. ۋاي خۇدايىم، نېمىلەرنى قىلمۇاتىدىغاندىمىز؟

راست، ئۇ ئۆيدە ئانىسى بىلەن ئىككىسىدىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىدىن خۇرسەن، ئىنتايىن خۇرسەن ئىدى. شۇ قەدەر قورقۇنچلۇق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى بىراقلا بوشىشىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. راسكولنىكوف ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سۆيدى، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. بۇ قېتىم ئانىسى قىلچە ئەجەبلەنمىدى، ئۇنىڭدىن سورۇشتۇرۇپمۇ يۈرمىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ قانداقتۇر قورقۇنچلۇق بىر ئىشقا مۇپتىلا بولغانلىقىنى، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا نىسبەتەن تولىمۇ قورقۇنچلۇق پەيت يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاللىبۇرۇنلا چۈشەنگەنىدى.

— روديە، قوزام، تۇنجى بالام، — دېدى ئۇ ھۆكرەپ يىغلاپ، — شۇ تاپتا يەنە كىچىك ۋاقتىڭغا ئوخشاپ قالدىڭ، شۇ چاغلاردا مانا مۇشۇنداق يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلەتتىڭ، قۇچاقلايتتىڭ، سۆيەتتىڭ؛ داداڭ ھايات ۋاقتىدا، كۈنىمىز تەستە ئۆتسىمۇ، سەن بىز بىلەن بىللە بولساڭلا، كۆڭلىمىز تەسكىن تېپىپ قالاتتى، داداڭنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن، بىز قانچە ـ قانچە قېتىم ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا، مانا مۇشۇنداق قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ يىغلىشىۋىدۇق ـ ھە! ھېلىمۇ يىغلاۋاتقان بولسام، بىر بالايىئاپەتنى يۈرىكىم تۇيۇپ يىغلاۋاتىمەن. بىز مۇشۇ يەرگە كەلگەن كۈنى ئاخشىمى ئېسىڭدىمۇ، بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن

چىغىمىزدىلا، قاراشلىرىڭدىن ھەممىنى چۈشىنىپ يېتىۋىدىم، شۇ چاغدىلا يۈرىكىم مۇزلاپ كەتكەن. بۈگۈن ئىشىكنى ئېچىپ سېنى كۆرۈپلا، شۇ بەختسىز مىنۇتلار يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دېۋىدىم. روديە، روديە، بۇ يەردىن ھازىرلا كەتمەيدىغانسەن؟

— ياق.

— يەنە كېلەمسەن؟

— كېلىمەن... چوقۇم كېلىمەن.

— روديە، ئاچچىقلىنىپ كەلمىسۇن، سەندىن كۆپرەك سوئال سوراشقا پېتىنالمايۋاتىمەن. پېتىنالمايۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ پەقەت شۇنىلا دەپ بەرگىن: بارىدىغان يېرىڭ بۇ يەرگە ناھايىتى يىراقمۇ؟

— ناھايىتى يىراق.

— ئۇ يەرگە نېمە قىلغىلى بارىسەن، دۆلەت ئىشى بىلەنمۇ ياكى كەسپىي ئىش بىلەنمۇ؟

— خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن... لېكىن مېنىڭ ئورنۇمدا خۇداغا ئىلتىجا قىلىڭ...

راسكولنىكوف ئىشىككە قاراپ مېڭىۋىدى، ئانىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ چىرايى قورقىنىدىن ئۆزگىرىپ كەتتى.

— بولدى بەس، ئانا، — دېدى راسكولنىكوف كەلگىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ.

— مەڭگۈلۈك كېتىۋاتمايدىغانسەن؟ سېنى ئەبەدىي كۆرەلمەي قالمايدىغاندىمەن؟ يەنە كېلىمەن دېدىڭغۇ، ئەتە كېلەمسەن؟

— كېلىمەن، كېلىمەن، خوش ئەمسە.

ئۇ ئانىسىنىڭ قولىدىن ئاخىر بوشاپ چىقتى.

كەچقۇرۇن ھاۋا ئىللىق، سۈزۈك، ئوچۇق بولدى؛ ئەتىگەندىن تارتىپلا ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەنىدى، راسكولنىكوف ئىتتىك - ئىتتىك چامداپ ياتىقىغا كېتىۋاتاتتى، ئۇ بەكلا ئالدىرايتتى. ئۇ ھەممە ئىشنى كۈن ئولتۇرغۇچە بېجىرىپ بولماقچىدى،

شۇنىڭغىچە ئۇنىڭ ھېچكىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇسى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياتىقىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، ناستاسيەنىڭ ئۆزىگە دىققەت بىلەن تىكىلىپ كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. «ياتىقىمدا بىرەرسى بار ئوخشىمامدۇ؟» ئويلىدى ئۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا گويا پورفىرىي كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، قاتتىق يىرگىنىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ياتىقىغا كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ، دونيېچكانى كۆردى. ئۇ ئۆزى يالغۇز چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، ئۇزايىدىن ئۇنىڭ ئاكىسىنى ساقلاپ ئولتۇرغىنىغا ئۇزاق بولغاندەك قىلاتتى. راسكولنىكوف ئىشىك ئالدىدىلا توختىدى. دونيە چۆچۈپ دىۋاندىن تۇردى ـ دە، قەددىنى رۇسلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ راسكولنىكوفقا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن قورقۇش ۋە چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. راسكولنىكوف مانا شۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇنىڭ ھەممىدىن خەۋەر تاپقانلىقىنى دەرھاللا چۈشەندى.

— مەن كىرەيمۇ ياكى كېتىپ قالايمۇ؟ — سورىدى راسكولنىكوف بىر قارارغا كېلەلمەي.

— مەن كۈنبويى سوفيە سېميونوۋنانىڭكىدە بولدۇم، ھەر ئىككىمىز سېنى ساقلىدۇق. بىز سېنى چوقۇم شۇ يەرگە بارىدۇ، دەپ ئويلىدۇق.

راسكولنىكوف ياتاققا كىرىپ، ماغدۇرسىز ھالەتتە ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىدى.

— بېمىشقىدۇر ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتىم، دونيە، بەك ھېرىپ كەتتىم؛ لېكىن مەن ھېچبولمىغاندا مۇشۇ پەيتلەردە بولسىمۇ ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي تۇتۇۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم.

ئۇ خۇدۇكسىرەش ئىچىدە سىڭلىسىغا قاراپ قويدى.

— كېچىچە نەلەردە يۈردۈڭ؟

— ئېسىمدە يوق؛ بىلەمسەن، سىڭلىم، ئاخىرقى بىر قارارغا كېلەي دەپ، نېۋا دەرياسىنىڭ بويىدا نۇرغۇن قېتىم ئۆيىاقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردۈم؛ شۇلا يادىمدا تۇرۇپتۇ. شۇ يەردە

ئۆلـۇۋالـماقـچى بـولۇۋىـدىـم، لـېكــىن... قـەتئـىـي نـىيـەتكـە كېلەلمىدىم... — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا دونيەگە يەنە گۇمان بىلەن قاراپ قويۇپ.

— خۇداغـا شۈكـۈر! سوفـيـە سېمـيونوۋنـا ئـىككـىمـىز مـانـا شـۇنـىڭـدىـن ئەنـسـىـرىـۋىـدۇق! دېـمـەك سـەن يـەنـىـلا ھاياتـقـا ئىشـىنـىدىكەنسەن. خۇداغا شۈكۈر! خۇداغا شۈكۈر!

راسكولنىكوف ئەلەملىك كۈلۈپ قويدى.

— مەن ھاياتقا ئىشەنمەيمەن، لېكىن مەن ھازىرلا ئانام بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاشتىم. مەن خۇداغىمۇ ئىشەنمەيمـەن. لېكـىن، ھازىرلا ئـۇنىڭ مېـنىڭ ئورنـۇمدا خۇداغا ئـىلتـىجا قىلـىشـىنـى ئۆتۈندۈم. كىم بىلـىپتۇ دەيسەن بۇنـىڭ زادى نېمـە ئىشلـىقىنـى، دونېچكا، بۇنى زادىلا چۈشەنمەيمەن.

— ئانامنىڭ يېـنىغا بـاردىڭمۇ؟ ئـۇنىڭغـا دەپ بەردىڭـمۇ؟ — سورىدى دونيە قاتتـىـق چۆچۈپ، — راستـىلا بىر قارارغـا كېلىـپ ئۇنىڭغا دەپ بەردىڭمۇ؟

— ياق، دېـمـىـدىـم... تـىـل ئـارقـىـلـىـق دەپ بـەرمـىـدىـم، شۇنداقتىمۇ ئۇ خېلى بىر ئىشلارنى چۈشەندى. كېچىدە ئۇ سېنىڭ جۆيلۈگىنىڭنى ئاڭلاپ قاپتۇ. پەمىمچە، ئۇ ئىشنى يېرىم ـ يارتـا چـۈشەندى. ئېـھتـىمـال مەن خاتا قـىلغانـدىمەن. ئۇنـى كۆرگىلـى بـارماسلـىقىم كېـرەكتۇ. نېـمىشـقـا بارغانلـىقـىـمـنى ئۆزۈمـمـۇ بىلـمەيمەن. مەن راستلا بىر چاكىنا ئادەم ئىكەنمەن، دونيە!

— چـاكـىـنا دەمـسـەن، لېكـىـن رىيـازەت چـېـكـىـشـكـە رازى بولدۇڭغۇ! ئۆزۈڭ بارغىلىۋاتىسەنغۇ؟

— راست، ھازىرلا بارىمەن. مۇشۇنداق ھاقارەتتىن قۇتۇلـۇش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى دەريـاغا ئاتمـاقچى بولـۇۋىدىم، دونيـە. لېكـىـن، دەريا بويـىدا تۇرۇپ، ئەگەر ئـۆزۈمنى ئىـلگىرى قـەيسەر چـاغـلاپ كـەلـگەن بـولـسـام، دېـمـەك ھـازىـرمـۇ مـۇنـداق ھـاقـارەتـتـىـن قورقماسلىقىم كېرەك، دەپ ئويلىدىم، — دېدى ئـۇ ئالدىدا گـەپ قىلىۋېلىشقا ئالدىراپ، — بۇ مەغرۇرلۇقمۇ، دونيە؟

— مەغرۇرلۇق، روديە.

راسكولنىكوفنىڭ نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىدىن ۋاللىدە بىر ئۇچقۇن چاقنىغاندەك قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنىلا مەغرۇرلۇقچە قالغانلىقىدىن خۇشال بولدى.

— سىڭلىم، سەن مېنى دەرياغا ئۆزىنى ئېتىشتىن قورقۇپتۇ دەپ قارىمايدىغانسەن؟ — سورىدى ئۇ تولىمۇ سەت ھىجىيىپ سىڭلىسىنىڭ يۈزىگە قاراپ.

— ئاھ، روديە، بولدى قىل! — دېدى دونيە ئاچچىق ئەلەم بىلەن.

ئىككى مىنۇتچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. راسكولنىكوف بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى، دونيېچكا ئەلەم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، ئۈستەلنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئولتۇراتتى. راسكولنىكوف بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ۋاق بولۇپ كەتتى. مەن ماڭاي! ھازىرلا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى بارىمەن. لېكىن، نېمىدەپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كېتىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

دونيەنىڭ ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى.

— سەنغۇ يىغلاۋاتىسەن سىڭلىم، قولۇڭنى ماڭا بېرەلەمسەن؟

— قولىنى بەرمەيدۇ، دەپ ئويلىغۇدىڭمۇ؟

دونيە ئاكىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— رىيازەت چېكىشكە رازى بولغانلىقىڭنىڭ ئۆزى گۇناھىڭنىڭ يېرىمىنى يۇغانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ — ۋارقىرىدى دونيە ئاكىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ.

— گۇناھىڭنىڭ؟ قانداق گۇناھىمنىڭ؟ — راسكولنىكوف كۈتمىگەندە دەرغەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — مەن ناھايىتى يىرگىنچلىك، زىيانلىق، ھېچكىمگە كېرىكى يوق بىر پىتنى، جازانىخور بىر كەمپىرنى ئۆلتۈردۈم. كەمبەغەللەرنىڭ قېنىنى شورايدىغان شۇ بىرنېمىنى ئۆلتۈرگەنلىكىم قىرىق گۇناھقا ھېساب بولسىمۇ كەچۈرۈلۈشى كېرەك. بۇنىمۇ جىنايەت دېگىلى

بولامدۇ؟ مېنىڭ ئويلىغىنىم ئۇ ئەمەس، ئۇنى يۇيۇشنى ئويلاپ قويمىدىم. نېمىدەپ خەقلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن مېنى كۆرستىپ: «جىنايەت، جىنايەت !» دەۋېرىدۇ. مانا ھازىر، مۇنداق بىھۇدە ھاقا ـ رەتكە چىداش قارارىغا كېلىپ بولغان چېغىمدا، ئاندىن قورقۇنـ ـ چاقلىقىمنىڭ پۇتۇنلەي مەنىسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردۇم ! پەقەت ئۆزۈمنىڭ پەسكەشلىكىمدىن، ئىقتىدارسىزلىقىمدىن مۇشۇ قارارغا كەلدىم. يەنە بەلكىم ھېلىقى... پورفىرىي... مەسلىھەت بەرگەندىكىدەك، ئۆزۈمگە ئاسانراق چۈشىدۇ، دېگەنـ ـدىمەن...

— ئاكا، ئاكا، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن ! سەن ئاخىر ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرساڭ ! — ۋارقىرىدى دونيە ئۈمىدسىزلىك بىلەن.

— ھەممە كىشى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى راسكولنىكوف خۇددى ئەقلىدىن ئازغاندەك دەرھاللا ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، — بۇ دۇنيادا ھازىرغۇ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. ئىلگىرىمۇ ئۆلتۈرگەن، قانلار سەلدەك ئاققان، شامپان ھارىقىدەك تۆكۈلگەن. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىلەرگە ئىبادەت زاللىرىدا تاج كىيدۈرۈلگەن، كېيىن ئۇلار يەنە ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتكارى دەپ ئاتالغان. ئازراقلا سەپسېلىپ قارىساڭ، ھەممىنى ئېنىق كۆرىسەن ! مەنمۇ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلماقچىدىم، يۈزلەپ، مىڭلاپ ياخشى ئىش قىلىپ، ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچىدىم. ئەسلىدىغۇ ئۇنى ئەخمىقانە ئىش دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇ ناھايىتى بىر لايىقىدا قىلىنماي قالغان ئىش. چۈنكى، پۈتكۈل ئوي ـ پىكرىم ھەرگىزمۇ ھازىر مەغلۇپ بولغىنىمدىن كېيىنكىدەك ئۇنداق ئەخمىقانە ئەمەس ئىدى... (مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشسا، ھەممىلا ئىش شۇنداق ئەخمىقانىدەك كۆرۈنىدۇ !) مەن ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشنى قىلىپ، مۇستەقىل مەۋقەگە ئېرىشمەكچى. تۇنجى قەدىمىمنى باسماقچى، مەبلەغقە ئېرىشمەكچىدىم. كېيىنچە ئۇنىڭغا قارىغاندا چەكسىز زور ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرماقچىدىم... لېكىن مەن... مەن بىرىنچى قەدەمنىمۇ

باسالـمىدىم، چـۈنكى مـەن پـەسكەش، چاكـىنا ئـادەم ئـىكەنـمـەن. ھەمـمە گەپ مانـا شۇنىڭـدا ! شۇنداقتـىمۇ مـېـنىڭ مـەسىلـىگـە سىلەرنـىڭ نۇقتـىئـىنـەزەرىڭلار بـويـىچە قـارىغۇم يوق. ئـەگـەر مۇۋەپـپـەقـىـيـەت قـازانـغـان بـولـسـام، كـىـشـىـلـەر مـاڭـا تـاج كىيدۈرۈشەتتى، لېكىن ھازىر ئىلاجسىزلىقتىن قولغا چۈشتۈم.

— لېكىن بۇ توغـرا ئەمەس، پۈتـۈنلەي توغـرا ئەمەس ! ئاكـا، سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن !

— ئاھ ! بۇ ئۇسۇل توغرا ئەمەس، ئېستېتىكا نۇقتـىئـىنـەزە- رىدىن ئېيـتقاندا، بـۇ ياخشـى ئـۇسۇل ئەمـەس ! لـېكـىـن، زادىـلا چۈشەنمەيمەن؛ نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنى بومبىلار بىلەن بومبارىمان قىلىپ ئۆلتۈرۈش، مۇنـتىزىم مـۇھاسىرىگە ئېلىـپ كۆپلـەپ قىرغىن قىلىش بىرقەدەر ھۆرمەتكە لايىق ئۇسۇل دەپ قارىلىدۇ؟ ئـېستېـتىكـىدىن قورقۇش ئـاجىزلىـق، ئىقتـىدارسىزلـىقنـىڭ بىرىنچـى ئالامـىتـى ! مەن بۇ نۇقـتـىنى ھـېچقاچـان ھازىرقـىدەك ئېنىق تونۇپ باققان ئەمەس؛ لېكىن ھازىر قىلغان ـ ئـەتكەنلىـ- رىمنىڭ نېمـە ئۈچۈن جـىـنايەت بولـىدىغانـلىقـىـنى ئىلـگىرىكـى ھەرقانداق چاغدىكىدىن ئېنىق چۈشىنىپ يەتتىم ! مەن ھېچقاچان ھازىرقىدەك قەيسەر بولـۇپ باققان ئـەمەس، ئۆزۈمگـە ھازىرقـىدەك كامىل ئىشەنگەن ئەمەس !...

ئۇنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان تاتىراڭغۇ يۈزى قىپقىزىل قـىزىرىـپ كـەتتى. لېـكىن، سۆزىـنىڭ ئاخـىرىنى دەۋاتـقىنـىدا، كـۆزلـىرى دونيـەنىڭ كۆزلـىرى بىلـەن ئۇچرىـشىـپ قالـدى. ئـۇ دونـيـەنـىڭ قـاراشـلـىـرىـدىـن ئـۇنـىـڭ ئـۆزىـنـى دەپ نـەقـەدەر ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىـپ، ئىختـىيارسىـز ھوشىنـى يىغىۋالدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ بەختىنى قارا قىلـىپ قويغانلـىقىنـى ھـېس قىلـدى. نېمـىلا دېگەنبىلەن ئۇ ھەرھالدا ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ يىلتىزى ئىدى...

— دونيە، جېنىم سىڭلىم ! ئەگـەر مەن گۇناھكار بولسام،

مېنى كەچۈرگىن (ناۋادا مەن ھەقىقەتەن گۇناھكار بولسام، كەچۈرگىلى بولمىسىمۇ)، خەير ـ خوش ! يەنە مۇنازىرىلىشىپ ئولتۇرمايلى ! ئەمدى كەتمىسەم بولمايدۇ، راست كەتمىسەم بولمايدۇ. خۇش بولۇپ كېتەي، كەينىمدىن بارما، مەن يەنە بىر يەرگە كىرىپ ئۆتىمەن... سەن ھازىرلا ئانامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بول. ئۆتۈنۈپ قالاي، شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەر ! بۇ ساڭا دەيدىغان ئاخىرقى ئىلتىماسىم. ھەرقانداق چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا بول. يېنىدىن نېرى كەتمە. مەن ئۇنى ئېغىر تەشۋىشكە سېلىپ قويدۇم، ئۇ چىدىيالمايدۇ؛ ئۇ يا ئۆلۈپ كېتىدۇ، يا ئەقلىدىن ئېزىپ قالىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بول ! رازۇمىخىن سىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. مەن قاتىل بولسامۇ، ئۆمرۈم بويى مەرد ۋە سەممىي ئادەم بولۇشقا تىرىشىمەن. ھامان بىر كۈنى مېنىڭ نامىمنى ئاڭلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن. مەن سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى يەرگە قاراتمايمەن، بۇنى ھامىنى كۆرۈپ قالىسەن؛ باشقىلارغىمۇ كۆرسىتىپ قويىمەن... ئەمىسە ھازىرچە خەير ـ خوش، ـــ دېدى ئۇ ئالدىراپ گېپىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ۋە بەرگەن ۋەدىسىنى ئاڭلىغان چېغىدا دونيەنىڭ كۆزلىرىدە يەنە غەلىتە بىر ئىپادىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بايقاپ قالدى، ـــ نېمىشقا يىغلايسەن؟ يىغلىما، بولدى يىغلىما، بىز ۋىدالىشىۋاتقىنىمىز يوققۇ !... ھە، راست ! توختاپ تۇر، ئۇنتۇپ قاپتىمەن !...

ئۇ ئۈستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ، چاڭ ـ توپا بېسىپ كەتكەن قېلىن بىر كىتابنى ئالدى، كىتابنى ئېچىپ، ئارىسىدىن پىل چىشىغا سۇ بوياق بىلەن سىزىلغان كىچىككىنە پورتىرېتنى چىقاردى. بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى لايىقى، ئۆي غوجايىنىنىڭ تەپ بىلەن ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتكەن قىزىنىڭ ـــ دۇنيانى تەرك ئېتىپ موناخ بولماقچى بولغان غەلىتە قىزنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئۇ قىزنىڭ زەئىپلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا بىرپەس قاراپ تۇردى ـ دە، سۈرەتنى سۆيۈپ قويدى، ئاندىن ئۇنى دونيېچكاغا

بەردى.

ــ هېلىقى خىياللىرىم توغرۇلۇق پەقەت مۇشۇ قىز بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆزلىشىۋىدىم، ــ دېدى راسكولنىكوف ئويچانلىق بىلەن، ــ كېيىن رەسۋالارچە ئىشقا ئاشقان نۇرغۇن ئىشلارنى مەن ئۇنىڭغا ئېيتقان، خاتىرجەم بول، ــ دېدى ئۇ دونيەگە، ــ ساڭا ئوخشاش، ئۇمۇ قوشۇلمىغان، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ پانىي ئالەمدىن كەتكەنلىكىگە بىر ھېسابتا مەن ناھايىتى خۇشال. ئاساسلىقى، ئاساسلىقى ھازىر ھەممىنى يېڭىباشتىن باشلاش كېرەك، ھەممىنى ئىككى پارە قىلىش كېرەك، ــ بىردىنلا ۋارقىرىدى ئۇ يەنە ئىلگىرىكى قايغۇلۇق ھالىتىگە قايتتى، ــ ھەممىنى، ھەممىنى شۇنداق قىلىش كېرەك، لېكىن مەن شۇنىڭغا تەييارمۇ؟ مەن ئۆزۈم شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەنمۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەن شۇنداق سىناقتا چىدىشىم كېرەكمىش ! لېكىن، مۇنداق تېتىقسىز سىناقلارنىڭ نېمە كېرىكى، نېمە كېرىكى؟ ئۇلارنىڭ زادى نېمە كېرىكى؟ يىگىرمە يىل تۈرمىدە يۈرۈپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ دەستىدىن ئېزىلىپ، ھاماقەت بولۇپ قالغان، كۈچ ـ قۇۋۋەتتىن ئايرىلغان چېغىمدا، ئۇنى ھازىرقىدىنمۇ ئېنىقراق چۈشىنەلەرمەنمۇ، ئۇ چاغقا بارغاندا، مېنىڭ تىرىك يۈرگىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ مەن شۇ تاپتا شۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە نېمىشقىمۇ رازى بولغاندىمەن؟ ئاھ، بۈگۈن تاڭ سەھەردە، نېۋا دەرياسىنىڭ بويىدا تۇرغان چېغىمدا، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ پەسكەش، چاكىنا ئادەملىكىمنى ئۇقتۇم !

ئاخىر ئىككىسى تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ ئاكىسىنى ياخشى كۆرەتتى ! بۇ ئايرىلىش دونيەگە ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇ ئەللىك قەدەمچە يەرگە بېرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاكىسىغا قارىدى. ئۇ ئاكىسىنى كۆردى. كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بارغاندا، راسكولنىكوفمۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشتى. لېكىن، راسكولنىكوف

سىڭلىسىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا كېتىۋەر دېگەننى قىلىپ، تاقەتسىزلىك، ھەتتا غەزەپ بىلەن قول شىلتىدى، ئۆزى بولسا دوقمۇشتىن ئىتتىك بۇرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

«ئۆزۈممۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇنىڭغا بەك قاتتىقلىق قىلدىم، — ئويلىدى ئۇ بىرپەستىن كېيىن، دونيەگە غەزەپ بىلەن قول شىلتىگەنلىكىگە خىجىل بولۇپ، — لېكىن ئۇلار نېمىشقىمۇ مېنىڭدەك بىر ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيدىغان ئادەمنى مۇشۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟ ئاھ، ئەگەر مەن يالغۇز ـ يېگانە بولسام، مېنى ھېچكىم ياخشى كۆرمىسە، مەنمۇ ھېچقانداق ھېچكىمنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان بولسام، نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى ـ ھە ! ئۇ ھالدا بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى ! شۇنى بىلگەن بولسام، ئالدىمىزدىكى ئون بەش يىل ياكى يىگىرمە يىلدا قەلبىم شۇ قەدەر پەسلىشىپ، ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ، مىننەتدار بولۇپ ياش تۆكۈپ، ھەربىر ئېغىز گېپىمدە ئۆزۈمنى قاراقچى دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالارمەنمۇ؟ راست، شۇنداق بولىدۇ، شۇنداق بولىدۇ ! ئۇلارنىڭ مېنى ئۇ يەرگە ئەۋەتىشتىكى مەقسىتى مانا شۇ، ئۇلارغا مانا شۇلار كېرەك... قارا، ئۇلار شەھەردە ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈشۈپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئەسلى تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا ئەبلەخ ۋە قاراقچى؛ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەررەك دەلدۇشلەر ! ناۋادا مېنى سۈرگۈندىن كەچۈرۈم قىلىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى غەزەپكە بوغۇلۇپ، ئاچچىق دەستىدىن غالجىرلىشىپ كەتكەن بولاتتى ! ئاھ، ئۇلارنى كۆرەر كۆزۈم يوق !»

ئۇ يەنە خىيالغا چۆكۈپ كەتتى: «زادى قانداق يوللار بىلەن مېنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ تۇرىدىغان، چىن كۆڭلىدىن قايىل بولىدىغان قىلىۋېتەر ! خوش، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولمىغۇدەك؟ ئەلۋەتتە، بۇ ئەسلىدىلا شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئەجەبا يىگىرمە يىل توختىماي ئەزسە، مېنى ئېزىپ

تاشلىماسمۇ؟ تامچىلاپ ئاققان سۇمۇ تاشنى تېشىۋېتەلەيدۇغۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ياشاشنىڭ نېمە ھاجىتى، نېمە ھاجىتى؟ ئەمدى ھەممە نېمىنىڭ خۇددى كىتابتا يېزىلغاندەك بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈم بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى بېرىپ نېمە قىلىمەن؟»

تونۇگۇن ئاخشامدىن بۇيان، ئۇ مۇشۇ سوئالنى يۈز قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، بەربىر يەنىلا كېتىپ باراتتى.

## 8

ئۇ سونىيەنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. سونىيە ئۇنى پەرىشانلىق ئىچىدە كۈتۈۋېلىپ ساقلىغانىدى. ئۇ ئۇنى دونيە بىلەن بىللە ساقلىدى. چۈنكى، دونيە سۋىدرىگايلوفنىڭ «بۇ ئىشتىن سونىيەنىڭ خەۋىرى بار» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ، ئەتىگەندىلا ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. بىز بۇ يەردە ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى، تۆكۈشكەن ياشلىرىنى، شۇنداقلا ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنىڭ قانداق قىلىپ بىر يەردىن چىقىپ قالغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. بۇ ئۇچرىشىش ھېچبولمىغاندا دونيەنىڭ كۆڭلىگە بىر تەسەللىي بولۇپ قالدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى ئۇقتى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ سونيەنىڭ ئالدىدا تۇۋا قىپتۇ، ئۇ بىرەر ئادەمنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولغان چېغىدا، سونىيەنىڭ ۋۇجۇدىدىن دوستلۇق ئىزدەپتۇ؛ تەقدىر ئۇنى مەيلى قەيەرگە ئاپىرىپ تاشلىسۇن، سونيە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغۇدەك. دونيە بۇلارنى ئۇنىڭدىن سوراپ ئولتۇرمىدى، لېكىن ئۇ چوقۇم مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ سونىيەگە قانداقتۇر ھۆرمەت ـ ئېھتىرام نەزىرىدە قارىدى، ئۇنىڭ بۇنداق ھۆرمەت ـ ئېھتىرام نەزىرىدە قارىشى باشتا سونىيەنى تولىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ

قويدى. سونيە ھاياجانلانغىنىدىن يىغلىۋېتىشكە قىل ـ قىل قالدى. ئۇ ئەكسىچە ئۆزىنى دونيەگە قاراشقىمۇ لايىق ئەمەسمەن، دەپ قارايتتى، ئۇلار راسكولنىكوفنىڭ ئۆيىدە بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان چېغىدا، دونيە ئۇنىڭ بىلەن ئىززەت ـ ئېھتىرام ۋە ھۆرمەت بىلەن كۆرۈشكەن ۋە خوشلاشقانىدى. ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان، دونيەنىڭ گۈزەل قامىتى ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ گۈزەل، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان خىيال سۈپىتىدە قەلبىدە مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قالغانىدى.

ساقلاۋېتىپ تاقىتى تاق بولغان دونېچكا ئاخىر سونيەنى تاشلاپ، ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئاكىسى شۇ يەرگە بالدۇرراق بارىدىغاندەكلا تۇيۇلىۋەردى. ئۆزى يالغۇز قالغىنىدا، ئويلىغانسېرى سونيەنى ۋەھىمە بېسىۋەردى. ئۇ راسكولنىكوف راستلا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن، دەپ قورقاتتى. دونيەمۇ شۇ ئىشتىن ئەنسىرەيتتى. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى كۈنبويى بەس ـ بەس بىلەن ھەر خىل ئاساسلارنى كەلتۈرۈپ، ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېيىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشتى، ئۇلار بىللە چېغىدا كۆڭۈللىرى ھەرھالدا بىرئاز توق تۇرغانىدى. لېكىن، مانا ئەمدى ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا بولسا، بۇ ئىش ھەر ئىككىلىسىنىڭ خىيالىدىن نېرى كەتمىدى. سوفيە سىۋىدرىگايلوفنىڭ تۈنۈگۈن راسكولنىكوفنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول قالدى: بىرسى سىبىرىيەگە بېرىش، بىرسى... دېگەن گېپىنى ئەسلىدى. بۇنىڭ سىرتىدا ئۇ راسكولنىكوفنىڭ مەنمەنلىكىنى، تەكەببۇرلۇقىنى، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلىقىنى ۋە خۇداغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. «ئەجەبا ئۇنى پەقەت قورقاقلىق، ئۆلۈمدىن قورقۇشلا تىرىك قېلىشقا مەجبۇر قىلالارمۇ؟» ئويلىدى ئۇ ئاخىر ئۈمىدسىزلىك بىلەن. بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. سونيە غەمكىن بىر ھالەتتە دېرىزىدىن كۆز ئۈزمەي تاشقىرىغا قاراپ تۇراتتى ــ لېكىن دېرىزىدىن قوشنا بىنانىڭ

ئاقلانمىغان بىر تېمىلا كۆرۈنەتتى. ئاخىر ئۇ ھېلىقى بەختى قارا ئادەم بۇ چاغقىچە ئۆلۈۋالدى، دەپ جەزىم قىلغان چاغدا راسكولنىكوف ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

بىر شادلىق نىداسى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقتى. لېكىن، راسكولنىكوفنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلگىنىدە، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپ كەتتى.

— مانا قارا! — دېدى راسكولنىكوف ئاچچىق كۈلۈپ، — مەن سېنىڭ كىرېستىڭنى ئالغىلى كەلدىم. سونيە، سەن مېنى تۆت كوچىغا بارغىن دېۋىدىڭغۇ، مانا ئەمدى راستىلا شۇنداق قىلىدىغان چاغدا، يەنە نېمىدەپ قورقىسەن؟

سونيە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى. ئۇنىڭغا راسكولنىكوفنىڭ تەلەپپۇزى تولىمۇ غەلىتىدەك تۇيۇلدى؛ ئۇ سەسكىنىپ كەتتى، لېكىن ئانچە ئۇزۇنغا قالمايلا ئۇ راسكولنىكوفنىڭ ئەتەي شۇنداق تەلەپپۇزدا ئەتەي شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالدى، ھەتتا راسكولنىكوف توغرىدىن ـ توغرا ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتىن قاچقاندەك نېمىشقىدۇر تامنىڭ بۇلۇڭىغا قاراپ گەپ قىلدى.

— بىلەمسەن، سونيە، مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. مېنىڭچە، شۇنداق قىلسام ماڭا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردە مۇنداق بىر ئەھۋال بار... بولدىلا، بۇنى دېسەم گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. مېنى نېمىلەرنىڭ خاپا قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ چىرايىدىن ئەخمەقلىقى، ۋەھشىيلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ دەرھاللا مېنى قورشىۋېلىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغان نۇرغۇن ئەخمىقانە سوئاللارنى سورايدىغانلىقىنى، قوللىرى بىلەن مېنى جونۇپ كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويلىسام، مەيۈسلىنىپ كېتىمەن... تۈفى! بىلەمسەن، مېنىڭ پورفىرىينىڭ ئالدىغا بارغۇم يوق؛ مەن ئۇنىڭدىن بىزار. ئۇنىڭدىن كۆرە دوستۇم «پارتىلاتقۇچ دورا»نىڭ ئالدىغا بارىمەن، ئۇ چوقۇم قاتتىق ھەيران قالىدۇ. مەلۇم

نۆقتىدىن ئېيتقاندا، مەن خېلى زور زىلزىلە قوزغايمەن. لېكىن، ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالسام بولاتتى. يېقىندىن بۇيان بەكلا تېرىككەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئىشىنىمەن، ھازىرلا سىڭلىم كەينىگە بۇرىلىپ ماڭا قاراپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭغا مۇشتۇمۇمنى تەڭلەپ تەھدىت سالغىلى قىل قالدىم. بۇ نەقەدەر يىرگىنچلىك كەيپىيات ـ ھە ! مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمنى دەيمىنا ! ھە راست، كىرىست قېنى؟

ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ خاتىرجەم بولالمايتتى، ھەتتا بىر جايدا بىردەممۇ جىم تۇرالمايتتى. دىققىتىنىمۇ بىرەر نەرسىگە مەركەزلەشتۈرەلمەيتتى. پىكرى چېچىلىپ كەتكەن، گەپلىرى تاقىقا ـ تۇقىقا ئىدى. قوللىرىمۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى.

سونيە گەپ قىلماستىن تارتمىدىن بىرسى سەرۋىدىن، يەنە بىرسى مىستىن ياسالغان ئىككى كىرىستنى ئالدى. ئۇ ئۆزى چوقۇنۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى چوقۇندۇردى. ئارقىدىن سەرۋىدىن ياسالغان كىرىستنى راسكولنىكوفنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى.

— بۇ بىر بەلگە، ئۇ مېنىڭ گۇناھنى بوينۇمغا ئالغانلىقىمدىن دېرەك بېرىدۇ. ھى ـ ھى ! خۇددى ھازىرغىچە تارتقان ئازابلىرىم ئازدەك ! سەرۋىدىن ياسالغان كىرىستنى ئادەتتىكى پۇقرالار تاقايدۇ؛ مىستىن ياسالغىنى لىزاۋېتانىڭ ئىكەن، ئۆزۈڭگە قالسۇن، كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ شۇ چاغدا... بۇ ئۇنىڭ بوينىدا ئېسىقلىقمىكەن؟ مۇشۇنداق كىرىستتىن ئىككىسى ئېسىمدە. بىرسى كۈمۈشتىن ياسالغان كىرىست، يەنە بىرسى كىچىككىنە مەبۇد ئىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇلارنى موماينىڭ كۆكرىكىگە تاشلاپ قويۇۋىدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ھازىر ھەر ئىككىسىنى تاقىۋالسام مۇۋاپىق بولاتتى... يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن؛ كۆڭلۇم تازا جايىدا ئەمەس !... بىلەمسەن، سونيە، مەن سېنى ئالدىن خەۋەردار قىلىپ قويغىلى، ساڭا ئۇقتۇرۇپ قويغىلى كەلگەن... بولدى، شۇ ئىش

ئىدى... مەن مۇشۇ ئىش ئۇچۇن كەلگەن. (راست، توغرىسىنى ئېيتسام، مەن تېخى خېلى جىق گەپ قىلىمەنغۇ دەپتىكەنمەن.) سەن ئۆزۈڭ بىرىشنى تەلەپ قىلىشۇىدىڭ. خوش، ئەمدى مەن بىرىپ قاماقتا ياتىمەن، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ ئىشقا ئاشىدۇ؛ يەنە نېمىشقا يىغلايسەن؟ سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ بەس، بولدى يىغلىما؛ هەي، بۇلار مېنى نەقەدەر ئازابلايدۇ ـ هە!

لېكىن، راسكولنىكوفنىڭ قەلبىدە راستلا بىر هېسسىيات ئويغاندى. ئۇ قىزغا قارىغىنىدا يۈرىكى سىقىلغاندەك قىلدى. «ئۇ نېمىشقا بۇنچىۋالا قايغۇرۇپ كېتىدىغاندۇ؟ — ئويلىدى ئۇ، — مەن ئۇنىڭ نېمىسى ئىدىم؟ ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟ ئۇ نېمىشقا ماڭا ئانام بىلەن دونيەدەكلا كۆيۈنىدىغاندۇ؟ ئۇ ماڭا ئېمىكئانا بولماقچىمىدۇ؟»

— بىر قېتىم چوقۇنۇۋال، بىرەر قېتىم بولسىمۇ دۇئا ئوقۇپ قوي، — دېدى سونيە تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن قورۇنۇپقىنا ئىلتىماس قىلىپ.

— هە، بولىدۇ. خالىغىنىڭچە بولسۇن. قانچە قېتىم ئوقۇ-سامۇ مەيلى! چىن ئىخلاسىم بىلەن ئوقۇيمەن. سونيە، چىن ئىخلاسىم بىلەن.

لېكىن، ئۇ پۈتۈنلەي باشقا بىر گەپنى دېمەكچى ئىدى.

راسكولنىكوف بىرنەچچە قېتىم چوقۇندى. سونيە باش ياغلىقىنى ئېلىپ بېشىغا ئارتتى. بۇ يېشىل يۇڭ ياغلىق ئىدى. ئېھتىمال مارمېلادوف ئەسلەپ ئۆتكەن، «ئائىلە ـ بوۋىسىدىن قالغان» ياغلىق شۇ بولسا كېرەك. راسكولنىكوفنىڭ كاللىسىدا شۇنداق بىر ئوي غىل ـ پال پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇ سوراپ ئولتۇرمىدى. دەرۋەقە، پىكرىنىڭ بەكلا چېچىلىپ، كۆڭلىنىڭ قاتتىق پەرىشان بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ سېزىشكە باشلىغانىدى. ئۇ مانا شۇنىڭدىن قورقاتتى. كۈتمىگەندە ئۇ سونيەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق هەيران قالدى.

— ساڭا نېمە بولدى؟ سەن نەگە بارماقچى؟ قېلىپ قال! قېلىپ قال! ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن، — ۋارقىرىدى ئۇ قورقۇپ ۋە تىت - تىت بولۇپ، ئارقىدىن غەزەپ بىلەن ئىشىككە قاراپ ماڭدى، — ماڭا بىرمۇنچە ئەگەشكۈچىنىڭ نېمە كېرىكى! — ئۇ غودۇرىغىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

سونيە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىلا تۇرۇپ قالدى. راسكولنىكوف ئۇنىڭغا ھەتتا خوشمۇ دېمىدى. ئۇ سونيەنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەت كىشىنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىۋېتىدىغان ئېتىرازلىق گۇمان جۇش ئۇرماقتا ئىدى.

«مەن توغرا قىلدىممۇ؟ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى توغرا بولغاندىمۇ؟ — ئويلىدى ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، — ئەجەبا مۇشۇ يەردىلا توختاپ قېلىشقا بولماسمۇ؟ باشقىچە ئىش تۇتۇشقا بولماسمۇ؟... بارمايلا قويايمۇ يا؟»

شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ يۈرۈشىنىڭ ئەمدى زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى چىن دىلىدىن ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ كوچىغا چىققاندا سونيە بىلەن تېخى خوشلاشمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋارقىرىغىنىدىن قورقۇپ كېتىپ، ياغلىقىنى ئارتقىنىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئەنە شۇلارنى ئەسلەپ، يەنە توختاپ قالدى. دەل شۇ پەيتتە بىر پىكىر خۇددى پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغاندەك بىردىنلا ئۇنىڭ زېھنىنى ئېچىۋېتىپ، ئۇنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.

«بايا ئۇنىڭ قېشىغا نېمىدەپ باردىم. نېمە قىلغىلى باردىم؟ ئۇنىڭغا: سەندە ئىشىم بار ئىدى، دېدىم. نېمە ئىشىم بار ئىدى؟ ھېچ ئىشىم يوق! كەتكىلىۋاتىمەن دەپ قويغىلى باردىممىكىن يا، كەتكىلىۋاتقان بولسام نېمە بوپتۇ؟ ئۇنى دەپ قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوققۇ! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەنمۇ؟ ئۇنى ياخشى كۆرمەمدىمەن يا؟ ھازىرلا ئۇنى خۇددى ئىتتىنى قوغلىغاندەك

قوغلىغۇەتتىم. ئەجەبا، مەن راستىلا ئۇنىڭ كىرىپىتىغا موھتاجمۇ؟ ئاھ، مەن نەقەدەر چۈشكۈنلىشىپ كەتتىم ـ ھە ! ياق، ماڭا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى كېرەك ئىدى. مەن ئۇنىڭ قانچىلىك قورقىتالىغىنىنى، قانچىلىك قىينالغانلىقىنى، قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى تاماشا قىلماقچىدىم. مەن بىرەر ئىشنى توڭۇپلىپ، ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ، ئۇنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم ! يەنە كېلىپ مەن ئۆزۈمگە شۇنچىلىك ئىشىنىپ، ئۆزۈم توغرۇلۇق شۇنداق ئارزۇ ـ ئارمانلارنى قىلىپ يۈرۈپتىمەن. مەن قىلچە ۋەزنى يوق، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەم. مەن نەقەدەر پەسكەش، نەقەدەر پەسكەش ـ ھە !»

ئۇ قانالنى بويلاپ قىرغاقتا كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئەمدى يىراقتا بارمىسىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ كۆۋرۈككە يېتىپ كېلىپ يەنە توختاپ قالدى. ئاندىن بىردىنلا كۆۋرۈككە چىقىپ، ئوت ـ چۆپ بازىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارايتتى، ھەربىر نەرسىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن زەن سالاتتى، لېكىن دىققىتىنى ھېچقانداق نەرسىگە يىغالمايتتى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن لەپپىدىلا ئۆتۈپ كېتەتتى. «بىر ھەپتىدىن، بىر ئايدىن كېيىن، مېنى تۈرمىنىڭ ھارۋىسىغا سېلىپ، مانا مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. مانا شۇ چاغدا مانا بۇ قانالغا قانداق قارارمەنكىن؟ شۇنى يادىمدا تۇتاي، ماقۇلمۇ؟ ــ خىيالىدىن كەچۈردى ئۇ، ــ قارا ماۋۇ ۋىۋىسكىنى، ماۋۇ بىرنەچچە قۇر خەتنى شۇ چاغدا قانداق ئوقۇيدىغاندىمەن؟ ئۇنىڭدا ‹سودا شىركىتى› دەپ يېزىلىپتۇ. راست، a ھەرپىنى ئېسىمدە تۇتۇۋالاي، a ھەرپى، بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ باقاي، a ھەرپىگە قاراپ باقاي، شۇ چاغدا ئۇنى قانداق ئوقۇرمەنكىن؟ شۇ چاغدا ئۇ ماڭا قانداق تۇيۇلىدىكىن، نېمىلەرنى ئويلارمەنكىن؟... ئاھ پەرۋەردىگار، مېنىڭ ھازىرقى بۇ... تەشۋىشلىرىم نەقەدەر ئەرزىمەس تەشۋىشلەر ـ ھە؟ ئەلۋەتتە، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى

ناھايىتى قىزىقارلىق بولسا كېرەك... مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا... (ھا ـ ھا ـ ھا... ئويلاۋاتقان نەرسەمنى قارىمامدىغان!) مەن خۇددى كىچىك بالىدەك ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆچۈرۈۋاتىمەن. مېنىڭ خىجىل بولغۇدەك نېمەم بار؟ ئوھو... نېمانداق قىستايدىغاندۇ! ماۋۇ پور — نېمىس بولسا كېرەك — ھازىر مېنى ئىتتىرىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ كىمنى ئىتتىرىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ بالا كۆتۈرۈۋالغان ئاۋۇ سەھرالىق ئايال تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئەگەر مېنى ئۆزىدىن بەختلىكرەك دەپ ئويلاپ قالسا، تازا قىزىق ئىش بولاتتى ـ دە، قىزىقچىلىق قىلىپ، مەن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە بېرىپ باقاي. ئاھا، يانچۇقۇمدا بەش كوپېيكلىك پۇلدىن يەنە بىرسى بار ئىكەن. بۇ پۇل نەدىن كېلىپ قالغاندۇ؟ مانا، مانا... ئېلىڭ، چوڭ ئانا!»

— خۇدايىم سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى ھېلىقى تىلەمچى يىغا تەلەپپۇزىدا.

ئۇ ئوت ـ چۆپ بازىرىغا كىردى. ئۇ ئادەملەر ئارىسىدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈشنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ ئادەم ئەڭ كۆپ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شۇ تاپتا ئۇ بىرەر دەم يالغۇز قالالىغان بولسا، دۇنيادىكى ھەممە نېمىنى بېرىۋېتىشكە رازى ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر مىنۇتمۇ يالغۇز قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى، ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا بىر مەست بىمەنە قىلىقلارنى قىلىۋاتاتتى: ئۇ ھەدەپ ئۇسسۇل ئوينىماقچى بولاتتى. لېكىن، ھەدېسىلا بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كېتەتتى. ئادەملەر ئۇنى ئورىۋېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. راسكولنىكوف ئادەملەر ئارىسىغا قىستاپ كىرىپ، بىرنەچچە مىنۇتقىچە ھېلىقى مەستنى تاماشا قىلىپ تۇردى ـ دە، بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى قىسقا ۋە ئۈزۈك ـ ئۈزۈك ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ھېلىقى مەستنى ئۇنتۇپ قالدى. كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالمىغان بولسىمۇ، لېكىن

ئەمدى ئۇنى كۆرمەتتى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ پەيتتە نەدە تۇرغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ، نېرىقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغان چېغىدا، بىردىنلا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قانداقتۇر بىر ھالەت يۈز بېرىپ، بىرپەستىلا ئۇنى پۈتۈنلەي چىرمىۋالدى. پىكىر - خىيالىنىمۇ پۈتۈنلەي بەند قىلىۋالدى.

ئۇ بىردىنلا سونيەنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ قالغانىدى: «تۆت كوچىغا بېرىپ، كىشىلەرگە تەزىم قىل، يەرنى سۆي، چۈنكى سەن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ قىلدىڭ. ئاندىن ۋارقىراپ تۇرۇپ خالايىققا: ‹مەن قاتىل› دە.» ئەنە شۇ سۆزلەرنى ئەسلىگىنىدە، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە، بولۇپمۇ مۇشۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئىلاجسىزلىق دەستىدىن تۇغۇلغان قايغۇ - ئەلەم ۋە تەقەززالىق ئۇنى ئېزىپ تاشلىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، مۇشۇنداق پاك، يېڭى، مۇكەممەل روھىي ھالەتنى باشتىن كەچۈرۈپ باققۇسى كەلدى. مۇنداق روھىي ھالەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا خۇددى كېسەللىكتەك بىردىنلا پەيدا بولدى، خۇددى ئۇچقۇندەك ئۇنىڭ قەلبىگە چۈشۈپ يېنىشقا باشلىدى - دە، كۆتمىگەندە يالقۇنغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرگىلى تۇردى. شۇ ئانلا ئۇنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ، ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى. ئۇ قانداق ئۆرە تۇرغان بولسا، شۇنداقلا ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى...

ئۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تىز چۆكۈپ، يەرگە ياتتى - دە، شادلىق ۋە بەختىيارلىق ئىچىدە پاسكىنا يەرنى سۆيدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، يەنە تىزلىنىپ باش ئۇردى.

— قاراڭلار، ئاۋۇ مەست بولۇپ قاپتۇ ! — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر يىگىت.

كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— بۇرادەرلەر، ئۇ قۇددۇس شەرىفكە بارماقچى، شۇ تاپتا باللىرى بىلەن، ۋەتىنى بىلەن خوشلىشىۋاتىدۇ. ھەرقايسىڭلارغا

تەزىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتىدۇ، پايتەخت سانكت پېتېربۇرگنى سۆيۈپ، تۇپرىقىنى كۆزىگە سۈرتۈۋاتىدۇ، — قوشۇمچە قىلدى مەست بولۇپ قالغان بىرسى.

— ئۇ تېخى ياپياشلا يىگىت ئىكەن، — قوشۇپ قويدى ئۈچىنچى بىرسى.

— ئاقسۆڭەكلەردىن ئوخشايدۇ، — دېدى يەنە بىرسى تەمكىنلىك بىلەن.

— بۇ ئاي بۇ كۈندە كىمنىڭ ئاقسۆڭەك، كىمنىڭ ئەمەسلىكىنى پەرق ئەتمەكمۇ تەس.

بۇ ئىنكاسلار ۋە تاپا - تەنىلەر راسكولنىكوفنى ھەرىكەتتىن توختىتىپ قويدى، ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىغىلا كېلىپ قالغان: «مەن ئادەم ئۆلتۈردۈم» دېگەن گەپنىمۇ ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. لېكىن، ئۇ بۇ ۋارقىراش - جارقىراشلارغا ئۈن - تىنسىز چىداپ، كەينىگە قاراپمۇ قويماي تار كوچا بىلەن تويتوغرا ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ ماڭدى. يول ئۈستىدە بىر كىشىنىڭ سىيماسى كۆزىگە چېلىققاندەك قىلدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ھەيرانمۇ قالمىدى؛ چۈنكى، ئۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا سەزگەنىدى. ئۇ ئوت - چۆپ بازىرىدا ئىككىنچى قېتىم تىزلىنىپ يەرگە باش ئۇرغان چېغىدا، بېشىنى سول تەرەپكىرەك بۇراپ، ئۆزىدىن ئەللىك قەدەمچە نېرىدا تۇرغان سونيەنى كۆرگەنىدى. سونيە ئۇنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، بازاردىكى بىر ياغاچ ئۆينىڭ كەينىگە مۆكۈۋالغانىدى، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ ئۆز قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتكەن راسكولنىكوفنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەپتىكەندە! راسكولنىكوف سونيەنىڭ ئۆزى بىلەن ئەبەدىي بىللە بولىدىغانلىقىنى، تەقدىر ئۇنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە ئاپىرىپ تاشلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بارىدىغانلىقىنى مانا ئەمدى ھېس قىلدى، شۇنداقلا چۈشەندى. ئۇنىڭ قەلبى جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى... لېكىن... ئۇ ھېلىقى ئەجەللىك جايغا يېتىپ كەلگەنىدى.

ئۇ ھويلىغا خېلى ئېتىك قەدەم تاشلاپ كىردى. ئۇچىنچى قەۋەتكە چىقىش كېرەك ئىدى. «مەن يەنە يۇقىرىغا چىقىشىم كېرەك» ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭغا ھەمىشە ئەجەللىك پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشىگە يەنە ئېخى ئۇزاق ۋاقىت باردەك، يەنە نۇرغۇن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىۋېلىشقا نۇرغۇن ۋاقىت باردەك تۇيۇلاتتى.

بۇرما شەكىللىك پەلەمپەيدە ئاشۇ ئەخلەتلەر، ئاشۇ مېۋە شۆپۈكلىرى، ئاشۇ ئۇلۇغ ئوچۇق ئىشىكلەر، ئاشۇ ئاشخانىلار ۋە ئاشخانىلاردىن چىقىپ تۇرىدىغان بۇسلار بىلەن سېسىق پۇراقلار ھېلىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىدى. ھېلىقى كۈنىدىن كېيىن، راسكولنىكوف بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ، بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يۇقىرىغا چىقىۋەردى. ئۇ بىردەم توختاپ، ئازراق دەم ئالدى، ئادەم سىياقىدا كىرىش ئۈچۈن، ئۆزىنى بىرئاز تۈزەشتۈرۈۋالدى. «نېمىشقا بۇنداق قىلىمەن؟ بۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ — بىردىنلا ئويلاپ قالدى ئۆز ھەرىكىتىنى ھېس قىلىپ، — بۇ ئوغىنى ئىچىشىم كېرەك بولىغاندىن كېيىن، بەرىبىر ئەمەسمۇ؟ قانچىكى يىرگىنچلىك بولسا شۇنچە ياخشى، — نەق شۇ پەيتتە ‹پارتلاتقۇچ دورا›، ئىلىيا پېتروۋىچنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى، — ئەجەبا راستلا ئۇنىڭ ئالدىغا بارارمەنمۇ؟ باشقا بىرەرىنىڭ ئالدىغا بارسام بولماسمۇ؟ نىكودىم فومىچنىڭ ئالدىغا بارسام قانداق بولىدىكىن؟ دەرھاللا كەينىمگە قايتىپ شۆبە ساقچى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بارايمۇ يا؟ بۇنداقتا ھېچبولمىغاندا ئەركىنرەك بولىمەن... ياق، ياق! يەنىلا ‹پارتلاتقۇچ دورا›نىڭ ئالدىغا باراي، ‹پارتلاتقۇچ دورا›نىڭ ئالدىغا باراي! بۇ ئوغىنى ئىچىشىم كېرەك بولىغاندىكىن، بىراقلا ئىچىۋېتەي...»

ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى، ئۇ گاراڭ بىر ھالەتتە ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، بۇ قېتىم ئىدارىدە ئادەم بەكلا ئاز ئىدى، ئۇ يەردە ناھايىتى قانداقتۇر بىر قاراۋۇل بىلەن

بىر پۇقرا تۇراتتى. قوغدىغۇچى تامنىڭ كەينىدىن تاشقىرىغا قاراپمۇ قويمىدى. راسكولنىكوف ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. «بەلكىم ھېلى بولسىمۇ دېيىشىمنىڭ ھاجىتى يوقتۇ» مانا شۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا غىل - پاللا پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەردە پۇقراچە كىيىنگەن بىر كاتىپ ئۈستەلدە نېمىلەرنىدۇر يازماقچى بولۇپ ئولتۇراتتى. يەنە بىر كاتىپ تامنىڭ بۇلۇڭىدا يېنىچە ئولتۇراتتى. زامېتوف يوق ئىدى. ئەلۋەتتە، نىكودىم فومىچمۇ يوق ئىدى.

— ھېچكىم يوقمۇ؟ — سورىدى راسكولنىكوف ئۈستەلدە ئولتۇرغان كىشىدىن.

— كىمنى ئىزدەيتتىڭىز؟

— ئا - ئا - ئا! كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، لېكىن رۇس روھى... شۇنداقمىدى چۆچەكتە[①]... ئۇنتۇپ قاپتىمەن! تىنچلىقمۇ! — كۈتمىگەندە ۋارقىرىدى تونۇش بىر ئاۋاز.

راسكولنىكوف ئەندىكىپ كەتتى. «پارتلاتقۇچ دورا» ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى؛ ئۇ ئۈچىنچى بىر ئۆيدىن چىقىپ كەلگەنىدى. «پېشانىگە پۈتۈلگەن دېگەن شۇ! — ئويلىدى راسكولنىكوف، — ئۇ بۇ يەردە نېمە قىلىدىغاندۇ؟»

— بىزنى ئىزدەپ كەلگەنمۇ؟ نېمە ئىش بىلەن؟ — خىتاب قىلدى ئىلىيا پېتروۋىچ. ئۇزايىدىن كەيپى چاغ ھەتتا بىرئاز ھاياجانلانغاندەك قىلاتتى. بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن بولسىڭىز، بەكلا بالدۇر كېلىپ قاپسىز. مەن ئۆزۈممۇ تاسادىپىي... شۇنداقتىمۇ خىزمىتىڭىزگە مەن تەييار. سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي... نامىڭىز نېمىدى؟ نېمىدى؟ كەچۈرۈڭ...

— راسكولنىكوف.

---

① بۇ يەردە پۇشكىننىڭ «رۇسلان ۋە ليۇدمىلا» ناملىق داستانىنىڭ كىرىش قىسمىدىكى: «ئۇندا بار رۇس روھى، كېلىدۇ ئۇنىدىن رۇسنىڭ پۇرىقى» دېگەن مىسرالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

— ھە توغرا، راسكولنىكوف. مېنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ! مېنى ئۇنداقلاردىن دەپمۇ قالماڭ... رودىئون رو- رو... رودىئونىچ، شۇنداقراقتەك قىلىمۇدى، توغرىمۇ؟

— رودىئون رومانىچ.

— ھە ئەنە، دېمىدىمۇ! رودىئون رومانىچ، رودىئون رومانىچ! ئۆزۈممۇ يېقىنلا بىر بېتىكەنمەن! مەن ھەتتا باشقىلاردىن نۇرغۇن قېتىم سورىغان. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، سىز بىلەن شۇ قېتىم مۇئامىلە قىلىشقاندىن كېيىن، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى... كېيىن بىرسى ماڭا دەپ بەردى. ئاڭلىسام، ياش يازغۇچى ئىكەنسىز، ھەتتا ئالىم ئىكەنسىز... يېڭىدىن كۆكلەۋېتىپسىز... ئاھ پەرۋەردىگار! يازغۇچىلار بىلەن ئالىملاردىن قايسىبىرى يېڭى كۆكلەۋاتقان چېغىدا غەيرىي يول تۇتمايدۇ دەيسىز! خوتۇنۇم ئىككىمىز ئەدەبىياتنى بەكلا ئىززەتلەيمىز. خوتۇنۇمنى ئەدەبىيات مەستانىسى دېسىمۇ بولىدۇ!... ئەدەبىيات ۋە سەنئەت! نەسەبى يۇقىرى بولسىلا، باشقا ھەممىنى ئىقتىدارىغا، بىلىمىگە، پاراسىتىگە، تالانتىغا تايىنىپ قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، شىلەپىنى ئالايلى — شىلەپە دېگەن نېمە زادى؟ شىلەپە دېگەن ناھايىتى بىر كىگىز قالپاق، ئۇنى سىممېرمان شىركىتىدىن سېتىۋالسام بولىۋېرىدۇ؛ لېكىن، شىلەپىنىڭ تېگىدىكى، شىلەپە يېپىپ تۇرغان نەرسىنى ھەرگىزمۇ سېتىۋالالمايمەن! سىزگە ئوچۇقىنى ئېيتسام، سىزنى زىيارەت قىلىپ بارماقچى، سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويماقچىدىم، لېكىن مېنىڭچە سىزمۇ بەلكىم... لېكىن، سىزدىن سوراشنى ئۇنتۇپتىمەن، بەلكىم سىزنىڭ راستىلا بىرەر ئىشىڭىز باردۇ دەيمەن؟ ئاڭلىسام، تۇغقانلىرىڭىز كەپتۇدەكقۇ؟

— ھەئە، ئانام بىلەن سىڭلىم كەلدى.

— مەن سىڭلىڭىزنى كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇۋىدىم، ياخشى تەربىيە كۆرگەن تولىمۇ چىرايلىق قىز

ئىكەن. راستىمنى ئېيتسام، ھېلىقى كۈنى بەكلا ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم. راستلا كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى! شۇ چاغدا ھوشىڭىزدىن كەتكىنىڭىزنى كۆرۈپ، سىزدىن ئۆزۈمچە گۇمان قىلىپ كېتىپتىمەن — كېيىنغۇ ئۇ ئىش پۈتۈنلەي ئېنىقلاندى! نەقەدەر ياۋايىلىق ۋە ئەسەبىيلىك - ھە! سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن غەزەپلەنگەنلىكىڭىزنى چۈشىنىمەن. ئۆيىڭىزدىكىلەر كەلگەچكە كۆچمەكچى بولۇۋاتقاندۇرسىز بەلكىم؟

— ياق، ياق، مەن ئانچىكىملا... راست، شۇنى سورىماقچىدىم... مەن زامېتوفنى مۇشۇ يەردىن ئۇچرىتارمەن دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ھە، توغرا! ئىككىڭلار دوست بولۇپ قاپسىلەر، ئاڭلىدىم. راست، زامېتوف بۇ يەردە ئەمەس، سىز سەل كېچىكىپ قاپسىز. شۇنداق، ئالېكساندىر گرىگورىيېۋىچ بىزنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ قالدى. ئۇ بۇ يەردىن تۈنۈگۈنلا كەتتى؛ ئۇ يۆتكىلىپ كەتتى... ئۇ كەتكۈچە ھەممىلا ئادەم بىلەن دېگۈدەك ئۇرۇشۇپ چىقتى... بەك سەت ئىش قىلدى... ئۇ شۇنداق يەڭگىلتەك يىگىت. ئەسلىغۇ ئۇنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىدى. لېكىن، قارىمامسىز، بىزنىڭ بۇ شىجائەتلىك يىگىتلىرىمىزنىڭ قىلغان قىلىقىنى! ئۇ ئەسلىدە قانداقتۇر بىر ئىمتىھانغا قاتناشماقچىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ يەردە ئاتالمىش ئىمتىھان دېگەنلىرى قۇرۇق گەپ، پو، خالاس. ئەلۋەتتە، ئالايلى، سىزنىڭ ياكى ھېلىقى بىر دوستىڭىز بار ئىدىغۇ، ھەر راست، جانابىي رازۇمىخىننىڭ ئەھۋالى بولسا، پۈتۈنلەي باشقا گەپ! سىلەرنىڭ كەسپىڭلار — ئىلىم - ئىرپان. مەغلۇبىيەتمۇ سىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرەلمەيدۇ! سىزگە نىسبەتەن ھاياتلىقتىكى جىمىكى گۈزەل نەرسە ناھايىتى ئەرزىمەس بىر نېمە، سىز بىر دەرۋىش. بىر روھانىي، دۇنيانى تەرك ئەتكەن ئادەم!... سىزگە كىتاب، قۇلىقىڭىزغا قىستۇرۇقلۇق پەي قەلەم بولسىلا كۇپايە، ئىلمىي تەتقىقاتلا سىزنىڭ روھىڭىزنى

كۆتۈرەلەيدۇ ! مەن ئۆزۈممۇ ئاز ـ تولا... سىز لىۋىنستون①نىڭ خاتىرىلىرىنى ئوقۇغانمىدىڭىز؟

— ياق.

— لېكىن، مەن ئوقۇغان. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇرغۇن نىگىلىست پەيدا بولۇپ قالدى؛ بۇنىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ؛ ھازىر قانداق زامان بولۇپ كەتتى ئۆزى. بىلەمسىز؟ لېكىن، مەن سىز بىلەن... سىز ئەلۋەتتە نىگىلىست بولمىسىڭىز كېرەك ! ئوچۇقلا جاۋاب بېرىڭچۇ، ئوچۇقلا !

— ئە ـ مەس.

— ياق، بىلەمسىز، سىز ماڭا ئوچۇقىنى دەۋېرىڭ، خىجىل بولماڭ، خۇددى ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز دېگەندەك دەۋېرىڭ ! ئومۇمنىڭ ئىشى دېگەن باشقا گەپ، بۇ دېگەن باشقا گەپ... سىز مېنى ئۇلپەتچىلىكنى دېمەكچى دەپ قالدىڭىزمۇ؟ ياق، تاپالمىدىڭىز؟ ئۇلپەتچىلىك ئەمەس، بەلكى بىر پۇقرانىڭ، بىر ئادەمنىڭ ھېسسىياتى، ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە پەرۋەردىگارغا بولغان مۇھەببىتى. مەن ئېھتىمال ئادىل ئىش قىلىدىغان ئەمەلداردۇرمەن، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنىڭ بىر ئادەم، بىر پۇقرا ئىكەنلىكىمنى ئەبەدىلئەبەد ھېس قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك، كۆڭلۈمدە سان بولۇش كېرەك... سىز ھازىر زامېتوفنى تىلغا ئالدىڭىز. زامېتوف دېگىنىڭىز پەسكەش سورۇنلاردا بىرەر ئىستاكان شامپان ياكى ھاراقنى ئىچىۋېلىپ، فىرانسۇزلاردەك جېدەل چىقىرىپ، ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلىۋېرىدۇ — ئۇ مانا شۇنداق ئادەم ! مېنىڭ قەلبىمدە بولسا، سادىقلىق ۋە ئالىيجانابلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغاندۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئورنۇم، ئۇنۋانىم، سالاھىيىتىم بار. شۇڭا ئۇنىڭ

① لىۋىنستون (1813 — 1873) — ئەنگلىيەدە كۆزگە كۆرۈنگەن ساياھەتچى ۋە ئافرىقىنى تەكشۈرگۈچى. بۇ يەردە ئۇنىڭ «زامبېزى دەرياسىغا ساياھەت» ناملىق كىتابى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قىلىقلىرىدىن خىجىل بولىمەن! مەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدۇم، بالىلىرىم بار. مەن ئادەملىك، پۇقرالىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىۋاتىمەن. لېكىن، قېنى دەڭچۇ، ئۇ زادى قانداق ئادەم؟ مەن سىزنى ئوقۇمۇشلۇق، ئالىيجاناب ئادەم دەپ قارايمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر كۆتمىگەندە شۇنچە نۇرغۇن توغۇت ئانىلىرى پەيدا بولۇپ قالدى.

راسكولنىكوف گۇمان بىلەن قېشىنى يىمىرىپ قويدى. ئىلىيا پېتروۋىچ يېڭىلا تاماق يېگەندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى راسكولنىكوفنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ شۇلاردىن بەزىبىر گەپلەرنىلا چۈشىنەلىدى. ئۇ گەپنىڭ قانداق ئاياغلىشىشىنى بىلمەي، ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— مەن ھېلىقى قىسقا چاچ قويۇۋالغان قىزچاقلارنى دەۋاتىمەن، — داۋام قىلدى گەپكە خۇشتار ئىلىيا پېتروۋىچ، — مەن ئۇلارغا توغۇت ئانىسى دەپ لەقەم قويۇپ قويدۇم. مېنىڭچە، بۇ لەقەم ئۇلارغا بەك مۇۋاپىق. ھى ـ ھى! ئۇلار تېببىي ئىنستىتۇتقا كىرىپ، ئاناتومىيەنى ئۆگىنىدۇ؛ قېنى دەپ بېقىڭچۇ، ناۋادا مەن ئاغرىپ قالسام، شۇنداق ياش قىزچاقتىن بىرەرنى كېسىلىمنى داۋالاپ قويۇشقا چاقىرتالارمەنمۇ؟ ھى ـ ھى!

ئىلىيا پېتروۋىچ ئۆزىنىڭ ھەزىلىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ناۋادا بىز بۇنى تەربىيەلىنىشكە بولغان ئادەتتىن تاشقىرى تەشنالىق دېسەك، تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىكقۇ، ئۇنى قالايمىقان ئىشلىتىش نېمە ھاجەت؟ خۇددى ھېلىقى زامېتوف دېگەن ئەبلەختەك ئالىيجاناب ئادەملەرنى ھاقارەتلەش نېمە ھاجەت؟ ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭچۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا ھاقارەت قىلىدۇ؟ ئۆلۈۋېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىپ

كېتىۋاتقانلىقىنى دېمەمسىز تېخى — سىز ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسىز. ئۇلار ئاخىرقى پۇللىرىنى خەجلەپ بولۇشۇپ، ئاندىن ئۆلۈۋېلىشىدۇ. ياش ئوغۇل - قىزلارمۇ، قېرىلارمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ... مانا بۇگۈن ئەتىگەندىلا بۇ يەرگە تېخى يېقىندىلا كەلگەن بىر جانابنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقى توغرۇلۇق خەۋەر تاپشۇرۇۋالدۇق. نىل پاۋلىچ، نىل پاۋلىچ، ھېلىقى جانابنىڭ فامىلىسى نېمىدى، ھېلىلا خەۋەر قىلىشتىغۇ، پېتېربۇرگ كوچىسىدا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغانچۇ؟
— سۋىدرىگايلوف، — ئارىتام ئۆيدىن بىرسى بوغۇق ئاۋازدا سوغۇقلا جاۋاب بەردى.
راسكولنىكوف چۆچۈپ كەتتى.
— سۋىدرىگايلوف! سۋىدرىگايلوف ئۆلۈۋاپتۇ - دە! — ۋارقىرىۋەتتى ئۇ.
— نېمە! سۋىدرىگايلوفنى تونۇمتىڭىز؟
— ھەئە... تونۇيتتۇم... ئۇ بۇ يەرگە تېخى يېقىندىلا كەلگەن...
— شۇنداق، ئۇ تېخى يېقىندىلا كەپتىكەن، خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ئۆزى شاللاق ئادەم ئىمىش، ئۇ كۈتمىگەندە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋاپتۇ، تولىمۇ ئۇيات ئىش دەڭە، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ... ئۇ خاتىرە دەپتىرىگە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قالدۇرۇپ، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھوشۇم جايىدا ئىدى، ئۆلۈمۈمنىڭ ھېچكىم بىلەن ئالاقىسى يوق، دەپ يېزىپتۇ. ئاڭلىساق، كاتتا باي ئادەم ئىمىش. سىز ئۇنى قانداق تونۇيتتىڭىز؟
— ئۇنى... تونۇشۇم... سىڭلىم ئۇلارنىڭكىدە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولغان...
— ھە - ھە - ھە... دېمەك سىز بىزگە ئۇ توغرۇلۇق بەزىبىر گەپلەرنى دەپ بېرەلىگۈدەكسىز - دە. سىز ئۇنىڭ

ئۆلۈۋېلىشىدىن گۇمان قىلمىغانمىدىڭىز؟
— مەن ئۇنى تېخى تۈنۈگۈنلا كۆرگەن... ئۇ... ھاراق ئىچىۋېتىپتىكەن... مەن ھېچنېمىسىنى بىلمەيمەن.
راسكولنىكوف گويا ئۇستىگە نېمىدۇر ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك، ئۆزىنى بېسىۋالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.
— سىز يەنە تاتىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىسىز، بىزنىڭ بۇ يەر بەكلا دىمىق...
— شۇنداق، مەن كېتىۋالاي، — دېدى راسكولنىكوف غىڭشىپ، — كەچۈرۈڭ، سىزنى ئاۋارە قىلدىم...
— ھە، نەدىكىنى، قاچانلا كەلسىڭىز بولىۋېرىدۇ! سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە ئىنتايىن خۇرسەنمەن، سىزگە خۇشاللىق بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى...
ئىلىيا پېتروۋىچ قولىنى سۇندى.
— مەن پەقەت... زامېتوف بىلەن كۆرۈشەي دەپ...
— چۈشىنىمەن، چۈشىنىمەن. سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە بەك خۇرسەنمەن.
— مەن... ئىنتايىن خۇرسەن... خەير ـ خوش... — دېدى راسكولنىكوف كۈلۈمسىرەپ.
ئۇ ئىشىكتىن چىقىشىغا، بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، دەلدەڭشىپ كەتتى. پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ قالدى. پەلەمپەيدىن چۈشكۈچە، ئوڭ قولى بىلەن تامنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭغا قولىدا نوپۇس دەپتىرى تۇتقان بىر قاراۋۇل پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىگە سوقۇلۇپ، يۇقىرىقى قەۋەتتىكى ساقچى ئىدارىسىگە ئۆتۈپ كەتكەندەك بىر ئىش خىرە ـ شىرە زايا بولغاندەك قىلدى، ئارقىدىن يەنە بىر كۈچۈك پەستە، قەيەردىدۇر تىنماي قاۋاۋاتقاندەك، بىر خوتۇن ۋارقىرىغاندەك، بىر نوغۇچنى كۈچۈككە ئاتقاندەك بىلىندى. ئۇ پەسكە چۈشۈپ ھويلىغا كىردى. ھويلىدا، ئىشىككە يېقىنلا جايدا سونيە تۇراتتى.

تامدەك تاتىرىپ چىرايىدا قان قالمىغان سونيە ساراسىمە ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. راسكولنىكوف ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. سونيەنىڭ چىرايىدىن ئېغىر ئازاب، قايغۇ ـ ئەلەم ۋە ئۇمىدسىزلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قوللىرىنى كۆچىسىزلا كېرىپ قويىدى. راسكولنىكوفنىڭ لەۋلىرىدە كۆرۈمسىز، ئامالاجلىق چىقىپ تۇرغان تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاچچىق كۈلدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ يەنە ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ ماڭدى.

شۇ تاپتا ئىليا پېتروۋىچ ئولتۇرۇپ، ھۆججەت كۆرۈۋاتاتتى. ھېلىلا پەلەمپەي بىلەن چىقىپ كېتىۋېتىپ راسكولنىكوفنى سوقۇپ ئۆتۈپ كەتكەن قاراۋۇل ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى.

ـــ ھە ـ ھە ـ ھە؟ يەنە كەپسىزغۇ! بىرەر نەرسىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىزمۇ؟... لېكىن، سىزگە نېمە بولدى؟

لەۋلىرى كۆكىرىپ، كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغان راسكولنىكوف ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوللىرى بىلەن ئۇستەلگە يۆلەنىۋالدى، نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى ـ يۇ، دېيەلمىدى، ناھايىتى بىر ـ بىرىگە باغلانمايدىغان تاۋۇشلارلا ئاڭلاندى، خالاس.

ـــ مىجەزىڭىز يوق ئوخشايدۇ. ئورۇندۇق ئەكېلىڭلار. ئورۇندۇققا ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ! سۇ ئەكېلىڭلار!

راسكولنىكوف ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، لېكىن كۆزلىرىنى ئىليا پېتروۋىچنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان ۋە كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان چىرايىدىن ئۈزمىدى. ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇشۇەردى. بىرسى سۇ ئەكەلدى.

ـــ مەن... ـــ گەپ باشلىدى راسكولنىكوف.

ـــ ئازراق سۇ ئىچىڭ.

ـــ ئۆز ۋاقتىدا ھېلىقى كەمپىر بىلەن ئۇنىڭ سىڭلىسى

لىزاۋىتانى مەن پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلاپ كەتكەن.

ئىلىيا پېتروۋىچنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئادەملەر يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

راسكولنىكوف ئىقرارىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى...

# خاتىمە

## 1

سىبىرىيە. قاقاس ئەزىم دەريانىڭ قىرغىقىدا بىر شەھەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ رۇسسىيەنىڭ مەمۇرىي مەركەزلىرىدىن بىرسى. شەھەردە ئىچىدە بىر قەلئە، قەلئەنىڭ ئىچىدە بىر تۈرمە بار. ئىككىنچى دەرىجىلىك تۈرمىگە سۈرگۈن قىلىنغان جىنايەتچى راسكولنىكوفنىڭ شۇ كامېردا يېتىۋاتقىنىغا مانا توققۇز ئاي بولدى. ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن بۇيان، ئارىدىن بىر يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتتى.

ئۇنىڭ دېلوسىنى سوراق قىلىش ھېچقانداق زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمىدى. جىنايەتچىنىڭ ئىقرارى باشتىن ـ ئاخىر بىردەك، قەتئىي، توغرا ۋە ئېنىق بولدى. ئۇ پاكىتلارنى بۇرمىلىمىدى، ئالدامچىلىق قىلمىدى، جىنايىتىنى باشقىلارغا ئارتمىدى. ئەڭ ئۇششاق ۋەقەلەرنىمۇ قىسقارتىۋەتمىدى. ئۇ قاتىللىقىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، گۆرۈگە قويۇلۇپ، ئۆلتۈرۈلگەن مومايىنىڭ قولىدا قېلىپ قالغان ھېلىقى بۇيۇمنىڭ (مېتال تېگىلغان كىچىككىنە ياغاچ تاختىنىڭ) سىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلگۈچىدىن ئاچقۇچلارنى قانداق ئالغانلىقىنى، ئۇ ئاچقۇچلارنىڭ قانداقلىقىنى، ساندۇقنىڭ قانداقلىقىنى، ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، ھەتتا ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم بۇيۇملارنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتتى؛ لىزاۋېتانىڭ

ئۆلتۈرۈلۈشىنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەردى؛ كوخنىڭ ئىشىكنى قانداق تاراقلاتقانلىقىنى، كېيىن يەنە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى دەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى تولۇق تەكرارلاپ ئۆتتى؛ ئاندىن ئۆزىنىڭ پەلەمپەيدىن قانداق چۈشكەنلىكىنى، مىكولكا بىلەن مىتكانىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، بوش تۇرغان ئۆيگە قانداق كىرىۋالغانلىقىنى، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا ۋوزنېسېنسكىي كوچىسىدىكى هويلىنىڭ دەرۋازا كەينىدە ياتقان هېلىقى تاش توغرۇلۇق سۆزلىدى، نەرسە - كېرەكلەر بىلەن پۇل قاپچۇقى دېگەندەك نەرسىلەر شۇ تاشنىڭ ئاستىدىن تېپىلدى. قىسقىسى، هەممە نەرسە ناهايىتى ئېنىق ئىدى. شۇنىمۇ دېگەچ ئۆتەيلى، تەرگەۋچىلەر بىلەن سوتچىلار ئۇنىڭ پۇل بىلەن نەرسە - كېرەكلەرنى تاشنىڭ تېگىگە تىقىپ قويۇپ، شۇ چاغقىچە ئىشلەتمىگەنلىكىگە هەيران قېلىشتى، ئۇنىڭ ئۆزى بۇلاپ ئالغان نەرسىلەرنىڭ زادى قانداق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى هەتتا شۇ نەرسىلەرنىڭ سانى زادى قانچە ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىگەنلىكىگە تېخىمۇ بەكرەك هەيران قېلىشتى. ئۇ هېلىقى پۇل قاپچۇقىنى بىرەر قېتىممۇ ئېچىپ باقمىدىم، هەتتا ئۇنىڭدا قانچىلىك پۇل بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن، دېدى. بۇنداق ئەهۋالغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى (كېيىن مەلۇم بولدىكى، پۇل قاپچۇقىدا جەمئىي ئۈچ يۈز ئون يەتتە كۈمۈش رۇبلى بىلەن يىگىرمە كوپپېيكلىك ئۈچ تەڭگە پۇل بار ئىكەن، تاشنىڭ تېگىدە ئۇزۇن يېتىپ كەتكەچكە، ئەڭ ئۈستىدىكى قىممىتى ئەڭ چوڭ قەغەز پۇللار چىرىپ كېتىپتۇ)، سوتچىلار خېلى نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، جاۋابكارنىڭ باشقا هەممە ئىشنى ئەينەن ئىقرار قىلىپ، دەل مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە نېمە ئۈچۈن يالغان ئېيتقانلىقىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. ئاخىر بەزى سوتچىلار (بولۇپمۇ پسىخولوگىيەنى ئوبدان بىلىدىغان سوتچىلار) هەتتا شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، دەپ قارىدى. ئۇ

ھەقىقەتەن پۇل قاپچۇقىنىڭ ئىچىگە قاراپ باقمىغان بولۇشى، شۇڭا ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەسلىكى، كېيىن ئۇنى شۇ پېتىلا تاشنىڭ تېگىگە تىقىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلار مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسەن دەرھاللا: بۇ جىنايەت ۋاقىتىنچە ئەقلىدىن ئېزىش سەۋەبىدىن ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك كېسەللىك ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن، قاتىلنىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرراق مۇددىئاسى بولمىغان، ئۇ مال ـ دۇنيانىمۇ كۆزلىمىگەن، شۇنداق بولمىغاندا ئىدى، بۇ جىنايەت يۈز بەرمىگەن بولاتتى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. بۇ خۇلاسە شۇ چاغدا مودا بولۇپ قالغان ۋاقىتىنچە ئەقلىدىن ئېزىش نەزەرىيەسىگە تازا باپ كەلدى. بىزنىڭ دەۋرىمىزدە كىشىلەر مۇشۇنداق نەزەرىيەنى كۆپىنچە ھاللاردا بەزىبىر جىنايەتچىلەرگە تەتبىقلىشىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى نۇرغۇن گۇۋاھچى، جۈملىدىن دوختۇر زامېتوف، راسكولنىكوفنىڭ ئىلگىرىكى ساۋاقداشلىرى، ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ غوجايىنى ۋە خىزمەتكارى ئېنىق دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن راسكولنىكوفنىڭ خېلى بۇرۇنلا گۇمانخورلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئۆتتى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى: راسكولنىكوف ئادەتتىكى قاتىللارغا، قاراقچىلارغا ۋە بۇلاڭچىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ، بۇ يەردە چوقۇم باشقا بىر سەۋەب بار. مۇشۇنداق قاراشقا كەلگەن كىشىلەرنى شۇ نەرسە قاتتىق ئەپسۇسلاندۇردىكى، جىنايەتچىنىڭ زادىلا ئۆزىنى ئاقلىغۇسى كەلمىدى، زادى نېمىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقىدا ھەل قىلغۇچ مەسىلىگە يوشۇرماستىن ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ: «مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە يامان ئەھۋالدا قالغانلىقىم، نامراتلىقىم ۋە ئىلاجسىز قالغانلىقىم سەۋەب بولدى، مەن ئۆلگۈچىدىن ئاز بولغاندا ئۈچ مىڭ رۇبلى چىقىپ قالار، شۇ پۇل

بىلەن ھاياتىم ئوخشىلىپ كېتەر، ئىشلىرىمغا ئاساس سېلىۋالارمەن، دەپ ئۈمىد قىلغان» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە: «خاراكتېر جەھەتتىن يەڭگىلتەكلىكىم ۋە زەئىپلىكىم سەۋەبىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدىم. نامراتلىقىم ۋە ئىخلاسىمنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكى بۇنداق خاراكتېرىمنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى» دېدى. «جىنايەتنى ئۆزلۈكىڭىزدىن بوينىڭىزغا ئېلىشىڭىزغا زادى قانداق سەۋەب تۈرتكە بولدى» دېگەن سوئالغا، ئۇ توغرىدىن ـ توغرا: «ھەقىقىي تۇۋا قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى گەپنى يوپيۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرغاندەك قىلاتتى...

لېكىن، جىنايەتكە قارىغاندا ھۆكۈم كۈتمىگەندە خېلىلا يېنىك چىقىرىلدى، بۇنىڭغا ئېھتىمال جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنمىغانلىقى ھەتتا ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ ئېيتىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. جىمىكى غەلىتە، ئالاھىدە ئەھۋاللار ئېتىبارغا ئېلىندى. جىنايەتچى جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغان ۋە ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا ياشىغان. بۇ شەك ـ شۈبھىسىز، ئۇنىڭ بۇلاپ ئالغان نەرسىلىرىدىن نېمە ئۈچۈن پايدىلانمىغانلىقىغا كەلسەك، بۇنى كىشىلەر بىرسى ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن قىسمەن پۇشايمان قىلغانلىقىدىن، يەنە بىرسى جىنايەت ئۆتكۈزگەن چېغىدىكى روھىي ھالىتىنىڭ ئانچە بەك نورمال بولمىغانلىقىدىن بولغان، دەپ ھېسابلىدى. ئويلىمىغاندا لىزاۋېتانى ئۆلتۈرۈشى بۇنىڭ بىر مىسالى، ئۇ كېيىنكى ئېھتىماللىقنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ: ئۇ قوش قاتىللىق دېلوسىنى سادىر قىلغان تۇرۇقلۇق، ئىشىكنىڭ ئوچۇقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغان! ئاخىردا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بىر تەلۋە (نىكولاي)نىڭ يالغاننى ئىقرار قىلىشى سەۋەبىدىن بۇ دېلو تازا چىگىچلىشىپ كەتكەن، بۇنىڭ سىرتىدا، ھەقىقىي جىنايەتچى

تـوغـرۇلۇق ئىـنـىـق ئىـسـپات تىـپـىـلمـىـغان، ھەتـتـا گۇمانـمۇ قىلـىـنمـىغـان (پورفـىـرىـي پېتـرووۋىـچ ھەقـىـقـەتەن ئۆز سـۆزىـدە تۇرغانـدى). بىـر چاغدا، ئۇ ئۆزى كـېلـىـپ جىـنـايـىـتـىـنى بـويـنـىـغا ئالغان. مانا شۇلارنىڭ ھەمـمىسى جاۋابـكارغا يېـنـىكلـىـتـىـپ چـارە كۆرۈشكە زور ياردەم بەردى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، پۈتۈنلەي كۈتۈلمىگەن يەردىن جاۋابكارغا ئىنتايىن پايدىلىق بەزى ئەھۋاللار بايقالدى. سابىق ئالـىي مەكتەپ ئوقـۇغۇچىسـى رازۇمىخىـن قەيەردىندۇر مۇنداق بىـر ئەھۋالـنـى تەكشۈرۈپ تـاپتى، شۇنـداقلا ئىـسـپاتلاپ چـىـقتى: جـىـنايەتـچـى راسكولنىكـوف ئالىي مـەكتەپتـە ئوقۇۋاتقـان چېغىـدا، ئۆزىنىـڭ ئاخـىـرقى ئازراق پـۇلـىنى خـەجلەپ سـىـل كېسـەلـىگە گـىـرىپتـار بولۇپ قالغان نامرات ساۋاقـداشـىغـا ياردەم بەرگەن، ئـۇنى يېرىـم يىـلغىچـە باققان. ئـۇ ساۋاقداشـى ئۆلگەنـدىن كـېـيـىن، ئۇ يـەنـە ھـېلىقـى ساۋاقداشـىـنىڭ قـېرىـپ ئـاغـرىقچـان بـولۇپ كەتـكـەن دادىسىنى باققان (ئۇنىڭ ساۋاقداشى ئون ئـۈچ يېشىـدىن تارتـىـپ ئەمـگەك قىلـىـپ دادىسـىـنى بېقـىـپ كەلگـەنىكـەن)، كـېيـىـن ئـۇ بوۋاينى دوخـتـۇرخانـىـدا ياتقـۇزغـان، بوۋاي ئۆلـۈپ كـەتكەنـدىـن كـېيـىن، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىكىگە قويغان. مانا شۇلارنـىڭ ھەمـمـىسى راسكولـنىكوفـنىڭ تەقـدىرىنى ھـەل قىلـىشقا مەلـۇم دەرىجىدە پايدىلىق تەسىر كۆرسەتـتى. راسكولـنىكوف ئـىلگـىرى تۇرغان ئـۆينىڭ ئـايال غوجايىنى، يەنـى ئۇنىڭ ئـۆلۈپ كەتـكـەن لايـىـقـىـنـىڭ ئـانـىسـى، تـۇل خوتـۇن زارنـىـتسـىـنامۇ سـوتـتـا گـۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، ئىلگـىرى بەش بۇرجەك تەرەپتـىكى باشقـا بىـر بىـنادا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا، بىـر كۈنى كېچىدە بىـر ئۆيگە ئـوت كەتكەنلىكىنى، راسكولنىكوفنىڭ ئوت كەتكەن ئۆيدىن ئىككى كىچىك بالىنى قۇتقۇزۇپ چىققانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئـوتتا كۆيـۈپ يارىلانغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىش ئىنچىكىلەپ تەكـشۈرۈلگەنـدە، نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ راستلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. قىسقىسى، جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىنى ئۆزلۈكىدىـن بوينىـغا ئالغانلىقـى ۋە

جىنايىتىنى يەڭگىللىتىدىغان باشقا ئەھۋاللار تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا سەككىز يىللىق ئىككىنچى دەرىجىلىك قاماق جازاسى بېرىلدى.

راسكولنىكوفنىڭ ئانىسى سوراق قىلىش باشلانغان چاغدىلا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. دونيە بىلەن رازۇمىخىن سوراق تۈگىگۈچە ئۇنى پېتىربۇرگتىن باشقا بىر شەھەرگە يۆتكەپ تۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتى. رازۇمىخىن سوراق جەريانىدىكى بارلىق ئەھۋالنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرۇش، شۇنداقلا ئاۋدوتيە رومانوۋنا بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇرۇش ئۈچۈن، پېتىربۇرگقا يېقىن ۋە تۆمۈريول بويىغا جايلاشقان بىر شەھەرنى تاللىدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا غەلىتە، نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانىدى. ئۇنىڭدا سەۋدايىلىقنىڭ بەزىبىر ئالامەتلىرىنى تاپقىلى بولاتتى. ئۇنى پۈتۈنلەي سەۋدايى بولۇپ قالدى دېگىلى بولمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا قىسمەن سەۋدايى بولۇپ قالدى دېگىلى بولاتتى. دونيە ئاكىسىنى ئاخىرقى قېتىم يوقلاپ قايتىپ كەلگەندە، ئانىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى، قىزىتمىسى ئۆرلەپ، جۆيلۈپ ياتقانلىقىنى كۆردى. شۇ كۈنى كەچتە، ئانىسى ناۋادا ئاكىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ قالسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىش توغرۇلۇق كېلىشىۋالدى. ئانىسىنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، رازۇمىخىن بىلەن بىللە ناھايىتى مۇكەممەل بىر ھېكايىنى توقۇپ چىقتى. ئۇنىڭغا: راسكولنىكوف بىرسىنىڭ تاپشۇرغان خۇسۇسىي ئىشى بىلەن رۇسىيەنىڭ چېگراسىدىكى يىراق بىر جايغا كەتتى، شۇ ئىشنى بېجىرىپ كەلسە، ئۇ نام ـ ئاتاققىمۇ، مال ـ دۇنياغىمۇ ئېرىشىدۇ، دېمەكچى بولدى. لېكىن، ئۇلارنى شۇ نەرسە ھەيران قالدۇردىكى، پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ئۇ ئىش توغرۇلۇق يا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، يا كېيىن گەپ سوراپ باقمىدى. ئەكسىچە، ئۇ ئۆزى ئوغلىنىڭ ئۆزىنى كۈتمىگەندە قانداق تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ئەينەن سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن قانداق خوشلاشقانلىقىنى تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ

تۇرۇپ ھېكايە قىلىپ بەردى ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن مەخپىي ئىشلارنى پەقەت ئۆزىنىڭلا بىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى، شۇنداقلا رودىيەنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك دۈشمەنگە دۈچ كەلگەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھەتتا يوشۇرۇنۇۋېلىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. ئوغلىنىڭ ئىستىقبالى توغرۇلۇق ئۇ: بەزىبىر دۈشمەنلىك ئەھۋالى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ شۈبھىسىز پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشىدۇ، دېدى؛ رازۇمىخىننىڭ ئالدىدا، ئوغلۇم ھامان بىر كۈنى دۆلەتنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ماقالىسى ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى بۇنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ھېلىقى ماقالىسىنى يېنىش - يېنىش ئوقۇيتتى، بەزىدە ھەتتا ئاۋازىنى چىقىرىپ ئوقۇيتتى، ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئۇنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قوياتتى. لېكىن، رودىيەنىڭ ھازىر زادى قەيەردىلىكىنى سوراپمۇ قويمايتتى. باشقىلار ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكەن چاغلىرىدا مۇشۇ سوئالدىن ئوچۇقلا ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشاتتى — ئەسلىدە مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى. ئاخىر بېرىپ ئۇلار پولخېرىيە ئالېكساندروۋنانىڭ بەزىبىر ئىشلارغا ئەنە شۇنداق غەلىتىلا سۈكۈت قىلىشىدىن ئىختىيارسىز قورقۇپ قېلىشتى. مەسىلەن، ئۇلار كىچىك شەھەردە تۇرۇۋاتقان چېغىدا، ئەتىۋارلىق ئوغلى رودىيەدىن پاتىراق خەت ئېلىش ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىردىنبىر ئۈمىدى ۋە بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى، لېكىن مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن خەت كەلمەيۋاتقانلىقىدىن زادىلا ئاغرىنمايتتى. چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان مۇنداق ئەھۋال دونيەنى قاتتىق ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئۇ: ئانام ئېھتىمال ئوغلىنىڭ قورقۇنچلۇق تەقدىرىنى سېزىپ يۈرۈۋاتقاندۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، سوراشقا پېتىنالمايۋاتقاندۇ، دەپ ئويلايتتى.

قىسقىسى، دونيە پولخېرىيە ئالېكساندروۋنانىڭ ئەقىل ـ هوشىنىڭ جايىدا بولماي قېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى.
لېكىن، بىر ـ ئىككى قېتىم پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا گەپنى شۇنچىلىك ئايلاندۇرۇپ ئەكەلدىكى، قارشى تەرەپكە ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن روديەنىڭ هازىر قەيەردىلىكىنى دېمەي بولمايدىغاندەكلا تۇيۇلدى؛ بېرىلگەن جاۋاب قانائەتلەندۇرەلمىسە ياكى گۇمانلىق تۇيۇلسا، ئۇ بىردىنلا مەيۈسلىنىپ، تۇتۇلۇپ، گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇرۇۋالاتتى. مۇنداق هالەت خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشاتتى. ئاخىر بېرىپ، دونيە ئۇنى يالغان ئېيتىپ ئالداشنىڭ قىيىنلىقىنى چۈشەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ، بەزىبىر ئىشلارنى ئۇنىڭغا زادىلا دېمەسلىكنى ئەۋزەل كۆردى؛ لېكىن شۇ نەرسە بارغانسېرى ئايدىڭلاشتىكى، بىچارە ئانا بىرەر قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى پەملەپ قالغانىدى. دونيە كۈتمىگەندە ئاكىسىنىڭ ئۆزىگە دېگەن بىر گېپىنى ئەسلەپ قالدى. ئاكىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سۋىدرىگايلوف بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئاكىسى گۇناھىنى بوينىغا ئالغىلى بارغان بەختىسىز كۈندىن بىر كۈن ئىلگىرى، ئانىسى ئۇنىڭ جۆيلۈگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالغانىكەن، شۇ چاغدا ئۇ بىرەر نەرسىنى سېزىپ قالغانمىدۇ؟ بەزىدە ئۇ ئۇدا بىرنەچچە كۈن هەتتا بىرنەچچە هەپتە قاپقىنىمۇ ئاچماي ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۈن ـ تىنسىز تارام ـ تارام ياش تۆككەندىن كېيىن، نېمىشقىدۇر ئەسەبىيلەرچە جانلىنىپ كېتەتتى. ئوغلى توغرىسىدا، ئۆزىنىڭ ئۈمىدلىرى توغرىسىدا ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىگىلى تۇراتتى. بەزىدە ئۇ تولىمۇ غەلىتە خام خىياللارنى قىلاتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشەتتى، ئۇنىڭ رايىغا بېقىشاتتى (بۇلارنىڭ ئۆزىگە تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىنلا رايىغا بېقىۋاتقانلىقىنى ئېھتىمال ئۇ ئۆزىمۇ كۆڭلىدە

چۈشىنىدىغاندۇ)، شۇنداقتىمۇ ئۇ توختىماي سۆزلەۋېرەتتى.

جىنايەتچى جىنايىتىنى بوينىغا ئېلىپ ئارىدىن بەش ئاي ئۆتكەندە، ئاندىن ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. رازۇمىخىن پۇرسەت تاپسىلا تۈرمىگە بېرىپ ئۇنى يوقلاپ تۇردى. سونيەمۇ شۇنداق قىلدى. ئاخىر ئايرىلىش مىنۇتلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. دونيە ئاكىسىغا بۇ ئايرىلىش مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئەمەس، دەپ قەسەم قىلدى؛ رازۇمىخىنمۇ شۇنداق دېدى. رازۇمىخىن ئۆتتەك يېنىپ تۇرىدىغان ياش قەلبىگە بىر پىلاننى مەھكەم پۈكۈپ قويغان، ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە مۇمكىنقەدەر مەبلەغ توپلاپ، ئاز - تولا پۇل تېپىپ، ئاندىن سىبىرىيەگە كۆچۈپ بېرىش قارارىغا كېلىپ بولغانىدى. چۈنكى، ئۇ يەردە تەبىئىي بايلىقلار مول، لېكىن ئادەم ئاز، ئەمگەك كۈچى ۋە كاپىتال كەمچىل ئىدى. ئۇلار ئۆز ئويىچە رودىيە سۈرگۈن قىلىنىغان شەھەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئاندىن... ھەممەيلەن جەم بولۇپ يېڭى تۇرمۇش باشلىماقچىدى. ئايرىلىدىغان چاغدا ھەممىسى يىغا - زار قىلىشتى. راسكولنىكوف ئاخىرقى كۈنلەردە تولىمۇ ئويچان بولۇپ قالغانىدى، ھەدەپ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى. ئۇنىڭدىن غەم قىلاتتى. ئۇنىڭ ئانىسىنى قانداق سېغىنىشى دونيەنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. ئانىسىنىڭ نەقەدەر قايغۇرغانلىقىنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، راسكولنىكوف قاتتىق مەيۇسلەندى. ئۇ نېمىشقىدۇر سونيەگە باشتىن - ئاخىر گەپ قىلىپ باقمىدى. سوفيە سۋىدرىگايلوف بەرگەن پۇلنى خەجلەپ، راسكولنىكوفنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەھبۇسلارنىڭ كەينىدىن سىبىرىيەگە بېرىش ئۈچۈن، ئاللىبۇرۇنلا تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن راسكولنىكوفنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز بولۇنمىغانىدى؛ شۇنداقتىمۇ ھەر ئىككىلىسى مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. خوشلىشىشنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا سىڭلىسى بىلەن رازۇمىخىن ئۇنىڭغا زور قىزغىنلىق بىلەن مۇددىتىڭنى توشقۇزۇپ چىقساڭ، بىز يەنىلا بەختىيار تۇرمۇش

كەچۈرسىمىز، دېدى. راسكولنىكوف بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى ھەمدە ئانامنىڭ ئاغرىقى تېزلا يامانلىشىپ كېتىدۇ، دەپ بېشارەت بەردى. ئاخىرىدا ئۇ سونىيە بىلەن بىللە يولغا چىقتى.

ئىككى ئايدىن كېيىن، دونېچكا رازۇمىخىن بىلەن توي قىلدى. توي داغدۇغىسىز جىم ـ جىملا ئۆتتى، لېكىن تويغا چاقىرىلغانلار ئىچىدە پورفىرىي پېتروۋىچ بىلەن زوسىموفمۇ بار ئىدى. كېيىنكى بىر مەزگىلدە، رازۇمىخىن قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك بولۇپ قالدى. دونيە ئۇنىڭ جىمىكى پىلانىنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا قارىغۇلارچە ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ ئىشەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆمۈردەك ئىرادىنى بايقىغىلى بولاتتى. شۇنىمۇ دېگەچ ئۆتەيلى، ئۇ ئوقۇشنى پۈتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، يەنە ئالىي مەكتەپكە بېرىپ دەرس ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار ھەدەپ كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىڭ پىلانىنى تۈزۈشەتتى؛ بەش يىلدىن كېيىن سىبىرىيەگە كۆچۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. شۇنىڭغىچە پەقەت سونيەگە تايىنىشقىلا توغرا كېلەتتى.

پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا قىزىنىڭ رازۇمىخىنغا تېگىشىگە خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن رازىلىق بەردى. لېكىن، ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ۋە غەمكىن بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. رازۇمىخىن بىردەملىك بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ھېلىقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلەن ئۇنىڭ قېرىپ كەتكەن دادىسىنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى، ئۇنىڭغا يەنە راسكولنىكوفنىڭ ئىككى كىچىك بالىنى ئوتنىڭ ئىچىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىققانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئوتتا كۆيۈپ يارىلانغانلىقىنى ھەتتا ئاغرىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ئىككى ئىش پولخېرىيە ئالېكساندروۋنانىڭ ئۇنىڭسىزمۇ نورماللىقىنى خېلىلا يوقاتقان كاللىسىنى تېخىمۇ

جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ تىنماي شۇ ئىشلار توغرۇلۇقلا سۆزلەيتتى، كوچا ـ كويدىمۇ ئۇچرىغانلا ئادەمگە دەيتتى (گەرچە دونيە دائىم بىللە بولسىمۇ)، كىرا ھارۋىلىرىدا، دۇكانلاردا گېپىنى ئاڭلاپ بېرىدىغان بىرەر ئادەمنى تېپىۋالسىلا، ئوغلى توغرۇلۇق گەپ باشلاپ، ئۇنىڭ ماقالىسى، ئۇنىڭ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا قانداق ياردەم بەرگەنلىكى، باللارنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققۇچە ئوتتا كۆيۈپ يارىلانغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى. دونيېچكا ئۇنى قانداق قىلىپ توسۇۋېلىشنى بىلەلمەيتتى. مۇشۇنداق ساغلام بولمىغان روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈكنىڭ ئۆزىنىڭ خەۋپ ـ خەتىرىدىن تاشقىرى، ئۇنى يەنە بىر ئىش ئەنسىرىتەتتى. بىرەرى ئىلگىرىكى سوراق يۈزىسىدىن راسكولنىكوفنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ قېلىپ، شۇ ئىش توغرۇلۇق گەپ قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. پولخېرىيە ئالېكساندروۋنا ھەتتا ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنغان ئىككى بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئادرېسىنى سوراپ بىلىۋېلىپ، ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى بولدى. بارا ـ بارا ئۇنىڭ تەقەززالىقى ئاخىرقى چەككە يەتتى. بەزىدە ئۇ بىردىنلا ھۆكرەپ يىغلاپ كېتەتتى، پات ـ پات ئاغرىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ، جۆيلۈپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ توغرىدىن ـ توغرا مېنىڭ ھېسابىمچە، روديەنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، ئۇ مەن بىلەن خوشلىشىۋاتقان چېغىدا ئۆز ئاغزى بىلەن، توققۇز ئايدىن كېيىن چوقۇم يېنىپ كېلىمەن دېگەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ روديەنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆينى ئۇنىڭغا ئاتاپ بوشاتتى، زىننەتلىدى، ئۆي سايمانلىرىنى، پوللارنى سۈرتۈپ تازىلىدى. يېڭى دېرىزە پەردىلىرىنى تارتتى. دونيە ئىچىدە تىت ـ تىت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى، بەلكى ئاكىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇشۇپ بەردى، ئۇ تىنماي خىيال سۈرەتتى، چۈشتەك مەنزىرىلەر ئىچىدە كېزەتتى

ۋە ياش تۆكەتتى. ئۇ پۈتۈن بىر كۈننى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، كېچىدە ئاغرىپ قالدى. قىزىپ، جۆيلۈپ چىقتى. ئۇنىڭ قىزىتمىلىق كېسىلى قوزغىلىپ قالغانىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جۆيلۈگەندە دېگەن ئايرىم سۆزلىرىدىن ئوغلىنىڭ قورقۇنچلۇق تەقدىرى توغرۇلۇق بۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىدىنمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى سېزىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم بولدى.

راسكولنىكوف سىبىرىيەگە كەلگەندىن كېيىن، پېتېربۇرگ بىلەن دەرھاللا خەت ئالاقىسى ئورنىتىلغان بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە خەۋەر تاپالمىدى. خەت ئالاقىسى سونيە ئارقىلىق بولاتتى، ئۇ ھەر ئايدا بىر پارچە خەت يېزىپ پېتېربۇرگتىكى رازۇمىخىنغا ۋاقتىدا ئەۋەتىپ تۇراتتى، ھەر ئايدا پېتېربۇرگتىن جاۋاب خەتمۇ ئېلىپ تۇراتتى. دەسلەپتە سونيەنىڭ خەتلىرى دونيە بىلەن رازۇمىخىنغا قۇپقۇرۇقتەك، تەشنالىقنى قاندۇرالمايدىغاندەك بىلىنەتتى. لېكىن، ئۇلار بارا ـ بارا ئۇنىڭ خەتنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق يېزىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ خەتلەر ئارقىلىق بەختسىز قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىدىن ئەينەن ۋە تولۇق خەۋەر تېپىپ تۇرالايتتى. سونيە خەتلىرىدە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئىشلارنى يازاتتى. راسكولنىكوفنىڭ تۇرمىدىكى بارلىق تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئاددىي ۋە ئوچۇق قىلىپ تەسۋىرلەپ بېرەتتى. ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. كەلگۈسى توغرىسىدىكى مۆلچەرلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ راسكولنىكوفنىڭ پسىخىك ھالىتىنى ۋە ئىچكى ھاياتىنى چۈشەندۈرۈشكە زادىلا ئۇرۇنمايتتى. پەقەت پاكىتلارنى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى يازاتتى، ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلاتتى. ئاندىن ئۇچراشقان چاغلىرىدا ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى، ئۆزىدىن نېمىلەرنى قىلىشنى

ئۆتۈنگەنلىكىنى، ئۆزىگە نېمىلەرنى تاپشۇرغانلىقىنى يازاتتى. ئۇ مانا شۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلاتتى. شۇ ئارقىلىق شور پېشانە يىگىتنىڭ ئوبرازى ئاخىر ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىنتايىن ئېنىق ۋە ئىنتايىن ئەينەن نامايان بولىدى؛ بۇنىڭ خاتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، خەتلەردە يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى.

لېكىن، بۇ خەۋەرلەر دونيە بىلەن ئۇنىڭ ئېرىگە دەسلەپكى چاغلاردا ئانچە بەك تەسەللى بېرەلمىدى. سونيە خەتلىرىدە ئۇنى دائىم قاپىقىنى ئاچمايدۇ، جىمغۇر بولۇپ كەتتى، مەن ئارقىلىق بۇياقتىن بېرىپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل يېڭىلىقلارغا ئانچە بەك قىزىقىپ كەتمەيدۇ، دەپ يازاتتى؛ ئۇ بىرە ـ بىرە ئانىسىنى سوراپ قويىدىكەن. سونيە ئۇنىڭ ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سەزگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئانىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاخىر ئېيتقانىكەن، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇ ئانچە بەك قايغۇرۇپمۇ كەتمەپتۇ. سونيەگە ھېچبولمىغاندا تاشقى قىياپىتىدىن شۇنداق تۇيۇلۇپتۇ. بۇ سونيەنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. سونيەنىڭ يېزىشىچە، ئۇ شۇنداق خىياللارغا غەرق بولۇپ، ئادەملەردىن قېچىپ يۈرسىمۇ، ئۆزىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا تولىمۇ ئادەتتىكىچە ۋە ئاددىيلا مۇئامىلە قىلىدىكەن؛ ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدىكەن ھەمدە ئەھۋالىنىڭ پات ئارىدا ياخشىلىنىپ كېتىشىنى كۈتمەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خام خىياللاردىمۇ بولمايدىكەن (ئۇنىڭدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلارنىڭ ئادەتتە بۇنداق خام خىياللاردىن ساقلانمىقى تەس)، ئىلگىرىكى ئەھۋالىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان يېڭى مۇھىتقا ئۇ قىلچە ئەجەبلىنىپمۇ كەتمەپتۇ. سونيەنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى ئىشقا بېرىپ تۇرىدىكەن، ھۇرۇنلۇقمۇ قىلمايدىكەن، ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپمۇ كەتمەيدىكەن. تاماقنىڭ قانداقلىقىغا ئانچە ئېرەن قىلىپمۇ كەتمەيدىكەن، لېكىن دەم ئېلىش كۈنلىرى بىلەن بايرام

كۈنلىرىدىن باشقا چاغلاردىكى تاماق ئىنتايىن ناچار ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۆزى ھەر كۈنى چاي دەملەپ ئىچىپ تۇرۇش ئۈچۈن، سونيە بەرگەن ئازراق پۇلنى ئېلىشقا ئاخىر ماقۇل بوپتۇ؛ لېكىن سونيەدىن باشقا ھەرقانداق ئىشىدىن غەم قىلىپ كەتمەسلىكىنى ئۆتۈنۈپ، ئۇنىڭغا بارلىق مېھرىبانلىقلىرىڭىز مېنى ناھايىتى ئازابلايدۇ، دەپتۇ. سونيەنىڭ خەتلىرىدە يېزىشىچە، راسكولنىكوف تۈرمىدە باشقا جىنايەتچىلەر بىلەن بىر ئۆيدە ياتىدىكەن، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سونيە كىرىپ كۆرۈپ باقماپتۇ، لېكىن تولىمۇ تار، پاسكىنا، مالىمانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدىكەن. سونيەنىڭ دېيىشىچە، ئۇ تاختايىنىڭ ئۈستىگە بىر كىگىزنى سېلىپ ياتىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ باشقا ھېچقانداق نەرسە ـ كېرەك ئالغۇسى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى مۇنداق ئاددىي ۋە نامراتلىقتا ئۆتكۈزۈشى ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان ياكى كۆڭلىگە پۈككەن بىرەر نىيەت سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىدىن ۋە ھەممىگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىدىن ئىكەن. سونيەنىڭ خەتلىرىدە ئۇلارغا ئوچۇق يېزىشىچە، دەسلەپكى چاغلاردا سونيە يوقلاپ بارسا ئۇ خوش بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى كۆرسىلا تىت ـ تىت بولۇپ، گەپ قىلغۇسى كەلمەي قالاتتىكەن، ھەتتا ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلاتتىكەن، لېكىن كېيىن مۇنداق يوقلاشقا ئادەتلىنىپ قاپتۇ، ھەتتا ئۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇڭا سونيە ئاغرىپ قېلىپ بىرنەچچە كۈن بارالمىغانىكەن، ئۇ سونيەنى قاتتىق سېغىنىپ كېتىپتۇ. دەم ئېلىش، بايرام كۈنلىرىدە سونيە ئۇنى يوقلاپ بېرىپ تۇرىدىكەن، ئۇلار تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ياكى كۆرۈشۈش ئۆيىدە ئۇچرىشىدىكەن. تۈرمە نازارەتچىسى ئۇنى چاقىرىپ چىقىپ سونيە بىلەن بىرنەچچە مىنۇت كۆرۈشتۈرىدىكەن؛ ئادەتتىكى كۈنلەردە سونيە ئۇ ئىشلەيدىغان ئۇستىخانىلارغا، خۇمدانلارغا ياكى ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى سارايلارغا بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلىدىكەن.

سونيـەنىڭ ئۆزى تـوغرۇلۇق يېـزىشىچـە، ئۇ شەھەردە بـىرنەچچـە تونۇش ـ بـىلىش ۋە ھـىمايـىچى تېپـىۋاپتۇ؛ ئـۇ تىككـۈچىلىـك قىلـىدىكەن، چـۈنكى شەھـەردە ئاياللار كـىيىمـىنى تىكىدىغـان تىككۈچى يوق دېيەرلىك ئىكـەن. شۇڭا، ئۇ نـۇرغۇن ئائىلـىنىـڭ كەم بولسا بـولمايدىغان ئادىمـىگە ئايـلىنىـپ قاپتۇ؛ سـونيەنىڭ سەۋەبىـدىن راسكولـنىكوف تـۈرمە باشلـىقىنىـڭ غەمخـورلۇقىغـا ئېرىشىپ، ئىشى ئاز ـ تولا يېنـىكلـىتىلگـەن بولسىمۇ، سونيـە خەتلـىرىدە بۇنـى زادىـلا تىلغـا ئېلـىپ باقمـىدى. ئاخـىرىـدا راسكولـنىكوف تـۈرمىدىكـى ھەممـىلا ئادەم بىلـەن ئارىلاشـمـاس بولۇۋالدى. ئۇلارمۇ راسكولنىكوفنى ياخشى كۆرمەيـدىغان بولـۇپ قالدى دېگەن خەۋەر كەلدى (دونيە ئۇنىڭ كېيىنكى خەتلىرىنىـڭ قانداقتۇر ھاياجان ۋە تەشۋىش ئىچىدە يېـزىلغانـلىقىـنى سېزىـپ يـۈرەتتى). راسـكولنـىكـوف كۈنبـويىـى بىـرەر ئـېغىـزمـۇ گـەپ قىلمايدىكەن، چىرايى بەكلا تاتىرىپ كېتىپتۇدەك. كۈتـمىگەنـدە، سونيـە ئـەڭ كېيـىنكى خېـتىدە ئـۇ قـاتتىـق ئـاغرىـپ قـالـدى، دوختۇرخانىنىڭ مەھبۇسلار بۆلۈمىدە يېتىۋاتىدۇ، دەپ يازدى.

## 2

ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئاغرىپ يۈرەتتى. لېكىن، ئۇنى يـىقىتقـان نەرسە دەھشەتـلىك تۈرمـە تۇرمۇشى ئـەمەس، ئەمگـەكمۇ ئەمـەس، تاماقمۇ ئەمەس، چېچىنىڭ قىرىۋېتىلگەنلىكىمۇ ئەمەس، پارچە ـ پۇرات رەختلەردىن تىكىلگەن مەھبۇسلار كىيىمـىمۇ ئەمەس. ئوھـو! بۇنچىلىك قىيىنچىلىقلار ئۇنىڭغا نېمە ئىدى دەڭە! ئەكسىچە، ئۇ ئەمگەك قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ماغدۇرى ئۇزۇلگۈچە ئەمگـەك قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇ ھېچبولمىغاندا بىـرنەچچە سائەت تىنـچ ئۇخلىـۋالالايتتى. سـۇۋەرەكلەر لەيلـەپ يۈرىدىغان يېسسىۋېلـەك شورپىسى ئۇنىڭ ئۇچۈن نېمىدى؟ ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقـان

چاغلىرىدا كۆپىنچە چاغلاردا مۇشۇنچىلىك شورپىغىمۇ ئېرىشەلمەيتتى. ئۇنىڭ مەھبۇسلۇق كىيىمى ئىسسىق ئىدى. هازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالىغا ماس كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشەن بىلەن يۇرگەنلىكىنىمۇ هېس قىلمايتتى. چېچىنىڭ قىرىۋېتىلگەنلىكىدىن ۋە ئىككى خىل رەڭدىكى مەھبۇسلار كىيىمى① كىيىپ يۇرگەنلىكىدىن نومۇس قىلاتتىمۇ؟ كىمدىن نومۇس قىلىدۇ؟ سونيەدىنمۇ؟ سونيە ئۇنىڭدىن قورقىدىغان تۇرسا، ئۇ سونيەدىن نومۇس قىلاتتىمۇ؟

ئەمىسە بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئۇ ھەتتا سونيەنىڭ ئالدىدىمۇ قورۇناتتى. شۇڭلاشقا، سونيەگە قوپال مۇئامىلە قىلىپ ئۇنى قىينايتتى. ئۇ چېچىنىڭ قىرىۋېتىلگەنلىكىدىن ۋە پۇتىغا كىشەن سېلىنغانلىقىدىن خىجىل بولمايتتى. ئۇنىڭ غۇرۇرى قاتتىق ئازار يېگەنىدى؛ غۇرۇرى ئازار يېگەچكە ئۇ ئاغرىپ قالدى. ئەگەر ئۇ گۇناھىنى تونۇغان، گۇناھىنى تەن ئالغان بولسا، قانچىلىك بەختىيار بولغان بولاتتى ـ ھە! شۇنداق بولغان بولسا، ئۇ ھەممىگە ھەتتا ھاقارەتلەرگە چىدىغان بولاتتى. لېكىن، گەرچە ئۇ ئۆزىنى قاتتىق سوراق قىلغان بولسىمۇ، سوۋۇپ كەتكەن قەلبى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان ئاددىيلا سەۋەنلىكتىن باشقا، ئالاھىدە قورقۇنچلۇق گۇناھلارنى تاپالمىدى. راسكولنىكوف قانداقتۇر كور تەقدىرنىڭ ھۆكمى سەۋەبىدىن مانا مۇشۇنداق قارىغۇلارچە، ئۈمىدسىز، ئۈن ـ تىنسىز، يەنە كېلىپ ئەخمەقانە بىر ھالەتتە گۇمران بولغانلىقىدىن نومۇس قىلاتتى. ناۋادا ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى ئاز ـ تولا تىنچلاندۇرماقچى بولسا، ئۇ ھالدا ئەنە شۇ «بىمەنە» ھۆكۈمگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى.

مانا ئەمدى ئۇ قۇيقۇرۇق، نام ـ نىشانسىز خاتىرجەمسىز-

① ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇرمىگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ كىيىمى كۇل رەڭ ۋە قارا رەختتىن تىكىلىپ، دۇمبىسىگە سېرىق رەڭلىك چاسا رەخت تىكىپ قويۇلاتتى.

لىكنى، كېيىنكى كۈنلەردە ھېچنېمىگە ئېرىشتۈرمەيدىغان، توختاۋسىز قۇربان بېرىشلەردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. پانىي ئالەمدە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان نەرسە مانا شۇ ئىدى. سەككىز يىل ئۆتۈپ جازا مۇددىتى توشقاندا، ئۇ ناھايىتى ئۇتتۇز ئىككى ياشقا كىرىدۇ، يېڭى تۇرمۇشىنى باشلىسا يەنىلا بولىۋېرىدۇ، لېكىن بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى ! ئۇ نېمە ئۈچۈن ياشىشى كېرەك؟ ئۇ يەنە نېمە قىلماقچى؟ ئۇ نېمىلەرنى كۆزلەپ كۈرەش قىلىدۇ؟ پەقەت تىرىك يۈرۈش ئۈچۈنلا ياشىشى كېرەك-مۇ؟ لېكىن ئۇ ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم ئۆز ھاياتىنى بىر ئەر غايە، بىر ئەر ئۈمىد ھەتتا بىرەر خىيال ئۈچۈن تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرغان. تىرىك يۈرۈش ئۇنىڭغا ھېچقاچان كۇپايە قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى؛ ئۇ ھامان تېخىمۇ زورراق تۇرمۇش مەقسىد-تىنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئېھتىمال ئۇ ئەنە شۇنداق ئۈمىدتىن ھاسىل بولغان كۈچ سەۋەبىدىن ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويىدىغاندۇ، تېخىمۇ كۆپرەك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشۇم كېرەك، دەپ قارايدىغاندۇ.

ناۋادا تەقدىر ئۇنى توۋا قىلدۇرالىغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلسە، يۈرەك - باغرى پۇچۇلىنىپ كەتسە، كېچە - كېچىلەپ كۆز يۇمالماي چىقسا، ئۆزىنى دارغا ئاسقۇدەك ياكى قۇدۇققا تاشلىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتسە نەقەدەر ئوبدان بولاتتى - ھە ! ئاھ، ئەنە شۇنداق توۋا - ئىستىغپار ئۇنى نەقەدەر خۇشال قىلار ئىدى - ھە ! ئازاب ۋە كۆز يېشىمۇ ھەرھالدا تۇرمۇشقۇ ! لېكىن، ئۇنىڭ ئۆز گۇناھلىرىغا قىلچىلىك توۋا قىلىش نىيىتى يوق ئىدى.

ھېچبولمىغاندا ئۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا ئۆزىنى تۈرمىگە ئېلىپ كىرگەن ئاشۇ تولىمۇ تېتىقسىز ۋە ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرىدىن غەزەپلەنگىنىدەك، ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىگە غەزەپلىنىشى كېرەك ئىدىغۇ، لېكىن مانا ئەمدى تۈرمىدە بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى جىمىكى قىلمىش -

ئەتمىشنى خىيالىدىن كەچۈرۈپ، مۇھاكىمە قىلىپ چىقىپ، ئۇ ئىشلارنى ئىلگىرىكى خۇنۇك چاغلاردىكىدەك ئۇنداق ئەخمىقانە ۋە بىمەنە دەپ قارىمىدى.

«ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان، — ئويلىدى ئۇ، — دۇنيادا بىر - بىرىگە زىت ھەر خىل ئىدىيە ۋە نەزەرىيەلەر بارلىققا كەلگەن. خوش، مېنىڭ ئىدىيەمنىڭ قەيېرى باشقىلارنىڭ ئىدىيەسى ۋە نەزەرىيەسىدىن ئەخمىقانىرەك ئىكەن؟ ناۋادا كىشىلەر چاكىنا تەسىرلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، پۈتۈنلەي مۇستەقىل، ئوچۇق نەزەردە قارىيالايدىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا مېنىڭ ئىدىيەممۇ ئۇنچىۋالا... غەلىتە تۇيۇلمىغان بولاتتى، ئەي، ئىنكارچىلار ۋە بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان پەيلاسوپلار، نېمىشقا ئىشنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويىدىغانسىلەر!»

«مېنىڭ قىلغانلىرىم ئۇلارغا نېمە ئۈچۈن يولنىڭ سىرتىدا قىلىنغاندەك تۇيۇلىدىغاندۇ؟ — ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى ئۇ، — زورلۇق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ زورلۇق دېگەننىڭ ئۆزى نېمە؟ مېنىڭ ۋىجدانىم پاك. دۇرۇس، جىنايەت ئۆتكۈزدۈم. قانۇنغا خىلاپلىق قىلدىم، ئادەم ئۆلتۈردۈم... قانۇن بويىچە كاللامنى ئېلىۋەتسەڭلار... بولمىدىمۇ! ئەلۋەتتە، ئەگەر شۇنداق بولغىنىدا ئىدى، ھەتتا ئىنسانىيەتنىڭ ھاكىمىيەتكە ۋارىسلىق قىلمىغان، بەلكى ھاكىمىيەتنى ئۆزى تارتىۋالغان نۇرغۇنلىغان نىجاتكارلىرىنى ئىشنى باشلىغان ھامان ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ قىلغىنى توغرا؛ لېكىن مەنچۇ، مەن مەغلۇپ بولدۇم، شۇڭلاشقا مېنىڭ بۇ قەدەمنى بېسىشقا ھەققىم يوق.»

ئۇ پەقەت مەن مەغلۇپ بولدۇم ھەمدە گۇناھىمنى بوينۇمغا ئالدىم، دېگەن نۇقتىدىلا ئۆزىنىڭ جىنايىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى.

ئۇنى يەنە شۇ چاغدا نېمىشقىمۇ ئۆلۈۋالمىغان بولغىيدىم، دېگەن ئوي ئازابلايتتى. شۇ چاغدا ئۇ دەريا بويىدا تۇرۇپ،

نېمىشقا گۇناھىنى بويىنغا ئېلىش يولىنى تاللىدىكىنە؟ ياشاپ قېلىش ئارزۇسى راستىلا شۇنچىلىك يەڭگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈكمىدى؟ سۆيدىرىگايلوف ئۆلۈمدىن شۇنداق قورقىدىغان تۇرۇقلۇق ئۇنى يېڭەلىدىغۇ؟

ئۇ دەرد ــ ئەلەم چېكىپ ئۆزىدىن مانا شۇ سوئالنى تەكرار ــ تەكرار سورايتتى، بەلكىم شۇ چاغدا، دەريا بويىدا تۇرغان چېغىدا، ئۆز قەلبىدە، ئۆز ئېتىقادىدا ناھايىتى چوڭقۇر ساختىلىقنىڭ بارلىقىنى سەزگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى زادىلا چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى. ئۇ مۇنداق سەزگۈنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى بۇرىلىشىنىڭ، كېلەچەكتىكى تىرىلىشىنىڭ، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان يېڭى قارىشىنىڭ بېشارىتى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنەلمەيتتى.

ئۇ بۇنى پەقەت تەبىئىي مايىللىقنىڭ ئېغىر ئاسارىتى، ئۆزىنىڭ زىئپلىكىدىن ۋە ئەرزىمەسلىكىدىن نە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىدىم، نە بۇنداق ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلىيالمىدىم، دەپ قارايتتى. ئۇ قاماقتىكى باشقا مەھبۇسلارنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ھاياتلىقنى شۇ قەدەر سۆيىدىغانلىقىنى ۋە قەدىرلەيدىغانلىقىنى بايقاپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ بايقىشىچە، ئۇلار ھاياتلىقنى تۇرمىنىڭ ئىچىدە تۇرمىنىڭ سىرتىدىكى چاغلىرىدىنمۇ بەكرەك قەدىرلەيتتى، بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى ئادەملەر، مەسىلەن سەرگەردانلار نەقەدەر دەھشەتلىك ئازابلارغا ۋە قىيناقلارغا بەرداشلىق بەرگەن دېسىڭىزچۇ! ئەجەبا قۇياشنىڭ ئازراقلا نۇرى، قويۇق ئورمان، ئورماننىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر يېرىدىكى بۇلاقنىڭ مۇزدەك سۈيى ئاشۇ سەرگەردانلارغا شۇ قەدەر ئەھمىيەتلىكمىدۇ؟ بىر سەرگەردان بۇنىڭدىن ئىككى ــ ئۈچ يىل ئىلگىرى ئەنە شۇ بۇلاقنى كۆرگەنىكەن. ئۇ تا بۈگۈنگىچە شۇ بۇلاقنى يەنە بىر كۆرۈشكە خۇددى جانانىنى كۆرۈشكە تەشنا بولغاندەك تەشنا بولۇۋاتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆسۈپ كەتكەن ياپيېشىل

ئوت ـ چۆپلەرنى، چاتقاللارنىڭ ئارىسىدا نەغمە قىلىۋاتقان قۇشلارنى چۈشىدە كۆرۈۋاتىدۇ. راسكولنىكوف تۇرمىدىكى تۇرمۇشنى داۋاملىق كۆزەتكەن بولسا ئىدى، چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ تەس بولغان بەزىبىر ئىشلارنى كۆرگەن بولاتتى.

ئەلۋەتتە، تۇرمىدە ئۇ ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرەلمەيتتى، كۆرۈشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ خۇددى بېشىنى يەردىن ئالمىغاندەكلا كۆز ئۆتكۈزەتتى: ئۇ ئۇلارنى كۆرسە چەكسىز يىرگىنەتتى ۋە چىدىيالماي قالاتتى. لېكىن، كېيىنچە نۇرغۇن ئىشلار ئۇنى ھەيران قالدۇردىغان بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئىلگىرى ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان نۇرغۇن ئىشلارغا ئىختىيارسىز دىققەت قىلىشقا باشلىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۆزى بىلەن باشقا مەھبۇسلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق ھاڭ ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ھەيران قالدۇردى. ئۇلار خۇددى باشقا ـ باشقا مىللەتتەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيتتى. بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىشاتتى. ئۇ مۇنداق چىقىشالماسلىقنىڭ ئادەتتىكى سەۋەبلىرىنى بىلەتتى. لېكىن، بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇ قەدەر چوڭقۇر، شۇ قەدەر كۈچلۈكلۈكىنى ئىلگىرى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. تۇرمىدە سۈرگۈن قىلىنغان پولىياكلارمۇ بار ئىدى، ئۇلار ھەممىسى سىياسىي جىنايەتچىلەر ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۈستۈن تۇتۇشۇپ، بۇ مەھبۇسلارنى نادانلار، دەپ قاراپ كۆزگە ئىلمايتتى. لېكىن، راسكولنىكوف ئۇلارغا ئۇنداق قارىمايتتى؛ ئاشۇ نادانلارنىڭ پولىياكلارغا قارىغاندا نۇرغۇن جەھەتلەردە خېلىلا ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. ئاندىن رۇسىيەلىكلەردىن بىر سابىق ئوفىتسېر بىلەن ئىككى ئوقۇغۇچىمۇ ئۇلارنى قاتتىق كەمسىتەتتى؛ راسكولنىكوف ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ھەممە ئادەم ياقتۇرمايتتى، ئۇنىڭدىن

قاچاتتى. ئاخىر بېرىپ، ئۇنى ھەتتا ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قېلىشتى. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنى بىلمەيتتى. جىنايىتى ئۇنىڭكىدىن ئېغىر مەھبۇسلارمۇ ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى. مەسخىرە قىلاتتى، ئۇنىڭ جىنايىتىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشەتتى.

— سەن دېگەن ئاقسۆڭەك، — دېيىشەتتى ئۇلار، — پالتا بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇ دېگەن ئاقسۆڭەكلەر قىلىدىغان ئىش ئەمەسقۇ؟

ئۇلۇغ روزا كىرىپ ئىككىنچى ھەپتىسى ئۇنىڭغا ئۆز كامېرىدىكىلەر بىلەن بىللە روزا تۇتۇش نۆۋىتى كەلگەنىدى. ئۇ باشقىلار بىلەن بىللە چېركاۋغا ئىبادەتكە بېرىپ يۈردى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىمۇ ئۇقمايلا بىرسى بىلەن جېدەللىشىپ قالدى. ھەممە ئادەم غەزەپكە كېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى.

— سەن دېگەن دىنسىز! سەن خۇداغا ئىشەنمەيسەن! — ۋارقىرىدى ئۇلار، — سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك.

ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچقاچان خۇدا توغرۇلۇق، ئېتىقادى توغرۇلۇق سۆزلەپ باقمىغانىدى، لېكىن ئۇلار ئۇنى دىنسىز ھېسابلاپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولۇشتى؛ ئۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى، ئۇلارغا رەددىيەمۇ بەرمىدى. مەھبۇسلاردىن بىرسى دەرغەزەپ بولۇپ بوغۇلۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. راسكولنىكوف تەمكىنلىك بىلەن گەپ ـ سۆز قىلماي ئۇنى كۈتتى. ئۇنىڭ نە قاشلىرى، نە يۈزىنىڭ مۇسكۇللىرى تىترەپمۇ قويمىدى. بەختكە يارىشا، ساقچى ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ توسۇپ قالدى. ئۇنداق بولمىغاندا قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەن بولاتتى.

ئۇ يەنە بىر سوئالغا زادىلا جاۋاب تاپالمايتتى: ئۇلار سونيەنى نېمىشقا شۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟ سونيە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلمايتتى. ئۇلارمۇ ئۇنى كەمدىن ـ كەم كۆرەلەيتتى، پەقەت ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا، سونيە راسكولنىكوفنى كۆرگىلى كەلگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە

كۆرۈپ قالاتتى. لېكىن، ئۇلار ئۇنى تونۇيتتى، ئۇنىڭ راسكولنىكوفقا ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. سونيە ئۇلارغا پۇل بېرىپ باقمىغان ياكى ئۇلارنىڭ بىرەر ئىشىنى قىلىپمۇ بەرمىگەنىدى. پەقەتلا روژدېستۋو بايرىمى كۈنى تۈرمىدىكى جىمىكى مەھبۇسقا قىيمىلىق نان بىلەن ئاق بولكا پىشۇرۇپ ئەكېلىپ بەرگەنىدى. لېكىن، ئاستا ـ ئاستا مەھبۇسلار بىلەن سونيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەت بارلىققا كەلدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا خەت يېزىپ بېرەتتى، خەتلىرىنى پوچتىغا سېلىۋېتەتتى. مەھبۇسلارنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرى شەھەرگە كەلسە، ئۇلارغا ئۆزلىرىگە دەپ ئەكەلگەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ھەتتا پۇللىرىنى سونيەگە بېرىپ قويۇشنى تاپشۇراتتى. ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى، مەشۇقلىرى سونيەنى تونۇيتتى. ئۇنى پات ـ پات ئىزدەپ باراتتى. سونيە راسكولنىكوفنى كۆرگىلى ئۇلار ئىشلەۋاتقان يەرلەرگە بارغان ياكى ئىشقا ماڭغان مەھبۇسلار بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىدا، ھەممىسى قالپاقلىرىنى بېشىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشاتتى. «ئانىجان، سوفيە سېميونوۋنا، سەن بىزنىڭ مېھرىبان، سۆيۈملۈك ئانىمىزسەن !» يۇزىگە قاماقتا كېسىلگەن مەھبۇس دېگەن تامغا بېسىلغان بۇ قوپال ئادەملەر ئاشۇ ئاجىز ـ ئورۇق قىزغا ئەنە شۇنداق دېيىشەتتى. ئۇمۇ كۈلۈمسىرەپ ئۇلارغا جاۋابەن تەزىم قىلاتتى؛ ئۇلار سونيەنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىشىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى. ئۇلار ھەتتا ئۇنىڭ مېڭىشلىرىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى، كۆپىنچە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشاتتى، ئۇنى ماختىشاتتى؛ ئۇلار ئۇنىڭ شۇ قەدەر ۋۇجىكلىكىنىمۇ ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا ئۇنى نېمە دەپ ماختاشلىرىنى بىلمەي قېلىشاتتى.

راسكولنىكوف روزىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ۋە پاسخا

بايرىمىدا دوختۇرخانىدا ياتتى. ئۇ ساقىيىشقا باشلىغان چېغىدا، ئاندىن ئۆزىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ۋە ئېسىنى بىلمەي ياتقان چاغلىرىدا كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ ئاغرىپ يېتىپ كۆرگەن چۈشىدە، ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىدىن ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان، ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان دەھشەتلىك ۋابا ياۋروپاغىچە تارقىلىپ كېلىۋېتىپتۇمىش، پۈتۈن دۇنيا مۇشۇ ئاپەتكە مۇپتىلا بولارمىش. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىگۈدەك، ئادەمنىڭ بەدىنىگە كىرەلەيدىغان يېڭى مىكروبلار پەيدا بوپتۇدەك. بۇ مىكروبلار ئەقىل ۋە ئىرادىگە ئىگە مەخلۇقاتلارمىش. ئەنە شۇلار تېنىگە كىرىۋالغان ئادەملەر شۇ ئانلا ساراڭ بولۇپ ئەقلىنى يوقىتارمىش. لېكىن، شۇ مىكروبلارنى يۇقتۇرۇۋالغان ئادەملەر ئۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەمدىن ئەقىللىك ۋە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان ئادەم، دەپ ھېسابلارمىش، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنى ھۆكۈملىرىدىن، ئىلمىي يەكۈنلىرىدىن، ئەخلاقىي ئەقىدىلىرىدىن ۋە ئېتىقاتىدىن تەۋرەنمەيدىغان ئادەم دەپ قارايمىش. بارلىق يېزا – بازار، بارلىق شەھەر ۋە بارلىق مىللەت شۇ كېسەلنى يۇقتۇرۇۋېلىپ ساراڭ بولۇپ كېتىپتۇدەك. ئۇلار تەشۋىشلىنەرمىش، لېكىن بىر – بىرىنى چۈشەنمەس ئىمىش. ھەربىر ئادەم ھەقىقەت پەقەت مېنىڭلا قولۇمدا، دەپ قارايمىش، لېكىن باشقىلارنى كۆرگەندە بولسا، قاتتىق ئازابلىنارمىش. ئۆزىنىڭ كۆكرىكىگە مۇشتلارمىش، ھۆكرەپ يىغلارمىش. ئۇلار كىمنى باھالاش ۋە قانداق باھالاش كېرەكلىكىنى بىلمەس ئىمىش. نېمىنىڭ ياخشىلىق، نېمىنىڭ يامانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمۇ بىردەك ئەمەس ئىمىش. ئۇلار كىمنى گۇناھكار، كىمنى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىشنىمۇ بىلمىگۈدەك. كىشىلەر قىلچە ئەھمىيىتى يوق قىساس، ئاداۋەتنى دەپ بىر – بىرسىنى ئۆلتۈرەرمىش، ئۇلار زور قوشۇن تۈزۈپ، بىر – بىرىگە ھۇجۇم قىلارمىش، لېكىن قوشۇندىكىلەر سەپەر

ئۈستىدە بىردىنلا بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلارىمىش. سەپلەر تارقىلىپ، لەشكەرلەر بىر ـ بىرىگە ئوت ئېچىشارىمىش. بىر ـ بىرىنى چېپىشارىمىش، بىر ـ بىرىنى چىشلىشەرىمىش، بىر ـ بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشەرىمىش. شەھەرلەردە ئەتىدىن ـ كەچكىچە قوڭغۇراقلار چېلىنىپ تۇرارىمىش. ھەممە ئادەم بىر يەرگە يىغىلغۇدەك، لېكىن ئۆزلىرىنى كىملەرنىڭ يىغقانلىقىنى ۋە نېمىدەپ يىغقانلىقىنى بىلمىگۇدەك، ھەربىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشەرىمىش. ئەڭ ئادەتتىكى كەسىپلەرمۇ تاشلىنىپ قالارىمىش. چۈنكى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تەشەببۇسىنى، ئۆزىنىڭ تۈزىتىش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويارىمىش. ھەممەيلەن ئۆز بىلگىنىنى دەپ بىرلىككە كېلەلمەسمىش؛ دېھقانچىلىق توختاپ قالغۇدەك. بەزى جايلاردا ئادەملەر بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ، ئورتاق ھەرىكەت قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ، ئەبەدىي ئايرىلماسلىق توغرۇلۇق قەسەم ئىچىشەرىمىش. لېكىن، شۇ ئانلا ھېلىراقتا قىلماقچى بولغانلىرىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىشارىمىش، يەنى بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەشكە، مۇشتلاشقا ۋە چېپىشقا باشلارىمىش. ئوت ئاپەتى، ئاچارچىلىق يۈز بېرەرىمىش. ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسە بەربات بولارىمىش. ۋابا تارقىلىپ، بارغانسېرى كېڭىيەرىمىش. پۈتۈن دۇنيادا ئاز ساندىكى ئادەملەرلا قۇتۇلۇپ قالارىمىش، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئەۋلادىنى يارىتىش، يېڭى تۇرمۇشنى باشلاش، زېمىننى پاكلاش ۋە يېڭىلاش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئالاھىدە ئادەملەرمىش، لېكىن ئۇ ئادەملەرنى ھېچكىم ھېچ يەردە كۆرمىگەنىمىش، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ۋە ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمىغانىمىش.

ئەنە شۇنداق قىلچە ئەھمىيىتى يوق چۈشلەر خاتىرىسىدە شۇ قەدەر كۆلپەتلىك، شۇ قەدەر ئازابلىق بىر ھالەتتە يېنىش ـ يېنىش تەكرارلىنىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغان چاغلىرىدىكى خام خىياللىرىدىن قېلىپ قالغان تەسىراتلار ئۇزاققىچە يوقالماي

راسكولنىكوفنى قاتتىق قىينىغۋەتتى. پاسخا بايرىمىدىن كېيىنكى ئىككىنچى ھەپتىدە، ئوچۇق، ئىللىق باھار كۈنلىرىدە، مەھبۇسلار دوختۇرخانىسىنىڭ تۆمۈر شادىلىق دېرىزىلىرىنى ئېچىۋەتتى. قاراۋۇل دېرىزىنىڭ سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئاغرىپ ياتقان مەزگىلدە، سونيە ئۇنى ناھايىتى ئىككى قېتىملا يوقلاپ كەلدى؛ ھەر قېتىم رۇخسەت ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. رۇخسەت ئېلىش بولسا ئىنتايىن قىيىن ئىدى. لېكىن، ئۇ دوختۇرخانا ھويلىسىغا دائىم كېلىپ، دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، بولۇپمۇ قاش قارايغان مەھەلدە بېرىپ، ھويلىدا بىردەم تۇراتتى – دە، ياتاق دېرىزىسىگە يىراقتىن قاراپ قوياتتى. بىر كۈنى ئاۋال ۋاقتىدا خېلىلا ساقىيىپ قالغان راسكولنىكوف ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغاندىن كېيىن دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، كۈتمىگەندە يىراقتا، دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان سونيەنى كۆرۈپ قالدى. سونيە نېمىنىدۇر ساقلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى. مانا شۇ چاغدا راسكولنىكوف يۈرىكىگە نېمىدۇر سانچىلغاندەكلا بولۇپ كەتتى؛ ئۇ تىترەپ، دەرھاللا دېرىزە ئالدىدىن نېرى كەتتى. ئەتىسى سونيە كەلمىدى، ئۈچىنچى كۈنىمۇ كەلمىدى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ سونيەنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاخىر ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقتى. كامېرىغا قايتىپ بېرىپلا، باشقا مەھبۇسلاردىن سوفىيە سېمىيونوۋنانىڭ ئاغرىپ قېلىپ، ئۆيدىن چىقالماي ياتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

راسكولنىكوف قاتتىق ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ ھال ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بېقىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ سونيەنىڭ كېسىلىنىڭ خەتەرلىك ئەمەسلىكىدىن خەۋەر تاپتى. سونيە ئۇنىڭ ئۆزىنى سېغىنغانلىقىنى، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قېرىنداش بىلەنلا ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ ئەۋەتىۋەتتى. خەتتە ناھايىتى يېنىككىلا زۇكامداپ قالغانلىقىنى، ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى، پات ئارىدا ئىشلەۋاتقان يېرىگە يوقلاپ

باردىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاشۇ ئىككى ئىلىك خەتنى ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئۇنىڭ يۈرىكى جىددىي ۋە قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

ھاۋا ئوچۇق، ئىللىق بىر كۈنى، ئەتىگەن سائەت ئالتە ئەتراپىدا ئۇ دەريا بويىغا ئىشلىگىلى باردى. شۇ يەردىكى لاپاستا گەژ خۇمدىنى بار ئىدى. ئۇلار شۇ يەردە تاش چوقۇيتتى. بار - يوقى ئۈچلا ئادەم ئىشلەيتتى. مەھبۇسلاردىن بىرسى قاراۋۇل بىلەن بىللە قورال - سايمان ئالغىلى قورۇلغا كەتكەنىدى؛ يەنە بىرسى ئوتۇن يېرىپ، يېرىلغان ئوتۇننى مەشكە تاشلاۋاتاتتى. راسكولنىكوف لاپاستىن چىقىپ، دەريا بويىغا باردى. لاپاسنىڭ يېنىغا يىغىپ قويۇلغان ياغاچنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قۇپقۇرۇق دەرياغا قارىدى. ئېگىز قىرغاقتىن ئەتراپ خۇددى ئالىقاندا تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئارىلىقى يىراق قارشى قىرغاقتىن ئۈزۈك - ئۈزۈك ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان ئوتلاق قۇياش نۇرىغا چۆمگەنىدى، چارۋىچىلارنىڭ چېدىرلىرى ئاران - ئاران پەرق ئەتكۈدەك كىچىككىنە قارا چېكىتتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يەر ئەركىنلىك ئالىمى، ئۇ يەردىكى ئادەملەر بۇ يەردىكىلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئۇ يەردە ۋاقىت گويا توختاپ قالغان، گويا ئابراھام ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىنىڭ[1] دەۋرى تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەنىدى. راسكولنىكوف ئورنىدىن قوزغالماي، يىراققا كۆز ئۈزمەستىن قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى مەنزىرىگە، چوڭقۇر خىياللارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى؛ ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمىدى، لېكىن ئىچكى دەرد - ئەلەم ئۇنى قىيىنىماقتا، تىت - تىت قىلماقتا ئىدى.

كۈتمىگەندە ئۇنىڭ يېنىدا سونيە پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ ئاستاغىنا مېڭىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ۋاقىت تېخى

---

① ئابراھام — ئىنجىل ھېكايىلىرىدە دېيىلىشىچە، يەھۇدىيلارنىڭ ئېپتىدائىي ئاتىسى. «ئىنجىل . ئەلەمنىڭ يارىتىلىشى»دا دېيىلىشىچە، يەھۇدىي مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئابراھامنىڭ ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ چالدېيدىكى ئۇردىن كانانغا كۆچۈشىدىن تارتىپ باشلانغانىمىش.

ئەتـىـگەن ئـىدى، سـەھەردىكـى سـوغۇق كـىشـىنـىـڭ تـېنـىـنـى شۈركەندۈرەتتى. سونيە ئۈچىسىغا كونا پەلتـو كـىيـىـپ، يېشىـل ياغلىق چىگىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ياداڭغۇ ۋە تاتىراڭغۇ چىـرايىدىـن ھېلىمۇ ئاغرىقنىڭ ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. سونيە خـۇشاللىـق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى. لېكـىـن، قولـىـنـى ئۇنىڭغا يەنىلا ئىلگىرىكىدەك قورۇنۇش ئىچىدە سوزدى.

سونيە ئۇنىڭغا قوللىرىنى دائىم قورۇنۇش ئىچىدە سوزاتتـى. بەزىدە ھەتتا راسكولنىكوفنىـڭ ئىتتـىرىۋېتـىشـىدىـن ئەندىشـە قىلغـاندەك، قـولـىـنـى سـوزۇشـقـا پېتـىـنالـمـايىمۇ قـالاتـتـى. راسـكـولـنـىـكـوف ئۇنـىـڭ بـىلـەن قـول ئـېلـىـشـقانـدا، دائـىـم يىرگەنگەندەك، ئۇنى كۆرۈپلا تىت ـ تىت بولۇپ كېتـىـۋاتقانـدەك قىلاتـتى. بەزىدە ئـۇ تۇرمىگـە يوقلاپ كەلـسە، تاكى ئـۇ كەتكۈچـە بـىـرەر ئېغـىـزمـۇ گـەپ قـىـلـمـاي تـۇرۇۋالاتـتـى. بـەزىـدە ئـۇ راسـكـولـنـىكـوفنىڭ ئـالدىدا غال ـ غـال تىترەپ، ئـېغـىـر ئـازاب ئىچىدە قايتىپ كېتەتتـى. لېكـىـن، بۇ قېتـىـم ئۇلار قوللـىرىـنـى چىڭ سىقىشتى؛ راسكولنىكوف سونيەگە لەپپىدە قاراپ قويدى ـ يۇ، گـەپ ـ سۆز قـىلـماي يەنـە يـەرگە قارىـۋالـدى. ئۇلار يالـغـۇز قېلىشقانىدى، ئۇلارنى ھېچكىم كـۆرمىدى. شۇ چـاغدا قاراۋۇلمـۇ ئەتۇر قارىۋالغانىدى.

بۇ ئىش زادى قـانداق يۈز بـەردى، بـۇنى ئۇ ئـۆزىـمۇ ئۇقـمـاي قالدى. لېكىن، قانداقتۇر بىر كۈچ بىردىنلا ئۇنى يەردىن يۇلـۇپ ئېلـىـپ، سونيەنـىڭ ئايىغى ئاستـىغا تاشـلىغانـدەكلا بولدى. ئـۇ سونيەنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلىدى. باشتا سونيـە چـۆچـۈپ تـاتـىـرىـپ كـەتـتـى. چاچـراپ تـۇرۇپ، غـال ـ غـال تىترىگىنىچە راسكولنىكوفقا قاراپلا قـالدى. لېكـىن، ئۇ كـۆزنـى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ھەممىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ كۆزلـىرى چەكسىز بەختتىن چاقناپ كەتتى، ئۇ چۈشەندى. ئۇنـىڭغا ئەمـدى شۈبھىسىز ئېنىق، راسكولنىكوف ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. چەكسـىز ياخشى كۆرىدۇ، بۇ پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى...

ئۇلارنىڭ گەپلەشكۈسى بار ئىدى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. چىرايلىرى تاتىرىپ، ئۆڭى ئۆچۈپ كەتتى. لېكىن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان تاتىراڭغۇ يۈزىدىن يېڭىلانغان كېلەچەكنىڭ نۇرى، يېڭىباشتىن باشلانغان يېپيېڭى ھاياتلىقنىڭ نۇرى چاقناپ تۇراتتى. مۇھەببەت ئۇلارنى تىرىلدۈردى. بىرسىنىڭ قەلبىدە يەنە بىرسىنىڭ قەلبىنى سۇغارغۇچى پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتلىق بۇلىقى بار ئىدى.

ئۇلار كۈتۈش ۋە سەۋر - تاقەت قىلىش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار يەنە يەتتە يىل كۈتۈشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭغىچە ئۇلار يەنە قانچىلىك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىشار، يەنە قانچىلىك بەختتىن بەھرىمەن بولۇشار! لېكىن، ئۇ ئەمدى تىرىلگەنىدى. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى تىرىلگەن پۈتكۈل ۋۇجۇدى بۇنى تولۇق سېزەتتى. سونيە بولسا، ئۇنىڭ ئۆمرىگە تايىنىپلا ياشىماقتا ئىدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كامېرلار قۇلۇپلىنىپ، راسكولنىكوف كارىۋاتتا سونيەنى ئويلاپ ياتاتتى. شۇ كۈنى ئۇنىڭغا ھەتتا ئۆزىگە ئىلگىرى دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان مەھبۇسلار مانا ئەمدى باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ تۇنجى قېتىم ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشتى. ئۇ مانا ئەمدى ئەسلەپ، بۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قارىدى. ئەجەبا ئەمدى ھەممىنى ئۆزگەرتىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

ئۇ سونيەنى سېغىنماقتا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ سونيەگە قانچىلىك ئازاب سالغانلىقىنى، ئۇنى قىينىغانلىقىنى ئەسلىدى؛ ئۇنىڭ ياداڭغۇ، قانسىز چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. لېكىن، بۇ ئەسلىمىلەر ئەمدى ئۇنى ھېچقانچە ئازابقا سالالمىدى: ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى قىزنىڭ بېشىغا سالغان جىمىكى ئازاب - ئوقۇبەتنى ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن

يۈيمدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئىلگىرىكى ئاشۇ جىمىكى، جىمىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر نېمە ئىدى! مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئۇنىڭ جىنايىتى، ھەتتا ھۆكۈم ۋە سۈرگۈن دېگەنلەر قەلبى تۇنجى قېتىم ھاياجانغا چۆمگەن ھازىرقى پەيتتە، ئۇنىڭغا گويا ئۆز ۋۇجۇدىدىن تاشقىرىقى غەلىتە، ھەتتا ئۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن ئىشلاردەك تۇيۇلماقتا ئىدى. لېكىن، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ ھەرقانداق بىر ئىش توغرۇلۇق توختىماستىن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ئويلىيالمىدى، دىققىتىنىمۇ ھەرقانداق بىر پىكىرگە يىغالمىدى؛ ھازىر ئۇ ھەرقانداق بىر مەسىلىنى ئاڭلىق ھەل قىلالمايتتى؛ پەقەت ھېس قىلالايتتى، خالاس. ئەقلىي خۇلاسىلەرنىڭ ئورنىنى تۇرمۇش ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىلگىرىكىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان نەرسىلەر پەيدا بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭ ياستۇقىنىڭ تېگىدە «ئىنجىل»دىن بىرسى بار ئىدى. راسكولنىكوف ئىختىيارسىز ئۇنى قولىغا ئالدى. بۇ سونيەنىڭ كىتابى ئىدى. ئۇنىڭغا لازارنىڭ تىرىلىشى ھەققىدىكى ھېكايىنى سونيە مانا مۇشۇ كىتابتىن ئوقۇپ بەرگەنىدى. راسكولنىكوف ئېغىر ئەمگەككە كىرىشكەن دەسلەپكى چاغلاردا، سونيە مېنى دىن توغرۇلۇق، ئىنجىل توغرۇلۇق تولا گەپ قىلىپ قىينىۋېتەرمىكىن، «ئىنجىل»نى ئوقۇشقا قىستاپ تۇرۇۋالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلغانىدى. لېكىن، ئۇنى شۇ ئىش قاتتىق ھەيران قالدۇردىكى، سونيە بۇ ئىشلار توغرۇلۇق بىرەر قېتىم ئېغىز ئېچىپ باقمىدى، ھەتتا ئۇنى ئىنجىلنى ئوقۇشقا بىرەر قېتىم دەۋەت قىلىپمۇ باقمىدى. ئۇ ئاغرىپ قېلىشتىن ئازراقلا ئىلگىرى، بۇ كىتابنى ئۇنىڭدىن راسكولنىكوف ئۆزى سوراپ ئالدى، قىز كىتابنى ئۇنىڭغا بەرگۈچىمۇ گەپ ـ سۆز قىلمىدى. ھازىرغىچە راسكولنىكوف بۇ كىتابنى ئېچىپمۇ باقمىغانىدى.

ئۇ ھازىرمۇ ئۇ كىتابنى ئاچمىدى، لېكىن بىر ئوي ئۇنىڭ

كاللىسىدا غىل ـ پاللا پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى: «ئەجەبا ئۇنىڭ ئېتىقادى مېنىڭمۇ ئېتىقادىم بولۇشى كېرەكمۇ؟ ھەتتا ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى، ئۇنىڭ ئىنتىلىشلىرى...»

سونيەمۇ شۇ كۈنى كۈنبويى قاتتىق ھاياجانلىنىپ يۈردى، ھەتتا كېچىسى يەنە ئاغرىپ قالدى. لېكىن، ئۇ شۇ قەدەر بەختىيار ئىدىكى، ئۆزىنىڭ بەختىدىن قورقۇپ قالدى. يەتتە يىل، ناھايىتى يەتتە يىل! بەختىيار چاغلىرى باشلانغان پەيتتە، بەزىبىر دەملەردە، ئۇلار يەتتە يىلنى يەتتە كۈنچىلىكلا چاغلىدى. راسكولنىكوف يېڭى تۇرمۇشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنى غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئاندىن قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى.

لېكىن، بۇ ئەمدى يېڭى بىر ھېكايىنىڭ بېشى، ئۇ ھېكايىدە بىر ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ ئاستا ـ ئاستا يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلىكى، ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرگەنلىكى، ئاستا ـ ئاستا بىر ئالەمدىن يەنە بىر ئالەمگە ئۆتكەنلىكى، ھازىرغىچە ئۆزىگە پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان رېئاللىق بىلەن ئاستا ـ ئاستا تونۇشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. لېكىن، بۇ يېڭى بىر رومانغا تېما بولالايدۇ ــ ئەمما بىز مەزكۇر رومانىمىزنى مۇشۇ يەردە توختىتىمىز.

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1982 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1982 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社1982年10月第1版，1982年10月第1次印刷本翻译出版。

# جىنايەت ۋە جازا (2)

**ئاپتورى:** ف. م. دوستويېۋىسكىي (رۇسىيە)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** مۇساجان ئەزىزى
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مۇھەررىرى:** مەريەم مەمتىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئايگۈل سابىت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 － 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 15
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 12 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 － 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 － 7 － 228 － 17306 － 8
**باھاسى:** 41.00 يۈەن